ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكسىز ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس

شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

غەيرەتجان ئوسمان

# ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى
# تارىخىدىن تېزىس

ش ئۇ ئا ر ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپ
بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىشقا
يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسى تۈزدۈردى

شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىر:   ئابدۇكېرىم راخمان

غەيرەتجان ئوسمان

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئېزىس

شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1987- يىل 12- ئاي 1- نەشرى
1987 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 5000—1
باھاسى: 1.85يۈەن

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................ 1
I باب ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ........................................ 1
§ 1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ياشىغان يەرلەر ........................................ 1
1- ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ياشىغان يەرلەر ........................................ 1
2- ئۇيغۇرلار ياشىغان يەرلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ناملىرى ........................................ 1
§ 2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مىللىي ناملىرى ........................................ 3
1- ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مىللىي ناملىرى ........................................ 3
2- «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسى ھەققىدە ........................................ 5
§ 3. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ........................................ 5
1- ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھەققىدە ........................................ 5
2- ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت تەركىبى ........................................ 7
II باب ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ۋە يېزىقلىرى ........................................ 10
§ 1. ئۇيغۇر تىلى ........................................ 10
1- ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى ........................................ 10
2- خاقانىيە تۈركچىسى ھەققىدە ........................................ 11
3- چاغاتاي تىلى ھەققىدە ........................................ 12
1. ئومۇمىي بايان ........................................ 12
2. چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە ........................................ 12
4- ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈركىي تىللار تەرەققىيات تارىخىدا تۇتقان ئورنى... 13
5- ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈركىي تىللار تارىخىدا ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە رول ئوينىغانلىقى ھەققىدە ........................................ 13
§ 2. ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقلىرى ........................................ 14
1- ئومۇمىي بايان ........................................ 14
2- قەدىمىي تۈرك يېزىقى ........................................ 17
3- قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقى ........................................ 18
4- ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ........................................ 18
III باب ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرى ........................................ 20
§ 1. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەپسانىلىرى ........................................ 20

§ 2. ئۇيغۇرلارنىڭ رىۋايەتلىرى ...... 21

1- ئومۇمىي بايان ...... 21

2- بۆگۈخان رىۋايىتى ...... 22

IV باب ئۇيغۇر ئېپوسلىرى ...... 24

§ 1. ئومۇمىي چۈشەنچە ...... 24

1- ئېپوسلار ھەققىدە ...... 24

§ 2. «توڭا ئالپ ئەر» ئېپوسى ...... 25

§ 3. ئوغۇزخان ئېپوسى ...... 26

1- ئوغۇزخان ئېپوسى ھەققىدە ...... 26

2- «ئوغۇزخان ئېپوسى» نىڭ تارىخىي دەۋرى ...... 27

3- ئوغۇز ئوبرازى ۋە ئېپوسنىڭ بەدىئىي تىل ئالاھىدىلىكى ...... 29

1. ئوغۇز ئوبرازى ...... 29

2. ئېپوسنىڭ بەدىئىي تىل ئالاھىدىلىكى ...... 29

V باب قەدىمكى ئۇيغۇر قوشاقلىرى ...... 31

§ 1. ئومۇمىي چۈشەنچە ...... 31

§ 2. ھون قوشىقى ...... 31

§ 3. تال سۇندۇرۇش قوشىقى ...... 32

§ 4. قالدىم ھەسرەت ئىچىدە ...... 32

§ 5. بەگ قۇلى ھەققىدىكى قوشاق ...... 32

§ 6. تۇرا قوشىقى ...... 33

VI باب مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى ...... 34

§ 1. ئومۇمىي بايان ...... 34

§ 2. مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىنىڭ تارىخىي قىممىتى ...... 35

§ 3. مەڭگۈ تاشلارنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى ...... 35

§ 4. مەڭگۈ تاشلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى تارىخىي زۆرۈرىيەت ...... 37

VII باب ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە دىن ۋە ئەدەبىيات ...... 38

§ 1. دىن بىلەن ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى ...... 38

1- ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىشەنگەن دىنلار ...... 38

2- دىن بىلەن ئەدەبىياتنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى توغرىسىدا ...... 38

3- دىن بىلەن ئەدەبىياتتىكى تەسەۋۋۇر ۋە ئوبراز مەسىلىسى ...... 40

§ 2. بۇددا دىنى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىيات-
سەنئەت ...... 42

1- بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭغا تەسىرى ...... 42

2- شىنجاڭدىكى بۇددىزم مىڭ ئۆي رەسساملىرىنىڭ ئەدەبىي قىممىتى ...... 44

3- كومىراجىۋا ...... 46

VIII باب قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ...... 49

§ 1. ئومۇمىي چۈشەنچە ...... 49

1- سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋال ...... 49

2- ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ...... 50

§ 2. قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ...... 51

1- شېئىرىيەت ھەققىدە ...... 51

2- ئاپرىنچور تېگىن ...... 53

§ 3. قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدىكى نەسرى ئەسەرلەر ...... 54

1- ئومۇمىي بايان ...... 54

2- سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ ۋە «ئالتۇن يارۇق» ...... 55

1. سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭنىڭ ھايات پائالىيىتى ...... 55

2. «ئالتۇن يارۇق» قانداق ئەسەر؟ ...... 56

3- ئىككى تېگىن ھېكايىسى ...... 56

4- چىستانى ئىلىگ بەگ ...... 58

§ 4. قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر دراماچىلىقى ...... 59

1- ئومۇمىي بايان ...... 59

2- پرتانىراكشىت ۋە «مايتىرى سىمىت» ...... 60

1. پرتانىراكشىت ...... 60

2. «مايتىرى» ...... 60

IX باب قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ...... 62

§ 1. ئومۇمىي چۈشەنچە ...... 62

1- قاراخانىلار سۇلالىسى ھەققىدە ...... 62

2- قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسقىچە
چۈشەنچە ...... 63

§ 2. ئەبۇ ناسىر فارابى ...... 65

1- فارابىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ...... 65

2- فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر» ئەسىرى ...... 67

§ 3. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇبىلىك» ...... 68

1- يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ...... 68

2- «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قىسقىچە مەزمۇنى ...... 69

3- «قۇتادغۇبىلىك» تىكى پېرسوناژلار ...... 71

4- «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ........ 73
5- «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئىلمىي قىممىتى........ 75
§ 4. مەھمۇد قەشقەرى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ........ 76
1- مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھاياتى ........ 76
2- «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە........ 77
3- «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئەدەبىي قىممىتى ........ 78
4- مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆز ئەسىرىگە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دەپ
ئات قويغانلىقى ھەققىدە........ 79
§ 5. قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئەدەبىيات ........ 80
1- ئەھمەد يۈكنەكى ۋە ئۇنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى........ 80
2- خوجا ئەھمەد يەسەۋى ۋە «دىۋانى ھىكمەت»........ 82
3- رابغۇزى ۋە «قىسسەئى رابغۇزى» ........ 84
4- مۇھەممەد خارەزمى ۋە «مۇھەببەتنامە»........ 85
X باب موڭغۇللار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى........ 87
§ 1. موڭغۇل دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئورنى ........ 87
§ 2. «ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانىبەگ ۋە ئۇنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى»
رومانى ھەققىدە ........ 88
§ 3. «ئىدىقۇت قوچۇ خانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» ھەققىدە ........ 89
§ 4. موڭغۇل — يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى........ 90
§ 5. موڭغۇل - يۈەن دەۋرىدە خەنزۇچە شېئىر يازغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى... 93
1- قىسقىچە چۈشەنچە ........ 93
2- سەۋىنچ قايا ........ 94
3- سەيدۇللا ........ 95
4- شۈئاڭغۇ ........ 97
5- مازۇچاڭ ........ 97
XI باب ناۋايى دەۋرى ئەدەبىياتى ........ 99
§ 1. ئومۇمىي بايان ........ 99
§ 2. لۇتفى ........ 112
§ 3. ئاتايى ........ 115
§ 4. سەككاكى ........ 116
§ 5. ئەلىشىر ناۋايى........ 117
1- ناۋايىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى ........ 117
2- ناۋايىنىڭ «خەزائىنۇلمەئانى» ئەسىرى ........ 120

3- ناۋائىينىڭ «خەمسە» ئەسىرى ........ 121

4- ناۋائىينىڭ «پەرھاد - شىرىن» داستانى ........ 123

5- ئەلىشىر ناۋائىي ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ........ 125

XII باب سەئىدىيەلەر دەۋرى ئەدەبىياتى (1678 — 1514) ........ 131

§ 1. ئومۇمىي بايان ........ 131

§ 2. سۇلتان سەئىدخان ........ 135

§ 3. ئابدۇرېشىتخان ........ 137

§ 4. قىدىرخان يەركەندى ........ 138

§ 5. مەلىكە ئامانىساخان ........ 140

§ 6. مىرزا ھەيدەر ۋە «تارىخى رەشىدى» ........ 141

§ 7. ئاياز شىكەستە ۋە ئۇنىڭ «جاھاننامە» داستانى ........ 144

§ 8. مەھمۇد جوراس ۋە «تارىخى رەشىدى — زەيلى» ........ 146

XIII باب زەلىلى دەۋرى ئەدەبىياتى (1756 — 1678) ........ 148

§ 1. ئومۇمىي بايان ........ 148

§ 2. زەلىلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ........ 153

1- خىرقىتى ۋە ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» داستانى ........ 153

2- سالاھى ۋە ئۇنىڭ «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانى ........ 159

3- مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ........ 160

4- موللا ئەلەم شەھيارى ۋە ئۇنىڭ «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانى ........ 169

5- ئەرشى ........ 170

6- خاراباتى ۋە «كۇللىيات مەسنەۋىي خاراباتى» ........ 173

7- مەھزۇن ۋە «دىۋانى مەھزۇن» ........ 175

8- نوۋبىتى ۋە «دىۋان نوۋبىتى» ........ 175

9- موللا يۇنۇس يەركەندى ........ 179

§ 3. زەلىلى دەۋرىدىكى تەرجىمە ئەدەبىيات ........ 180

1- ئەدەبىي تەرجىمان ۋە شائىر موللا مەھمۇد توۋمۇر ........ 180

2- ئەدەبىي تەرجىمان موللا خامۇشاخۇن يەركەندى ........ 181

3- ئەدەبىي تەرجىمان مۇھەممەد بىننى ئابدۇراخمان مەخدۇم ........ 182

XIV باب نىزارى دەۋرى ئەدەبىياتى (1864 — 1759) ........ 184

§ 1. ئومۇمىي بايان ........ 184

§ 2. نىزارى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ نامايەندىلىرى ........ 193

1- قەلەندەر ........ 193

2- گۇمنام ........ 194

3- مەجلىسى ........ 195

4- سادايى ۋە «دىۋان سادايى» ........ 196

5- ئېمىرى ........ 196

6- ئىسمائىل بەگ ........ 197

7- موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى ........ 198

8- زوھۇرى ۋە «دىۋان زوھۇرى» ........ 199

9- ئىبراھىم مەشھۇرى ........ 201

10- موللا نىياز ئاشىقى ........ 202

11- مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ........ 203

1. مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ........ 203

2. مەھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان»

ناملىق ئەسىرى ھەققىدە ........ 205

3. مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ........ 207

12- مۇھەممەد ئېۋەز قارىقاشى ........ 210

13- موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزى ۋە ئۇنىڭ

«تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» ناملىق ئەسىرى ........ 211

14- ئابدۇرېھىم نىزارى ........ 212

1. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ........ 212

2. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانى ........ 216

3. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «زادۇل نەجاد» ناملىق ئەسىرى ........ 218

15- نورۇز ئاخۇن زىيائى ........ 220

16- تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى ........ 221

17- ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرى ........ 222

18- ئەھمەد شاھ قارىقاش ........ 225

19- دىلبەر دورغە ........ 227

20- قۇسۇرى ........ 228

21- موللا تورختى ........ 229

22- موللا نىياز خوتەنى ........ 230

XV باب موللا بىلال دەۋرى ئەدەبىياتى (1864 — 1912) ........ 235

§ 1. ئومۇمىي بايان ........ 235

§ 2. موللا بىلال دەۋرى ئەدەبىياتىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ........ 247

1- ئاشۇراخۇن غېرىبى ........ 247

2- موللا شاكىر ۋە «زەپەرنامە» ........ 248

3- موللا بىلال نازىمى................................ 250
1. موللا بىلالنىڭ هايات پائالىيەتلىرى ........ 250
2. موللا بىلال نازىمىنىڭ «غەزەلىيات» ناملىق شېئىرلار توپلىمى... 251
3. موللا بىلال نازىمىنىڭ «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانى... 255
4. موللا بىلال نازىمىنىڭ «چاڭموزا يۈسۈپخان» داستانى..... 256
5. موللابىلال نازىمىنىڭ «نۇزۇگۇم» داستانى.......... 257
4- سېيىت مۇھەممەد ھېيت مۇھەممەد ئوغلى ۋە «شەرھى شىكەستە»... 258
§ 3. موللا بىلال دەۋرى ئەدەبىياتىدىكى تەزكىرە - تارىخچىلىق ........ 259
1- موللا مۇسا سايرامى ۋە «تارىخى ھەمىدى»........ 259
1. موللا مۇسا سايرامى ........................ 259
2. «تارىخى ھەمىدى» ........................ 260
خاتىمە ........................................ 1

# مۇقەددىمە

ئۇيغۇر خەلقى مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ قەدىمكى، مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىنسانىيەتنىڭ، جۈملىدىن ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە غايەت زور تۆھپە قوشتى، ئەشۇ پارلاق مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدۇر.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى — ئۇيغۇرلارنىڭ پەخرى ۋە غۇرۇرى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مەدەنىي مىراسى، بارلىق پەلسەپە - ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ يارقىن ئىپادىسى، ئۇزاق ئەسىرلىك ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ، ئوپتىمىستىك روھىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى. ئۆزىگە خاس مىللىيلىككە ئىگە بولغان ئېستېتىك قاراشلىرىنىڭ تەسۋىرىي خاتىرىسى. ئۇ، ئېستېتىك قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، تېماتىك مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، شەكلىنىڭ خىلمۇ - خىللىقى، ئۇسلۇبىنىڭ رەڭدارلىقى، يايلاق ۋە ئېكىنچىلىك بىرلەشمە مىللىي ئۇسلۇب يارىتالىغانلىقى، ئارىلاشما خاراكتېرلىك خۇسۇسىيەت شەكىللەندۈرگەنلىكى، مەدەنىيەتتە، شەرق - غەرب ئالاقىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغانلىقى، كۆپ خىل يېزىقتا ئىپادىلەنگەنلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە كۈچلۈك تۈردە جەلپ قىلدى ۋە قىلىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئىزچىل تەرەققىياتى ئۇنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى يىمىرىلمەس ۋە ئۆچمەس پاكىتلار بىلەن تەمىن ئېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايدۇ. شۇنداقلا بىر پۈتۈن ئەدەبىيات تارىخىنى تۇرغۇزۇپ چىقىشقا زۆرۈرىي شەرت ھازىرلىيالايدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى — ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن مەركىزىي ئاسىيادىكى ئۈلگىلىك ئەدەبىي تىل — ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن يارىتىلغان، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك يازما ئەدەبىياتنىڭ باي ۋە رەڭگا - رەڭ ژانىرلىرى بىلەن ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئۆز ئالدىغا ئىزچىل بىر سىستېما شەكىللەندۈرگەن ئۆزگىچە ئەدەبىيات بولۇش سۈپىتى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. شۇنداقلا شەرق خەلقلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئەدەبىيات تارىخىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدەك مۇنچىلىك قۇدرەتلىك، ئاجايىپ جاسارەت ۋە تالانت بىلەن، بۇ قەدەر كۈچ ۋە تېز سۈرئەتتە ۋۇجۇدقا كەلگەن ئەدەبىيات كەم تېپىلىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تەرىپىدىن يارىتىلغان بۇ تەڭداشسىز ھەم ئاجايىپ نەپىس، مول ئەدەبىي ئەسەرلەر ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىنى ئىزاھلاشتا، تىل تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا، ئەدەبىيات تارىخىنى تۈزۈش ۋە چۈشەندۈرۈشتە سېخىيلىق ۋە خالىسلىق

بىلەن بىرىنچى قول ماتېرىيال سۈپىتىدە خىزمەت قىلماقتا. ئەگەر، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك خەزىنە بولمايدىكەن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر تالاي تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىل-ئەدەبىيات ساھەلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. بۇنىڭدىن بۇ ئەدەبىياتنىڭ ھەقدارلىرى چەكسىز خۇرسەن ۋە خۇشالدۇر.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى — ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر. ئۇ، ئېلىمىز ئەدەبىياتىنى بېيىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئون نەچچە خىل يېزىق ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيىتىگە دائىر نۇرغۇن ئېسىل تارىخ، دىن، ئېتنوگرافىيە، كلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرى خاتىرىلەنگەن، تەرجىمە قىلىنغان، تارقىتىلغان ۋە ساقلانغان. بۇ، ئۇيغۇرلار شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان، كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىدۇر. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يالغۇز ئۆزىنىڭ ئۆچمەس ئەسەرلىرى بىلەن دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا ۋەتىنىمىز ئۈچۈن شان-شەرەپ كەلتۈرۈپ بېرىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ۋەتەن ئەدەبىياتىنىڭ شەكىل، ژانىر ۋە تېما ساھەسىنى كېڭەيتىپ، ۋەتەن ئەدەبىياتىنىڭ كەم يەرلىرىنى تولۇقلاپ، ئېلىمىزنىڭ پارلاق، شانلىق ئەدەبىيات تارىخىنى ھاسىل قىلىشتىمۇ ئۆزىگە خاس رول ئوينىدى.

ئۇيغۇر كلاسسىك يازما ئەدەبىياتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسىدا ئۆسۈپ، تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ئۇ ئۆز مەزمۇنىنى پروزا، پوئېزىيە ۋە دراما قاتارلىق ئەدەبىي تۈرلەر ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ بارلىق تۈر، ژانىرلىرى رومانتىزم ۋە رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بويىچە، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ، ساختىلىق يامانلىق، خۇنۇكلۇككە قارشى كۈرىشىنى ئىزچىل گەۋدىلەندۈرۈپ كەلدى ھەمدە پۈتكۈل غەرب ۋە شەرق خەلقلىرىگە ئورتاق بولغان خەلقچىللىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئۆلمەس، كلاسسىك تېمىلارنى ئۆزىنىڭ توپ مەزمۇنى قىلىپ كەلدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىك خاھىشى مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ مەيلى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ياكى يازما ئەدەبىياتتا بولسۇن ئاساسىي ئېقىمدۇر. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بارلىق ئىلغار ئامىللار تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ۋەتەن-يۇرتنى سۆيۈشكە، خەلققە خىزمەت قىلىشقا ۋە ئۇنى روناق تاپقۇزۇش، گۈللەندۈرۈشكە خىزمەت قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. ئەل-يۇرتنى مەڭگۈ تارىخ ئېقىمى بويىچە ئالغا سىلجىتىشنى باش نىشان قىلغان. ئەكسىچە مەزمۇندىكى ئەسەرلەر دەۋر چاقىنىڭ ئاستىدا قالغان، خالاس.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوقۇغۇچىلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، ئۆتمۈشنى ئەسلەش، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىش، تارىخنىڭ ئالغا سىلجىش قانۇنىيىتىنى چۈشىنىش، ئىنسانلارنىڭ ئىجادكارلىق، مېھنەت سۆيەرلىك، ئىتتىپاقلىق،

ھەمكارلىق، سەمىمىيلىك، چىداملىق، ئۈمىدۋارلىق، چىن مۇھەببەتكە سادىق بولۇش جە-
ھەتلەردە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

بۇ دەرسلىك تېزىسى — ئىلمىي بولۇش، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلـ
دۇرۇش، تارىخىي چىنلىققا ھۆرمەت قىلىش، ۋەتەننىڭ شان-شەرىپىنى قوغداش، مىل-
لەتلەر بۈيۈك ئائىلىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن خىزمەت قى-
لىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا تۈزۈلدى. شۇنداقلا، ئەدەبىي مىراسلار،
يازغۇچىلار ۋە ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي ئاساسلارنى سۆزلىگەندە ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر
ۋە ئۇسۇلدا، تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمدا، پارتىيىمىزنىڭ ئە-
دەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش توغرىسىدىكى توپ پرىنسىپلىرىدا چىڭ
تۇرۇلدى.

[illegible]

# I باب

# ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

## §1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ياشىغان يەرلەر

### 1 - ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ياشىغان يەرلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە ئۇنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى شەكىللەندۈرگۈچى قەدىمكى ھەرقايسى ئۇرۇق، قەبىلە، قەۋم ۋە خەلقلەر يىراق ئۆتمۈشتىن باشلاپ تارىم ۋادىلىرى، يارىش (جۇڭغارىيە) ئويمانلىقى، ئىلى دەريا ۋادىسى، ئىسسىق كۆل ساھىلى، ئېرتىش دەرياسىدىن تارتىپ بالقاش كۆلىنىڭ ئەتراپلىرىدا، بايقال ئەتراپلىرىدا، تاشقى موڭغۇلىيىدىكى سېلىنگا، ئورخۇن، تۇغلا، قورۇلۇن دەريالىرىنىڭ ساھىللىرىدە، ئورال-ئالتاي تاغلىرى ئارىسىدا، سەنشى، شەنشى، نىڭشىيا ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىي قىسىملىرىدا ياشىغان.

### 2 - ئۇيغۇرلار ياشىغان يەرلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ناملىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ياشىغان يۇقىرىقىدەك كەڭ تېررىتورىيىلەرنىڭ مۇقىم ۋە خاس جۇغراپىيىلىك ناملىرىنى دەلىللەشكە ئىمكانىيەت يوق، ئەمما ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بىر قىسىم يەرلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك نامى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە باشقا خەلقلەر تەرىپىدىن، ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋردە خىلمۇ-خىل ئىپادە قىلىنغانلىقى تارىختىن بىزگە مەلۇم.

مىلادىنىڭ دەسلەپىدىن يېقىنقى دەۋرلەرگىچە كەڭ قەشقەر ۋادىسى — سۇلى، خوتەن ۋادىسى — ئۇدۇن، كۇچا-ئاقسۇ ۋادىسى — كۇسەن ياكى كۇچا، تۇرپان ۋادىسى — قوچۇ دېيىلگەن. بۇلاردىن باشقا شىنجاڭدا يەنە كۆپلىگەن شەھەر-قەلئە بەگلىك، خانلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس جۇغراپىيىلىك ناملىرىمۇ بولغان، ئەمما بۇنداق نام ئاستىدىكى خانلىقلارنىڭ تەسىرى چوڭ بولمىغان.

ئىرانلىقلار ۋە شۇ ئەتراپتىكى خەلقلەر شىنجاڭ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا قوشنا كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ «توران» دەپ ئاتىغان.

ياۋروپا جۇملىدىن گرېك-يۇنان ۋە رىم ئاپتورلىرى مىلادىنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە

شىنجاڭ ياكى تارىم ۋادىسىنى سېرېس (Seres) دېگەن بولسا، يەنە شۇ يەرلىكلەر ھەم باشقا خەلقلەر جۇملىدىن، ئەڭ بۇرۇن ھىندىستانلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنى چىن، ماچىن ياكى چىن-ماچىن دېگەن. كېيىنچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك — جۇڭگومۇ چىن دېيىلىدىغان بولغان.

قاراخانىلار دەۋرىدە خاقانىيە ئۆلكىسى، تۈرك يۇرتى، تۈرك ئېلى دېيىلگەن، كۇ-چادىن باشلاپ، شىمالىي شىنجاڭ بولسا قوچۇ، ئۇلۇغ قۇتلۇق ئۇيغۇر ئېلى، ئۇيغۇرلار ئېلى دېيىلگەن.

موڭغۇل ۋە يۈەن دەۋرىدە تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋارائۇننەھر رايونلىرى ھەم پامىر ئەتراپلىرى «ئۇيغۇرلار يېرى» (長兀儿地) دېيىلگەن. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇر ئېلى دېگەن نام بولغان، ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر ئې-لىنىڭ چېگرىسى شەرقتە ھىنگان تېغىغىچە، غەربتە ئالتاي تاغلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا-غىچە، كېيىنچە كەڭ شىنجاڭ رايونىغىچە كېڭەيگەن.

چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن باشلاپ، شىنجاڭ ۋە كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا «چاغاتاي ئولۇسى» (ئېلى) دېيىلگەن. كېيىنچە بۇ يەرلەر غەربىي چاغاتاي ئولۇسى، شەرقىي چا-غاتاي ئولۇسى دېيىلگەن، شەرقىي چاغاتاي ئولۇسى دېيىلگەن شىنجاڭ ۋە يەتتە سۇ رايونى ئاساسەن تۇغلۇق تۆمۈر (1329 — 1363) دىن باشلاپ «موغۇلىستان»، خەن-زۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە «بەشبالىق» دېيىلگەن. شۇنداقلا، بۇ نام - موغۇلىستان تا XX ئەسىرنىڭ بېشىغىچە ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغان.

سەئىدىيەر دەۋرى (1514 — 1679) دىن كېيىن بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونى قەش-قەرىيە (كاشغەر)، جۇڭغارىيە دېيىلگەن. ئالدىنقىسى ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭ، تۇرپان، قۇمۇل ۋادىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، كېيىنكىسى، ئاساسەن جۇڭغارىيە ئويمان-لىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «جۇڭغار» موڭغۇلچە «سول قانات» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ يەرنىڭ ئەسلى ئۇيغۇرچە نامى «يارىش يازىقى» ئىدى. بۇ ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا قەيت قىلىنغان.

چاغاتاي دەۋرى (1224 — 1242) دىن تارتىپ، يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ئالتە شەھەر، يەتتە شەھەر، خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «نەنلۇ باچېڭ — 南路八城 (جەنۇبتىكى سەككىز شەھەر) دېيىلگەن.

خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە مىلادىيىنىڭ دەسلەپىدىن تاكى 1882-يىلغىچە شىن-جاڭ جۇملىدىن، گەنسۇدىن تارتىپ، بەزى ۋاقىتلاردا كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا «غەربىي ئەل» (Xiyü 西域) دېيىلگەن. 1882-يىلدىن باشلاپ «شىنجاڭ» (新疆) دېگەن نام ئىشلىتىلگەن. ئومۇمەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بىر قەدەر ئۇزۇن ۋە مۇقىم ھالدا، ئاساسەن ھازىرقى شىنجاڭدا ياشىغان، بۇ يەر تارىختا يۇقىرىقىدەك ئوخشىمىغان ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

## § 2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مىللىي ناملىرى

### 1 - ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مىللىي ناملىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋر ۋە ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي مۇھىتلاردا ئۆزلىرى ۋە باشقىلار تەرىپىدىن خىلمۇ-خىل مىللىي ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

بىرىنچى، ھازىرقى ئۇيغۇرلارنى شەكىللەندۈرگۈچى شىنجاڭدىكى قەدىمكى خەلقلەر ئاساسەن ئۆز يېرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن، قەشقەر بوستانلىقىدىكىلەر «قەشقەرلىقلەر»، خوتەن بوستانلىقىدىكىلەر «خوتەنلىكلەر»، كۇچا — ئاقسۇ بوستانلىقىدىكىلەر كۇسەن — كۇچالىقلار، شىمالىي شىنجاڭدىكىلەر «قوچۇلۇقلار» دېيىلگەن. بۇلاردىن باشقا، كاشغەرلەر — قەشقەرلىكلەر، كاشغەر تۈركلىرى، غەربىي ئەللىكلەر، سېرىسلىقلار، چىنلىقلار، ماچىنلىقلار، تۇرانلىقلار، ئالتە شەھەرلىكلەر، يەتتە شەھەرلىكلەر دېگەن ناملار بىلەن ئاتاش ئەھۋاللىرىمۇ بولغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ناملار بىلەن ئاتىلىشىدا، جۇغراپىيىلىك شەرت-شارائىت، سىياسىي-ئىجتىمائىي مۇھىت، دىنىي ئېتىقادتىكى پەرقلەر، باشقا خەلقلەرنىڭ تىل ئادىتى قاتارلىق سەۋەبلەر بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىم سەۋەب، سوۋېت تىلشۇناسى ن. ئا. باسكاكوۋنىڭ مۇنۇ بايانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك: «ئۇيغۇرلار ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنى ئاللىقاچان تۈگىتىپ، ئۇزاق مۇددەت فېئوداللىشىش دەۋرىنى بېسىپ ئۆتكەن. شۇنىڭ نەتىجىسىدە قازاق، قارا قالپاق، ئالتايلىقلار ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ پۇختا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇرۇق-قەبىلە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-قەبىلە تەۋەلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇپ، مەلۇم يۇرت ياكى شەھەرگە قارىتىلغان نام ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىدۇ (مەسىلەن، قەشقەرلىق، تۇرپانلىق، يەركەنلىك ۋاھاكازا دېگەنلەرنى رۇس تىلىدىكى شۇنىڭغا ئوخشاش بولغان نوۋگورودلۇق، رەزانلىق دېگەنلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ). فېئودالىزم دەۋرىدە تېررىتورىيىلىك دىئالېكتلارنىڭ بىر-بىرىدىن مۇنداق ئايرىلىپ تۇرۇشى ھەممە خەلقلەر ئۈچۈن ئورتاق ھادىسىدۇر».①

ئىككىنچى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى شەكىللەندۈرۈشكە قاتناشقان قەدىمكى ھەر قايسى ئۇرۇق، قەبىلە، قەۋملەر خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە خىلمۇ-خىل ناملار بىلەن خاتىرىلەنگەن. خەنزۇچە ھۆججەتلەردە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى III ئەسىرلەردە «دىڭلىڭ» دېيىلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىيىدىن كېيىن دىلى (狄历) چىلى-شىلى (敕勒)، گاۋگۈي-گاۋچې (高车) دەپ ئاتالغان. V، VI، VII ئەسىرلەردە «تېلې» (铁勒) دېيىلگەن. مىلادى VII، VIII، IX ئەسىرلەردە خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە «خۇيخې»

① ن. ئا. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 45-46 بەتلەر.

(回纥) دېگەن ناملار گوبىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىقلار، جۈملىدىن بىر قىسىم چوڭ قەۋملەر توپىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار بولۇپ قالغان. بۇلاردىن باشقا، مۇشۇ دەۋرلەردە يەنە جۇشىڭ خۇيخۇ (九姓回鹘)، جىيۇشىڭ ئوگۇس (九姓乌古斯)، شىشىڭ خۇيخۇ (十姓回鹘)، شىشىڭ خۇيخې (十姓回纥)، جىيۇشىڭ تېلې (九姓铁勒) قاتارلىق ناملار ئىشلىتىلگەن. بۇلار ئادەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا قوللىنىلغان «توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت ئىدى. ئەرەبلەرمۇ دەل ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنى مۇشۇ دەۋردە (IX — X ئەسىرلەر) «توققۇز ئوغۇزلار» دەپ ئاتاشقان.

مىلادى 840 - يىللاردىن باشلاپ، خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە ھازىرقى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار خۇيخې (回纥)، خۇيخۇ (回鹘)، خۇيخۇي (回回)، ۋۇيۇ (乌鹘)، ۋېيۋۇ (畏吾، 畏五)، ۋېيۋۇر (畏兀儿)، ۋېيگۇ (瑰古)، خۇيبۇ (回部)، چەنتۇخۇي (缠头回)، خۇيخېئېر (姓和尔)، خالاخۇي- قارا ئۇيغۇر (哈剌回)، شۇخۇي (熟回)، شېڭخۇي (生回)، يىخۇي (夷回)، «ۋېيۋۇئېر» (维吾尔) دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئۇيغۇر» دېگەن مۇشۇ ئاتالغۇنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىنىڭ خىلمۇ- خىللىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئۈچىنچى، خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، مىلادىنىڭ دەسلەپىدىن باشلاپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدىكى كىشىلەر ۋە بۈگۈنكى شىنجاڭدىكى قەۋملەر «خۇلار — 胡人، 胡» دەپ ئاتالغان. ئەمما بۇ ئاتالغۇ بىر قەدەر مۇرەككەپ ئۇقۇمغا ئىگە بولۇپ قالغان، شۇنىسى ئېنىقكى ھازىرقى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى خېلى ئۇزۇن دەۋرلەرگىچە، خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە «خۇلار» دەپ يېزىلغان.

تۆتىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۇزۇنغىچە «تۈرك» دېگەن نامنى ئىشلىتىپ كەلگەن. «تۈرك» ئاتالغۇسى، ئومۇمىي بىر ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇ تارىختىن بېرى ئاساسەن، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق خەلقلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىپادە قىلىدىغان، ئاتالمىش كۈچلۈك سىياسىي تۈسكە ئىگە نام ئىدى. لېكىن، بەزى تارىخىي شارائىتتا، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن پەرقلىق ھالدا «تۈركلەر» دەپ ئاتاشقان. قاراخانىلار دەۋرىي (840 — 1212) دە ھازىرقى ئۇيغۇرلار ياشاپ تۇرغان يەردىكى خەلق (ئومەنى ئۇيغۇرلار) تۈرۈكلەر دېيىلگەن، بۇ ھەقتە مەھمۇد قەشقىرىنىڭ بايانلىرى ئوبدان دەلىل بولالايدۇ. مەھمۇد قەشقىرى «دىۋان» دا مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنى كاپىر ئۇيغۇرلاردىن (مۇسۇلمانلاشمىغان) پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنى «تۈركلەر» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان. بۇ ئەنئەنە يېقىنقى دەۋرلەرگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. ھازىر بۇ نام پەقەت تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئورتاق تارىخىي نامى سۈپىتىدە مەۋجۇت.

## 2 - «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسى ھەققىدە

قەدىمكى دەۋردىن ھازىرغىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىدىن تارتىپ، قوشنا خەلق-لەرگىچە ئورتاق، ئىزچىل قوللىنىلىپ كېلىنگەن ئىسىم «ئۇيغۇر» دېگەندىن ئىبارەت.

«ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنى كۆپلىگەن كىشىلەر ئىزاھلىغان. مەسىلەن، «كونا تاڭ سۇلالىسى تارىخى» دا «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنى «شۇڭقاردەك پەر-ۋاز قىلغۇچى» دەپ ئىزاھلىغان بولسا، مەھمۇد قەشقىرى «باشقىلارغا مۇھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يېگۈچىلەر، قولىدىكى ئوۋنى قاچۇرماي، قاچان خالىسا شۇ چاغ-دا ئېتىپ تۇتقۇچىلار» دەپ چۈشەندۈرگەن. پىرسىيىلىك تارىخچى راشىدىن (1247 — 1318) «بىرلەشكەنلەر، ھەمكارلاشقانلار» دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلىسا، ئەبۇلغازى باھادىرخان (1605 — 1664) «ئىتتىپاق قىلغۇچىلار»، «ئۇيۇشقانلار» دەپ چۈشەندۈردۇ.

ھازىر كۆپچىلىك ئالىملار «ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇ «ئەقىللىق، كۈچلۈك، قۇدرەت-لىك» دېگەن مەنىدە، دەپ چۈشەندۈرمەكتە. قەدىمكى تۈركىي تىللاردا «ئۇق - ئۇغ - ئۇي-ئۆ-، ئۆگ» دېگەن سۆز تومۇرى — «ئۇقماق، چۈشەنمەك، ئەقىل، ئىدرەك» دېگەن مە-نىگە ئىگە بولۇپ، بۇ سۆزلەرگە - غۇز (گۇز، قۇز)، گۇر قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ئۇغ = ئۇي + غور / غۇز > ئۇي + غۇز، ئۇ + غۇز، يەنى ئۇققۇچى، پەملىگۈچى، چېۋەر، قۇدرەتلىك دېگەن مەنىدىكى سۆزلەر ياسالغان، دېمەك، «ئۇيغۇر» دېگەن ئاتال-غۇ، «كۈچلۈك» دېگەن مەنىدىكى «غۇر، قۇر، گۇر، كۇر» دېگەن سۆز ئالدىغا «ئەقىللىق» دېگەن ئۇغ، ئۇق، ئۆگ، ئۆك، ئۇي دېگەنگە ئوخشاش ئېنىقلىغۇچى قوشۇلۇپ ياسال-غان بىرىكمە سۆزدۇر. بۇنداق چۈشەندۈرۈش خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە بىر قەدەر ئو-مۇملاشماقتا. لېكىن «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنىڭ تولۇق ئېتىمولوگىيىلىك مەنىسى ھەققىدە داۋام-لىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

## § 3. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

### 1 - ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھەققىدە

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتە پەرقلىنىدىغان ئىككى چوڭ ئىنسانلار تۈركۈمىدىن تەشكىل تاپقان.

بىرىنچى، تارىم ۋە تۇرپان ۋادىلىرىدىكى دەريا — كۆللەر ساھىلىرىدە، كەڭ كەت-كەن ئېكىنزارلىق ۋە بوستانلىقلاردا ياشاپ ئۆتكەن دېھقان - ئېكىنچىلەر تۈركۈمى. تارىم ۋادىسىدا كونا تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپلا ئىنسانلار ياشاپ كەلگەن. ئاتۇش ناھ-يىسىنىڭ ئاغۇ يېزىسى تەۋەسىدىن تېپىلغان 10 مىڭ يىل بۇرۇنقى 18 ياشلىق ئەر-

نىڭ باش سۆڭىكى بۇنىڭ جانلىق ئىسپاتى. تارىم ۋادىسى، كۆنچى دەريا ساھىلىدىن
تېپىلغان 6470 يىللىق ئايال جەسەت ئۇيغۇرلارنىڭ پىزونومىيىسى (بەدەن تۈزۈلۈشى)
نى بەلگىلەشتە بىرىنچى قول ماتېرىيالدۇر. خەنزۇچە يىلنامە «ۋېي خانلىقى تارىخى»
ۋە «شىمالىي خانلىقلار تارىخى» دېگەن كىتابلاردا: «قوچۇ (تۇرپان) نىڭ غەربىدىكى
ئەل ئادەملىرىنىڭ كۆزى چوڭقۇر، قاڭشالىق» ئىدى دېيىلگەن بولسا، مىلادى II ئەسىر-
لەردە ياشىغان گرېتسىيىلىك جۇغراپىيە ئالىمى پتولېمىي (Ptolemy) «جۇغراپىيە»
ناملىق كىتابىدا تارىم ۋادىسىدىكى بىر دەريانى Oechordas، ئۇنىڭ دىلتىسىدىكى
كىشىلەرنى Oikhardai, Oecherdas لار دېگەن. ئەنگلىيىلىك ئالىم ھىنرى يۇلې،
پروفېسسور گرىگورىيېۋ، ئاكادېمىك رادلوۋ قاتارلىقلار پتولېمىي گرېك ئالغان كىشى-
لەرنى ئۇيغۇرلار دەپ ھېسابلىغان. مىلادى 380 - يىللاردا ياشىغان يۇنان ئالىمى مار-
سىللىنوسىۇ «تارىخىي خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىدا پتولېمىي تىلغا ئالغان «Oecherdas —
ئۇيغۇر داس» دېگەن ئاتالغۇنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ. خەنزۇچە يىلنامە «جەنۇبىي
چى خاندانلىقى تارىخى. رورەنلەر تەزكىرىسى»دە مىلادى 478 - يىللاردىكى ۋەقەلەر
خاتىرىسىنى يازغاندا، ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىدىكى چاقىلىق ۋادىسىنى دىڭلىڭلەر ئىگى-
لەپ تۇرغان ئەھۋال خاتىرىلەنگەن ھەم، «جەنۇبىي خانلىقلار تارىخى»دا «چەرچەن
دۆلىتىنىڭ شىمالىي دىڭلىڭلەرنىڭ ئىدى» دېيىلگەن بولسا، «شىمالىي خانلىقلار تارى-
خى» دېگەن كىتابتا: «قۇمۇلنىڭ غەربىي، قاراشەھەرنىڭ شىمالىي، ئاق تاغ (تەڭرى
تېغى) ئەتراپلىرىدا ئوغۇزلار ياشايدۇ»، دېيىلگەن. بۇ گەپ «سۇي سۇلالىسى تارىخى»
دىمۇ بار. مەھمۇد قەشقىرى زۇلقەرنەيىن دەۋرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 356 — 326 -
يىللار) ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى تەڭرى تاغلىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا چوڭ دۆلەت قۇرغان-
لىقىنى، بۇ دۆلەت — سۇلمى (sulmi قاراشەھەر)، قوچۇ (Koqu)، چانبالىق
(qanbalik) بەشبالىق (bəxbalik)، ياڭىبالىق (yangibalik) قاتارلىق شەھەر-
لەردىن تەركىب تاپقانلىقىنى ئېيتقان.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە يازما تارىخىي ھۆج-
جەتلەردىن ۋەقەنى ئېنىق چۈشىنىمىزكى تارىم ۋادىسىدا ئەزەلدىن، خۇددى بۈگۈنكى ئۇي-
غۇرلارغا ئوخشاش، ئورا كۆز، قاڭشارلىق كىشىلەر ياشاپ كەلگەن بولۇپ، بۇلار دەل
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىدى.

ئىككىنچى، تاغ باغرىلىرىدا، يايلاقلاردا ياشىغان كۆچمەن - چارۋىچىلار تۈركۈمى.
ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بىر قىسمى خۇاڭخې دەرياسى، جۈملىدىن موڭغۇلىستاندىكى گوبى-
نىڭ ساھىلىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. سىما چيەن (تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى
145? — 135?) «تارىخىي خاتىرىلەر»دە «خۇاڭدى شۈنيۈلەرنى شىمال تەرەپكە قوغ-
لىۋەتكەن ئىكەن» دەپ يازغان. خۇاڭدىنىڭ 8000 يىل بۇرۇن ئۆتكەنلىكى تەخمىن

قىلىنىدۇ. شۈنيۈلەر (荤粥) جوڭگونىڭ شاڭ، جۇ خانلىقى دەۋرلىرىدە «گۈيفاڭ (鬼方)، خۈنيى، شۈنيۈ» دەپ ئاتالغان ۋە ناھايىتى كۈچلەنگەن. چۈنچيۇ دەۋرىدە رۇڭ، دى، (戎狄) دېيىلگەن ھەم مۇشۇ دەۋرنىڭ ئالدى - كەينىدە «شىمالىي دى» (北狄) دەپمۇ ئاتالغان. كېيىنچە، روڭ، دى ياكى روڭدى (戎狄) دېگەن ناملار ئىشلىتىلمەي، مىلادىدىن بۇرۇنقى 318 - يىلدىن باشلاپ، شيۇڭنۇ - ھون (匈奴) دېگەن ئاتالغۇ پەيدا بولغان. «ھون» دېيىلگەن قەۋم مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردىن مىلادى II ئەسىرلەرگىچە بەكمۇ قۇدرەت تاپقان بولۇپ، فېئوداللىق خاراكتېرگە ئىگە دۆلەت قۇرغان، ئۇنىڭ تەركىبىدە، دىڭلىڭلەر (丁零)، تۇرپان ۋادىسىدىكى ئاھالىلار شۇنداقلا تارىملىقلار بار ئىدى. «كونا تاڭ سۇلالىسى تارىخى»، «يېڭى تاڭ سۇلالىسى تارىخى»، «يازما ھۆججەتلەر تەتقىقاتى» («文献通考»)، «قامۇسنىڭ داۋامى» («续通志») دېگەن نوپۇزلۇق خەنزۇچە قەدىمكى تارىخىي ھۆججەتلەردە «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھونلار ئىدى» دەپ بىردەك قەيت قىلىنغان. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، كۆچمەن تۇرمۇشنى ئاساس قىلغان. بۇلار كۆپ چاغلاردا تۇرپان ۋادىسى ۋە تارىم ۋادىسىدىكى ئاھالىلار بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ كەلگەن. مىلادى 840 - يىللاردىن كېيىن بۇ ئىككى ۋادىغا سۈرۈلۈپ، بۇ يەردىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھەممىسى دېگۈدەك دېھقان - ئېكىنچىلەردىن بولۇپ قالغان. چارۋىچىلىق قوشۇمچە كەسىپكە ئايلانغان. بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتى شىنجاڭنىڭ ئاساسىي گەۋدە ئاھالىسى بولۇپ قالغان. كۆچمەن - چارۋىچى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بىر قىسمى شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن بولسا، بىر قىسمى، سەددىچىن سېپىلى ئىچىگە سۈرۈلۈپ، شۇ يەردىكى كىشىلەرگە قېتىلىپ كەتكەن، بىر قىسمى مىلادىدىن بۇرۇنقى XVI ئەسىرلەردىن باشلاپ ئورال — ئالتاي تەرەپلەرگە سۈرۈلۈپ، شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئەجدادى بولۇپ قالغان، يەنە قالغان بىر قىسمى مىلادى II ئەسىردىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا سۈرۈلگەن، بۇ يەردە مەلۇم نىسبەتنى قالدۇرۇپ، ياۋروپاغا يۈرۈپ كەتكەن ۋە شۇ يەردىكى كىشىلەرگە قېتىلىپ كەتكەن.

## 2 - ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت تەركىبى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تارىملىقلار ۋە شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى بىر قىسىم ئىنسانلار توپىدىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن، كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ساكلار، توخارلار (توخرىلار)، سوغدىلار ۋە ئىفتالىتلار دېگەن خەلقلەرمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك — مىللەت تەركىبىنى سۈرۈشتە قىلغاندا بۇ خەلقلەرنىمۇ ئالاھىدە سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ، چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر پۈتۈن مىللەت گەۋدىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىگىلى-

گەن نىسبەت بىلەن بۇ خەلقلەر ئىگىلىگەن نىسبەتتە كۆپ پەرق يوق.

ساكلار — ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ ياشاپ كەلگەن بىر قەۋم بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنلا بىر قانچە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا بۆلۈنگەن، مەسىلەن، پامىر - پەرغانە رايونلىرىغا جايلاشقانلىرى ئوماۋرك ساكلىرى، قىرغىزىستان ۋە قازاقىستان يايلاقلىرىغا جايلاشقانلىرى تىگىراخۇد ساكلىرى، ئامۇ - سىر دەريا بويلىرىغا جايلاشقانلىرى تىئاي، تارا - داراييا ساكلىرى دېيىلگەن.

ساكلار — خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «سەي، 塞، سەيجۇڭ — 塞种» دېيىلگەن بولسا، ياۋروپا ئاپتورلىرى كۆپرەك «ئىسكىف» لەر دېگەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى V ، VI ئەسىرلەردە ئۇلارنىڭ ماسساگېت قەبىلىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىر قالدۇرغان. مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدە بىر قىسىم ساكلار تارىم ۋادىلىرىغا كەلگەن، كېيىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت گەۋدىسىنى ھاسىل قىلىشقا قاتنىشىپ كەتكەن.

توخارلار (توخرىلەر) خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «دايۈشى 大月氏»، «شياۋيۈشى 小月氏» دېيىلگەن بولسا، ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە «توقرى، توغرى، توخرى» دېيىلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار توقار - توخارلار، يەنە بەزىلەر ياۋچى، يۈەنچى، يۈسى دەپ ئاتاشقان. توخارلار ئەسلى گەنسۇ ئۆلكىسى تەۋەسىدە ياشاپ تۇرغان، مىلادىدىن بۇرۇنقى 170 - يىللار ئەتراپىدا كۆپ قىسمى غەربكە سۈرۈلۈپ، ئىلى ۋادىسى، پەرغانە ئويمانلىقى ئارقىلىق ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا كۆچكەن ۋە كۇشان ئىمپېرىيىسى دېگەن دۆلەتنى قۇرغان. بۇلار «ئۇلۇغ ياۋچىلار» دېيىلگەن بولسا، تارىم ۋادىسىغىمۇ بىر قىسمى كۆچۈپ كەلگەن. بۇلار، ئادەتتە، تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە «كىچىك ياۋچىلار — توخرىلار» دېيىلىدۇ. كۇچا، قاراشەھەر، قۇچۇ لېنىيىسىدە ئازدۇر - كۆپتۇر ياشاپ تۇرغان بۇ خەلق خېلىلا مول مەدەنىيەت، جۈملىدىن يېزىق ۋە يېزىق ۋەسىقىلەرنى قالدۇرۇپ كېتىپ، ئاخىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت گەۋدىسىگە قېتىلىپ كەتكەن.

سوغدىلار — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمى خەلق بولۇپ، تارىخچىلار «ئىران نەسىللىك ئىدى» دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار، مىلادىيدىن بۇرۇنقى IV ، V ئەسىرلەردىن م.X ئەسىرلەرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ناھايىتىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇلار سودىغا ماھىر بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەم قىلىپ كەلگەن. سوغدىلار خېلى بۇرۇنلا يېزىق ئىشلەتكەن، تىلى بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر مەزگىل مۇھىم ئالاقە ۋاسىتىسىلىق رول ئوينىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مەلۇم شارائىتلاردا سوغدى تىلى ۋە يېزىقىنى ئىشلەتكەن. يەنى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» دېيىلگەن يېزىق مۇشۇ سوغدى يېزىقىدىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولغان سوغدىلار تارىخنىڭ ئالمىشىشى بىلەن، ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كېتىپ ئۇيغۇر ئېتنىك تەركىبىنى ھاسىل قىلدى.

ئىفتالىتلار — خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە قارىغاندا ھونلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ،

مىلادى V ئەسىرلەرگە كەلگەندە شىنجاڭنىڭ بىر قىسمى، ئىراننىڭ بىر قىسمى ۋە ئافغانىستاننىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا «ئەفتالىتلار دۆلىتى»نى قۇرغان، بۇلار ئادەتتە «ئاق هون دۆلىتى» مۇ دېيىلىدۇ. ئەفتالىتلار ئىران تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرىغان. مىلادى 567 — 563 - يىللىرى كۆك تۈركلەر دۆلىتى تەرىپىدىن مۇنقەرز بولغان هەم ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەفتالىتلار ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كەتكەن.

يۇقىرقى خەلقلەردىن باشقا، چىڭگىزخان دەۋرى (1206 — 1227) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى چاغاتاي دەۋرىدىن كېيىن بىر تۈركۈم موڭغۇل قەبىلىلىرى شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان، بۇلار جۇملىدىن، ئۇلارنىڭ دوغلات قەبىلىسى ئاساسەن ئۇيغۇرلارغا قېتىلىپ كەتكەن.

دېمەك، ساك، توخار، سوغدى، ئەفتالىتلار هازىر شىنجاڭدا مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن ئاساستا ياشاپ تۇرماقتا، ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن بارلىق مەدەنىيەت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى هېسابلىنىدۇ.

# II باب

# ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ۋە يېزىقلىرى

## § 1 . ئۇيغۇر تىلى

### 1 - ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى

ئۇيغۇر تىلى ئورال - ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى، ئالتاي — تيانشان تىللىرى ئائىلىسى، تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسى، شەرقىي ھون تىلى تۈركۈمى، ئۇيغۇر - ئوغۇز تىلى بۆلىكى، ئۇيغۇر - قارلۇق تىلى قىسمى، ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتىغا تەئەللۇق. ئۇيغۇر تىلى تۆۋەندىكىدەك تىل تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن.

بىرىنچى، ئالتاي دەۋرى، بۇ دەۋرنىڭ يىل ھېسابى ئېنىق ئەمەس. تىلشۇناسلار بۇ تىل تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىدىن باشقا يەنە بىر قانچە تىللار گۇرۇپپىسى بىلەن، ئۇنىڭدىن يىراقراقىنى سۈرۈشتە قىلغاندا ناھايىتى چوڭ تىل سىستېمىسى بىلەن باغلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. بۇ دەۋردىكى تىللارنى ۋە ئۇنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنى كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئۆلۈك تىللار ۋە ھازىرقى زاماندىكى جانلىق تىللارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئالامەتلىرىنى تۇتقا قىلىپ، تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇل ئارقىلىق پەرەز بىلەن كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز.

ئىككىنچى، ھون دەۋرى، بۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردىن مىلادى IV ئەسىرگىچە بولغان دەۋرنى كۆرسىتىدۇ. خەنزۇچە ترانسكرىپسىيە قىلىنغان بەزى سۆزلەر، خاس ئىسىملار ۋە مەنسەپ - ئۇنۋان ناملىرى قاتارلىقلاردىن باشقا ھون دەۋرىگە ئائىت، ھازىرچە ھېچقانداق يازما يادىكارلىق تېپىلمىدى.

ئۈچىنچى، قەدىمكى تۈركىي تىللار دەۋرى، بۇ V ئەسىردىن X ئەسىرگىچە بولغان دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالىملار بۇ دەۋرنى يەنە مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلگەن:

‹1› تۈركۈت - تۈركلەر دەۋرى (V — VIII ئەسىرلەر).
‹2› قەدىمكى ئۇيغۇر دەۋرى (VIII — IX ئەسىرلەر).
‹3› قەدىمكى قىرغىز دەۋرى (IX — X ئەسىرلەر).

‹ 4 › ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي تىللار دەۋرى. بۇ X ئەسىردىن XV — XVI ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالىملار بۇ دەۋرنى مۇنداق ئىككى باسقۇچقا بۆلگەن: بىرىنچى، قاراخانىلار دەۋرى (X — XII ئەسىرلەر)، ئىككىنچى، موڭغۇل دەۋرى (XIII — XV ئەسىرلەر) باسقۇچى. بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي تىللىرىغا خاس بولغان دىئالېكتلاردا بىر قەدەر چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ئەدەبىي تىل d دىئالېكتتىن y دىئالېكتقا تولۇق يۆتكۈلۈپ بولغان. يېزىقتىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئەرەب يېزىقىغا يۆتكۈلۈش بولىدۇ. «چاغاتاي ئەدەبىي تىلى» دەپ ئاتالغان ئەدەبىي تىل مانا مۇشۇ دەۋرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەكىللىنىدۇ.

‹ 5 › يېڭى تۈركىي تىللار دەۋرى. بۇ دەۋر XV — XVI ئەسىرلەردىن XIX ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېڭى تۈركىي تىللار دەۋرى. ھازىرقى زاماندىكى بارلىق تۈركىي خەلقلەر تىللىرىنىڭ تولۇق شەكىللىنىپ چىقىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ كېيىنكى بۆلۈنۈشلىرى ۋە قىسمەن ھاللاردا ئۇرۇق — قەبىلە تۈركۈملىرىنىڭ ھەم تىللارنىڭ قوشۇلۇشلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

‹ 6 › ھازىرقى زامان تۈركىي ئەدەبىي تىللىرىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ئالتە دەۋرنى ھەممە تۈركىي تىللار ئوخشاش باشتىن كەچۈرمىگەن، ئەمما ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتى مۇشۇ دەۋرلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك باشتىن كەچۈرگەن.

## 2 - خاقانىيە تۈركچىسى ھەققىدە

خاقانىيە تۈركچىسى X — XI ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ نامى ئىدى. بۇ تىل قەدىمكى تۈرك (كۆك تۈرك — تۈركۈت، تۈركلەر) ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى. ئىسلام مۇھىتىدا شەكىللەنگەن، قاراخانىلارنىڭ مەركىزى ئۆلكىسىدىكى چوڭ شېۋىنى ئاساس قىلغان ئورتاق ئەدەبىي تىل — خاقانىيە ئەدەبىي تىلى ئىدى.

خاقانىيە تۈركچىسى، تۈركىي تىللار تەتقىقاتى ساھەسىدە بىر قانچە خىل ئاتالغۇ بىلەن ئاتىلىدۇ. ئەڭ دەسلەپ، مەھمۇد قەشقەرى «تۈرك تىلى»، «خاقانىيە تۈركچىسى» دېگەن بولسا، «قۇتادغۇبىلىك»كە نامەلۇم كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان مۇقەددىمە پارچىسىدا «بۇغراخان تىلى» دېيىلگەن، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تا بولسا «كاشغىر تىلى — قەشقەر تىلى» دېيىلگەن. كېيىنكى دەۋردىكى تىلشۇناسلار بۇ تىلنى نامىلاشتا خىلمۇ-خىل ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن. بۇ پەقەت ئاتالغۇ جەھەتتىكى پەرق بولۇپ، ھەممىسىنى «ئۇيغۇر تىلى — خاقانىيە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى» دېگەن ئاتالغۇغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

خاقانىيە تۈركچىسىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىكەنلىكىنى سوۋېت تىلشۇناسى

باسكاكوۋنىڭ مۇنۇ سۆزىدىن ئېنىق چۈشىنىشكە بولىدۇ:

«مەھمۇد قەشقەرى سېلىشتۇرما ئاساستا ئۇيغۇر تىلىدىن مىساللارنى كەلتۈرىدۇ. بۇ تىل «دىۋان»دا تۈرك تىلى ياكى خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلى دېگەن ئاتالغۇ بىلەن تەرىپلەنگەن. شۇنداقلا قىپچاق، ئوغۇز تىللىرىدىن ماتېرىياللار كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ تىللار ئۆزئارا يېقىنلاشتۇرىلىدۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىغا قارشى قويۇلۇپ، ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرىلىدۇ».① «ئۇ زاماندىكى ئەدەبىي تىل ئۇيغۇر تىلى ئىدى ياكى ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تىللار تىزىملىكىدە يېزىلىشىچە، ئۇيغۇر — قارلۇق قەبىلىلىرىدىن ۋە ئۇرۇقلىرىدىن تەركىب تاپقان خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلى ئىدى»② «دىۋان»دا شۇ دەۋردىكى ئوغۇز تىلىنىڭ نەمۇنىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ تونۇشتۇرۇلغان».③

## 3 - چاغاتاي تىلى ھەققىدە

### 1 . ئومۇمىي بايان

چاغاتاي تىلى خاقانىيە تۈركچىسى، يەنى قاراخانىلار ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغىچە كەڭ قوللىنىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن ئىبارەت.

XIII ئەسىردىن كېيىن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي - شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئارىسىدا خاقانىيە تۈركچىسى ئاساسىدا، ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ تەسىرى بىلەن يېڭى بىر خىل تىل شەكىللەنگەن. بۇ خىل تىل ئەڭ دەسلەپ چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن «چاغاتاي تىلى» دېيىلگەن. XV — XVI ئەسىرلەردىن كېيىن، چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جۇجى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي - شىمالىي قىسمى، جەنۇبىي روسىيە يايلاقلىرى ۋە تۆمۈر (1370 — 1405) نىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئافغانىستان، ئىراننىڭ شەرقىي ھەم شەرقىي - شىمالىي قىسمى، ھىندىستان رايونلىرىدىكى تۈركىي قەبىلىلەرمۇ چاغاتاي تىلىنى قوللانغان.

دېمەك، چاغاتاي تىلىنىڭ فونېتىكىسى، گرامماتىكىسى ئۇيغۇر تىلىدىن، لېكسىكىسى بولسا، ئەرەب، پارس، موڭغۇل ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلىدىن كەلگەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

### 2 . چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە

موڭغۇل قوشۇنلىرى چىڭگىزخان باشچىلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىياغا ئاتلانغان چاغدا ئىمپېرىيىنىڭ پۇقرالىرى ئىچىدە مەدەنىيەت سەۋىيىسى جەھەتتە ئۇيغۇرلاردىن ئېشىپ

①②③ ن. ئا. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2، 3، 227 - بەتلەر.

كېتىدىغانلار يوق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئىمپېرىيىنىڭ يېڭى بويسۇندۇرۇلغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئىگىلىكىدىكى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي، ھەربىي ئورگانلىرىدا پۈتۈكچى، ھېساباتچى بولۇپ ئىشلەيدىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇيغۇرلار ئىدى. مۇشۇ ئورگانلارنىڭ يەرلىك ئاھالىلىرى بىلەن سىياسىي - ئىقتىسادىي ھاياتتا بولغان قويۇق ئالاقىلىرى كۆپرەك ئۇيغۇرلار ئارقىلىق بولاتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن، X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى سامانىلار خاندانلىقى (874 — 999) يىمىرىلگەندىن كېيىن، قاراخانىلار سۇلالىسى ئۇيغۇر تىلىنى ھۆكۈمەت تىلى ئورنىدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئومۇملاشتۇرغان ۋە بۇ تىل نۇرغۇن سورۇنلاردا تاجىك - پارس تىلىنىڭ ئورنىنى باستى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى (قارا كىدانلار) زامانىسىدا ماۋارائۇننەھىر رايونىدىكى تىل پاسىللىرى ئاساسىي جەھەتتىن قاراخانىلار سۇلالىسى مەزگىلىدىكى ھالەتتە تۇرغان، مۇشۇنداق تارىخىي مەزگىلدە كېيىنكى دەۋردىكى چاغاتاي تىلىنىڭ ئۇرۇقلىرى ئەمەلىيەتتە بىخ ئۇرۇشقا باشلىغان. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا يەنە بىر قېتىم بۆسۈپ كىرىشى، مۇشۇ ئۇنىۋېرسال تىلنىڭ شەكىللىنىش سۈرئىتىنى خېلى تېزلەتكەن.

## 4 - ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈركىي تىللار تەرەققىيات تارىخىدا تۇتقان ئورنى

ئۇيغۇر تىلى تۈركىي تىللار تەرەققىيات تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈركىي تىللارغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

تۈركىي تىللار مۇتەخەسسىسى باسكاكوۋنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى مۇشۇ سوئالغا ئېنىق جاۋاب بولىدۇ.

«ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىي تىللارنىڭ، يەنى ئەڭ ئالدى بىلەن قاراخانىلار دەۋرىدىكى (X — XII ئەسىرلەر) تىلىنىڭ، ئاندىن ئوغۇز - قىپچاق ئەدەبىي تىلىنىڭ (XII — XIII ئەسىرلەر)، چاغاتاي تىلىنىڭ (XIII — XIV ئەسىرلەر)، ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىنىڭ (XIII — XIV ئەسىرلەر)، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كونا ئۆزبېك تىلىنىڭ (XV — XIX ئەسىرلەر)، كونا تۈركمەن تىلىنىڭ (XVII — XIX ئەسىرلەر) ۋە باشقا تىللارنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن»①.

## 5 - ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈركىي تىللار تارىخىدا ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە رول ئوينىغانلىقى ھەققىدە

ئۇيغۇرلار باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا بۇرۇنراق ئولتۇراق تۇرمۇش ھالىتىنى باشتىن كەچۈرگەن، يېزا ئىگىلىك قەدىمى چاغلاردىلا ئاساسىي ئىگىلىككە ئايلانغان،

① ن. ئا. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 71 - بەت.

قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا گۈللەنگەن، شەھەرلىشىش ئىلگىرىلا باشلانغان. بۇ ھال يېزىقنىڭ يارىتىلىشىغا، ئەدەبىي تىلنىڭ قېلىپلىشىشىغا، يازما ھۆججەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغان. بۇ ھەقتە شەرقشۇناس ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى ئاساسەن بىردەك، مەسىلەن، ئەنگلىيىلىك ئالىم ستەيىن (A. Stien) «...ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادىكى ھەرقانداق باشقا تۈركىي قەبىلىسىگە قارىغاندا مەدەنىي ھاياتقا قابىلىيەت-لىك ۋە خىلى مايىل ئىدى» دېسە، پروفېسسور ك. ئا. بوروبكوۋ: «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلق-لىرىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش تارىخىدا ئۇيغۇرلار مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن خەلق. ئۇيغۇرلار قەدىمى زاماندا يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان شەرق خەلقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەيدۇ، پروفېسسور ئا. يۇ. ياكوۋسكىي مەسىلىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «ئۇلار (ئۇيغۇرلار)نىڭ زور كۆپچىلىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا بۇرۇنراق تۇراقلىق دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللا-نىشقا باشلىدى، ئۇلار شامان دىنىنى باشقىلارغا قارىغاندا بۇرۇنراق تاشلاپ، دەسلەپ مانى دىنىنى، كېيىن بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى، ئۆز يېزىقىنى باشقا تۈركىي خەلق-لەرگە قارىغاندا بۇرۇنراق يارىتىپ، جۇڭگو بىلەن ماۋارائۇننەھر ئارىلىقىدا ئولتۇراق-لاشقان خەلقلەر ئىچىدىكى ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلەردىن بىرى بولۇپ قالدى». ئاكا-دېمىك بارتولد «X ئەسىردە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ قۇدرەتلىك ھېسابلانغان توق-قۇز ئوغۇزلار» ئىدى دېسە، ئامېرىكىلىق ئالىم ر. گىروسەي «يايلاق ئىمپېرىيىلىرى تا-رىخى» دېگەن كىتابىدا ئۇيغۇرلارغا باھا بېرىپ، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ «مەدەنىيەت ئۇستازلىرى»دىن بولغان دەيدۇ. دېمەك، تۈركىيىلىك ئاتاقلىق تاتار ئالىمى ئەھمەد زەكى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ئۇيغۇرلار تۈركلەر ئارىسىدا قۇۋۋەتلىكرەك، مەدەنىيەتلىرىمۇ يۇقىرىراق بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تىللىرى باشقا تۈركلەر ئۈچۈنمۇ ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلغان». تۈركىيىلىك يەنە بىر تىلشۇناس شەيخ شەمسىدىن سامىنىڭ «قەدىم-كى ئۇيغۇرلار مەدەنىي تەرەققىياتتا ئەڭ ئالغا كەتكەن خەلق بولۇپ، بۇلارنىڭ تىلى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئەدەبىي تىل ئىدى» دېيىشىمۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتقانلىقىدا.

## § 2 . ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقلىرى

### 1 - ئومۇمىي بايان

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قايسى دەۋردىن باشلاپ رەسمىي يېزىق ئىشلەتكەن دېگەن سوئالغا يېزىقشۇناسلىق ساھەسى ئېنىق جاۋاب بېرەلمەي كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئالىملار تۆۋەندىكىدەك پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بىرىنچى، ئېنگېلس ئىنسانلار «تۆمۈر رودىسىنى ئېرىتىشتىن باشلاپ، ھەرپلىك

يېزىقىنىڭ ئىقتىدارى قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ يېزىقلار ئۈچۈن تەدبىق قىلىنىشى ئارقىلىق مە-
دەنىيەت دەۋرىگە ئۆتىدۇ» دەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى هونلار مىلادىدىن بۇرۇنقى
III ئەسىرلەردىلا تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە كىرگەن، ئۇلاردا قۇللۇق تۈزۈم تەرەققىي قى-
لىپ، فېئوداللىق ئامىللار ئاشۇ دەۋردە ئاللىقاچان كۆرۈلۈپ بولغان. مانا مۇشۇلارغا
قارىغاندا، هونلار يېزىق ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن دېگەن پەرەز كېلىپ چىقىدۇ. ئىك-
كىنچى، مىلادىدىن بۇرۇنلا هون تەڭرىقۇتلىرى، بولۇپمۇ باتۇر تەڭرىقۇت دەۋرلىرىدە
(مىلادىدىن بۇرۇنقى 209 — 174 - يىللار) خەن سۇلالىسى بىلەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ-
دىن كېيىنكى دەۋرلەردە باشقا دۆلەت ۋە خەلقلەر بىلەن هەر خىل شەكىلدىكى شەرت-
نامىلارنى تۈزگەن. ئېنگېلس «ئۆز ئىختىيارىي ئۆزىدە بولغان، ئەركىن هەرىكەت قىلا-
لايدىغان ۋە مال - مۈلۈككە ئەركىن هالدا ئىگە بولالايدىغان هەمدە بىر - بىرىگە نىس-
بەتەن تەڭ هوقۇقلۇق ئورۇندا تۇرغان كىشىلەرلا شەرتنامە تۈزەلەيدۇ» دەيدۇ. دېمەك،
شەرتنامىلەر بىر تەرەپنىڭ يېزىقى بىلەنلا يېزىلىشى شەرتنامە تۈزگۈچىلەرنىڭ ئابرويىغا
مۇناسىۋەتلىك مەسىلە دېيىلگەندە، ئەشۇ چاغدا ئىككى خىل يېزىق ئىشلىتىلگەن دېگەن
پەرەزنى ئىختىيارسىز ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەجبۇر بولىمىز. ئۈچىنچى، هون تەڭرىقۇتلىرى،
باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن بۇرۇنقى 192 - يىلى خەن سۇلالىسى ئايال پادىشاھىسى
لۈخۇاغا، 172 - يىلى، پادىشاھ ۋېندىغا، كىيوك تەڭرىقۇت مىلادىدىن بۇرۇنقى 162 -
يىلى خەن پادىشاھىسى ۋېندىغا، غولىقۇ تەڭرىقۇت مىلادىدىن بۇرۇنقى 39 - يىلى خەن
پادىشاھىسى ۋۇدىغا مەكتۇبلەر يازغان، بۇ خەت هون يېزىقى بىلەن يېزىلغان بولۇشى
مۇمكىن. تۆتىنچى، هونلار بۇرۇنلا ئۆز ئېلىنىڭ خەرىتىلىرىنى سىزغان ۋە ئۇنى قوللان-
غان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 36 - يىلى قۇتئۇش تەڭرىقۇت ئۆلتۈرۈلگەندە خۇشاللانغان
خەن پادىشاھىسى يەندى ۋەزىرلىرىگە بەرگەن زىياپەتتە قۇتئۇش تەڭرىقۇت هايات
چېغىدا ئىشلەتكەن خەرىتىنى ئۆز ئەمەلدارلىرىغا كۆرسەتكەن ئىكەن، مانا مۇشۇ خەرى-
تىگە هونلار تىررىتورىيىسىدىكى تاغلار ۋە دەريالارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن
باشقا مىلادى 48 - يىللىرى هونلارنىڭ غەرب خانى بەي، خەن پادىشاھىسى گۇاڭۋۇ-
دىغا، گۆخېڭ دېگەن خەنزۇ كىشى ئارقىلىق هون دۆلىتىنىڭ خەرىتىسىنى ئەۋەتىپ بەر-
گەن، تەتقىقاتچىلار بۇ خەرىتىنى قۇتئۇش تەڭرىقۇتنىڭ خەرىتىسى بىلەن ئوخشاش
بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. دېمەك، هونلار سىياسىي ۋە هەربىي ئىشلارنى ئورۇن-
لاشتۇرۇشتا خەرىتىلەرنى سىزىپ، ئۇنى قوللانغان ئىكەن. ئۇ چاغدا، خەرىتىلەردىكى
شەرتلىك بەلگىلەرنى يېزىق ئارقىلىق ئىزاھلىغان بولۇشى مۇمكىن. بەشىنچى، مىلادى
250 - يىللىرى جۇڭگو پادىشاھىسى كامبۇدژاغا ۋەكىللەر ئەۋەتكەن، ۋەكىللەر
ئۆمىكىدىكى كاڭتەي دېگەن ئادەم ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كەلگەندە، كامبۇدژالىقلارنىڭ
يېزىقى هونلارنىڭ يېزىقىغا ئوخشايدىكەن دېگەن. ئۇ چاغلاردا كامبۇدژالىقلار هىندى
يېزىقىنى قوللىناتتىكەن. ئەلچى كاڭتەي ئىككى ئەلدىكى كىشىلەرنىڭ يېزىقىنى پەرق-

لەندۈرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، «هونلار يېزىقى» دېگەن سۆزنى ئەشۇ چاغدا ئېيتقان. ئالتىنچى، ئامېرىكىلىق ئالىم كېنىت كازنېر «دۇنيادىكى تىللار» دېگەن كىتابىدا «ئەڭ قەدىمكى تۈركىي قەۋملەردىن قىرغىزلارنىڭ يازما ھۆججەتلىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 200 - يىللاردا بار بولغان» دەيدۇ. قىرغىزلارنىڭ تۈركىي خەلق ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق. شۇنداقلا مىلادىدىن بۇرۇنقى 200 - يىللاردا ئۇلار هونلار بىلەن قوشنا بولۇپ ياشىغان، شۇنداقلا، كېيىنچە، هونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇپ كەلگەن. يەتتىنچى، 1970 - يىلى سوۋېت ئارخېئولوگلىرى قازاقستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىگە يېقىن جايدىكى قەدىمكى قەۋرلەرنى قازغاندا بىر قىسىم ئاخىرەتلىك بۇيۇملار چىققان. بۇلار مىلادىدىن بۇرۇنقى IV — V ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولۇپ، ئاخىرەتلىكلەر ئىچىدە ئالتۇن كەمەر بولۇپ، ئۇنىڭغا قەدىمكى تۈركچە ھەرپلەر ئويۇلغان. بۇ ھازىر جىددىي تەتقىق قىلىنماقتا. سەككىزىنچى، ئۇيغۇر ئارخېئولوگىيە خادىملىرى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسىدىكى يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ناھىيە بازىرىدىن غەربىي شىمال تەرەپ 17 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاق سېپىل خارابىسىدىن كېسەكلەرگە ئويۇلغان ناھايىتى كۆپ يېزىقلارنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئاق سېپىلدىن تېپىلغان يېزىقلار بىلەن قەدىمى تۈرك - ئورخۇن - يەنسەي يېزىقىنىڭ بەزى ھەرپلىرى ئوخشاپ كېتىدۇ، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىرلەردىلا خوتەن نوپۇسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىگە ئاساسەن، قەدىمى تۈرك يېزىقى بىلەن ئاق سېپىلدىن تېپىلغان يېزىقلار شەكىللىنىش جەھەتتە مۇناسىۋەتتى بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرەز ئوتتۇرىغا قويۇلدى. توققۇزىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان تارىملىقلار ئاز كەم 2000 يىللىق يېزىق تارىخىغا ئىگە. نېمىس ئالىمى ۋون لىكوك ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرىدە شىنجاڭدا 17 خىل تىل، 24 تۈرلۈك يېزىق ئىشلىتىلگەن، دەپ يازغان. بۇ گەپلەر پەقەت ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بۇنىڭدا تارىم ئاھالىسىنىڭ ئېتنىك تەركىبىي زادى نەزەرگە ئېلىنمىغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇنداق تىل - يېزىقلارنىڭ بىر قىسمىنى ھۆكۈمران تەبىقە كىشىلىرى ۋە زىيالىيلار، دىنىي ئۆلىمالار ئىشلەتكەن. بەزىلىرىنى خىلمۇ - خىل سەۋەبلەر بىلەن تارىم بوستانلىقىدىكى شەھەر - قەلئەلەرگە كەلگەن چەت ئەللىك مۇساپىرلار ئىشلەتكەن. ئايرىملىرى بولسا، چەت ئەللەردىن كەلتۈرۈلگەن كىتابلار (ئاساسەن دىنىي كىتابلار) ۋە بۇلارنىڭ كەچۈرمىلىرىدىكى يېزىقلاردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ تىلى بولسا (قەدىمكى دەۋرگە تەئەللۇقلىرى) غەيرى تۈركىي تىل بولۇپ، بۇ يېزىقلار بىلەن ئۇيغۇر - تۈرك تىلىنىڭ خاتىرىلىنىشى بىر قەدەر كېيىنكى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. ئەمما، ئاتالمىش «غەيرى تۈركىي تىل» دىكى كۆپ سۆزلەرنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت سوستاۋىدا ئىزچىل قوللىنىلىۋاتقانلىقى تارىخىي پاكىت بولۇپ تۇرماقتا. لېكىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يېزىق بىلەن

خاتىرىلەنگەن تارىخىي ۋەسىقىلەر ھازىرغىچە تېپىلغىنى يوق.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بىۋاسىتە، ئومۇمىيۈزلۈك ۋە ئۇزاق مۇددەت قوللانغان يېزىقلىرى «قەدىمى تۈرك يېزىقى»، «قەدىمى ئۇيغۇر يېزىقى» ۋە «ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى»دىن ئىبارەت. بۇ يېزىقلاردىن «قەدىمى تۈرك يېزىقى»نى تۈرك خاقانلىقى (552 — 744) ۋە ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقى (744 — 840) دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن. «قەدىمى ئۇيغۇر يېزىقى» مىلادى 422 - يىللاردىن باشلاپ ئىشلىتىلگەن. «ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى» ئۇيغۇر خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مىلادى 904 — 905 - يىلى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان دەۋردىن باشلاپ قوللىنىلغان.

## 2 - قەدىمى تۈرك يېزىقى

قەدىمى تۈرك يېزىقى — ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تۈرك خاقانلىقى (552 — 744) ۋە ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقى (744 — 840) دەۋر[illegible] ئۇنىڭدىن سەل كېيىنكى دەۋرلەرگىچە قوللانغان يېزىق.

قەدىمى تۈرك يېزىقىنىڭ شەكلى قەدىمى گېرمانلارنىڭ بىر قەبىلىسى ئىشلەتكەن رونىك (Ronic) يېزىقىغا ئوخشاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بەزىلەر تۈرك رونىك يېزىقى دەپ ئاتىسا، بۇ يېزىقتا پۈتۈلگەن ئاساسىي يازما يادىكارلىقلار موڭغۇلىيىدىكى ئورخۇن دەرياسى بىلەن سىبىرىيىدىكى يەنسەي دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغاچقا، ئايرىم كىشىلەر ئورخۇن - يەنسەي يېزىقى دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كۆك تۈرك يېزىقى، ئىسلامدىن بۇرۇنقى يېزىق، سىبىرىيە يېزىقى دېگۈچىلەرمۇ بار. ئەرەب تارىخچىسى ئىبنى ئەرەبشا (1388? — 1450?) خېلى بۇرۇنلا «دۇلبارچىن يېزىقى» دەپمۇ ئاتىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇلاردىن «قەدىمى تۈرك يېزىقى» دېيىش بىر قەدەر ئومۇمىي كۆز قاراشتىن ئىبارەت.

قەدىمى تۈرك يېزىقى تاۋۇش ئېلېمېنتى بىلەن بوغۇم ئارىلاشمىسىدىن ئىبارەت بىر خىل يېزىق بولۇپ، 38 — 40 بەلگىدىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭدىن تۆتى سوزۇق، قالغانلىرى ئۈزۈك تاۋۇشنى ئىپادىلەيدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا سوزۇق تاۋۇشلار يېزىلمايدۇ. خەت ئادەتتە ئوڭدىن - سولغا، توغرىسىغا يېزىلىدۇ. سۆز بىلەن سۆز ئادەتتە قوش تىك چېكىت (:) بىلەن ئايرىلىدۇ، بەزىدە سۆز بىرىكمىسى بىر چېكىت قىلىپ يېزىلىدۇ.

قەدىمى تۈرك يېزىقىدىكى بەزى ھەرپلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قوللانغان تامغىلار (ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ بەلگىلىرى) دىن كەلگەن. يەنە بەزىلىرى مەنا ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەردىن ئىبارەت. ئەندى كۆپ ساندىكى ھەرپلەر ئارامى (Arami) يېزىقىدىن كەلگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىران تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر

ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىغا كىرگەن ۋە تۈركىي تىلنىڭ فونېتىك ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇلغان. قەدىمىي تۈرك يېزىقىنى ئەڭ دەسلەپ دانىيىلىك ئالىم تومسېن ۋە روسىيىلىك ئالىم رادلوۋلار يېشىپ، ئوقۇپ چىققان.

## 3 - قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بىر قىسمى تۇرپان ئويمانلىقى ۋە تاشقى موڭغۇلىيە تەرەپلەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقىتلىرىنىڭ مەلۇم مەزگىللىرىدە تارىختا «قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتالغان بىر يېزىق ئىشلەتكەن.

قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقى ئەسلى سوغدى يېزىقىدىن ئۆزگەرتىلىپ ئىشلەنگەن بولۇپ، ئەڭ بۇرۇن تۇرپان ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن. مەسىلەن، مىلادى 422 — 480 - يىللارغا مەنسۇپ بولغان سوغدى يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلى ۋەسىقىلىرى تېپىلدى. ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر خاقانلىرى مەڭگۈ تاشلارنى مۇشۇ يېزىق بىلەنمۇ يازغان.

قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقى ئۇلۇغ قۇتلۇق ئۇيغۇر ئېلى (قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى) دەۋرىي (850 — 1250) دە تەدرىجىي قەدىمىي تۈرك يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئاساسىي يېزىققا ئايلانغان. شۇنداقلا، بۇ يېزىق قاراخانىلار دۆلىتى تەۋەسىدىمۇ داۋاملىق ئىشلىتىلگەن، ھەتتا مۇسۇلمان بولغان قاراخانىلارمۇ ئوخشاشلا ئىشلىتىۋەرگەن. بۇ يەردە قاچاندىن باشلاپ ئىشلىتىلمىگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. ئەمما شىمالىي شىنجاڭدا XVIII ئەسىرگىچە ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم.

قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا كىتان، موڭغۇل، نايمان، مانجۇ يېزىقلىرى يارىتىلغان. بۇلاردىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئالتۇن ئوردا، چاغاتاي دۆلىتى، تۆمۈرلەر دۆلىتى ۋە موڭغۇللارنىڭ ئىران تەۋەلىرىدىكى دۆلەتلىرىدە (XVII ئەسىرگىچە) بەزى چاغدا تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇلدا فاتىھ سۇلتان دەۋرىگىچە «ئۇيغۇر يېزىقى» دېگەن نام بىلەن قوللىنىلغان.

قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقى 18 ھەرپتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلاردىن بەش ھەرپ سەككىز سوزۇق تاۋۇشنىڭ، قالغانلىرى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. بۇ يېزىق سولدىن ئوڭغا، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە، تىك يېزىلغان، ھەربىر ھەرپ سۆز بېشىدا، سۆز ئوتتۇرىسىدا ۋە سۆز ئاخىرىدا يېزىلىدىغان شەكىللەرگە ئىگە.

## 4 - ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى

ئۇيغۇرلار X ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇ دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئەرەب يېزىقىنى ئىشلىتىشكە باشلىغان، ئۇ دەسلەپ قاراخانىلارنىڭ دۆلەت يېزىقىغا ئايلىنىپ، قاراخانىلار يېزىقى دەپ ئاتالدى.

ئەرەب يېزىقى 28 ئۈزۈك تاۋۇشلۇق (بۇنىڭ ئىچىدە ا، و، ي لار شەرتلىك سوزۇق تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان) يېزىق بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۇنى دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئەرەبلەرگە ئوخشاش ھەرپلەرنىڭ ئاستى - ئۈستىگە تاۋۇش بەلگىلىرىنى قويۇپ بوغۇم ھاسىل قىلىش يولى بىلەن يېزىپ قوللاندى. XII ئەسىردىن كېيىن، بۇ ھەرپلەرنىڭ سانى ئۇيغۇر تىلى تاۋۇش سىستېمىسىغا ئاساسەن بىر قەدەر مۇۋاپىق ھالدا تولۇقلاندى، كۆپەيتىلدى ۋە بىر قىسىم سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپلەر ياسالدى. سۆزلەرنى يازغاندا ھەرپلەرنىڭ ئاستى - ئۈستىگە قويۇلىدىغان تاۋۇش بەلگىلىرى تەدرىجى ئېلىپ تاشلىنىپ، ھەرپلەرنى قوشۇپ بوغۇم ھاسىل قىلىش ئارقىلىق يېزىش بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەب، پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئەرەب - پارس تىللىرىنىڭ ئورفىگرافىك قائىدە - قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن ئەينەن يېزىلىدىغان ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورفىگرافىيە قائىدە - قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن بارلىققا كەلگەن يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ ئورفىگرافىيىسى بويىچە يېزىلىدىغان بولدى. يەنى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر ياسالغان ۋە قوشۇمچە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان ھەرپلەر بىلەن ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرىنى قوشۇپ بوغۇم ھاسىل قىلىش ئۇسۇلى بويىچە يېزىلىدىغان بولدى. شۇنىڭدەك، يەنە بىرمۇنچە سۆزلەرنىڭ ياسىغۇچى ۋە تۈرلىگۈچى ھەر خىل قوشۇمچىلارنىڭ يېزىلىش شەكلىمۇ بارا - بارا مۇقىملىشىپ، ئاساسەن بىر خىل شەكىل، بىر خىل ئۇسلۇبقا قاراپ يۈزلەندى. ئەسلىدە «پ، چ، گ، ژ» تاۋۇشلىرى ئۇيغۇر تىلىدا بار بولسىمۇ، دەسلەپ ئۇلار ئۈچۈن يېزىقتا ھەرپ بەلگىلەنمەستىن «پ» ئورنىغا «ب»، «چ» ئورنىغا «ج»، «گ» ئورنىغا «ك» قاتارلىق ھەرپلەرنى يېزىپ ئىپادىلەپ كەلگەن. نەتىجىدە «ب، ج، ك» قاتارلىق ھەرپلەرنىڭ ھەربىرى ئىككىدىن فونېمىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ بولۇپ قوللىنىلغان. كېيىنچە پارس تىلىدىن كۆپلەپ سۆز - ئىبارىلەر قوبۇل قىلىنىش بىلەن بىرلىكتە پارسلارنىڭ ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلغان، پارس تىلىغا خاس «پ، چ، ژ، گ» ھەرپلىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى شۇ خىل تاۋۇشلارنى ئىپادىلەشكە مۇۋاپىق كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئەينەن قوبۇل قىلىنىپ، ئېلىپبە تەركىبىگە قوشۇۋېلىندى. ھەمدە «ن» بىلەن «ك» نى قوشۇپ ئۇيغۇر تىلىغا خاس «نگ» (ڭ) ھەرپى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ خاراكتېر ۋە ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، چاغاتاي ئەدەبىي تىلدا 33 ھەرپتىن تەركىب تاپقان چاغاتاي ئەدەبىي يېزىق تىلىنىڭ ئېلىپبەسى بارلىققا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرەب تىلىغا خاس «ط، ظ، ع، ح، ص، ض، ث، ذ» ھەرپلىرى پەقەت ئەرەب — پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرگىلا ئىشلىتىلىدىغان، قالغان 25 ھەرپ ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەرنى خاتىرىلەشكە ئىشلىتىلىدىغان بولغان. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشىگە ئاساس بولغان سەككىز سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپلەرمۇ مۇشۇ يېزىقنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ھەرپلەر ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان.

# III باب

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرى

## §1. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەپسانىلىرى

ئەپسانىلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن ياراتقان مەنىۋى بايلىقى. جۈملىدىن ئەدەبىيات يادىكارلىقى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار غارلاردا ياشاۋاتقان ۋاقىتلىرىدىلا ئىپتىدائىي ئەپسانىلارنى شەكىللەندۇرۇشكە باشلىغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا كۆپلىگەن ئەپسانىلار بارلىققا كەلگەن ۋە كەڭ تارقالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى دەۋرلەرگە ئائىت ئەپسانىلىرىنىڭ بىر قىسمى خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە ساقلىنىپ قالغان. ئاز بىر قىسمى ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى ھۆججەتلەردە، يەنە تۈرك-ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە ساقلانغان، يەنە بەزىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاغزىدا ساقلىنىپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا تارالغان ئەپسانىلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى دۇنيا ۋە ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى، تۈرلۈك-تۈمەن شەيئى ۋە ھادىسىلەر توغرىسىدىكى ئەپسانىلاردىن ئىبارەت. ئىنسانلارنىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى ئەپسانىلار ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىنىڭ غولى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ۋاقىتلىرىدا، ئۆزلىرىنى ھايۋاندىن تۇغۇلغان دەپ قاراشقان، بۇنىڭدا بۆرىدىن تۇغۇلغان دېگەن قاراش كەڭ تارالغان، تەسىرى چوڭ بولغان ۋە بۇ ھەقتە بىرقانچە ئون پارچە ئەپسانە يارىتىلغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى گەۋدىلىك بىر پارچە ئەپسانىدا ئېيتىلىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا قوشنا قەۋملەر تەرىپىدىن ھالاك بولۇپ كېتىپ، پەقەت ئون ياشلىق بىر ئوغۇل بالا ئامان قالغان، ئۇ بىر چىشى بۆرە بىلەن بىرگە بولغاچقا، بۆرە قورساق كۆتۈرۈپ قالغان، غالىپ قەۋمنىڭ ئادەملىرى بالىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغاندا، چىشى بۆرە تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى بىر تاغ قاپتىلىغا كىرىۋېلىپ، بۇ يەردە ئون ئوغۇل تۇغقان، بىرىنىڭ فامىلىسى «ئاشىنا» (Ashina) بولۇپ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپىيىپ، تۈركلەر يېڭىۋاشتىن گۈللەنگەن ئىكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا دەرەختىن ئىنسان بالىسى تۇغۇلۇدىكەن دېگەن چۈشەنچىلەرمۇ بولغان ۋە بۇ ھەقتە ئەپسانىلار تارالغان. «ئوغۇزخان ئېپوسى»، قوچۇ ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى»، يوجى يازغان «داۋيۈەن يادنامىلىرى» راشىدىددىننىڭ «جامىئۇتتەۋارىخ»، جۇۋايىنىنىڭ «تارىخى جاھان گوشاي»، «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى دەرەختىن تۇغۇلغان دېگەن ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن ئەپسانىلار خاتىرىلەنگەن. ئادەم تۇغىدىغان دەرەخ توغرىسىدىكى ئەپسانىلارنىڭ مەزمۇنى ئومۇمەن ئوخشاش. ئەپسانىلاردا بېيتىلىشىچە؛ ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىدا بىر تۈپ دەرەخ بولۇپ، ئۇ بىر كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆكلەپ تۇرىدىكەن، كۈنلەردىن بىر كۈنى، ئاسماندىن كۆكۈش نۇر دەل دەرەخنىڭ قولىغا ئۆزۈلمەي چۈشۈپ تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن شۇ ئەتراپتىكى كىشىلەر بەك ھەيران قېلىشىپتۇ، كۈنلەر ئۆتۈپ دەرەخنىڭ غولى پوقاقتەك پوسقۇيۇپ، بوۋاقلار تۇغۇلۇپتۇ. بۇ بالىلار باشقا ئادەملەرگە ئوخشىمايدىكەن، دەرەختىن تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ كىچىكىنى كېيىنچە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆزلىرىگە ھۆكۈمدار قىلىپ سايلىشىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى قۇدرەت تاپقان ئىكەن.

ھايۋان، دەرەخلەردىن ئىنسان بالىسى تۇغۇلۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ئەمما دۇنيادىكى كۆپلىگەن خەلقلەر ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ياشاپ تۇرغان ۋاقىتلىرىدا مۇشۇنداق ساددا تەسەۋۋۇرلارنى قىلىشقان، مۇنداق ساددا تەسەۋۋۇرلار ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئادەملىرىنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

ئەپسانىلار ئاساسەن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ خىيالىي ئويلىرىدىن كېلىپ چىققان، قەدىمكى كىشىلەر تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ سىرلىرىنى تونۇپ يېتەلمەيۋاتقان ۋاقىتلىرىدا، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى تېپىشماقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، قىياسەن تەسەۋۋۇرلارنى ئويدۇرۇپ چىقارغان. بۇلار ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ، ئەپسانە بولۇپ شەكىللەنگەن. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سىرلارنىڭ يېشىلىشى بىلەن ئەپسانىلارنىڭ سېھرى كۈچى ئاجىزلىشىپ بارغان. بۇنداق ئىپتىدائىي تەساۋۋۇر نېگىزىدە ھاسىل بولغان ئەپسانىلار ئەينى دەۋردىكى ئىپتىدائىي دىنىي چۈشەنچىلەر ۋە قاراشلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن. شۇڭا بۇ ئەپسانىلاردا قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ توتېمىزملىق ۋە ئانىمىزملىق قاراشلىرى ئەكس ئېتىدۇ.

## §2. ئۇيغۇرلارنىڭ رىۋايەتلىرى

### 1 - ئومۇمىي بايان

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارالغان رىۋايەتلەر خېلىلا مول. ھازىر بىزگە مەلۇم بولغانلىرى «تۇمارس رىۋايىتى»، «شىراق رىۋايىتى»، «باتۇر تەگرىقۇت رىۋايىتى»،

# III باب

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرى

## §1. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەپسانىلىرى

ئەپسانىلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن ياراتقان مەنىۋى بايلىقى. جۈملىدىن ئەدەبىيات يادىكارلىقى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار غارلاردا ياشاۋاتقان ۋاقىتلىرىدىلا ئىپتىدائىي ئەپسانىلارنى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا كۆپلىگەن ئەپسانىلار بارلىققا كەلگەن ۋە كەڭ تارقالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى دەۋرلەرگە ئائىت ئەپسانىلىرىنىڭ بىر قىسمى خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە ساقلىنىپ قالغان. ئاز بىر قىسمى ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى ھۆججەتلەردە، يەنە تۈرك - ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە ساقلانغان، يەنە بەزىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاغزىدا ساقلىنىپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا تارالغان ئەپسانىلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى دۇنيا ۋە ئىنسانىنىڭ پەيدا بولۇشى، تۈرلۈك-تۈمەن شەيئى ۋە ھادىسىلەر توغرىسىدىكى ئەپسانىلاردىن ئىبارەت. ئىنسانلارنىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى ئەپسانىلار ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىنىڭ غولى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ۋاقىتلىرىدا، ئۆزلىرىنى ھايۋاندىن تۇغۇلغان دەپ قاراشقان، بۇنىڭدا بۆرىدىن تۇغۇلغان دىگەن قاراش كەڭ تارالغان، تەسىرى چوڭ بولغان ۋە بۇ ھەقتە بىرقانچە ئون پارچە ئەپسانە يارىتىلغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى گەۋدىلىك بىر پارچە ئەپسانىدا ئېيتىلىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا قوشنا قەۋملەر تەرىپىدىن ھالاك بولۇپ كېتىپ، پەقەت ئون ياشلىق بىر ئوغۇل بالا ئامان قالغان، ئۇ بىر چىشى بۆرە بىلەن بىرگە بولغاچقا، بۆرە قورساق كۆتۈرۈپ قالغان، غالىپ قەۋمنىڭ ئادەملىرى بالىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغاندا، چىشى بۆرە تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى بىر تاغ قاپتىلىغا كىرىۋېلىپ، بۇ يەردە ئون ئوغۇل تۇغقان، بىرىنىڭ فامىلىسى «ئاشىنا» (Ashina) بولۇپ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپىيىپ، تۈركلەر يېڭىۋاشتىن گۈللەنگەن ئىكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا دەرەختىن ئىنسان بالىسى تۇغۇلىدىكەن دېگەن چۈشەنچىلەرمۇ بولغان ۋە بۇ ھەقتە ئەپسانىلار تارالغان. «ئوغۇزخان ئېپوسى»، «قوچۇ ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى»، يۈجى يازغان «داۋيۈەن يادنامىلىرى» راشىددىننىڭ «جامىئۇتتەۋارىخ»، جۇۋاينىنىڭ «تارىخى جاھان گوشاي»، «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى دەرەختىن تۇغۇلغان دېگەن ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن ئەپسانىلار خاتىرىلەنگەن. ئادەم تۇغىدىغان دەرەخ توغرىسىدىكى ئەپسانىلارنىڭ مەزمۇنى ئومۇمەن ئوخشاش. ئەپسانىلاردا ئېيتىلىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىدا بىر تۈپ دەرەخ بولۇپ، ئۇ بىر كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆكلەپ تۇرىدىكەن، كۈنلەردىن بىر كۈنى، ئاسماندىن كۆكۈش نۇر دەل دەرەخنىڭ غولىغا ئۈزۈلمەي چۈشۈپ تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن شۇ ئەتراپتىكى كىشىلەر بەك ھەيران قېلىشىپتۇ، كۈنلەر ئۆتۈپ دەرەخنىڭ غولى پوقاقتەك پوسقۇيۇپ، بوۋاقلار تۇغۇلۇپتۇ. بۇ بالىلار باشقا ئادەملەرگە ئوخشىمايدىكەن، دەرەختىن تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ كىچىكىنى كېيىنچە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆزلىرىگە ھۆكۈمدار قىلىپ سايلىشىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى قۇدرەت تاپقان ئىكەن.

ھايۋان، دەرەخلەردىن ئىنسان بالىسى تۇغۇلۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ئەمما دۇنيادىكى كۆپلىگەن خەلقلەر ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ياشاپ تۇرغان ۋاقىتلىرىدا مۇشۇنداق ساددا تەسەۋۋۇرلارنى قىلىشقان، مۇنداق ساددا تەسەۋۋۇرلار ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئادەملىرىنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

ئەپسانىلار ئاساسەن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ خىيالىي ئويلىرىدىن كېلىپ چىققان، قەدىمكى كىشىلەر تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ سىرلىرىنى تونۇپ يېتەلمەيۋاتقان ۋاقىتلىرىدا، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى تېپىشماقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، قىياسەن تەسەۋۋۇرلارنى ئويدۇرۇپ چىقارغان. بۇلار ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ، ئەپسانە بولۇپ شەكىللەنگەن. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سىرلارنىڭ يېشىلىشى بىلەن ئەپسانىلارنىڭ سېھرى كۈچى ئاجىزلىشىپ بارغان. بۇنداق ئىپتىدائىي تەساۋۋۇر نېگىزىدە ھاسىل بولغان ئەپسانىلار ئەينى دەۋردىكى ئىپتىدائىي دىنىي چۈشەنچىلەر ۋە قاراشلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن. شۇڭا بۇ ئەپسانىلاردا قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ توتېمىزملىق ۋە ئانىمىزملىق قاراشلىرى ئەكس ئېتىدۇ.

## §2. ئۇيغۇرلارنىڭ رىۋايەتلىرى

### 1 - ئومۇمىي بايان

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارالغان رىۋايەتلەر خىلمۇ خىل. ھازىر بىزگە مەلۇم بولغانلىرى «تۇمارىس رىۋايىتى»، «شىراق رىۋايىتى»، «باتۇر تەكرىقۇت رىۋايىتى»،

«ئالتۇن قان ئۇرۇشى رىۋايىتى»، «خاقان شۇ ھەققىدىكى رىۋايەت»، «ئەرگىنە قۇن رىۋايىتى»، «بۆگۈخان رىۋايىتى»، «توققۇز قىز رىۋايىتى»، مەھمۇد قەشقىرى، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، قاراخان، ئابدۇرېشىتخان، ئامانىساخان ھەققىدىكى رىۋايەتلەر، شىنجاڭدىكى قەدىمگاھلار، شەھەر - قەلئەلەر، تەكلىماكان ھەققىدىكى رىۋايەتلەر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارالغان رىۋايەتلەر ئاساسەن رېئال ۋەقە ۋە ھادىسىلەر، شۇنداقلا تارىخىي شەخسلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تارىخىي شەخسلەر تەسۋىرلەنگەن رىۋايەتلەردە ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانلىرى ۋە ھۆكۈمدارلىرى ھەققىدە سۆزلىنىدۇ، جۈملىدىن ئۇلار ئۇلۇغلىنىدۇ.

رىۋايەتلەرنىڭ بىر قىسمى ئەپسانىلار تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭ تارقىلىش ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇن، شۇڭا ئۇنىڭ مەزمۇنى بىر قەدەر مۇرەككەپ، يەنى ئۇ ھەر خىل ئەدەبىي ژانىرلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. بەزىلىرىدە ئەپسانىلىق ئېلېمېنتلارمۇ ساقلانغان، بەزى رىۋايەتلىرىدە خەلق داستانلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بار.

## 2 - بۆگۈخان رىۋايىتى

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۆگۈخان دېگەن ھۆكۈمدار توغرىلىق رىۋايەت تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋرى ئۇزۇن، تەسىرى چوڭقۇر، ئەھمىيىتى زور بولغان.

بۆگۈخان ھەققىدىكى رىۋايەتلەر بۇرۇنلا تارىخىي ھۆججەتلەردىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىرقانچە خىل ۋارىيانتلىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلدى. بۇنىڭ ھازىر تۆت خىل ۋارىيانتى بولۇپ، بۇلار پېرسىيىلىك تارىخچىلار جۇۋەينى (1226 — 1286) نىڭ «تارىخى جاھان كۇشاي»، راشىدىدىن (1274 — 1318) نىڭ «جامىئۇتتەۋارىخ»، يۈجى (1274 — 1348) نىڭ «داۋيۈەن يادنامىلىرى» دېگەن ئەسەرلىرى ۋە «ئىدىقۇت قوچۇخانىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» قاتارلىق خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە كىرگۈزۈلگەن. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ماركوپولو (1254 - 1324) مۇ ساياھەت خاتىرىسىگە بۆگۈخان رىۋايىتىگە مۇناسىۋەتلىك قىسقىچە ئېپىزوتىنى خاتىرىلەپ قويغان. بۇلارنىڭ ئەسلى ئۆلچەملىك نۇسخىسى ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى (744 — 840) دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئاساسەن خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرۈپ، XII ئەسىرلەردىن كېيىن يازما ھۆججەتلەرگە كىرگۈزۈلگەن. ئەمما، بۇنىڭ مۇشۇ دەۋردىن بۇرۇنمۇ يازما نۇسخىلىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

بۆگۈخان رىۋايىتىنىڭ يۇقىرىقى بىرقانچە خىل ۋارىيانتلىرى ئىچىدە جۇۋەينى خاتىرىلىگەن نۇسخا بىر قەدەر ئۇزۇن، مەزمۇنلۇق. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ھۆججەتلەردىكى بۆگۈخان توغرىلىق رىۋايەتلەرنىڭ تەپسىلىيلىك ئەھۋالىدا پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان بۆگۈخان

رىۋايىتى ئاساس قىلىنغان.

كىشىلەرگە تەسىر قىلىدىغىنى شۇكى، بۆگۈخان ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى ئۇيغۇرلارمۇ يازما ھۆججەتلەرگە خاتىرىلىگەن، مەسىلەن، يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ۋەزىرلىرىدىن تۆمۈر بۇقا يېزىپ چىققان «قوچۇ ئىدىقۇتىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» غا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ باش قىسمىدىمۇ بۆگۈخان تىلغا ئېلىنغان. تارىخچى دوساڭ «موڭغۇل تارىخى» دېگەن كىتابىغا پارسچە ھۆججەتلەردىكى بۆگۈخانغا ئائىت مەلۇماتلارنى تاللاپ ئىشلەتكەن. بۇ، ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلىم ئەھلى ئارىسىدا ئالاھىدە تەسىرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولغانىدى.

خىۋەخانى ئەبۇلغازى باھادىرخان (1603 — 1664) «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىگىمۇ پارسچە ماتېرىياللاردىن، بولۇپمۇ راشىدىددىننىڭ كىتابىدىن پايدىلىنىپ، بۆگۈخان رىۋايىتىدىن ئايرىم پارچە، يەنى «توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر» لارنىڭ ئاقساقلى يۈق ئۇزۇن مۇددەت ياشىغانلىقى ۋە كېيىن ئىككى رەھبەر سايلىنىپ، مۇشۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەم ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋارىسلارنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇزۇن يىل دەۋران سۈرگەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئەمما ئۇ بۆگۈخاننى تىلغا ئالمايدۇ.

يۇقىرقىلاردىن باشقا يەنە ئوتتۇرا ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن پارسچە ۋە ئەرەبچە ھۆججەتلەردە «توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر» لارغا ئائىت قىسقىچە، ئاساسەن ئوخشاش مەزمۇندىكى رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن، خەنزۇچە، پارسچە، ئەرەبچە، ئۇيغۇرچە ماتېرىياللارغا خاتىرىلەنگەن «توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر» لارنىڭ ئۆزلىرىگە رەھبەر تىكلەپ، ناھايىتى ئۇزۇن سەلتەنەت سۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسى بىر، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقىلىپ يۈرگەنلىرىنىڭ مەنبەسى راشىدىددىن ۋە جۇۋاينىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما كېيىنكىلىرىگە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى سىڭگەنلىكى بىلەن پەرقلىنىدۇ.

بۆگۈخان مىلادى 759 - يىلدىن 779 - يىلغىچە ئۇيغۇر ئورخۇن دۆلىتىنىڭ خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغان. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئۇيغۇر ئېلى خېلىلا كۈچلەنگەن. بۆگۈخان دانا ئادىل ۋە چەۋەر بىر خاقان بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ سەممىي ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن، ئۇ ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئېلىدىكىلەر دائىم تەرىپىنى قىلىپ تۇرۇشقان، بۇلار خەلق رىۋايەتلىرى بىلەن ئارىلىشىپ، بۆگۈخان ھەققىدە مەخسۇس قىسسە، رىۋايەتلەر بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇرلار بۇ رىۋايەتلەردە بۆگۈخاننى دەرەخ، دوڭ، نۇرلاردىن تۆرەلگەن دەپ سىرلىقلاشتۇرۇپمۇ باققان، ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت بولۇپ ئۇيۇشىشىنى بۆگۈخانغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشكەن. بۇنىڭ بىلەن بۆگۈخان ھەققىدىكى رىۋايەتلەر خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، تەسىرى چوڭقۇرلاشقان.

## IV باب

# ئۇيغۇر ئېپوسلىرى

### § 18. ئومۇمىي چۈشەنچە

#### 1 - ئېپوسلار ھەققىدە

ئېپوسلار بىر مىللەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي قىياپىتىنى، ئەينى دەۋردە يۈز بەرگەن ئەڭ زور، ئەھمىيەتلىك ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي مەسىلىلەرنى ئوبرازلىق بايان قىلىپ بېرىدىغان، بىرەر باش قەھرىماننى گەۋدىلەندۈرۈشنى ئاساس قىلىدىغان، نەسىر ۋە نەزم يولى بىلەن بايان قىلىنىدىغان، جانلىق، ئوبرازلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك ژانىرى.

ئېپوسلار ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيلىك دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ بەلگىسى. ئىنسانلاردا ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ بىرى ئەپسانە بولۇپ، بۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ باشلىرىدىكى ئۇرۇقچىلىق دەۋرىنىڭ مەھسۇلى، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئەپسانىلىق رىۋايەتلەر، رىۋايەتلىك داستانلار، قىسسەلەر بارلىققا كەلگەن. كېيىنچە، بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ، ئېپوسلارنى شەكىللەندۈردى. بۇ چاغ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرى، قۇللۇق جەمئىيەت ياكى سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىرىدا «قەبىلىلەر ئىتتىپاقى» سىياسىي گەۋدە سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىققانىدى. قەبىلىلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدە تۈرلۈك ئۇرۇق، قەبىلە، قەۋملەر ئوتتۇرىسىدا جەڭگى-جېدەللەر داۋاملىشىۋاتقان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بەلگىلىك زېمىنلەرگە مۇقىم جايلىشىۋاتقان ھەمدە ئۆز ئالدىغا مىللەت ۋە خەلق سۈپىتىدە ئۇيۇشۇشقا باشلىغانىدى. ئىپتىدائىي ئۇرۇق، قەبىلە، قەۋملەرنىڭ مۇئەييەن خەلق سۈپىتىدە تەشكىل تېپىشى، ئىپتىدائىي دۆلەتچىلىك خاھىشىنىڭ بىخ ئۇرۇشى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ خەلقنىڭ ئۆز مۇستەقىللىقى ئۈچۈن يات كۈچلەرگە قارشى قەھرىمانە كۆرەشلىرى خەلق ئېپوسلىرى ئۈچۈن باي ماتېرىيال مەنبەسى بولدى. شۇڭا بۇ چاغدىكى تاكامۇللاشقان خەلق ئېپوسلىرى «قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ماركس ئېپوسلارنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىنى «ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمى دەۋرى» دەپ ئاتىغانىدى. دېمەك ئېپوسلارنىڭ شە-

كىلىشىنى ئۈچۈن شۇ خەلقنىڭ تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتەلىگىدەك زور ئىجتىمائىي ۋەقەلەر شۇ خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدا بەلگىلىك بۇرۇلۇش، يۈكسىلىش دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرۈشى لازىم.

ئېپوسلار ئاساسەن، خەلق ئارىسىدا كوللېكتىپ ھالدا تارقالغان ئەدەبىي ژانىر، ئۇنىڭ ھازىرقى دەۋرگە يېتىپ كېلىشىدە خەلق ئارىسىدىكى داستانچىلار كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئەينى دەۋردىكى بەزى ئەدىبلەر ۋە تارىخچىلار خەلق ئاغزىدىن بۇ خىل ئېپوسلارنى خاتىرىلەپ دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈپ بەرگەن. ئاغزاكى ۋە يازما مەنبەلەر ئارقىلىق دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئۇيغۇر ئېپوسلىرىدىن مەشھۇرلىرى «ئوغۇزخان ئېپوسى»، «توڭا ئالپ ئەر»، «گور ئوغلى»، «يۈسۈپ - ئەھمەد»، «دەدە قورقۇت» (قورقۇت ئاتا)، «ئالپامىش» قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ ئېپوسلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا بىرقەدەر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

## §2. «توڭا ئالپ ئەر» ئېپوسى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا تارقالغان ئېپوسلار ئىچىدە توڭا ئالپ ئەر ھەققىدىكى ئېپوس ئۇزاق تارىخىي جەريانلار بىلەن باغلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئەدەبىي، تارىخىي قىممىتى نىسبەتەن يۇقىرى ئىكەنلىكى بىلەنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

توڭا ئالپ ئەر ھەققىدە ھېكايە، ئېپوسنىڭ ئەسلى ۋە بىر قەدەر تولۇق بولغان نۇسخىسى دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما تارىختىكى مەشھۇر ئەدىبلەر، تارىخچىلار، تەزكىرىچىلەر، ساياھەتچىلەر بەزى مەلۇماتلارنى يېزىپ قالدۇرغان. مەھمۇد قەشقىرى توڭا ئالپ ئەر توغرىسىدا يېزىلغان مەرسىيەلەردىن پارچىلارنى بىرقانچە جايدا قەيت قىلغان ۋە بىرمۇنچە مەلۇماتلارنى بەرگەن بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ توڭا ئالپ ئەر توغرىسىدا ھېكمەتلىك ۋە پاساھەتلىك مىسرالارنى يازغان، ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى (934 — 1025) «شاھنامە» گە توڭا ئالپ ئەر - ئافراسىياپ ھەققىدىكى ۋەقەلەرنى تېما قىلغان. ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارىخشۇناسلاردىن بىرۇنى (Birunii)، بەلئەمى (Bal·ami)، تابارى (Tabari)، يەقۇبى (Yakhubi) قاتارلىقلارمۇ ئافراسىياپ — توڭا ئالپ ئەرگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت خاراكتېرىدىكى مەلۇماتلارنى يازغان.

توڭا ئالپ ئەرنى ئىرانلىقلار «ئافراسىياپ» دەپ ئاتىغان بولسا، ئۇيغۇرلار بەگلەر بېگى، بۇتۇخان، تۈرك بېگى، توڭا تېگىن، قابلاندەك باتۇر ئەر - توڭا ئالپ ئەر دەپ ئاتاشقان. توڭا ئالپ ئەر ھەققىدىكى ئەڭ قەدىمى مەلۇمات مىلادىدىن بۇرۇنقى X ئەسىرلەردىن باشلاپ كىتاب بولۇشقا باشلىغان، زوروئاستىر دىنىنىڭ مۇقەددەس ئوقۇشلۇقى «ئاۋېستا» دا تىلغا ئېلىنغان. توڭا ئالپ ئەر ئېپوسىدىكى باش قەھ-

رىمان تونگا ئالىپ ئەرنىڭ زادى قايسى دەۋردە ئۆتكەنلىكى نامەلۇم. ھەر خىل كىتابلاردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن، ئۇنىڭ ئۆتكەن زامانى توغرىسىدا مۇنداق پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ.

(1) يەھۇدى ۋە ئىران رىۋايەتلىرى بويىچە مىلادىدىن بۇرۇنقى VII ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ.

(2) ئاسۇرى ۋە يۇنان مەنبەلىرىدىن ئېلىنغان ئىران رىۋايەتلىرىنىڭ بەزىلىرىدە ئافراسىياپقا دائىر ۋەقەلەرنىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە چېتىشۋېتىلگەنلىكىگە قارىغاندا مىلادىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ.

(3) مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يازغىنى بويىچە (مىلادىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىردە ئۆتكەن ئايال ھۆكۈمدار تۇمارىس «مەرۋ» شەھرىنىڭ ئىچكى قورغىنىنى سالدۇرۇپ، 300 يىلدىن كېيىن ئافراسىياپ تاشقى قورغىنىنى بىنا قىلغان دېگەن مەلۇمات بويىچە) مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىرلەردىن ئىلگىرى ياشىغان بولىدۇ.

(4) پارس تارىخچىسى جۇۋاينىنىڭ مەلۇماتى بويىچە بەزىلەر بۆگۈخاننى ئافراسىياپ دېيىشىدىكەن دېگىنىگە قارىغاندا، مىلادى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى شەخس بولۇپ چىقىدۇ.

دېمەك، ئالىپ ئەر تونگا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا تارالغان قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدىكى بىر قەھرىمان، ئەمما، ئۇ بەزى رېئال تارىخىي ۋەقەلەر بىلەنمۇ باغلانغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ رېئاللىق تەرىپى خېلىلا كۈچلۈك دەيمىز. لېكىن ئۇ رىۋايەتلىك تۈس ئالغانلىقى ئۈچۈن ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئۆتكەن تارىخىي يىلنامىسى ئېنىقلانغىنى يوق. ئىش قىلىپ ئۇيغۇر خاقانلىرى ئىچىدە تارىختا مۇشۇنداق بىر خاننىڭ ئۆتكەنلىكى راست.

## 3§ . ئوغۇزخان ئېپوسى

### 1 - ئوغۇزخان ئېپوسى ھەققىدە

«ئوغۇزخان ئېپوسى» ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈش تارىخىنىڭ ئوبرازلىق، بەدىئىي خاتىرىسى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىز ۋە يازما ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى نادىر ئۈلگە.

«ئوغۇزخان ئېپوسى» بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يازما ھالەتتە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرقانچە نۇسخىسى بار. بۇلاردىن XIII ئەسىردە تۇرپاندا كۆچۈرۈلگەن قەدىمىي ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدىكى بىر نۇسخا، ئىككىنچىسى، ئىرانلىق تارىخچى رەشىدىددىن فەزلۇللاخ (1247 — 1318) نىڭ « جامىئۇتتەۋارىخ » (ئومۇمىي تارىخ)

دېگەن كىتابىغا خاتىرىلەنگەن نۇسخا، ئۈچىنچى بىر نۇسخىسى خىۋە خانلىقىنىڭ خانى ئوبۇلغازى باھادىرخان (1603 — 1664) نىڭ «شەجەرەئى تۈرك» (تۈركىي خەلقلەر شەجەرەسى-نەسەبى) دېگەن كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە بەزىبىر تارىخىي كىتابلاردىمۇ ئوغۇزخانغا ئائىت ھېكايىلەر، ئېپىزوتلار ۋە ئېنىقلىمىلار ئۇچرايدۇ. «ئوغۇزخان ئېپوسى» نىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرى ئىچىدە قەدىمى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدىكى نۇسخا نىسبەتەن ساپ بولغان خەلق ئەدەبىياتى يادىكارلىقى بولۇپ، قالغانلىرى دەۋر، سىنىپ ۋە يازغۇچىلارنىڭ ئىش قوشۇشى، رەتلىشىنى باشتىن كەچۈرگەن ھەم بۇلارنىڭ بەزىلىرى نوقۇل ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىت دائىرىسىدىن سەل ھالقىپ كېتىپ قالغان. شۇڭا بىز «ئوغۇزخان ئېپوسى» نى ئۆگەنگەندە، قەدىمى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا يېزىلغان نۇسخىسىنى ئاساس قىلىمىز، قالغانلىرىنى بولسا قوشۇمچە ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىمىز.

## 2 - «ئوغۇزخان ئېپوسى» نىڭ تارىخىي دەۋرى

ئوغۇز ئېپوسىنىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرىنى بىلىشتە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە تەرەققىيات جەريانىدىن ئىبارەت ئىككى مەسىلىگە مۇراجىئەت قىلىمىز.

ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «يوق بولۇپ كەتكەن ھايۋان تۈرلىرىنىڭ ساقلىنىپ قالغان سۆڭەكلىرىنىڭ تۈزۈلىشى شۇ ھايۋانلار گەۋدىسىنىڭ تۈزۈلىشىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن قانچىلىك ئەھمىيەتلىك بولسا، ئەمگەك ۋاستىلىرىنىڭ قالدۇقلىرىمۇ يوق بولۇپ كەتكەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي فورماتسىيەلەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن شۇنچىلىك ئەھمىيەتلىكتۇر. ئىقتىسادىي دەۋرلەر بىر-بىرىدىن نېمىلەر ئىشلەپچىقىرىلغىنى بىلەن ئەمەس، بەلكى قانداق ئەمگەك ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغىنى بىلەن پەرق قىلىدۇ.»① دېمەك، «قورال بولسا ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس پائالىيىتىدىن، ئادەمنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئەكس تەسىرىدىن، ئىشلەپچىقىرىشتىن دېرەك بېرىدۇ»② «ئوغۇزخان ئېپوسى» دا ئوقيا، نەيزە، قىلىچ قاتارلىق قوراللار تەسۋىرلەنگەن. ئوت ئالغۇچ قوراللار ھەققىدە گەپ يوق، ئېنگېلس ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ھەققىدە توختالغاندا، جاھالەت دەۋرىگە ئوقيانى، نادانلىق دەۋرىگە قىلىچنى، مەدەنىلىك دەۋرىگە ئوت ئالغۇچ قوراللارنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسەتكەن ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىچىدىكى مۇھىم ئامىل بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى تىزگىنلىشىدىكى مىزان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ

① ماركس: «كاپىتال»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 1 - كىتاب، 291 - بەت.
② ئېنگېلس: «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 32 - بەت.

بەلگىسى، شۇنداقلا ھەرقايسى ئىقتىسادىي دەۋرلەرنى ئايرىشنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرقىلاردىن باشقا يەنە بىرقانچە خىل ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى مىسال سۈپىتىدە سۆزلەشكە بولىدۇ. قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ مەيلى تارىم ۋادىلىرىدىكى بولسۇن، مەيلى سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىي تەرەپتىكىلىرى بولسۇن ئومۇمەن مىلادىدىن بۇرۇنلا مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويۇپ بولغان ئىدى.

«ئوغۇزخان ئېپوسى» نىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئىزدىگەن چېغىمىزدا، ئىككىنچى باسقۇچتا ئىنسانلارنىڭ ئىدىيە تەرەققىيات تارىخىغا مۇراجىئەت قىلىمىز. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «... ھەربىر دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى رېئال ئاساسنى شەكىللەندۈرىدۇ، ھەربىر تارىخىي دەۋردە قانۇن مۇئەسسەسەلىرى ۋە سىياسىي مۇئەسسەسەلەردىن ھەمدە دىنىي، پەلسەپەۋى ھەم باشقا نۇقتىئىنەزەرلەردىن تۈزۈلگەن پۈتۈن ئۈستقۇرۇلمىنى ئاخىرقى ھېسابتا مۇشۇ ئاساس چۈشەندۈرۈشى لازىم».① ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ بۇ پىكرى مەنىۋى مەدەنىيەت ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئىنكاسى دېگەنلىكتۇر.

كىشىلەرنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇرى (ياكى ئىدىيىسى) دىن بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان، شۇڭا «ئوغۇزخان ئېپوسى»دىكى ئىجتىمائىي ئىدىيىلەرنى ئالدى بىلەن دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك دەۋرچانلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان، يەنى ئىنسانلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي باسقۇچلىرىدا مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە پەرقلىق بولغان دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىسىگە ئىگە ئىدى. ئۇرۇقچىلىق دەۋرىدە تۇتېمغا، قەبىلىچىلىك دەۋرىدە ئەجدادلار روھىغا، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدە كۆك تەڭرىسىگە چوقۇنغان، بۇلار بىر خۇدالىق دىنغا ئۆتۈشنىڭ ھارپىسى ئىدى. «ئوغۇز ئېپوسى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا شەكىللەنگەن تۇتېمغا، ئەجدادلار روھىغا، كۆك تەڭرىسىگە چوقۇنۇش چۈشەنچىسى ۋە ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىرىدا شەكىللەنگەن شامان دىنىي ئەقىدىسى خېلىلا گەۋدىلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئېپوستا ئۇيغۇرلار بىر قەدەر كەڭ تۈردە ئىشەنگەن ۋە تەسىرى چوڭقۇر بولغان بۇددا، مانى، زوروئاستىر، نىستورىيان ۋە ئىسلام دىنىغا ئائىت ھېچقانداق تەسىر يوق، شىنجاڭغا بۇددىزم كىرگىنىگە 2000 يىلغا يېقىن ۋاقىت بولدى. مانى دىنىي مىلادى 763 - يىلدىن باشلاپ موڭغۇلىيىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان. باشقا دىنلار ئومۇمەن مىلادىدىن كېيىنكى يىللاردا ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تەسىر قىلغان. بىز تەتقىقاتتا بىرىنچى قول ماتېرىيال قىلىدىغان

① ئېنگېلس: «ديۈرىڭغا قارشى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 44 - 45 - بەتلەر.

«ئوغۇزخان ئېپوسى» XIII ئەسىردە تۇرپان رايونىدا نامەلۇم بىر پۈتۈكچى تەرىپىدىن دەسلەپ قىلىپ قەلەمگە ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا يۇقىرقى سۇنئىي دىنلارنىڭ تەسىرى سىڭمىگەن. بۇ هال مەزكۇر ئېپوسنىڭ نىسبەتەن قەدىمى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشكە ئالاقىدار نۇسخىسىنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى ئىختىيارسىز ئېسىمىزگە سالىدۇ، ئەپسۇسكى بۇ نۇسخا هازىر بىزگە مەلۇم ئەمەس. مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئېپوسنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان ناهايىتى قەدىمكى دەۋرنىڭ مەهسۇلى ئىكەنلىكى شۈبهىسىز.

## 3 - ئوغۇز ئوبرازى ۋە ئېپوسنىڭ بەدىئىي تىل ئالاهىدىلىكى

### 1. ئوغۇز ئوبرازى

ئوغۇز - ئېپوستىكى باش قەهرىمان. هەرقانداق ئەسەردە باش قەهرىمان مەركىزىي ئورۇنغا قويۇلۇپ تەسۋىرلەنگىنىگە ئوخشاش «ئوغۇزخان ئېپوسى» دىمۇ ئوغۇزدىن ئىبارەت باش قەهرىماننىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئاساسىي چىقىش نۇقتىسى قىلىنغان، يەنى ئېپوستىكى پۈتۈن ۋەقەلىك باشتىن - ئاخىر ئوغۇز ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان. ئوغۇز ئوبرازى، ئېپوستىكى ۋەقەلىك تەرەققىياتىنىڭ مەنتىقىلىق تەرتىپ بويىچە قەدەممۇ - قەدەم تەرەققىي قىلىشى بىلەن تەدرىجى مۇكەممەللىشىدۇ. ئۇ، ئۇرۇشلار، تالاش-تارتىشلار، جىددىي هالقىلىق پەيتلەردە ئۆز قەبىلە ۋە خەلقىنى باشلاپ قەهرىمانلىق كۆرسىتىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئومۇمنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ هەم باتۇر قوماندان ۋە ئادىل، قەيسەر خاقانغا ئايلىنىدۇ.

ئوغۇز بەدىئىي تىپىكلەشتۈرۈلگەن ۋە ئىلاهلاشتۇرۇلغان تارىخىي قەهرىمان. ئۇ بەدىئىي قەهرىمان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگۈچى، ئىلغار كۈچلەرنى ئالغا يېتەكلىگۈچىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى قىلىپ گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئوغۇز بەزى يات قەبىلەرنىڭ خانلىرىغا خەت يوللاپ، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق ئۆتۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئۆز قەۋمىنىڭ مەنپەئىتىگە تامامەن ۋەكىللىك قىلىپ قالماستىن، بەلكى باشقا قەبىلىلەر بىلەنمۇ ئىتتىپاقلىشىشقىمۇ ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئېپوستىكى ئوغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىللىي روهى، غايىسى، ئەقىل-پاراسىتى، كۈچ-قۇۋۋىتى هەم ئېسىل پەزىلەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن بەدىئىي ئوبراز.

### 2. ئېپوسنىڭ بەدىئىي تىل ئالاهىدىلىكى

تىل بەدىئىي ئوبراز يارىتىشنىڭ تۈپكى ئاساسىي قورالى. بەدىئىي ئوبرازنىڭ هەربىر هۆجەيرىسى سۆزدىن باشلىنىپ، بەدىئىي ئەسەردىكى پۈتۈن كارتىنا بەدىئىي

تىل ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، «ئوغۇزخان ئېپوسى»
نىڭ تىلى ئۆزىگە خاس بەدىئىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قە-
دىمى، گۈزەل بەدىئىي سۆز-لۇغەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن. بۇلار رەڭدار، بەدىئىي
بوياققا باي، ئەۋرىشىم، نەپىس، جەزبىدارلىقى كۈچلۈك، يۈكسەك ئوبرازلىق خۇسۇسى-
يەتكە ئىگە. بۇنداق سۆزلەر ئېپوستىكى رومانتىك ۋەقە، ھادىسىلەرنى، جىددىي، كەس-
كىن ئۇرۇش ئەھۋالى، ئۇرۇش مەيدانلىرىنى، ئۇنىڭغا قاتناشقان پېرسوناژلارنىڭ ھەرى-
كەتلىرى ئۇلارنىڭ پورترېتى ۋە پسىخىك ھالەتلىرىنى توغرا، ئېنىق، دەل، تەسىرلىك
ئىپادىلەشتە ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان.

ئېپوستىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي تىل ئېلېمېنتلىرىنى ۋە كېيىنكى دەۋردىكى
تىل خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. ئېپوسنىڭ تىلىدا بەدىئىي ئوبراز يارى-
تىشنىڭ ۋاسىتىلىرى بولغان ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە، مېتا-
فورا، مېتانومىيە قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاسىتىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تېپىلىدۇ.
مانا مۇشۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئېپوستا پېرسوناژلار جانلىق ۋە روشەن، ۋەقەلەر تە-
سىرلىك، ئىدىيىۋىلىكى ئېنىق، تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق بولۇپ ھېسسىيات ئۇرغۇپ
تۇرىدۇ.

# ٧ باب

# قەدىمكى ئۇيغۇر قوشاقلىرى

## §1. ئومۇمىي چۈشەنچە

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىختىكى جەريانلاردا كۆپلىگەن قوشاقلارنى ياراتقان ھەم بۇلارنىڭ بىر قىسمى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا 300 پارچىغا يېقىن خەلق قوشىقىنى كىرگۈزگەن. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى ئۇزۇن تارىختا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەزمۇنىمۇ خىلمۇ خىل، تۈرى خىلمۇ-خىل. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەدەر قەدىمىي ئەھۋالى بىلەن تونۇشتۇرىدىغان قوشاقلىرى خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە ساقلىنىپ قالغان. بۇ قوشاقلارنى خەنزۇلار خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغانمۇ ياكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغانمۇ، بۇ ھەقتە تارىخىي پاكىتلارغا ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن مۇنداق قوشاقلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا تارقالغانلىقى شۈبھىسىز. خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ساقلىنىپ قالغان، ئۇيغۇر قوشاقلىرىدىن بىر قەدەر مەشھۇر بولغانلىرى تۆۋەندىكى قوشاقلاردىن ئىبارەت.

## §2. ھون قوشىقى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان ھونلارنىڭ ھون دەۋرىگە ئائىت ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى جۈملىدىن قوشاقلىرىدىن ھازىر بىزگە مەلۇم بولغىنى بىر كۇپلېت قوشاقتىن ئىبارەت. بۇ قوشاقنى سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر» دېگەن ئەسىرىگە كىرگۈزگەن. بۇ قوشاقتا ھونلار تۇرمۇشىدىكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن رېئال ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇق ئىكەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يات خەلقلەر تەرىپىدىن ھونلارنىڭ گۈزەل بىر پارچە يايلىقىنىڭ تارتىپ ئېلىنغانلىقى چوڭقۇر ئۆكۈنۈش، ھېسسىياتى بىلەن سۈرەتلىنىپ، ھونلار تۇرمۇشىدىكى بىر قېتىملىق پىشكەللىكنىڭ سەۋەبى، مۇشۇ ئىشقا باغلاپ چۈشەندۈرۈلگەن. «ھون قوشىقى» مىڭ يىللارچە داۋام قىلغان سەلتەنەتلىك ھون دەۋرىدىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن يېگانە ئەدەبىي يادىكارلىق. تارىخىي ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، ھونلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى خې-

لىلا تەرەققىي قىلغان. بۇلاردىن ئەپسانە، رىۋايەت ۋە قىسسەلەردىن بىر قىسمى، دەۋرىمىزگىچە ساقلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، شېئىرىي ئەسەرلەردىن كۆپى دېگۈدەك يېتىپ كېلەلمىگەن، بۇ قوشاق ھون ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇ ئەدەبىي قىممەت جەھەتتىنلا ئەھمىيەتلىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى زور تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتى بىلەنمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر.

## § 3. تال سۇندۇرۇش قوشىقى

جۇڭگودا ھۆكۈم سۈرگەن شىمالىي سۇلالىلار دەۋرى (مىلادى 386 — 581-يىللار) دا تۈزۈلۈپ رەتلەنگەن «مۇزىكا مەھكىمىسى، شېئىرلار توپلىمى» دېگەن كىتابقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىغا تەئەللۇق بولغان بىرقانچە كۇپلېت قوشاق كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭ بىرى «تال سۇندۇرۇش قوشىقى» دىن ئىبارەت. بۇ قوشاقتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆزلىرىنى ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئۇچىدىغان قۇرغۇيغا ئوخشىتىپ، رەقىبىنى قىلچە كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى، گويا، دۈشمەننى بىر توپ ئاق قۇشقاچقا ئەك كۆرۈپ، قۇرغۇي ئاسماندا ئۇچقاندا، ئاق قۇشقاچلارنىڭ ئالاقزادە بولۇشۇپ تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ، قېچىپ كېتىدىغانلىقىدەك ئەھۋالنى سىمۋول قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن بىرى قەھرىمانلىق خىسلىتىگە باي ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

## § 4. قالدىم ھەسرەت ئىچىدە

بۇ قوشاق «مۇزىكا مەھكىمىسى، شېئىرلار توپلىمى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. ئۇ چاغدا بۇ قوشاققا ماۋزۇ قويۇلمىغان. كېيىنكى تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرى بۇ قوشاققا «قالدىم ھەسرەت ئىچىدە» دېگەن ماۋزۇنى قويىدى. بۇ قوشاقتا كۈچلۈك ئىنسانىي مۇھەببەت تۇيغۇسى ئىپادىلەنگەن. يەنى بىر قىز سۆيگەن يىگىتى ئۇرۇشقا ئاتلانغان چاغدا، ئۆيدە تەنھا قالغاندىن كۆرە يىگىتىنىڭ ئات قامچىسى بولۇشنى ئەۋزەل كۆرگەنلىكى. شۇنداقلا مۇداپىئە قورغانلىرىنىڭ سېپىلى ئۈستىدە يىگىتى بىلەن ياندىشىپ تۇرۇپ، دۈشمەنگە قارشى جەڭگە قاتنىشىدىغانلىقى، ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا مەردانە، ۋەتەنپەرۋەر، جەڭگىۋار خىسلەتكە ئىگە ئىكەنلىكى جانلىق ۋە ئوبرازلىق ھالدا سۈرەتلەنگەن. دېمەك، قوشاقتا مۇھەببەت ھېسسىياتى خەلق، ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتى بىلەن تەبىئىي ھالدا بىرلىشىپ كەتكەن.

## § 5. بەگ قۇلى ھەققىدىكى قوشاق

«شىمالىي خانلىقلار تارىخى، ئىگىز ھارۋىلىقلار تەزكىرىسى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا بەگ قۇلى توغرىلىق مىلادى IV ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرلىرىدا بىر قوشاق توقۇلغان. بۇ قوشاق «ۋېي خانلىقى تارىخى، ئىگىز ھارۋىلىقلار تەزكىرىسى» گە كىرگۈزۈلگەن. تارىخىي ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى جوجانلار (ئاۋار) نىڭ تا-

چاۋۇزچىلىقىغا قارشى كۆپ قېتىم جەڭ قىلغان، بۇ ئۇرۇشلارنىڭ بىرىدە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقى بەگ قۇلى قەبىلىلىرىنى باشلاپ، قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلغان. بۇ خىل قەھرىمانلىق روھ خەلقنى ئىلھاملاندۇرۇپ، بەگ قۇلى ھەققىدە بۇ قوشاقنى بارلىققا كەلتۈرگەن. قوشاقتا ئەل-يۇرتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغان ئەزىمەتلەرنىڭ بىرى بولغان بەگ قۇلغا مەدھىيە ئوقۇلغان. ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى قىزلارنىڭ مۇھەببەت قويماقچى بولغان يىگىتلىرىنىڭ تىمسالى بولۇپ قالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

## § 6. تۇرا قوشىقى

بۇ قوشاق «مۇزىكا ھەكىمىسى شېئىرلار توپلىمى» نىڭ 68 - جىلدىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «شىلى قوشىقى 敕勒歌 » دېيىلگەن. ئۇيغۇرلار - نىڭ ئەجدادلىرى مىلادى IV، V، VI ئەسىرلەردە چوڭ بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، خەنزۇچە ھۆججەتلەردە بۇ ئىتتىپاق «تېلې 铁勒 » دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. «شىلى» دېگەن ئاتالغۇ «تېلې» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇلار- نىڭ ئايرىم بىر دىئالېكتىكىدىكى تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇپ، كېيىنكى تەتقىقات- چىلار «شىلى قوشىقى» نى «تېلې قوشىقى» دېيىلگىنى توغرۇك دەپ قاراشتى. يەنە بەزىلەر «ئاۋېستا» دا تۈركلەرنىڭ «تۇرا» دېگەن بوۋىسىنىڭ ئۆتكەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇ- ماتلارغا قاراپ، يۇقىرىقى قوشاقنى «تۇرا قوشىقى» دەپ ئاتىشىدۇ.

«تۇرا قوشىقى» مىلادى VI ئەسىرلەردە قوغۇرسۇ قەبىلىسى ئارىسىدا تارقالغان. قوغۇرسۇ ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولغان «تېلې قەۋمى» نىڭ بىر قەبىلىسى ئىدى. خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە قارىغاندا «تۇرا قوشىقى» نى دەسلەپ «قوغۇرسۇ ئالتۇن» دېگەن ئادەم ئوقۇپ يېزىگەن ئىكەن. ئۇ قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ، شىمالىي چى خاندانلىقى (550 — 577) دا مۇھىم ئەمەلدار بولغان. «تۇرا قوشىقى» خەلق قوشىقىمۇ ياكى قوغۇرسۇ ئالتۇن ئۆزى ئىجاد قىلغان قوشاقمۇ، بۇ ھەقتە تارىخىي كىتابلاردا بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراش يوق.

«تۇرا قوشىقى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمىي ماكانلىرىدىن بىرى بولغان چوغاي (يىگشەن) تاغلىرىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، رېئال تۇرمۇش، جۈملىدىن چارۋىچىلىق ھايات مەنزىرىسى ئەكس ئەتكەن. ئۇ گۈزەل، تەسىرلىك قوشاق بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداقلا جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە. ئۇ شىمال ۋە غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ خانزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئەڭ قەدىمكى، نادىر، ئۈلگىلىك ئەسىرى. ئۇ، جۇڭگونىڭ سۇيى، تاڭ سۇلالىرى شېئىرلىرى، نەسرى ئەسەرلىرىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «سۇي سۇلالىسى ئومۇمىي نەزمىلىرى» دېگەن كىتابقا «خوتەندە گۈل سەيلىسى» دېگەن بىر كۇپلېت قوشاق، «ئۇيغۇر نەغمىسى» دېگەن يەنە بىر كۇپلېت شېئىر كىرگۈزۈلگەن.

# VI باب

# مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى

## §18. ئومۇمىي بايان

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىنى بازا قىلىپ قۇرغان تۈرك خاقانلىقى (552 — 744) ۋە ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقى (744 — 840) دەۋرلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئەدەبىياتىنى ھەر خىل شەكىلدىكى تاشلارغا ئويۇپ خاتىرىلەپ قويغان ھەم ئۇلارنى ئۆز ۋاقتىدىلا «مەڭگۈ تاش» لار دەپ ئاتىغان. مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى دېگەندە مانا مۇشۇلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مەڭگۈ تاشلار رايونغا قاراپ يەتتىگە بۆلۈنىدۇ، يەنى ئۇ، شىمالىي موڭغۇلىيە ئېگىزلىكى، يەنسەي دەرياسى ۋادىلىرى، لېنا دەرياسى بىلەن بايقال كۆلى رايونى، ئالتاي رايونى، شىنجاڭ (تۇرپان، مىرەن) بىلەن گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى دۇڭخۇاڭ رايونى، ئوتتۇرا ئاسىيا (يەتتە سۇ ۋادىسى، پەرغانە ئويمانلىقى) شەرقىي ياۋروپا قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ئۇ، تەۋەلىك جەھەتتىن يەنە يەتتە خىلغا بۆلۈنىدۇ، يەنى شەرقىي تۈرك، غەربىي تۈرك خاقانلىرى، قەدىمى قىرغىزلار، قۇرىقانلار، ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى، پەچەنەك قاتارلىقلارغا تەئەللۇق.

مەڭگۈ تاشلار سان جەھەتتە خېلى كۆپ بولسىمۇ، بىر قەدەر تولۇق ساقلىنىپ قالغانلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەر ھېسابلاشقا بولىدىغانلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاساسەن تۈرك خاقانلىقى ۋە ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدە ئەشۇ دۆلەتلەر تېررىتورىيىسىدە بارلىققا كەلگەن مەڭگۈ تاشلارنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سۆزلەيمىز. بۇلار «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» (مىلادى 732 - يىلى) «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» (735 - يىل)، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» (716 - يىل) «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» (759 - يىل)، «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» (803 — 821 - يىللار)، «تېرخىن مەڭگۈ تېشى — I» (753؟ - يىل)، «تېرخىن مەڭگۈ تېشى — II» (VIII–IX ئەسىرلەرنىڭ ئارىلىقى) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئىچىدە «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» بىلەن «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» نى يوللۇغ تېگىن يېزىپ، كۆل تېگىن بىلەن بىلگە خاقانلارنىڭ قەبرى-

سىنىڭ بېشىغا تىكىلگەن. «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» نى بىلگە تونيۇقۇق ھايات ۋاقتىدا ئۆزى يېزىپ تەييارلاپ قويغان. دېمەك، يوللۇغ تېگىن بىلەن بىلگە تونيۇقۇقلار ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىكى پېشۋا يازغۇچىلار بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئۇيغۇر مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ سانى كۆپ بولمىسىمۇ، بىراق، ئۇ بىزگە بىر پۈتۈن دەۋر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرەلەيدۇ.

## § 2 . مەڭگۈ تاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىنىڭ تارىخىي قىممىتى

مەڭگۈ تاشلار يالغۇز تارىخىي ھۆججەت، تىل ماتېرىياللىرىلا ئەمەس ياكى ئۇ «نەسەپنامە» بولۇپ قالماي، بەلكى قەدىمى تۈركىي خەلقلەرنىڭ فولكلور ئىزىدىن يېزىلغان رىتىملىق، سىنتاكتىك پاراللېلىزم شەكلىدىكى شېئىرىي ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. رىتىملىق، سىنتاكتىك پاراللېلىزم-سىنونىم ۋە ئانتونىملار، ياردەمچى سۆز ۋە ياردەمچى پېئىللارنىڭ تەكرارلىنىشى ئارقىسىدا مەيدانغا كېلىدىغان، بىر خىل شېئىرىي رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىق بولۇپ، ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشلىرىگە قارىغاندا، ئۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ شېئىرىي شەكلىكەن.

مەڭگۈ تاشلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەت تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى گۈزەل تىل خەزىنىسى، ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ، نۇتۇق سەنئىتىنىڭ ئۈتۈقلۇق، يېگانە نەمۇنىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېگانە يادىكارلىقى، جۈملىدىن تىل ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمكى ياخشى ئۈلگىسى.

مەڭگۈ تاشلار بىزگە ھازىرچە مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆزلىرى يازغان تارىخ ياكى تاش ئۈستىگە ئويۇلغان ئەدەبىي پارچە.

مەڭگۈ تاشلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇق، قەبىلە، مىللىتىنىڭ ئىسمىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەينى تېكىستى بولۇپ، ئۇلارنى توغرا ترانسكرىپسىيە قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال، مەڭگۈ تاشلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشتىكى قىممەتلىك دەستۇر.

## § 3 . مەڭگۈ تاشلارنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

تۈرك ۋە ئۇيغۇر خاقانلىقلىرى دەۋرىدىكى مەڭگۈ تاشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئايرىم-ئايرىم شەخسلەرنىڭ شەرىپىگە ئورنىتىلغان. ئەكس ئەتتۈرگەن كونكرېت تارىخىي ۋەقەلەر، جۈملىدىن سەرگۈزەشتىلەر بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. لېكىن، ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، ئىدىيىۋى خاھىش، بەدىئىي ئۇسلۇب، ئەدەبىي تىل ۋە تەسۋىرىي ۋاسىتىلار جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە. مەڭگۈ تاشلارنىڭ مەزمۇنى خېلىلا كەڭ بولۇپ،

بىز ئۇلارنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىمىز:

(1) ئۇرۇق - قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈش، خاقان قارارگاھىلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىپ، (تەڭرىنىڭ خاقانلارغا كۆرسەتكەن ھامىيلىقى بىلەن) دۆلەت - خاقانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى سۆزلەنگەن؛ خاقانلارنىڭ تەختكە چىقىپ، غەيرى - رەسمىي قانداش ئۇرۇق، قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن بولغان تىرىشچانلىقلار بايان قىلىنغان؛ ئىچكى نىزا، ئۆزئارا ئۇرۇشلارغا خاتىمە بېرىلىپ، خەلقنى باي - پاراۋان قىلىش، ياخشى قانۇن تۇرغۇزۇلۇپ، خاقانلىقنىڭ مۇستەھكەملىنىش يولىدىكى ئىستەك - خاھىشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ خاقانلىق قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتى چۈشەندۈرۈلگەن؛ خاقانلىقلارنىڭ بەزى چاغدا مۇنقەرز بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى، تەجرىبە - ساۋاق، بۇنىڭغا نىسبەتەن ھەسرەت - نادامەت، ئۆكۈنۈش ئىپادىلەنگەن.

(2) خاقانلىقنىڭ خاراكتېرى، سەلتەنىتى، كۈچ - قۇدرىتى، ئەل ئىچىدىكى ھۆكۈمەت تۈزۈلمىسى، ھەربىي ئىشلار قۇرۇلمىسى، مەنسەپ، دەرىجىلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن؛ ھەرقايسى ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ خاقانلىقتا تۇتقان ئورنى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، كېلىشىش - كېلىشەلمەسلىكى، توپىلاڭلىرى، بېسىقتۇرۇلۇش ئەھۋالى، بۇ قەبىلىلەرنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى، ئىسىملىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن؛ خاقانلىقنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى چۈشەندۈرۈلگەن؛ خاقانلىققا تەۋە زېمىنلارنىڭ (تاغ - دەريا، يايلاق - تۈزلەڭلىكلەر، تەبىئىي شارائىتلار) نىڭ تەسۋىرى، يەنى پۈتۈن ئەلنىڭ چېگرىسىنى بەلگىلەشكە دائىر ئىشلار، توپىنىمىلىك مەلۇماتلار سۆزلەنگەن.

(3) خاقانلارنىڭ تەختكە چىققاندىكى سەۋەب، ۋاقىت، خاقانلىقنى ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىي ئاساسى، يۈكسىلىشى بايان قىلىنغان؛ خاقان، ۋەزىر، تېگىنلەر، قاتۇنلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، تىرىشچانلىقلىرى ئاتاق (نام) لىرى، كۈچ - قۇدرىتىنىڭ تەرىپى، ئۇلارغا مەدھىيىلەر، خاقانلىقنىڭ نەسەپنامىسى، مەڭگۈ تاشلارنى ئورنىتىشتىكى مەقسەت ۋە مۇراسىم - رەسمىيەتلەر ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلگەن؛ خاقانلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە ئۇلار قۇرغان، باشقۇرغان ئەلنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرىنىڭ تارىخىي تەسۋىرى، ھاياتىدا قىلغان چوڭ ئىشلار، ئۇرۇشلار، خاقانلىقنى قۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى، ئۇلارنىڭ تارىختا تۇتقان ئورنى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن؛

(4) ئورخۇن دەۋرى (552 — 840) دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيە، ئۆرپ - ئادەت، تۇرمۇش، ھوقۇق، سىياسىي، ئەخلاق، تىل، ئەدەبىيات - سەنئەت، قانۇن - نىزام، ھەربىي سەنئەت، تاكتىكا، يىلنامىلىرى، قىسقىسى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ تەرەپلىرى، سىنىپىي كۈرەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، ئىلىم - پەن جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرى، تۈركىي خەلقلەر ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ مەنزىرىسى ھەققىدە سۆزلەنگەن.

## § 4. مەڭگۈ تاشلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى تارىخىي زۆرۈرىيەت

ھەرقانداق بىر ئەدەبىي ئەسەر مۇئەييەن بىر تارىخىي زۆرۈرىيەتنىڭ مەھسۇلى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بومىن ۋە ئىستېمى دېگەن ئادەملەرنىڭ رەھبەرلىكىدە مىلادى 552 - يىلى ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىنى ئاساسىي بازا قىلىپ، بىر خاقانلىق تىكلىگەن بولۇپ، بۇ تارىختا «تۈرك خاقانلىقى» دەپ ئاتالغان. مۇقان دېگەن كىشى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (554 — 572) لەردە دۆلەتنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقىي شىمال (دوڭبېي) دىن ئىرانغىچە كېڭەيگەن بولسىمۇ، لېكىن دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر ۋە قوشنا ئەللەرنىڭ ئارىلىشىشلىرى نەتىجىسىدە ئۇزاق ئۆتمەي ئاجىزلىشىشقا باشلايدۇ. 630 - يىلى خاقانلىقنىڭ شەرقىي قىسمى ئاغدۇرۇلۇپ، غەربىي قىسمى ئېغىر خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي قىسمىدىكى تۈركىي قەبىلىلەر پارچىلىنىپ، يەر، بايلىقلىرى تالان - تاراجقا ئۇچراپ، خەلق ئازاب چېكىشكە مەجبۇر بولدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا كۈچى ئانچە چوڭ زىيانغا ئۇچرىمىغان ئۇرۇق، قەبىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرى يېڭىۋاشتىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، شەرقىي قىسىم خاقانلىقىنى قەد كۆتۈرگۈزدى. نەتىجىدە ئىلغار قەبىلىلەر ئاقساقاللىرىنىڭ ئېڭىدە مۇستەھكەم فېئودال دۆلىتى قۇرۇش ئارقىلىق ئۆزئارا ئۇرۇشلارغا خاتىمە بېرىپ، خەلقنى باي، پاراۋان قىلىش ئىستىكى ۋە ئىنتىلىش تۇغۇلغان ئىدى. شۇنداقلا، مۇشۇنداق ئىستەك ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن قەھرىمانلىقتا مەدھىيىلەر ئوقۇلدى. ئەينى زاماندىكى تارىخىي شارائىتتا، بىرلەشكەن دۆلەت قۇرۇشتا، ئەلۋەتتە كەسكىن كۈرەش، جاپالىق جەڭلەر ۋاستىسىغا تايىنىشقا توغرا كېلەتتى. دەۋرنىڭ بۇ تەلىپى تەبىئىي ھالدا قەھرىمانلىق تېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئەدەبىياتمۇ بۇ تەلەپكە ماسلاشقان ھالدا قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىغا مۇراجىئەت قىلىپ، شۇ خەلق ئېپوسلىرىنىڭ ئىزىدىن — تارىخىي قەھرىمانلىق داستانلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ۋە بۇ شۇ دەۋر ئەدەبىياتىدىكى ئومۇمىي خاھىشقا ئايلانغان ئەدەبىي ۋەزىيەتنى، مەڭگۈ تاش ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. دېمەك، مەڭگۈ تاشلار ئەنە شۇنداق بىر تەلەپ ۋە شارائىت ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن ئەينى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى تارىخىي قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى دېيىشكە بولىدۇ.

تۈرك خاقانلىقى پارچىلىنىپ، ئۇيغۇر خاقانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىنىڭ تىرادىتسىيىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇلارمۇ مەڭگۈ تاشلار ئورناتقان. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مەڭگۈ تاشلاردا تۈرك، ئۇيغۇر خاقان، ۋەزىر، تېگىنلىرىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى، مەملىكەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش، بىرلىككە كەلتۈرۈش، كۈچەيتىش، تىنچلاندۇرۇش يولىدا ياراتقان تۆھپىلىرى نازۇك شېئىرىي تىل بىلەن تەسۋىرلەنگەن. يەككە ئۇرۇق، قەبىلىلەرنى بىر قۇدرەتلىك كۈچ ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، كەڭ دائىرىدە بىرلىككە كەلگەن كۈچلۈك فېئوداللىق دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىسى ئالغا سۈرۈلگەن. بۇنداق ئىنتىلىش ئاساسىدا تۈرك ۋە ئۇيغۇر خاقانلىقلىرى بارلىققا كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلغان، جەمئىيەت گۈللەنگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ مەزگىل ئۇيغۇر جەمئىيەت تارىخىدىكى مۇھىم دەۋرلەر بولۇپ قالغان ئىدى.

# باب VII

# ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە دىن ۋە ئەدەبىيات

## 1 § . دىن بىلەن ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى

### 1 - ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىشەنگەن دىنلار

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆزلىرىنىڭ ياشىغان جۇغراپىيەۋى شارائىتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قاراپ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، ئىپتىدائىي دىنلار (توتېم، ئەجدادلار روھى ۋە كۆك تەڭرىسىگە چوقۇنۇش چۈشەنچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) غا چوقۇنغاندىن كېيىن، سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش بىلەن شامان، بۇددا، مانى، خىرىستىيان، نېستورىيان، زوروئاستىر، ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئىشەنگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىپتىدائىي دىنلار بىلەن شامان دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا بارلىققا كېلىپ ئۆز تەسىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن، قالغان دىنلار باشقا خەلقلەر ئارىسىدا پەيدا بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كىرگەن. ئەمما، بەزى دىنلار، جۈملىدىن بۇددا دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يېڭى تەرەققىيات بىلەن راۋاجلانغان. بۇ جەھەتتىن بۇددا دىنىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي دىنىي ئالاھىدىلىكى دېيىشكە بولىدۇ.

### 2 - دىن بىلەن ئەدەبىياتنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى توغرىسىدا

ئەدەبىيات بىلەن دىننىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ۋە قانداق بولغانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ھەققىدە سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. دىنشۇناسلار ئىنسانلاردا ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىسى توتېمىزم دەپ قارىسا، ئەدەبىياتشۇناسلار ئىنسانلاردا ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي ژانىر ئاساسەن ئەپسانە قاتارلىقلار دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. توتېمنىڭ چوقۇنۇلۇش ئوبيېكتى ھايۋان، ئۆسۈملۈك ۋە باشقا غەيرىي - رەسمىي ماددىي نەرسىلەر ئىدى. ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن مۇقەددەس دەپ قارىغان نەرسە ھايۋان ئىدى. ئەڭ ئىپتىدائىي ئەپسانىلار ھايۋانلار توتېمىدىكى ئەپسانىلار بولۇپ، ئەشۇ ھايۋانلار توتېمىدىكى تەڭرىلەر،

ئەپسانىلاردىكى تەڭرى، شۇنداقلا ئەدەبىي ئوبراز بولۇش بىلەن ئىپتىدائىي دىنىدىكى تەڭرى ھېسابلىناتتى. بۇ ئەپسانە بىلەن ئىپتىدائىي دىنىنىڭ ئىپتىدائىي ئورۇقداشلىق دەۋرىدە، ئەمەلىيەتتە بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن گەۋدە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، شۇنى ئالاھىدە سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇكى، ئىپتىدائىي دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئۆزى ماھىيەتتە ئىپتىدائىي ئەدەبىي پائالىيەتلەر بولۇپ ئۇ، ھەم ئىپتىدائىي دىنىي ئىدىيەلەر ھەم ئىپتىدائىي ئەدەبىي ئىدىيەلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىپتىدائىي دىنىي ئىدىيەلەر ئەمەلىيەتتە ئىپتىدائىي ئەدەبىياتنىڭ روھى؛ ئىپتىدائىي دىنىي پائالىيەتلەر ئىپتىدائىي ئەدەبىياتنى پائالىيەت مەركىزى بىلەن تەمىنلىگەن. دەل مۇشۇنداق باغلىنىش بولغاچقا، ئىپتىدائىي ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىي قىلىپ كەلگەن.

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ دىن بىلەن ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىدە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش، تەرەققىي قىلىش ۋە مۇكەممەللىشىش بولدى. ئىپتىدائىيدىن توتېمىزمدىن بۇۋىلارغا چوقۇنۇشقا، (ئەجدادلار روھىغا چوقۇنۇشقا) بۇۋىلارغا چوقۇنۇشتىن كۆك تەڭرىسىگە، جۈملىدىن تەبىئەتكە چوقۇنۇشقا ئېلىپ باردى. بۇلار ئاخىرى سۈنئىي دىنلارغا تەرەققىي قىلدى؛ ئەدەبىيات تارىخىدا بولسا ئەپسانىلار رىۋايەتلەرگە، رىۋايەتلەر خەلق قەھرىمانلىق داستانلىرىغا، يەنى ئېپوسلارغا، بۇلار رېئالىستىك ئەسەرلەرگە تەرەققىي قىلىپ باردى. مانا مۇشۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسىدە دىن بىلەن ئەدەبىيات زىچ ئالاقىدە بولۇپ كەلدى.

دىن بىلەن ئەدەبىياتنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا بىرلىكتە تەرەققىي قىلىپ كەلگەنلىكىنى ماكسىم گوركىي چوڭقۇر ھېس قىلىپ، مۇنداق دەپ يازغان: «خەلق ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا ئۆزىنى ساقلاشنىڭ تەبىئىي ھېسسىياتى بىلەن ياشاپ، قورۇق قوللىرى بىلەن تەبىئەتكە قارشى كۈرىشىپ، تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن ۋەھىمە قىلىپ، ھەيران بولۇپ، خۇشال بولۇپ يۈرۈپ، دىننى ياراتتى. دىن خەلقنىڭ پوئېزىيىسى ئىدى. خەلقنىڭ ئۆز تەجرىبىسى دائىرىسىدىن تاشقىرىسىدا دۈشمەن كۈچلەر بىلەن بولغان توقۇنۇشلاردا ئالغان ھەممە تەجرىبىلىرىنى، تەبىئەت. كۈچلىرى توغرىسىدىكى ھەممە بىلگەن - كۆرگەنلىرىنى شۇ دىن ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. تەبىئەت ئۈستىدىن قازانغان دەسلەپكى غەلىبىلىرى خەلقتە ئۆزىنىڭ مۇستەھكەملىكى، ئۆزى بىلەن پەخىرلىنىش سېزىمىنى ۋە يېڭى غەلىبىلەر قازىنىش خاھىشىنى قوزغىدى ھەم قەھرىمانلىق داستانلىرىنى يارىتىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ داستانلار خەلقنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى بىلىملىرىنىڭ ھەم ئۆز ئۆزىگە قويغان تەلەپلىرىنىڭ خەزىنىسى بولۇپ قالدى.» گوركىي يەنە «خۇدالار توغرىسىدىكى ئەپسانىلار ‹دىنىي ئىجادىيەت› دەپ ئاتالسىمۇ، ئۆز ماھىيىتى جەھەتتىن بەدىئىي ئىجادىيەت قاتارىغا كىرىدۇ» دەيدۇ. ئۇ يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ، مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «كېيىنچىرەك، چىركاۋ ئەدەبىياتى، ئەۋلىيالار تۇرمۇشىنى دىققەت بىلەن ئوقۇپ چىققىنىمدا، چىركاۋ ئېيتقان ئاجايىپ

ھادىسىلەر قەدىمكى ئاقىلانە چۆچەكلەردىن ئېلىنغانلىقى ماڭا روشەن بولىدى. ھەممە يەردە ۋە ھەممە نەرسىگە ئوخشاش، بۇ يەردىمۇ چىركاۋچىلار ساغلام، مېھنەتكەش خەلقنىڭ ئىجادىي كۈچىنىڭ ئەقىل - ئىدرىكىنى قوزغاتقۇچى كۈچ ھېسابىغا ياشايتتى.»

دېمەك، دۇنيادىكى ھەرقانداق خەلقنىڭ مەدەنىيىتى شۇ خەلقنىڭ ئىپتىدائىي دىنى ۋە ئىپتىدائىي ئەدەبىياتىدىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن، ئۇ، ئۆز نۆۋىتىدە بىر مەنبەدىن راۋاجلىنىپ كەلگەن. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، دىن بىلەن ئەدەبىيات ئايرىلىپ كەتكەن. رەسمىي ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىنكى ئەدەبىياتنىڭ بەزى يادىكارلىقلىرىدىن دىنىي ئىدىيىلەرنى تېپىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن دىنىي ئىدىيىلەر، جۈملىدىن ئەشۇ ئىدىيىلەر مۇجەسسەملەنگەن مۇقەددەس كىتابلاردىن ئەدەبىي ئىدىيىلەرنى تېپىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، «ئاۋېستا»، «ۋېدا»، «زەبۇر»، «تەۋرات»، «ئىنجىل» «قۇرئان» قاتارلىقلار مانا مۇشۇنىڭ جۈملىسىدۇر.

3 - دىن بىلەن ئەدەبىياتتىكى تەسەۋۋۇر ۋە ئوبراز مەسىلىسى

دىن بىلەن ئەدەبىياتنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بىر بولۇپ، بىرلىكتە تەرەققىي قىلىپ كەلگەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، ئۇلاردىكى تەسەۋۋۇر ۋە ئوبراز مەسىلىسىدىمۇ ئورتاقلىق بار. «دىن ئەڭ ئىپتىدائىي زامانلاردا كىشىلەرنىڭ ئۆز تەبىئەتلىرى ۋە ئۆز ئەتراپلىرىدا پەيدا بولغان تەبىئەت توغرىسىدىكى ئەڭ نادان، ئەڭ ساددا ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلىرىدىن كېلىپ چىققىتى. لېكىن ھەرقانداق ئىدېئولوگىيە پەيدا بولغاندىن كېيىن ياشاۋاتقان پۈتۈن تەسەۋۋۇرلارنىڭ ھەممىسى بىلەن باغلانغان ھالدا تەرەققىي قىلىپ، بۇ تەسەۋۋۇرلارنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇردى، ئەكس ھالدا ئۇ ئىدېئولوگىيە بولمىغان بولاتتى ...»① «تەسەۋۋۇر — ئىنسانلار تەرەققىياتىنى ھازىرقىدەك تەرەققىياتقا ئىگە قىلغان ئىقتىدارىدۇر. ئىپتىدائىي جاھالەت دەۋرىنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىن باشلاپلا ئەپسانە، رىۋايەت، قىسسە قاتارلىق خاتىرىلەنمىگەن ئەدەبىيات بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. شۇنىڭدەك ئۇ، ئىنسانىيەتكە كۈچلۈك تەسىر قىلغان.» ② م. گوركىي تەسەۋۋۇر ھەققىدە توختىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «ياشاش ئۈچۈن كۈرەشتە ئۆز - ئۆزىنى ھىمايە قىلىش ئىنستىنكتى كىشىدە ئىككى قۇدرەتلىك كۈچنى، يەنى بىلىش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچلىرىنى تەرەققىي ئەتتۈردى. بىلىش تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ئىجتىمائىي ھايات پاكىتلىرىنى كۆزىتىش، قىياس قىلىش، ئۆگىنىش قابىلىيىتىدۇر؛ قىسقا قىلىپ ئېيتقاندا، بىلىش تەپەككۇر دېمەكتۇر. تەسەۋۋۇرمۇ ئۆز ماھىيىتى بىلەن ئالەم توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈشتۇر. لېكىن بۇ پىكىر يۈرگۈزۈش كۆپىنچە بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق بولىدۇ؛ تەسەۋۋۇر تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە نەرسىلەرگە ئادەملىك سۈپەتلىرىنى بېرىش قابىلىيىتى دېسىمۇ بولىدۇ»③ ماركسىتلىك ئىنكاس نەزەرىيىسى نۇقتە-

① «ماركس - ئېنگېلس ‹دىن توغرىسىدا›»، ئۇيغۇرچە نەشرى،

② ماركس: «مورگاننىڭ ‹قەدىمكى جەمئىيەت› كىتابىدىن ئۈزۈندىلەر»، خەنزۇچە نەشرى، 55 - بەت،

③ م. گوركىي: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، 373 - بەت،

سىدىن ئېيتقاندا، دىن ئەڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ماددىي بايلىق بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىشتىن پەيدا بولغان ھېسسىي تەسەۋۋۇرنىڭ مەھسۇلى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ سەنئەتنىڭ تۈپكى خۇسۇسىيىتى بولغان ئوبرازلاردىن ئايرىلمىدى. نەتىجىدە سەنئەت بىلەن گىرەلىشىپ، ئۆز مەزمۇنىنى سەنئەت شەكلى بىلەن ئىپادىلىدى. گوركىينىڭ «خەلق ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى شۇ جانلىق-ئوبرازلار ۋە تەسەۋۋۇرلار بىلەن ئىپادىلەيتتى» دېگىنىدە دىنىي ئىدىيىلەر ۋە ئەدەبىي ئىدىيىلەر قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتقان، ئەلۋەتتە.

دېمەك، پەقەت ئەدەبىياتلا تەسەۋۋۇرلارغا تايىنىپ، ئوبرازلار، كارتىنىلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى، دىنمۇ شۇنداق. يەنى دۇنيادىكى خەلقلەرنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس كىتابلىرى يۈكسەك دەرىجىدىكى بەدىئىي تەسەۋۋۇرنىڭ مەھسۇلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلاردا رەڭگا-رەڭ خاراكتېرلار، ئوبرازلار يارىتىلىپ، تۈپ مەزمۇنى يورۇتۇلغان. گوركىي ئىنسانلارنىڭ تەڭرىلەرنى قانداق يارىتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېيتقان مۇنۇ سۆزى ئەدەبىياتتىكى تىپلار بىلەن مۇقەددەس كىتابلاردىكى تەڭرىلەرنىڭ ئورتاقلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: «خەلق قەھرىمانىنى يارىتىپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكى بىلەن پەخىرلىنىپ، ئۇنىڭدىن زوقلىنىدۇ ۋە ئۇنى تەڭرىلەر قاتارىغا قوشۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ، ئۆز ئارا دۈشمەن بولۇپ، ئىنسانىيەتكىمۇ دۈشمەن بولغان نۇرغۇن تەبىئەت كۈچلىرىگە خەلقنىڭ تەشكىللەنگەن ئۆز غەيرىتىنى قارشى قويۇشى زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. ئىنساننىڭ تەڭرىلەر بىلەن تالاش-تارتىش نەتىجىسىدە ئىنسانىيەت دانىشمىنى بولغان پرومېتېينىڭ ئاجايىپ بۈيۈك ئوبرازى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ۋە شۇ ئوبراز ئارقىلىق خەلق ئىجادىيىتى ئىخلاس قويۇش سىمۋولىنىڭ ئەڭ بۈيۈك چوققىسىغا مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. بۇ ئوبرازدا خەلقنىڭ ئۆز بۈيۈك مەقسەت-نىشانلىرىنى ھەم ئۆزىنىڭ تەڭرىلەرگە تەڭلىكىنى چۈشەنگەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.»

خۇلاسە قىلغاندا، دىن بىلەن ئەدەبىيات كېلىپ چىقىش مەنبەسى ۋە تەسەۋۋۇر بىلەن ئوبراز يارىتىش مەسىلىسىدە ئورتاقلىققا ئىگە بولغان.

دۇنيادىكى كۆپلىگەن قەدىمكى خەلقلەرگە ئوخشاشلا، قەدىمكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ھەم دىنىي مەزمۇنغا ھەم ئەدەبىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە نۇرغۇن يازما يادىكارلىقلار مەيدانغا كەلگەن. بۇلار — مىلادىدىن بۇرۇنقى يىراق تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن تۇتۇشىدىغان ئىپتىدائىي دىنلار ۋە شامان دىنىنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن «ئوغۇزخان ئېپوسى»، مىلادى IV - V ئەسىرلەردە يېزىققا ئېلىنغان مانى دىنى مەزمۇنىدىكى «خۇئاستۇئانىفت» («تۆۋە دۇئاسى»)، بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى «بارلىق نوملارنىڭ ئىزاھى»، «مايتىرى-سىمىت»، «ئالتۇن يارۇق»، «چىستانى ئىلىگ بەگ»، «ئىككى تېگىن ھېكايىسى»، بۇددا، ئىسلام دىنىغا ئائىت مەزمۇنلار بىلەنمۇ ئالاقىدار بولغان

«قۇتادغۇبىلىك»، ئىسلام دىنىي ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى مەزھەپلىرى بىلەن ئالاقىدار بولغان «قىسسەسۇل رابغۇزى»، «دىۋانۇھىكمەت» قاتارلىق ۋە ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك تەزكىرىلەرنىڭ ھەممىسىدە دىن بىلەن ئەدەبىيات مۇۋاپىق ئىش تەقسىماتى قىلىۋېلىشقان. يۇقىرىقى بەدىئىي يادىكارلىقلارنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىزاھلاش ئۈچۈن، دىن بىلەن ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بەرمىگەندە، ئىدىيىدە مۇجمەللىك پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

## §28. بۇددا دىنى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىيات-سەنئەت

### 1 - بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭغا تەسىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى ئۇزاق يىللاردىن تارتىپ تاكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا ئېتىقاد قىلغان دىنلىرىنىڭ بىرى بۇددا دىنى.

بۇددا دىنى مىلادىدىن 7 ئەسىر ئىلگىرى قەدىمىي ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن. ئۇ تەخمىنەن مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدە شىنجاڭغا تەسىر قىلغان. قەشقەر، خوتەن، كۇچا، قوچۇ (تۇرپان) لار بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ۋە بۇ يەردە راۋاجلىنىشىدا مۇھىم ئورۇنلار ھېسابلىنىدۇ. خوتەندىكى ۋېسا (Vesa) جەمەتى، كۇچادىكى بەي جەمەتى، قەشقەردىكى فېي جەمەتى، بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭدىن شەرققە تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا تۆھپىسى خېلى چوڭ بولغان.

بۇددا دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە مەدەنىيەت، ئەدەبىيات-سەنئەتكە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، بۈيۈك بۇددا مەدەنىيىتىنى ئېلىپ كىردى. بۇلار ئۇيغۇر ئىدېئالوگلىرى تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتى تىكلەندى. شىنجاڭ ۋە دۇنخۇاڭدىكى «مىڭ ئۆي»لەر ھەمدە بۇددىزم ھېكايىلىرى مانا مۇشۇ مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر قىسمى. بۇددا دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، دەسلەپ قىلىپ، ئىبادەتخانا، مىڭ ئۆيلەر سېلىنغان، بۇنىڭ بىلەن بىناكارلىق ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان. مىڭ ئۆيلەرنى بۇددا ھۆرمىتىگە مۇناسىپ گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن نەققاشلىق، ئويمىچىلىق تەرەققىي قىلدى. بۇددا دىنىنىڭ ئەۋلىياسى ساكيامۇنى ۋە بۇ دىنىنىڭ راھىبلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئۈچۈن ھەيكەلتىراشلىق تەرەققىي قىلدى. ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، شەخس ۋە ۋەقەلىك رەسىم سىزىش تەرەققىي قىلدى. بۇلارنى نازۇك زىبۇزىننەتلەر بىلەن بېزەش ئۈچۈن ئالتۇن-كۈمۈش زەرگەرلىكى تەرەققىي قىلدى. قول سانائەت، ئېغىر سانائەت ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ قىياپىتىدە ئۆزگىرىش بولدى.

يۇقىرىقىدەك مەدەنىيەت تەرەققىياتى تەبىئىي يوسۇندا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. قەدىمكى دەۋردە مەدەنىي پائالىيەتلەرنىڭ كۆپرەكى تۈرلۈك دىنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇڭا زىيالىيلار قاتلىمى ئەنە شۇ دىنلارنىڭ راھىبلىرى، زاھىتلىرى، تويۇنلىرى، باخشى ۋە شەيخلىرىدىن ئىبارەت بولاتتى. ئۇلار بولۇپمۇ بۇددا دىنى زاھىتلىرى گۈزەل، مەنزىرىلىك تاغ باغىرلىرى، بۇلاق بويلىرى ۋە دەريالارنىڭ مەنبەلىرىدە ئىستىقامەت قىلاتتى. زىيالىيلار ئەنە شۇنداق جايلاردىكى ئىبادەتخانىلاردا بىر تەرەپتىن ئىستىقامەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈرلۈك تىللاردىن دىنىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلاتتى، شېئىرلار يازاتتى. نەققاشلىق ۋە رەسساملىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باراتتى. نەۋرۇز (يېڭى يىل) بايرىمى، شۇنىڭغا ئوخشاش بايرام كۈنلىرى ئىبادەتخانىلارنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەن تەقۋادار ئەر - ئاياللارغا ھەر خىل ئويۇنلارنى قويۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىنى تەشۋىق قىلاتتى. تىلسىز تىياتىر، قونچاقلىق تىياتىر، شېئىر ئويۇنى، ناخشا ۋە نەغمە - ناۋا - لار بىمەك تەرەققىي قىلغان ئىدى. بۇ ئويۇنلار ئەينى چاغدا ئىچكىرىنىمۇ ھەيران قالدۇرغان.

تۇرپاندىن تېپىلغان دىنىي مەزمۇندىكى سەھنە ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغان ئالىملار مۇنداق ئۇيغۇرچە سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ شۇ چاغدا خەنزۇچە تەرجىمىسى بولغان خۇددى شۇ مەزمۇندىكى سەھنە ئەسەرلىرىگە قارىغاندا، بەدىئىي جەھەتتىن كۆپ يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

بۇددىزم دەۋرىدە تەرجىمانلىق ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان. بۇ چاغدىكى تەرجىمانلار يالغۇز ئەسلى تېكىستىنى ئەينەن تەرجىمە قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، يەنە ئۆزى تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەردىكى چۈشىنىشكە قىيىن بولغان جايلارنى چۈشەندۈرۈپ، تەپسىر يازغان، يېڭى ئاتالغۇلارنى ئىزاھلاپ ھەر خىل تىلدىكى لۇغەتلەرنى تۈزگەن، تەرجىمىدە باشقا تىللاردىكى ئۇسلۇبلارنى سىڭدۈرۈپ، مۇكەممەللىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان. بەزى ئەسەرلەرنى، بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى سۆزمۇ سۆز تەرجىمە قىلماي، ئۆز تىلىدا قايتا يېزىپ چىققان. بۇنداق قايتا يېزىلغان ئەسەرلەر ئەخلاقىي كۆز قاراش ۋە مەنىۋى قۇۋۋەت جەھەتتىن ئەسلى ئەسەرگە قارىغاندا يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. بۇددا دىنىغا ئائىت ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۆزلىرى تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەرگە يەنە ئۆزلىرى يازغان شېئىرلارنىمۇ ئىلاۋە قىلغان، بەزىلىرى ھەتتا ئەسلىي نەسرىي ئەسەرنى ئۇيغۇرچە شېئىر بىلەن تەرجىمە قىلغان.

كۆپلىگەن ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى بۇددا دىنىنى ئىدىيىۋى ئاساس قىلىپ، ئۆز زامانىسىدىكى ۋەقەلەرنى بەدىئىي تىل بىلەن بەدىئىي، ئوبرازلىق خاراكتېرلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. يۇقىرىقىدەك ئەسەرلەر كەڭ خەلققە كۈچلۈك مەنىۋى ئوزۇق بولغان. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەن. شۇنداق قىلىپ «بۇددىزم كەڭ تارقالغان

دەۋردە شىنجاڭدا چوڭ ياشتىكى ئەرلەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ساۋاتلىق»① بولۇشتەك تەرەققىيات بارلىققا كەلگەن.

## 2- شىنجاڭدىكى بۇددىزم مىڭ ئۆي رەسىملىرىنىڭ ئەدەبىي قىممىتى

بۇددا دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن، بۇددىزم سەنئىتى (ئەدەبىيات بىلەن گۈزەل سەنئەت بىرلەشتۈرۈلگەن تەرغىبات شەكلى) ۋاستىسى ئارقىلىق يىلتىز تارتقان. بۇ جەرياندا ئەسلىدىكى بۇددىزم سەنئىتى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى، رەسساملىرى تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر بۇددىزم سەنئىتى شەكلى تىكلەنگەن. كېيىن يەنى بۇددىزم ئۇيغۇرلاردا ئېتىقادتىن قالغاندىن كېيىن، بۇددىزم سەنئىتىنىڭ ھېكايە مەزمۇنلىرى پۈتۈنلەي «قەدىمكى ئۇيغۇر رىۋايەتلىرى» گە ئايلانغان.

شىنجاڭدىكى بۇددىزم مىڭ ئۆي رەسىملىرىنى ئەدەبىياتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ، ئەدەبىيات تارىخى دەرسلىكىدە سۆزلەشتىن مەقسەت، مىڭ ئۆيلەردىكى رەسىملەرنىڭ ھەممىسى بۇددىزم كىتابلىرىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن سىزىپ چىقىلغان بۇددىزم رەسىملىرى ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، يەنى ئۇنى «رەسىملەشتۈرۈلگەن كىتاب» دەپ قارىغىنىمىزدا.

شىنجاڭدىكى بۇددىزم مىڭ ئۆي رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى خىلىلا كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى دېگۈدەك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدە «يارالمىش قىسسىسى» رەسىملىرى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، «يارالمىش قىسسىلىرى» ئومۇمەن ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ھېكايە ياكى قىسسىلەردىن ئىبارەت.

«يارالمىش قىسسىلىرى» بۇددىزم ئەدەبىياتىدىكى بىر مەزمۇن بولۇپ، ئۇ ساكيامۇنى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى بودداساتۋا (بۇددا راھىپلىرىنىڭ پىرى) بولۇش ئۈچۈن قىلغان ئىستىقامەت پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن تاللىۋېلىنغان پارچىلاردىن ئىبارەت، «يارالمىش قىسسىسى» رەسىملىرى مۇشۇ قىسسىلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن خىيالىي تەسەۋۋۇر بىلەن سىزىلغان رەسىملەرنى كۆرسىتىدۇ.

«يارالمىش قىسسىسى» دە ئەكس ئېتتىدىغان مەزمۇنلار ئاساسەن بۇددا دىنىدىكى ئىككى چوڭ مەزھەپنىڭ بىرى بولغان ھىنايانا كىچىك ھارۋىلىقلار (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «كىچىك كۆلۈڭگۈ» دېيىلگەن) مەزھىپىنىڭ ئەمىر-مەرۇپلىرىنى تەرغىپ قىلىشتىن ئىبارەت. «باقى ئالەمگە بارماق» (Piramita) نى توپ نىشان قىلغان. «باقى ئالەمگە بېرىشتىكى قىسسىلەر توپلىمى» ۋە ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋەقەلەر ساكيامۇنى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ بۇغا، ئاق قۇيرۇقلۇق بۆكە، قوڭۇر ئېيىق، كەپتەر،

① ئېيغونوۋ: «ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە جەمئىيەت تەرتىپى» X–XIV ئەسىرلەر.

توشقان قاتارلىق ھايۋاناتلارغا ئۆزگەرتكەنلىكى، كېيىن ئەجدىھا ۋە ئالتۇن قاناتلىق قۇشلارنىڭ مۇقەددەس پادىشاھىسى بولغانلىقى، يەنە ئالتۇن يۈكلۈك ھايۋان بولغانلىقى، جۈملىدىن بىر ئۆمۈر باشقىلارنى سانسىز خېيىم-خەتەر ۋە رىيازەتلەردىن خالىي قىلغانلىقىدەك ساۋاپلىق قىلمىشىنىڭ بۇدداساتۋا يوللىرى ئۇزۇن قىسسىلەر بىلەن بايان قىلىنغان. بۇلار سان جەھەتتە مىڭ خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان ۋە كېيىنچە ھىنايانا مەزھىپىدىكى رەسساملار تەرىپىدىن ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ، ھەرقايسى جايلاردىكى مىڭ ئۆيلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇ ھال رەسسىملىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى، جۈملىدىن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى مىڭ ئۆيلەردە زور تۈركۈمدىكى يارالمىش قىسسە رەسىملىرى ۋە ھەيكەللىرى بارلىققا كەلگەن. بۇ، بۇددىزمنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلغان ئىدېئولوگىيىسى. يارالمىش قىسسە رەسىملىرى سېھىرگەرلىك كۈچىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن تەشۋىق قىلماقچى بولغان بۇددا نوملىرىدىكى ۋەز-نەسىھەتلەر ھېكايە شەكلىدە يېزىلىپ، بىر خىل بۇددا سەنئىتىنى بارلىققا كەلگەن. بولۇپمۇ مىلادى II ئەسىردىن كېيىنكى دۇنياۋى خاراكتېرلىك بۇددا سىزما رەسسىملىكى، خۇسۇسەن يارالمىش قىسسىسى رەسسىملىكى تارىم ۋادىسىدا ئۆز كۈچىنى نامايىش قىلغان.

ھازىر دۇنيادا مەشھۇر ھېسابلىنىپ ساقلىنىۋاتقان يارالمىش قىسسىلىرى يادىكارلىقلىرىدىن (ئاساسلىقى رەسىم ھەيكەللەردىن) جەنۇبىي ھىندىستاندىكى ساڭچى بۇد مۇنارى، بارخۇت بۇد مۇنارى، ھىندىستانىنىڭ ۋېدىيا تېغىدىكى ئاجانتا مىڭ ئۆي ۋە تارىم ۋادىسى باي ناھىيىسىدىكى قىزىل مىڭ ئۆيىدىن ئىبارەت. شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىشكە توغرا كېلىدۇكى، بۇددىزم دۇنياۋى ھادىسە، ئۇ، ئۆز ماكانىدا بىر قېتىمدىلا مۇكەممەل شەكىلدە يارالغان ۋە تارالغان ئەمەس، قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلغان ۋە بۇددا دىنىنى ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ ئەڭ ئالىي سىمۋولى دەپ تونىغان چاغلىرىدا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىسلىسىز گۈزەل، يۈكسەك فانتازىيىگە ئىگە رىۋايەت ۋە قىسسىلىرى سىزما رەسىم ۋە ھەيكەلتىراشلىقى ئارقىلىق دۇنياۋى خاراكتېرنى ئالغان بۇددىزم مەدەنىيىتىگە نۇرغۇن بەدىئىي تۆھپىلەر قوشقان. قىزىل مىڭ ئۆيدىكى يارالمىش قىسسىلىرى رەسىملىرى ئەنە شۇلارنىڭ بىرقىسمى بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى زاماندىكى بەدىئىي تەسەۋۋۇرلىرىنى ئىپادىلەشتىكى ۋاسىتىلىرى بولغان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ-ئارمان، ھېس-تۇيغۇ، ئىرادىسىنى يارىلىش ھەققىدىكى فانتازىيىلىك تەسەۋۋۇرلىرىنى ئىپادىلەپ، ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇلار، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى، جۈملىدىن ئەدەبىيات تارىخىغا، ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

شىنجاڭ بۇددىزم مىڭ ئۆي رەسىملىرى قىسسىلىرى كۈچلۈك يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. يەنى بۇددىزم نەزەرىيىلىرىدە تەسۋىر-

لىنىدىغان ئوبرازلار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە يەرلىك رەسساملار تەرىپىدىن ئۆز مىللىتىنىڭ چىراي- شەكلىگە، پىسخىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن يارىتىلغىنىغا ئوخشاش، شىنجاڭدىكى مىڭ ئۆي بۇددىزم رەسىملىرىدىكى ئوبرازلارمۇ، ھەتتا تەڭرىلەرمۇ قەدىمىي تارىملىقلارنىڭ چىراي- شەكلى، پىسخىك ھالىتىگە تەقلىد قىلىپ سىزىپ چىقىلغان، مەسىلەن، قەدىمكى كۇچا رەسساملىرى يەرلىك خەلقىنىڭ ئەدەبىي تەسەۋۋۇرلىرى ۋە ئارزۇ- ھەۋەسلىرى ئاساسىدا دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى بۇددىزم سەنئىتى ئىجادىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، قەدىمكى كۇچانىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بويىچە، باشقا جايلارنىڭ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان «قىزىل مىڭ ئۆي رەسىملىرى» نى ياراتقان ۋە شۇ ئارقىلىق باشقا جايلارغا تەسىر كۆرسەتكەن.

دېمەك، شىنجاڭ بۇددىزم مىڭ ئۆي رەسىملىرى قىسسىلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن بۇددىزم ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي جەمئىيىتى، ئىجتىمائىي ئىدىيىسى، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ جەريانلىرىنى ئۆگىنىشتە قىممەتلىك يادىكارلىق.

## 3- كومىراجىۋا

كومىرجىۋا جۇڭگو بۇددىزمى ۋە بۇددىزم مەدەنىيىتى تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بۇددىزم ئالىمى.

كومىراجىۋا (344 — 413) تارىم ۋادىسىدىكى مەرىپەتلىك ئەل كۇسەن (كۇچا) دە خان جەمەتى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كومىراجىۋانىڭ ئانىسى جىۋا كۇچا خانىنىڭ سىڭلىسى ئىدى، ئۇ سانسكرىت تىلى ۋە باشقا بىلىملەرنى ئىرىشىپ ئۆگەنگەن ھەم ياش چېغىدىن باشلاپلا چېچىنى چۈشۈرۈپ، راھىبە بولغان. كېيىن بۇددىزم تەلىماتىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ كۆزگە كۆرۈنگەن ئايالالدىن بولۇپ قالغان. كومىراجىۋا يەتتە ياشقا كىرگەندە جىۋا ئوغلىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئۇنى باشلاپ، چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىققان. ئۇلار پامىر ئېگىزلىكى ۋە ھىندى دەرياسىدىن ئۆتۈپ كوشمىرگە كەلگەن. ئۇلار بۇ يەردە بۇددا دىنىنىڭ مەشھۇر ئۇستازى پانتۇدا دۇنى ئۇستاز تۇتقان. كۇمىراجىۋا 12 ياشقا كىرگەندە جىۋا ئۇنى باشلاپ، ياۋچىلار يۇرتى قاتارلىق جايلارغا ئوقۇشقا بارغان، غەربكە ئوقۇشقا بارغان جۇڭگولۇقلار ئىچىدە كۇمىراجىۋا ئەڭ كىچىكى، جىۋا بولسا تۇنجى ئايال ھېسابلىنىدۇ.

12 يىلدا بىلىم جەھەتتە كامالەتكە يەتكەن كومىراجىۋا شىمالىي ھىندىستاننىڭ خاقان ئوردىسىدا دانىشمەنلەر ئارا مۇنازىرىدە ئۇتۇپ چىقىپ، كاتتا شۆھرەت تاپقان. مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن يۇقىرى ئىش ھەققى، ئالىي مەنسەپ كېلىش ئامەتلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان كومىراجىۋا 365 - يىلى ئانىسى بىلەن ئانا يۇرتى كۇسەنگە قايتىپ كەلگەن.

كۇمارجىۋا دەسلەپ، بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا مەزھىپىنى ئۆگەنگەن ئىدى. بىراق 21 ياشقا تولغاندىن كېيىن، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا باشلاپ، كۆپ ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ماھايانا مەزھىپىگە ئۆتكەن ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ مەزھەپنىڭ پىرى بولۇپ قالغان.

تارىم ۋادىسىدىكى ئۇنسۇ-ۋىنسۇ (ئاقسۇ) ئېلىدىكى قابىلىيەتلىك، مۇنازىرىچى، سۆزمەن بىر مۇخلىسنى كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايلا يېڭىۋالغان. كۇمىراجىۋانىڭ داڭقى تارىم ۋادىسىنى زىل-زىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن كۇسەن ئېلىنىڭ خانى پەخىرلەنگەنلىكىدىن، ئۆزى بىۋاسىتە ئۇنسۇغا بېرىپ، ئۇنى كۈتۈۋالغان. بۇنىڭدىن ھىندىستاندىكى ئۇستازى پانتۇدادۇ تەسىرلىنىپ، ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي كۇسەنگە كېلىپ، شاگىرتىدىن ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولغان.

كېيىنچە، كومىراجىۋانىڭ شۆھرىتى ئىچكىرى ئۆلكىدىكى ھۆكۈمرانلار ۋە بۇددا ئۆلىمالىرىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغان. بىر تالاي كۆڭۈلسىزلىكلەردىن كېيىن، 401-يىلى ئۇ چاڭئەنگە ئېلىپ بېرىلىپ، 60 يېشىدا دۆلەت ئۇستازى قىلىنغان. كومىراجىۋانىڭ چاڭئەندىكى لېكسىيىلىرىنىڭ سورۇنى تازا قىزىۋاتقان خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھىندىستانلىق بىر براخمان ئىشەنگۈسى كەلمەي، كۆپ جاپا چېكىپ چاڭئەنگە كېلىپ مۇنازىرىلەشمەكچى بولىدۇ، ئۇنى كومىراجىۋانىڭ شاگىرتى يېڭىپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىچكىرىدە كومىراجىۋانىڭ داڭقى تېخىمۇ يېيىلىدۇ.

كومىراجىۋا 12 يىللىق ھاياتىنى بۇددا نوملىرىنى، بولۇپمۇ چوڭ كۆلۈڭگۈ (ماھايانا) مەزھىپىگە ئائىت دىنىي دەستۇرلارنى تەرجىمە قىلىش، شەرھلەش بويىچە ناھايىتى چوڭ شۆھرەتكە ئېرىشكەن.

كومىراجىۋا چاڭئەندە تەرجىمە-تەپسىر پائالىيىتىنى باشلىغاندا، بۇددىزم جۇڭگونىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە تارقالغىنىغا ئۈچ ئەسىر بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇددا نوم سوترالىرىنىڭ تەرجىمە سەۋىيىسى تۆۋەن، سۆز ئىشلىتىشتە بىرلىككە كېلەلمىگەن، ھەممىسى دېگۈدەك غەربىي ئەلدىكى تارىملىقلارنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلارغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كومىراجىۋاغىچە جۇڭگو بۇددىستلىرى ماھايانا مەزھىپىدىن خەۋەرسىز ئىدى. كۇمىرجىۋا ھىندىستان بۇددا سوترالىرىدىن بىۋاسىتە خەنزۇچىغا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرجىمە قىلغان ئەڭ زور، تۇنجى تەرجىمان سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان. نەتىجىدە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددا كىتابلىرى كومىراجىۋانى ئۆلچەم قىلغان ھالدا يېڭى تەرجىمە، كونا تەرجىمە دەپ پەرقلەندۈرۈلگەن.

كومىراجىۋانىڭ تۆھپىسى ئالدى بىلەن تەرجىمە ساھەسىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمە سۈپىتى يۇقىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سانىمۇ خېلىلا كۆپ ئىدى. مەسىلەن، زىڭيۇنىڭ كۆرسىتىشىچە 32 پارچە، 300 جىلد،

چاپاڭنىڭ كۆرسىتىشىچە 98 پارچە، 425 جىلد بولغان.

كومراجىۋانىڭ ئۆزى يازغان ئەسەرلىرى ھەققىدە ئانچە كۆپ مەلۇمات ساقلانمىغان. تارىخىي مەنبەلەردە ئۇنىڭ ئىككى جىلدلىق «ئالەم ھەقىقەتلىرى» ناملىق ئەسەر يېزىپ خان ياۋشىڭغا بۇددىزم تەلىماتىنى تونۇشتۇرغانلىقى مەلۇم. ئەپسۇسكى بۇ ئەسەر يوقىلىپ كەتكەن. بۇلاردىن باشقا ئۇ «ۋجراھىددىكاسوترا» (ئالماس تەمسىل قىلىنغان نوم) غا، «ۋىماسوترا» غا شەرھىي ئەسەر يازغان بولۇپ، ئالدىنقىسى يوقالغان، كېيىنكىسىنىڭ تولۇقسىز سەھىپىلىرى ساقلىنىپ قالغان. كېيىنكى كىشىلەر توپلىغان «كومىراجىۋا باخشىنىڭ ئۇلۇغ پىكىرلىرى» ناملىق كىتابتا (يەنە بىر نامى «ماھايانامەزمۇنلىرى») كومىرجىۋانىڭ راھىب خۇييۈەنىنىڭ 18 تېمىلىق سوئالىغا بەرگەن جاۋابى ساقلىنىپ قالغان.

كومىراجىۋا شېئىر يازاتتى. ئۇنىڭ «ھېكمەتلىك باخشىغا نەزىرە» دېگەن شېئىرى بىلەن «ئون تەمسىل» ناملىق شېئىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. جۇڭگو بۇددىزم تارىخىدىكى كۆرۈنەرلىك نامايەندە، ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئەدىبىيە، دىن تارىخىدىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر كومىراجىۋا 70 يېشىدا ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۆھپىسى ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن مەڭگۈ يادلىنىپ تۇرۇلماقتا.

# VIII باب

# قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت

## § 18. ئومۇمىي چۈشەنچە

### 1 - سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋال

قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى (850 — 1250- يىللار) دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ھاياتىدا تۈپلۈك ئۆزگىرىش بولغان دەۋرلەرنىڭ بىرى. تۇرپان ۋادىسى ئەشۇ دەۋردە شەرق بىلەن غەربنىڭ سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تۈگۈنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغانلىقى بۇ رايوندا يۈكسەك بىر مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولغانىدى. ئەمگەكچان ۋە ئىجادكار ئۇيغۇر خەلقى ئەقىل-پاراستىگە تايىنىپ رەڭگا-رەڭ ۋە مول مەدەنىيەت ياراتقان. بۇ، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ تاكامۇللاشقان. قوچۇ خانلىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋرلەردە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايوندا تاڭ سۇلالىسى ئىچكى ئىسياننى تىنجىتىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، غەربكە كۆڭۈل بۆلۈشكە چولىسى تەگمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز دەۋرىدە خېلىلا كۈچلۈك ھېسابلانغان تىبەتلىكلەر ئىچكى توپىلاڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ، قوشنا خەلقلەر بىلەن كارى يوق بولۇپ قالغان. تۇرپان ۋادىسى، جۈملىدىن كۈچانىڭ يۇقىرىسىدىن باشلاپ شىمالىي شىنجاڭ رايوندا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئەڭ كۈچلۈك خەلق بولۇپ، باشقا قەبىلىلەرنىڭ ھاكىمىيەتكە خىرىس قىلىش ئىقتىدارى يوق ئىدى. ئىچكى-تاشقى ئامىللاردىكى مۇنداق پايدىلىق شەرت-شارائىتلار قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى پايدىلىق ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىن ئەتتى.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشى جانلىنىپ، ئاسىيادىكى ساناقلىق دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەدرىجى، شەرقتە لياۋ (كىتان)، شىمالىي سۇڭ، تاڭغۇتلار بىلەن، غەربتە رىم، ئىران، ئەرەب، ھىندىستانلار بىلەن سودا ئالماشتۇرۇشنى جانلاندۇردى.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىش قىزغىنلىقى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن شەرق ۋە غەربنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ماھىرلىق بىلەن قوبۇل قىلدى. تۆرلۈك ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ ئەركىن قانات يېيىشىغا يول قويۇلدى. بۇددا، مانى، خىرىستىيان قاتارلىق دىنلار خالىغانچە ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتەتتى. يەرلىك مۇتەپەككۇر ۋە ئىجادكارلارلا ئەمەس، بەلكى ئىلىم-مەرىپەت ئىزدەپ كەلگۈچى سىرتقى كىشىلەرنىڭ ئىنتىلىش، مېھنەتلىرىمۇ ئالاھىدە قەدىرلىنىشكە مۇيەسسەر بولۇپ تۇراتتى. مانا مۇشۇنداق بىر قاتار سەۋەبلەر قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا مول مەزمۇنلۇق، رەڭگا-رەڭ مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

## 2- ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقىدا ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا تېز بولدى. بۇ چاغدىكى ئەدەبىيات-سەنئەتنى دىنىي ئەدەبىيات ۋە دۇنياۋى (رېئالىستىك) ئەدەبىيات تەشكىل قىلاتتى.

دىنىي ئەدەبىيات بۇددا، مانى، خىرىستىيان ۋە باشقا دىنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ چاغدا ئەدىب ۋە ئۆلىمالار دىنىي كىتابلارنى كۆچۈرۈپ تارقىتاتتى، تەرجىمە قىلاتتى، ئەسلى كىتابنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن تەقلىدىي ئەسەر يېزىپ چىقاتتى؛ دىنىي مەزمۇن قىلغان شېئىرلارنى يازاتتى. دىنىي تەشۋىق قىلىدىغان مەدداھلىق، دراماچىلىق يولغا قويۇلاتتى. بەشبالىقلىق ئاتاقلىق بۇددىزم نومشۇناسى ۋە تەرجىمان سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ «ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق كىتابلارنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان بولسا، مەشھۇر تەرجىمان پىرتانىراكشىت (Pirtanrakxit) 27 پەردىلىك يىرىك دراما «مايتىرى-سىمىت»نى قەدىمكى كۈچا، قاراشەھەرلىكلەرنىڭ «ئاتالمىش توخرى تىلى» دىن قەدىمىي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. يەنە «چىستانى ئىلىگ بەگ»، «ئىككى تېگىن ھېكايىسى»، «ياغاشچى بىلەن رەسسام» قاتارلىق ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلغان.

ئاپرىنچور تېگىن، پىراتيايا، ئاسىخ تۇتۇڭ، چىسۇۋا تۇتۇڭ، ئاتساڭ، قالىم قايشى، كىكى قاتارلىق كىشىلەر قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى بۇددىزم ۋە مانى دىنىي مۇھىتىدا يېتىشىپ چىققان ئۇيغۇر شائىرلىرى ئىدى.

قوچۇ دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار دىنىي ئەدەبىيات بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ قالماستىن، بەلكى دۇنياۋى ئەدەبىياتقىمۇ يۈزلەنگەن. بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن غەيرىي دىنىي ئەدەبىياتتا بىلىم، پەند-نەسىھەت، مۇھەببەت قاتارلىقلار تەسۋىرلەنگەن. ئىلغار خاھىشچانلىققا ئىگە ئەسەرلەرمۇ بار.

قوچۇ دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. ئۇ گرامماتىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتە مۇكەممەللەشتى، لېكسىكىسى بېيىدى، ئىنچىكە مەسىلىلەرنى نازۇك ھېس - تۇيغۇ، قىيىن دىنىي ئاتالغۇ، ئابستراكت سىياسىي ئۇقۇم، مۇرەككەپ نەزەرىيىۋى ئىبارىلەرنى نىسبەتەن توغرا ئىپادىلەيدىغان دەرىجىگە يەتتى. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي، سىياسىي، دىنىي، ئىقتىسادىي، تارىخ، ئېتنوگرافىيە، پەلسەپە قاتارلىق ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك يازما يادىكارلىقلار مەملىكىتىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىمۇ مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئىلىمىزنىڭ شان - شەرىپىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشتە بىر كىشىلىك ھەسسە بولۇپ قوشۇلدى.

## § 2. قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى

### 1 - شېئىرىيەت ھەققىدە

قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلدى. مۇشۇ دەۋر بىلەن ئالاقىدار بولغان شېئىرلار قوچۇ — تۇرپان، بەشبالىق ۋادىلىرىدا يېزىلغان ۋە كۆچۈرۈلگەن. بۇلار سان جەھەتتە كۆپ، ھەجمى جەھەتتە زور بولۇپ، ئازادلىقتىن بۇرۇن ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان ئەسلى نۇسخىلىرى چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلۈپ ئېلىپ كېتىلگەن.

شېئىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆز زامانىسىدا ياشىغان ئۇيغۇر شائىرلار ئىجاد قىلغان ۋە رەتلىگەن. يەنە بىر قىسمىنى بولسا، باشقا تىللاردىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇنداق شېئىر، قوشاقلار شۇ دەۋرلەردە يېزىلغان، تەرجىمە قىلىنغان ياكى كۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى شېئىر، قوشاقلار دىنىي كۆز قاراش ۋە رېئال تۇرمۇشنى مەزمۇن قىلغان. دىنىي كۆز قاراشنى مەزمۇن قىلغان شېئىر، قوشاقلار ئاساسەن بۇددا ۋە مانى دىنى ئىدىيىلىرىنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلغان. چۈنكى قوچۇ دەۋرىدە بۇددا ۋە مانى دىنلىرى ئىدېئولوگىيە ھۆكۈمران سۈپىتىدە رول ئويناۋاتاتتى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت بۇ دىنلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما دىنىي مەزمۇندىكى بۇنداق شېئىر، قوشاقلاردا يەنىلا رېئال تۇرمۇش ئېلېمېنتلىرىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇڭا بۇلارنى پۈتۈنلەي دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەر دېيىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، «دالا ناخشىسى» دېگەن شېئىرلار توركۈمىدىكى «شۇنداق ئورۇنلاردا» دېگەن بىر شېئىرنى مىسال قىلىپ

سۆزلەيدىغان بولساق، بۇ شېئىردا زاھىتلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن، ئۆز نۆۋىتىدە بۇ دىنىي ئەسەر دەپ قارىلىدۇ، لېكىن، تەبىئەت تەسۋىرى ۋە تەبىئەت بىلەن ئىنسان روھى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى سۆزلەش بۇ شېئىرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى قىلىنغان. يەنى ئىستىقامەتتە ئولتۇرغان زاھىتلارنىڭ روھىي ھالىتىنى ۋە زاھىتلار ئىستىقامەت قىلىدىغان جىلغىلار، ئورمانلىقلار، دەريا بويلىرى ۋە كۆل بويلىرى جانلىق تەسۋىرلەر بىلەن سۈرەتلەپ بېرىلگەن. بۇ شېئىر مىڭ يىللار بۇرۇنقى قوچۇ رايونىدىكى مەنزىرە (بېزەكلىك، بولىيۇق، تۇيۇق) ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنى (بولۇپمۇ، ئۆلىمادانىشمەنلەر ھاياتىنى) كۆز ئالدىمىزغا قايتا نامايەن قىلىپ بېرەلەيدۇ.

رېئال ھاياتتىكى ۋەقە ۋە ھادىسىلەر مەزمۇن قىلىنغان شېئىر، قوشاقلار يەنى دۇنياۋى تېمىدىكى ئەسەرلەر بولۇپ، بۇلاردا ئاساسەن بىلىم، پەندى - نەسىھەت، مۇھەببەت، ئادىل شاھ قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلغان.

بىلىم مەزمۇن قىلىنغان شېئىرلاردا ئىنساننىڭ بىلىم ئۆگىنىشى كېرەكلىكى سۆزلەنگەن. پەقەت بىلىم ئىگىلىگەندىلا ئادەم بەختلىك بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ ھەم ئوبرازلىق ئوخشۇتۇشلار بىلەن بىلىملىك ئەر بىلىگە بىر قاراتاش قىستۇرۇۋالسا، ئاق قاش تېشىغا ئايلىنىدۇ، بىلىمسىز ئالتۇن قىستۇرۇۋالغان بولسا، تاشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ، دېگەن پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇش ئارقىلىق بىلىملىك بىلەن ناداننىڭ پەرقى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. پەندى - نەسىھەت خاراكتېرىدىكى شېئىرلاردا گۈزەل ئىنسانىي ئەخلاق مەدھىيىلەنگەن، ناچار قىلمىشلارنى قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن. بۇلارنىڭ تېمىسى خېلىلا كەڭ بولۇپ، تۇرمۇشتىكى خىلمۇ خىل ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، «پەزىلەتلىك كىشى خۇددى گۆھەرگە ئوخشايدۇ، پەزىلەتسىز كىشى گويا يۆتۈك ئىچىدىكى ئۇلپاق (پىتەك) قا ئوخشايدۇ» دېگەن بۇ شېئىردا ئىنسان بالىسىغا ئومۇمىي بولغان شەخسى خاراكتېر توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈلگەن بولسا، «ھەقىقەت توغرا بولسا، ئۇنىڭغا جانىنى بېرىش كېرەك. ھەقىقەت مەڭگۈ ھەقىقەتتۇر. ھەقىقەت ئاتقان ئوق، ئۇنىڭغا يەنە نېمە دېيىش كېرەك» دېگەن شېئىردا رېئال تۇرمۇش لوگىكىسى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈلگەن. ئەندى «ئەيىپسىز ئايالىلارغا، ئەرلەر بويىنىنى ئېگىش كېرەك، ئۇنداق ئەخلاقلىق ئايال بىلەن ئۆمۈر بويى ئۆتۈش كېرەك» دېگەن مەزمۇندىكى شېئىردا جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى بولغان ئائىلىدىكى ئەر - ئايالنىڭ ئىناق ۋە باراۋەرلىك ئەخلاقىي نورمىسى ئاساسىدا ھايات ئۆتۈش تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىشلىرى ئوبرازلىق بايان قىلىنغان.

مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئەسەرلەر ئاساسەن ئەر - ئاياللار ئارىسىدىكى سۆيگۈ - مۇھەببەتكە قارىتىلغان. بۇنداق شېئىرلار كىشىلەردە ئىلھاملىنىش ھېسسىياتىنى ئىختىيارسىز پەيدا قىلىدۇ.

ئادىل شاھ غايىسى مەزمۇن قىلىنغان شېئىر، قوشاقلار قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرىيە -

تىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. قەدىمدىن ھازىرغىچە، چەت ئەللەردىن ئىلىمىزگىچە، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تەقدىرى ئادىل شاھنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس ئالاقىدە بولۇپ كەلدى. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىدىنى ئادىل شاھقا باغلاپ تۇردى. قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئادىل شاھنى مەدھىيىلەيدىغان شېئىرلارنى ئىجاد قىلىپ، ئەدەبىياتنىڭ خاھىشچانلىقىنى ئاشۇرغان. دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بۇنداق مەزمۇندىكى شېئىرلارنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى، پادىشاھقا مەدھىيە ئوقۇغاندا قۇرۇق، كۆپتۈرمە مەدھىيە ئەمەس، بەلكى پادىشاھنىڭ ئىززەتلىنىشىگە تېگىشلىك رولى قەيەردە، بۇ مەسىلە روشەن ئوبرازلار بىلەن تەسۋىرلەنگەن.

قوچۇ ئۇيغۇر دەۋرىدىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكىدىن قارىغاندا، شېئىرىيەت بىلەن شۇغۇللانىدىغانلار خېلى كۆپ بولغان. ئەپسۇسكى، ئۇلاردىن پەقەت ئاپرىنچور تېگىن، پىراتيايا، ئاسىخ توتۇڭ، چىسۇۋا توتۇڭ، ئاتساڭ، قالىم قايشى، كىكى قاتارلىق ئالتە نەپەر شائىرنىڭ ئىسمى ۋە ئۇلارنىڭ نامى بىلەن باغلانغان بىر تۈركۈم شېئىرلار ئېنىقلىنىپ چىقىلدى.

بۇ دەۋرگە ئائىت شېئىرلار ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا يېزىلغان؛ ئاز ساندىكى شېئىرلار مانى يېزىقى (تىلى قەدىمكى ئۇيغۇرچە) دا يېزىلغان. شېئىرلارنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە كەلسەك، ئاساسەن باش قاپىيە ۋە باش - ئاياق قاپىيىدە يېزىلغان. باش قاپىيىلىك شېئىرلاردا ئاياق قاپىيە ۋە بوغۇم تۇراقلىرى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمىغان. باش - ئاياق قاپىيىلىك شېئىرلاردا ئىزچىللىق جەھەتتە يەنىلا باش قاپىيە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ شېئىرلار ئىچىدە ھەر كۇپلېتى ئۈچ مىسرالىق، تۆت مىسرالىق، ئالتە مىسرالىق، سەككىز قىسرالىق شېئىرلار بار بولۇپ، ھەربىر شېئىرنىڭ كۇپلېتلىرىنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرى كۆپىنچە قاپىيىداش چۈشۈرۈلگەن.

قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدە شېئىرنىڭ بىرقانچە ژانىرلىرى بولغان. بۇلار قوشۇغ، قوژان؛ قوشما، قاقشۇت، تاقماق، ئىر (يىر)، كوگ، شلوك، پاداك، كاۋى، باش (باشىق) دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان.

## 2 - ئاپرىنچور تېگىن

ئاپرىنچور تېگىن قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىق دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر. شۇنداقلا، ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا شېئىر يازغان ئەڭ قەدىمكى شائىرلارنىڭ بىرى.

ئاپرىنچور تېگىننىڭ تەپسىلى تەرجىمىھالى ھەققىدە مەلۇمات يوق. ئۇنىڭ نامى بىلەن باغلانغان ئىككى پارچە شېئىرى قوچۇ (تۇرپان) دىن تېپىلغان، بۇلار قەدىمى ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن. مانى دىنى مۇھىتىدا يېتىشىپ چىققان شائىرنى تەتقىقاتچى-

لار VIII — IX ئەسىرلەردە ياشىغان دەپ قاراشماقتا.

باش- ئاياق قاپىيىلىك شېئىر يېزىشنىڭ ئۇستىسى ئاپرىنچور تېگىننىڭ ئىككى شېئىرىنىڭ بىرى ۋىسال ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شېئىر بولۇپ، قەدىمى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئىچىدە سۆيگۈ — مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئۇبدان نەمۇنە. شائىر بۇ شېئىردا سۆيۈملۈك مەھبۇبىنى ئەسلىگەنلىكىنى سەممىي لىرىك ھېسسىيات بىلەن بايان قىلغان. شېئىرنىڭ سۆز، جۈملىلىرى ئوبرازلىق، شەكلى ئۆزگىرىشچان، ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئېنىق. شېئىرنىڭ ھەربىر كۇپلېتى ئۈچ مىسرالىق، جەمئىي يەتتە كۇپلېت، باش ۋە ئاياق قاپىيىدە يېزىلغان.

## §3. قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدىكى نەسرى ئەسەرلەر

### 1 - ئومۇمىي بايان

قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدىكى نەسرى ئەسەرلەرنى ئاساسەن تەرجىمە ئەسەرلەر تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئورخۇن دەۋرى (552 — 840) دا ئۇبدانلا تەرەققىي قىلغان مەڭگۈ تاش ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزگىچە بىر خىل ئىپادىسى ئىدى.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرى مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەتنى، جۈملىدىن دىنىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، باشقا خەلقلەرنىڭ، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت گەۋدىسىنى ھاسىل قىلىشقا قاتنىشىۋاتقان ئاتالمىش غەيرى تىللىق بىر قىسىم خەلقلەرنىڭ تىللىرىدا يېزىلغان دىنىي مەزمۇندىكى ۋە دۇنياۋى مەزمۇندىكى بەزى ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان ئىدى. بۇنداق ئەسەرلەر خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنىغا ئائىتلىرى ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇندىن قالسا، مانى دىنى ۋە نېستورىيان دىنىغا ئائىت ئەسەرلەرمۇ بار. تېپىلغان بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەت ئەللەردە ساقلانماقتا. قەدىمى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددىزىم كلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزى كاتتا ئەدەبىي ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلاردا قىزىقارلىق ۋە تەسىرلىك ھېكايە- قىسسەلەر، رىۋايەتلەر ۋە تەمسىللەر بايان قىلىنىش ئارقىلىق بۇددا دىنى تەشۋىق قىلىناتتى. ئۆز زامانىسىدا بۇنداق ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈش ساۋابلىق ئىش سانالغاچقا، ئۇلارنىڭ كىشىلەرگە بولغان تەسىرىمۇ كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا بۇ ئەسەرلەر قەدىمى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى قەدىمكى ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ زور رول ئوينىدى. بۇلارغا «ئىككى تېگىن ھېكايىسى»، «ئالتۇن يارۇق»، «چىستانى ئىلىگ بەگ» قاتارلىق ئەسەرلەرنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇ دەۋردە خىرىستىيان دىنىغا دائىر ھۆججەتلەرمۇ تەرجىمە قىلىنغان. خىرىستىيان دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئىنجىل» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە پارچىلىرى تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان بولۇپ، بۇلار ھازىر چەت ئەللەردە ساقلانماقتا.

باشقا خەلقلەرنىڭ دۇنياۋى تېمىدىكى ئەسەرلىرىدىن بىر قىسمى مۇشۇ قوچۇ ئۇيغۇر دەۋرىدە تەرجىمە قىلىنغان. مەسىلەن، ھىندى خەلق رىۋايەتلىرىدىن «ياغاچچى بىلەن رەسسام» قوچۇ ئۇيغۇر دەۋرىنىڭ ئالدى-كەينىدە شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. «ئىزوپ مەسەللىرى» مۇشۇ دەۋردىلا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

## 2-سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ ۋە «ئالتۇن يارۇق»

### 1. سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭنىڭ ھايات پائالىيىتى

سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق تەرجىمان ۋە ئەدىب، جۈملىدىن ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت ئەربابى. «ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنجاڭنىڭ تەرجىمھالى» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمانى.

سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ — بەشبالىق (ھازىرقى جۇڭغارىيە ۋادىسىدىكى جىمسار تەۋەسىدە) تا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئادەم بولۇپ، X ئەسىرلەردە ياشىغانلىقى پەرەز قىلىنىدۇ. ئۇ قەدىمى ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن، بۇددا نوملىرى ھەققىدە مول مەلۇماتى بار، تەرجىمانلىقتا ياخشى ماھارەت ئىگىلىگەن، ئەدەبىياتتىن ئوبدان خەۋىرى بار كىشى ئىدى.

سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭنىڭ تۆھپىسى ئاساسەن تەرجىمە ساھەسىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكى بىرقانچە ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان.

(1) «ئالتۇن يارۇق»

(2) «شۈەنجاڭنىڭ تەرجىمھالى»

(3) «سەككىز يۈگمەك» (؟)

(4) «ئەت، ئۆزۈگ كۆڭۈل-ئۆگ كۆرمەك ئاتلىغ نوم-تەننى، كۆڭۈلنى-كۆرمەك ئاتلىق نوم» (پارچە)

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىرقانچە نوم پارچىلىرىمۇ تېپىلغان بولۇپ، بۇلارنى سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان.

سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ بۇ تەرجىمە ئەسىرى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يېتىشكەن ئۇستىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان. مەسىلەن، «ئالتۇن يارۇق» نىڭ خەنزۇچە تېكىستىدىكى ماخاساتۋى تېگىنىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئوقۇغان ھەر مىسراسى يەتتە خەتلىك بىر كۇپلېت مەرسىيە شېئىرىنى ئۆلۈك تەرجىمە قىلماستىن، قەدىمى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى قوشاق شەكلىگە سېلىپ، تۆت مىسرالىق ئىككى كۇپلېت، تىلى ساددا، مەزمۇنى چوڭقۇر، ھېسسىيات تولۇق ئەكس ئەتكەن قوشاق قىلىپ ئىجادىي تەرجىمە قىلغان. رىۋايەتتىكى ئوبرازلار ئاغزىدىن ئېيتىلىدىغان

سۆزلەرنىڭ ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك، جۈملىلىرىنىڭ ئاخىرى كۆپىنچە قاپىيىداش بولۇپ، شېئىرنى تىلغا يېقىنلاشتۇرۇلغان. ئەسەر گەرچە خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى سانسكرىتچە نام ئاتالغۇلار قەدىمى ئۇيغۇر تىلى فونېتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن ھالدا توغرا ئېلىنغان. شۇنىڭغا قاراپلا تەرجىمان ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشتا يالغۇز خەنزۇچە نۇسخىغىلا ئاساسلانماي، بەلكى ئەسەرنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى ياكى توخرى تىلىدىكى نۇسخىلىرىدىنمۇ پايدىلىنىپ، ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن ئىش قىلغان دېگەن خۇلاسىنى چىقارغىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

## 2. «ئالتۇن يارۇق» قانداق ئەسەر؟

«ئالتۇن يارۇق» قىسقارتىلغان ئىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمى ئۇيغۇرچە تولۇق ئاتىلىشى «ئالتۇن ئۆڭلۈك يالترىقلىغ قوپتا كۆترۈلمىش نوم ئىلىگى ئاتلىغ نوم بىتىگ (ئالتۇن رەڭلىك نۇرلۇق - يالتىراقلىق، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى ئاتلىق نوم پۈتۈك)».

«ئالتۇن يارۇق» نىڭ 10 ۋاراقلىق بىر نۇسخىسى، 397 ۋاراقلىق بىر نۇسخىسى قاتارلىق بىرقانچە نۇسخىسى بار. بۇ ئەسەر خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇددا دىنى ئەقىدىسى تەشۋىق قىلىنىدىغان ھېكايىلەر، قىسسىلەر سۆزلەنگەن، ئەسەردىكى مۇھىم رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە چامبۇ دىۋىپ (سانسكرىتچە Jambudripa) ئېلىنىڭ خانى ماخارادى (Maharatha) نىڭ كەنجى ئوغلى ماخاساتۋى (Mahasattra) تېگىنىنىڭ يەتتە ئەنۈكى (ئەنۈك - قەدىمى ئۇيغۇرلار يولۋاس بالىسىنى شۇنداق ئاتايدۇ) بىلەن جاڭگالدا ئاچ قېلىپ ئۆلەر ھالەتكە يەتكەن چىشى يولۋاسنى ئۆز جېنىدىن كېچىپ گۆش ۋە قېنىنى ئۇلارغا ئوزۇقلۇق قىلىپ بېرىپ، ئۆلۈمدىن قۇتقۇلدۇرغانلىقى ناھايىتى تەسىرلىك بايان قىلىنغان. رىۋايەتتە، بۇددا دىنىنىڭ «ئۆزىنى قۇربان قىلىپ باشقا جانلىقلارنى قۇتقۇلدۇرۇش» ئەقىدىسى ئابستراكت سۆز - ئىبارىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى خىلمۇ خىل بەدىئىي ۋاسىتىلار، چۈچۈك ھەم راۋان تىل، روشەن خاراكتېرگە ئىگە ئوبرازلار ئارقىلىق ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

## 3 - ئىككى تېگىن ھېكايىسى

«ئىككى تېگىن ھېكايىسى» (كالىيانامكارا ۋە پاپامكارا) نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر قەدەر تولۇق نۇسخىسىنى فرانسىيىلىك پېللىئوت (P.plliot) 1907 - 1909 - يىللىرى ئارىلىقىدا دۇنخۇاڭ مىڭ ئۆيلىرىدىن تاپقان بولۇپ، ھازىر «پارىژ مىللىي كۇتۇپخانىسى» دا ساقلانماقتا. بۇ نۇسخا كىچىك كىتابچە شەكلىدىكى قول يازما بولۇپ، ھەجمى 11×14 سانتىمېتىر، جەمئىي 80 بەت، ھەربىر بېتىگە 7 - 8 قۇر

خەت يېزىلغان، لېكىن باش - ئايىغى تولۇق ئەمەس. شۇڭا بۇ ھېكايىنىڭ قايسى تىلدىن ۋە كىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

«ئىككى تېگىن ھېكايىسى» نىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكى مۇنداق:

سەيلىگە چىققان ئاق نىيەت تېگىن كۆپلىگەن جاپاكەش جانلىقلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنى جاپا - مۇشەققەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاتىسى ماخارىتتىن ئېلىگنىڭ خەزىنىسىدىكى بايلىقلارنى نامراتلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ. لېكىن خەزىنىدىكى بايلىق بىلەن پۈتۈن جاپاكەشلەرنى قۇتقازغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ مال - دۇنيانىڭ مەنبەسى بولغان دېڭىز ئاستىغا چۈشۈپ ئەڭگۈشتەر، ئۈنچە - مارجانلارنى ئېلىپ چىقىپ نامراتلارغا تارقاتماقچى بولۇپ دېڭىزغا بارىدۇ. ھەم نۇرغۇن جاپالارنى تارتىپ ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ چىقىدۇ. بىراق ھەسەتخور ئىنىسى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرمەي قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئاكىسىنىڭ ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇپ تاشلاپ، ئەڭگۈشتەرنى ئېلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتىسىنىڭ يېنىغا مەن تاپتىم دەپ ئاپىرىدۇ، ئاكىسىنى بولسا ئۆلدى دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ئاق نىيەت تېگىن بىر پەرىشتىنىڭ يول باشلىشى بىلەن خەلق ئارىسىغا كىرىپ بىر تەرەپتىن ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ پۇل تاپسا، يەنە بىر تەرەپتىن، سەدىقە يىغىپ پۇل تېپىپ نۇرغۇن نامراتلارنى ئاچ - زارلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. ئەقىل - پاراستى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرگە يول باشلاپ ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ. كىشىلەر ئۇنى بارغانسېرى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، قارا نىيەت تېگىننىڭ سۇيىقەستىدىن گۇمانلانغان ئاتىسى ماخارىتتىن ئېلىگ ئۇنى زىندانغا تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېكايە ۋەقەلىكى ئاخىرلىشىدۇ.

دېمەك، باش قەھرىمانى باراناس شەھەر دۆلىتىنىڭ خانى ماخارىتتىنىڭ چوڭ ئوغلى ئەدگۈ ئۆگلى تېگىن (ئاق نىيەت شاھزادە) بۇددا دىنىنىڭ «باشقىلارنى قۇتۇلدۇرۇش» ئىدىيىسىنىڭ ئەمەللەشتۈرگۈچىسى سۈپىتىدە ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، ئەقىل - پاراسەتلىك، باتۇر قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭ ئىنىسى ئايىغ ئۆگلى تېگىن (قارا نىيەت شاھزادە) بولسا، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى، سۇيىقەستچى، ھىيلىگەر ۋە قەبىھ ئوبراز قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ھېكايىدا بۇ ئىككى ئوبرازنىڭ سېلىشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنىشى ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ۋە روھىي دۇنياسىنى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاق نىيەت تېگىن ئوبرازىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ھېكايىنىڭ جەلپ قىلىش ۋە تەسىر قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغان. ھېكايە تىلىنىڭ ناھايىتى راۋانلىقى، قەدىمىي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلغا خاس بەدىئىي ۋاسىتىلارنىڭ خىلمۇ خىللىقى، نۇرغۇن جۈملىلەرنىڭ قاپىيىلىك ۋە ئاھاڭدار چۈشۈرۈلۈشى ھەم ئاساسلىق ئىككى ئوبراز نامىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئېلىنىشىغا قاراپ، بۇ ھېكايىنى توخرى تىلى (قەدىمكى كۇچا ياكى قەدىمكى قارا شەھەر تىلى) دىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەنگەن دېيىش مۇمكىن. توخرى تىلىدىن دېيىشىمىزدىكى سەۋەب «باراناس» دېگەن

شەھەر نامى توخرى تىلىدىكى «Baranas» دېگەن نامدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن بولۇپ، «Baranas» سانسكرىتچە Varanasi («دەريا ئايلىنىپ ئۆتكەن شەھەر» دېگەن مەنىدە) دىن كەلگەنلىكىدىندۇر.

## 4 - چىستانى ئىلىگ بەگ

«چىستانى ئىلىگ بەگ» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى گېرمانىيىنىڭ ئۇچىنچى قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى (1905 - 1907 - يىللار ئارىلىقىدا) تۇرپاندىن تاپقان بولۇپ، ھازىر غەربىي بېرلىندە ساقلانماقتا. بۇ ئەسەرنىڭ باش - ئايىغى تولۇق بولمىغاچقا (ساقلىنىپ قالغىنى 318 قۇر)، قايسى تىلدىن ۋە كىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

ئەسەرنىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكى مۇنداق: قەدىمىي ھىندىستاندىكى ئۇچايان (Ujjayini) بالىق دېگەن مەلۇم بىر شەھەردە تەلەتى قورقۇنچلۇق، ياۋۇز يەك، شەيتانلار ئادەملەرنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىپ، ۋەھشىلىك بىلەن قىرىپ تاشلايدۇ. خەلق بېشىغا ئېغىر بالايى - ئاپەتلەر كېلىدۇ. بۇ ئىشلارنى ئۇققان شەھەرنىڭ ئىلىگ بېگى چىستانى (Caastna) بارلىق كۈچىنى يىغىپ، ياۋۇز يەكلەرگە قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ. ئۇ يۈرىكىنى توختىتىپ، باتۇرلار بېگىمدەك قورقمايدىغان، ئەيمەنمەيدىغان جاسارەتكە كېلىدۇ - دە، قەبىھ يەكلەرنىڭ سۈيىقەست، تەھدىتلىرىنى قەيسەرلىك بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرىدۇ. بارلىق يەكلەرنى تارمار كەلتۈرۈپ، ئۆز خەلقىنى دەھشەتلىك بالايى - ئاپەتتىن قۇتقۇزىدۇ.

ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى چىستانى ئىلىگ بەگ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز بېشىغا چۈشكەن دەھشەتلىك بالايى - ئاپەت ۋە كېسەللىك ئاپىتىنى توپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىش ئارزۇسىغا ھەم ئۈمىد - ئىشەنچىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەسەردە ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق، ۋەھشىي ۋە ئىنتايىن ھىيلىگەر يەكلەر ئۈستىدىن پاراسەت، باتۇرلۇق بىلەن غەلىبە قىلغانلىقى ھەر خىل بەدىئىي ۋاسىتىلار بىلەن قىزىقارلىق، تەسىرلىك ۋە جانلىق بايان قىلىنغان.

«چىستانى ئىلىگ بەگ» ھېكايىسىنىڭ ئەسلى ۋەقەلىكى ھىندى خەلق ھېكايىلىرىدىن ئېلىنغان. كېيىن بۇددا قىسسىلىرىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان. ئۇيغۇرلار بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىكلەر ئۇيغۇرلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن ناھايىتى ئاسانلا ئورتاقلىشىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئىپادىلىگۈچى مەنىۋى قورالغا ئايلانغان.

«چىستانى ئىلىگ بەگ» ھېكايىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بۇددىزم ئەقىدىلىرى بىلەن ئالاقىدار بولسىمۇ، لېكىن، دىنىنىڭمۇ ئەسلى مەنبەسى رېئال ئىجتىمائىي ئەھۋاللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىنىدەك، بۇ ھېكايىدىكى ۋەقەلەرمۇ رېئال ئىجتىمائىي

هادىسىلەر بىلەن ئورتاقلىقى ئىگە. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خىلمۇ خىل تەبىئىي، ئىجتىمائىي ئاپەتلەر بولۇپ تۇرغان، ئەلۋەتتە. بۇنداق شارائىتتا، كىشىلەر ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇشنى، شۇنداقلا بىرەر قۇتقازغۇچىنىڭ بەختكە ئېرىشتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى. دىنغا چوڭقۇر ئىخلاس قويغان خەلق ئاممىسى، ئۇنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇۋېتىپ، غايىۋىي مەزمۇنلىرىدىن چەكسىز زوقلانغان. شۇنداق بولغاچقا، بۇددىزىم ھېكايىلىرىدىكى قەھرىمان چىستانى ئىلىگ بەگنىڭ ئۇلۇغۋار سىماسى ئۇيغۇرلارنى ئىلھاملاندۇرغان، ئاخىرى، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى بۇ ئەسەر ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان بولغان.

دېمەك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادىللىق، ئالىيجانابلىق، ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىش قىلىش، باتۇرلۇق ۋە ئۈمىدۋار بولۇش روھى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇلغان «چىستانى ئىلىگ بەگ ھېكايىسى» ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ ئوبدان ئۈلگىسى بولالايدۇ.

## §4. قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر دراماچىلىقى

### 1 - ئومۇمىي بايان

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دراما، مۇزىكا-ئۇسسۇل سەنئىتى ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىلا شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇددا دىنىنىڭ كىرىشى بىلەن يېڭى تەرەققىيات يولىغا كىرگەن. قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە دراماچىلىق تېز يۈكسەلگەن. سۇڭ سۇلالىسى (960 — 1279) ئەلچىسى ۋاڭ يەندى (939 — 1006) «قوچۇغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: «توققۇزىنچى ئايدا قوچۇ خاقانلىقىنىڭ شاھزادىسى ۋە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغۇچى ۋەزىرلەر بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇلار سوغىلارنى ھۆرمەت بىلەن قوبۇل قىلدى. بىرەيلەن شاھزادىنىڭ يېنىدا چىلىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى سازى، ياغاچ ياكى تاشتىن ياسىلىدۇ، چوكا بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدۇ) نى ناھايىتى رىتىملىق چالاتتى. شاھزادە چىلىڭنىڭ ئاۋازىغا قاراپ تازىم قىلاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇزىكا ساداسى ئىچىدە زىياپەت باشلاندى. ئۇسسۇل، تىياتىر-ئويۇن تاكى قاراڭغۇ چۈشكەنگە قەدەر داۋاملاشتى». بۇلار X ئەسىردە تىياتىر ئويناشنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردىلىرىدا ۋە خەلق ئاممىسى ئارىسىدا خېلىلا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

رايونىمىزدىن تېپىلغان توققۇز كۆرۈنۈشلۈك سانسكرىتچە دراما «سارىپوترا»، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى 27 كۆرۈنۈشلۈك دراما «مايتىرى سىمىت» قاتارلىق كۆپ كۆرۈنۈشلۈك سەھنە ئەسەرلىرى شىنجاڭ دراماچىلىق تەرەققىياتىنى چۈشىنىشتىكى ئوبدان ماتېرىيال.

## 2- پرتانىراكشىت ۋە «مايتىرى سىمىت»

### 1. پرتانىراكشىت

پرتانىراكشىت قوچو ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمانى، جۈملىدىن «مايتىرى سىمىت» ناملىق يىرىك سەھنە ئەسىرىنى توخرى تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان كىشى.

تەرجىماننىڭ تولۇق ئاتىلىشى پرتانىراكشىت كىرماۋاژىك (Prajnaraksita karmǝvasika) بولۇپ، بۇ ئادەتتە دىنىي لەقەب ئىدى. پرتانىراكشىت «ئەقىللىق ئەۋلىيا» دېگەن مەنىدە، تەرجىماننىڭ ئەسلى ئىسمى بىزگە مەلۇم ئەمەس. تەتقىقاتچىلار پرتانىراكشىتنى IX — VIII ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشىغان ئادەم دەپ قارىشىدۇ، شۇنداقلا بەزىلەر ئىلى رايونىدا دېسە، بەزىلەر قوچۇ (تۇرپان) رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان دەپ ھېسابلايدۇ. پرتانىراكشىت قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەن، توخرى تىلى سەۋىيىسىمۇ خېلىلا يۇقىرى، پىشقان ئەدەبىي تەرجىمان، بۇددىزمدىن ئوبدان خەۋىرى بار بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپە قوشقان.

### 2. «مايتىرى سىمىت»

«مايتىرى سىمىت» بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى 27 پەردىلىك سەھنە ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئومۇمەن بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنىڭ نەزەرىدە كەلگۈسىدە مەيدانغا چىقىدىغان قۇتقازغۇچى تەڭرى (قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا كىن كەلتەچى مايتىرى بۇرخان دېيىلىدۇ) مايتىرىنىڭ ھاياتىدىكى ئىش پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان.

«مايتىرى سىمىت» نىڭ ھازىر ئالتە خىل نۇسخىسى بارلىقى مەلۇم. بۇلارنىڭ ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر قەدەر تولۇق نۇسخىسى قومۇلدىن 1959-يىلى تېپىلغان بولۇپ، 586 بەت كېلىدۇ.

ئۇيغۇرچە نۇسخىلاردىكى «مايتىرى سىمىت» دېگەن سۆز توخرىچە نۇسخىلاردا «مايترىپياسامىدى» دەپ يېزىلىدۇ، ئۇ «مايترىپيا» (ئادەم ئىسمى، رەھىمدىللىك دېگەن مەنىدە) بىلەن «سامىدى» (مەنىسى كۆرۈشۈش ياكى كۆرۈشكەنلىكى) دېگەن سۆزلەردىن ياسالغان قوشما سۆز بولۇپ، «مايترىپيانىڭ (ساكيامۇنى بۇددا بىلەن) كۆرۈشۈشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇددىزم تەلىماتىدا چۈشەندۈرۈلۈشىچە، بۇددا (ساكيامۇنى) نى نىرۋانا (بۇددىزمچىلارنىڭ ئەقىدىسىدىكى ئەڭ يۈكسەك مەنىۋى مەنزىل، يەنى بۇددىزم يولىدىكى ئۆلۈم) غا كىتىش ۋاقتىدىكى قىلغان ۋەسىيىتىدە مايترىپىنىڭ كەلگۈسىدە بۇددا بولىدىغانلىقىنى مۇنەججىملىك بىلەن ئېيتقانىمىش.

تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، تارىم ۋادىسىدىكى كۇچا، قاراشەھەر قاتار-لىق قەدىمكى يۇرتلاردا ياشىغان كىشىلەر مايترىيىغا چوقۇنغان. بۇ شۇ چاغدىكى مىڭ ئۆي رەسىملىرىدە ئىسپاتلىنىۋاتىدۇ. شۇ رايوندىن تېپىلغان «مايترى سىمىت» بۇنى يازما ھۆججەت سۈپىتىدە ئىسپاتلىدى.

«مايترى سىمىت» دراممىسى سەككىز ياشلىق مايترىيىنىڭ ئۇستازى بادارى براھمانىنىڭ چۈشىدە «ۋايىشراۋانا» دەپ ئاتىلىدىغان ئىلاھلار بىلەن سۆھبەت قىلىشىپ ماگاتا (ھازىرقى نېپالدا) دۆلىتىدىكى باراناس تېغىدا ساكيامۇنىنىڭ بۇددا بولغانلىقىنى غىل-پال كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن، ئۆزى بەك قېرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن مايترىيىنى 16 شاگىرتى بىلەن بىللە بۇددانىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەنلىكىدىن باشلىنىدۇ. قالغان كۆرۈنۈشلەردە يول يۈرۈش، كۆرۈشۈش جەريانى ۋە بۇ توغرىلىق ئاسماندا پەيدا بولغان ئاجايىپ-غارايىپ تەنتەنىلەر، سۆھبەتلەر ۋە باشقا ۋەقەلەر تەسۋىرلىنىدۇ. «مايترى سىمىت» ئەنە شۇ زامانلاردا شىنجاڭ سەھنىلىرىدە ئوينالغان مەشھۇر دراممىلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇ دۇنيانىڭ دراما تارىخىدا بىر چوڭ نامايەندە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر جۇڭگو دراماچىلىق تارىخىنى 400 يىل ئىلگىرى سۈرگەنلىكى بىلەن ئەھمىيەتلىكتۇر.

# IX باب

# قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

## §18. ئومۇمىي چۈشەنچە

### 1 - قاراخانىلار سۇلالىسى ھەققىدە

قاراخانىلار ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان بىر سۇلالە بولۇپ، تەخمىنەن مىلادى 840 - يىلدىن 1212 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

تاشقى موڭغۇلىيىنى ئاساس قىلىپ دۆلەت قۇرغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى 840 - يىلدىن باشلاپ خاقانلىقنىڭ غەربىي قىسمى بولغان ئىلى، يەتتەسۇ ۋە چۇ رايونلىرىدا يېڭى بىر ھاكىمىيەت تىكلىگەن. ئۇ دەسلەپ بالاساغۇننى مەركەز قىلغان بولسا، كېيىنچە، قەشقەر ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىنىمۇ ئۆزىگە قوشۇپ، بىر پۈتۈن ھاكىمىيەتكە ئايلانغان. 893 - يىلدىن باشلاپ، خاقان ئوغۇلچاق قەشقەرنى پايتەخت قىلغان. شۇنداق قىلىپ IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇيغۇر ياغما، قارلۇق قەبىلىلىرى باشچىلىقىدا چوڭ بىر ھاكىمىيەت شەكىللەنگەن. بۇ ھاكىمىيەت «ئۇلۇغ»، «كەڭ» ۋە «كۈن پېتىش ياق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «قارا» نامى بىلەن «قاراخانىلار» دەپ ئاتالدى. بۇ ھاكىمىيەتنى قۇرغۇچىلار خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە «كۆك ئارت - پامىر ئۇيغۇرلىرى (葱岭回鹘)» دېگەن نام بىلەن قەيت قىلىنغان

قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ شەكىللىنىشى، ئورخۇن، ھون، تۈرك، ئۇيغۇر خاقانلىقلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئاخىرلاشقانلىقىنى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ھاكىمىيەتچىلىكىنىڭ شىنجاڭ، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا مەركەزلەشكەن يېڭى تەرەققىيات دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسەتتى.

قاراخانىلارنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن ۋاقتىدىكى چېگرىسى شەرقتە ئاقسۇنىڭ قارا يولغۇن دېگەن جايىدىن، غەربتە ئارال دېڭىزى، شىمالدا يارىش (جۇڭغارىيە)، ئالمىلىق، يەتتە سۇ رايونلىرى، جەنۇب ۋە شەرقىي جەنۇب رايونلىرىدا خوتەن ۋە چەرچەن، چاقىلىق رايونلىرى، ۋاخان كارىدورى ۋە ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مۇھىم ئىشلار بايانى» (宋会要) دا قاراخانىلارنىڭ شەرقىي چېگرىسى سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە تاتار زېمىنلىرىگىچە تۇتۇشىدۇ، دەپ

كۆرسىتىلگەن. قاراخانىلار كۆل بىلگە باھادىر قىدىرخان، ئوغۇلچاق قىدىرخان دەۋرىدە گەرچە سامانىلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ماۋارائۇننەھرنى ئىشغال قىلمىغان بولسىمۇ، شەرقتە كۈسەن (كۇچا) ۋە قوچۇت زېمىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، سېرىق ئۇيغۇر رايونلىرى بىلەن تۇتاشقانىدى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىدىن باشلاپ، كۈسەن ۋە قوچۇر ‹ئىدىقۇت› بۇددا ۋە مانى ئۇيغۇرلىرى مۇستەقىل ھالەتتە ساقلىنىپ قالدى؛ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ماۋارائۇننەھر سامانىلار تېررىتورىيىسىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە كىرىشتى ۋە ئاخىرى 999-يىلى 23-ئۆكتەبىر بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، سامانىلار خانلىقىنى مۇنقەرز قىلدى.

قاراخانىلار تۇتقان كەڭ زېمىن مەمۇرىي جەھەتتىن ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈنەتتى. بىرىنچىسى، قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان مەركىزىي قىسىم، بۇ قىسىم «خاقانىيە ئۆلكىسى» دەپ ئاتىلاتتى؛ ئىككىنچىسى، سەمەرقەند ۋە تالاسنى مەركەز قىلغان غەربىي قىسىم؛ ئۈچىنچىسى، خوتەننى مەركەز قىلغان شەرقىي، جەنۇبىي قىسىم، بۇ مەمۇرىي بىرلىككەردىن غەربىي قىسىم بىلەن شەرقىي جەنۇبىي قىسىم «ئېلىك خانلىق» دەپ ئاتىلاتتى.

قاراخانىلارنىڭ ھۆكۈمران قەبىلىسى ئۇيغۇر قەبىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاساسىي ئاھالىسى توققۇز ئوغۇز، قارلۇق قاتارلىق قەبىلەردىن ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە كۆچمەن تۈركىي قەبىلىلەر، سوغداق قاتارلىق ئىران تىلىنىڭ تۈرلۈك شېۋىلىرىدە سۆزلىشىدىغان خەلقلەرمۇ بار ئىدى.

قاراخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىدېئولوگىيىسىدە تۈپلۈك ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى، يەنى بۇددا، مانى ۋە باشقا دىنلارنىڭ ئورنىغا ئىسلام دىنى دەسسىدى، شىمالدىكى جەڭگىۋار كۆچمەن، چارۋىچى قەبىلىلەر ئىگىلىچىلىك رايونلىرىدىكى دېھقان ۋە سودىگەر قېرىنداشلىرىنىڭ تەسىرىدىن ئولتۇراق ھالەتكە ئۆتتى، يېڭى ئىسلام — ئۇيغۇر (تۈركىي) مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى.

## 2-قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتى تارىخىي خاراكتېرلىك يېڭى دەۋرگە كىرگەنلىكىنى نامايان قىلدى. كونا ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئىسلاھ قىلىنغان ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بۇ دەۋردە قاراخانىلار تېررىتورىيىسىنىڭ سىرتىدىكى تۈركىي خەلقلەر (قەبىلىلەر) ئارىسىدىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىش ئوتتۇرا ئاسىيا، يەتتەسۇ، خارەزم ھەتتا ئوغۇز دالىسىدا بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلاندى. بۇ ھال چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە، ئۆگەدەي ۋە چاغا-

تاي دەۋرلىرىدە داۋاملىق ئىپادىلىنىپ تۇردى.

قاراخانىلار دەۋرىدە مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق قامۇس ئەسىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق يىرىك داستانى، ئەبۇ ناسىر فارابى ۋە مۇھەممەد مۇسا خارەزمىنىڭ بىر قاتار ئىلمىي ئەسەرلىرى، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق داستانى مەيدانغا كەلدى. بۇ ئەدىبلەردىن ئىلگىرى چوڭچو، تۈركىي كىشى ئەيلاقى دېگەن شائىرلار ئۆتكەنلىكى مەلۇم. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا مەلۇمات يوق. تۈركىي كىشى ئەيلاقىنىڭ X ئەسىردە ئاتاقلىق شائىر رۇداكىغا (855 — 865 — 941) زاماندىش ئۆتكەنلىكى ئېنىق. بۇ شائىرنىڭ پارس تىلىدا يازغان سەككىز مىسرالىق شېئىرىدىن باشقا ئەسەرلىرى مەلۇم ئەمەس.

قاراخانىلار دەۋرىدە يەنە ئابدۇغاپپار بىننى ھۈسەيىن، جامال قارشى، ئاماممىدىن قەشقىرى، مەجدىددىن بىننى. ئەدنانى، مۇھەممەد ئەل سەمەرقەندى، نارشاخى، ئەبۇ سەئىد ئەل ـ ئىدرىسى قاتارلىق ئالىم ـ ئەدىبلەر مەيدانغا كەلگەن.

ئەبۇل فۇتۇھ ئابدۇلغاپپار بىننى ھۈسەيىن (؟ — 1082) ئالىملىقتا تۇغۇلۇپ قەشقەردە ياشىغان مەشھۇر ئالىم. ئۇ «تارىخ كاشغر» (قەشقەر تارىخى) دېگەن مەشـ ھۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى. ئەپسۇسكى بۇ ئەسەرنىڭ پارچە نەمۇنىلىرى باشقا ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئەسلى ئەسەر دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن.

مەھمۇد ھېكىم ئىمامىددىن قەشقىرى قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەشھۇر تىبا- بەتشۇناس ئىكەنلىكى مەلۇم، ئىمامىددىن قەشقىرىنىڭ فارابى ۋە ئىبىن سىنا تىببىي تەلىماتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، «شەرھى ئەلقانۇن» ناملىق قامۇس ئىشلىگەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ.

مەجدىددىن مۇھەممەد بىننى ئەدنانى «تۈركىستان ۋە چىن تارىخى» ناملىق ئەسەر- نىڭ مۇئەللىپى، مەنبەلەردە بۇ ئەسەر ئىبراھىم ئىبىن ناسىر تاۋغاچخان (1041 — 1068) غا تەقدىم قىلىنغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. ئاۋفى (؟ — 1233) نىڭ يېزىپ قالدۇرۇشىچە، بۇ ئەسەردە قاراخانىلار نەسەبلىرى ۋە مەشھۇر شەخسلەر تونۇشتۇرۇلغان.

مۇھەممەد بىننى ئەلى ئەل جاپپار ئەل كاتىب ئەل سەمەرقەندى مەشھۇر سەمەرقەند تارىخچىسى ۋە يازغۇچىسى ئىدى. مەسئۇد بىننى ئەلى قىلىچ تاۋغاچ خانغا (1156 — 1162) بېغىشلاپ «ئەرەدۇل سىياسەت فى ئەغدەرۇل رىياسەت» ناملىق ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەردە سۇلتان سەنجەر، قىلىچ تاۋغاچ خاننىڭ تەرجىمە- ھاللىرى ۋە مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد بىننى جاپپار نارشاخى (؟ — 959) ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخچىسى بولۇپ، مەشھۇر «بۇخارا تارىخى» ناملىق ئەسەر يېزىپ چىققان.

ئەبۇ سەئىد ئابدۇراخمان بىننى مۇھەممەد ئەل ئىدرىسى (؟ — 1015) «قەندىيە»

(تولۇق ئىسمى «كىتابۇل قەندخى تارىخ سەمەرقەند») ناملىق ئەسەر يېزىپ چىققان.

ئەبۇل پازىل بىننى مۇھەممەد جامال قارشى XIII — XIV ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ئالمىلىقتا تۇغۇلغان، قەشقەر - بالا ساغۇندا ياشىغان. ئۇ 1282 - يىلى قەشقەر «ساچىيە مەدرىسى» كىتابخانىسى مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىپ «مۇلەقەتسۇل سوراخ» ناملىق لۇغەت ئىشلىگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت مول مەنبەلەر ئەكس ئەتتۇرۇلگەن بۇ لۇغەت دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن.

بۇ چاغدا ماۋارا ئۇننەھر رايونلىرىدىن ئەمەك بۇخارى (? — 1149)، سوزان سەمەرقەندى (? — 1173)، رەشىدى سەمەرقەندى قاتارلىق شائىرلار يېتىشىپ چىققان.

قاراخانىلار دەۋرىدە ئەرەب، پارس ۋە غەزنەۋىي سۇلتانلىقىغا تەۋە ئىبنى ئەل ئەشىر (1161 — 1234)، تابارى (839 — 923)، بىلازورى (? — 892)، ئەبۇ جاپپار ئۇتبى (XI ئەسىر)، گەردىزى (XI ئەسىر)، سەبى (? — 976)، نىزامى مۇلۇك (1018 — 1092)، ئاۋفى (XIII ئەسىر)، بەيھەقى (996 — 1077) قاتارلىق تارىخشۇناس ۋە ئالىملار قاراخانىلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىگە ئائىت بىر قاتار ئەسەرلەر يېزىپ قالدۇرغان.

دېمەك، قاراخانىلار دەۋرى ئەنە شۇنداق سانسىزلىغان ئالىم ۋە يازغۇچىلارنى يېتىشتۇرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ «ئالتۇن دەۋرى» بولۇشقا مۇناسىپ.

## § 2. ئەبۇ ناسىر فارابى

### 1 - فارابىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

فارابى ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، دەۋر بۆلگۈچ ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ۋە شەرقنىڭ بۈيۈك پەيلاسوپى.

فارابى (870 — 950) نىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ ناسىر مۇھەممەد ئىبنى تارخان ئىبنى ئۇزلۇق فارابى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز ئېتى مۇھەممەد فارابى. فارابى ھىجرىيىنىڭ تەخمىنەن 259 - يىلى (مىلادى 870 - يىلى) سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدىن بولغان بالاساغۇنغا قاراشلىق فاراب (ئوترار) شەھىرىنىڭ ۋاسىج ھەربىي قەلئەسىدە دۇنياغا كېلىپ، ھىجرىيىنىڭ 339 - يىلى (مىلادى 950 - يىلى) ماھى رەجەب (12 - ئاي) تە سۈرىيىنىڭ دەمەشىق شەھىرىدە 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

فارابى نەسەب جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان توققۇز ئوغۇز قارلۇق ئېتنىك گۇرۇھىغا تەئەللۇق ئىدى. ۋاھالەنكى،

ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئەينى زامانىدىكى ئەرەب ساياھەتچىلىرى تەرىپىدىن بىردەك «توققۇز ئوغۇز» نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىنگەن.

فارابىنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك ۋاقتى ئۆز يۇرتىدا ئۆتتى. ئۇ قارلۇق - ئۇيغۇر يېزىقى ۋە مۇزىكىسىنى ئۆگەندى. بۇ چاغدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى توققۇز ئوغۇز تىلى سۈپىتىدە پۈتۈن تۈركىي تىل - ئەدەبىيات ۋە مائارىپىنىڭ ھۇلى ھېسابلىناتتى. كېيىنچە فارابى تاجىك - پارس تىلىنى تېزلا ئۆگىنىۋالدى. بۇ چاغدا شەكىللەنگەن تاجىك - پارس ئەدەبىي تىلى پىرسىيە ئەھمەنىلەر سۇلالىسىنىڭ شۆھرەتلىك شاھى دارا نامىدا «دارا تىلى» دەپ ئاتالغانىدى. ئىسلام شەرقىدە ئەرەب تىلى «دارا» نامىدىكى پارس تىلى، خاقانىيە نامىدىكى ئۇيغۇر - تۈركىي ئەدەبىي تىلى يازما ئەدەبىياتنىڭ ئۈچ ئاساسلىق ۋاستىسىغا ئايلانغانىدى.

فارابى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چېغىدا گرامماتىكا، ئىستىلىستىكا، ئەخلاق، ماتېماتىكا، مۇزىكا، فىزىكا، ئاسترونومىيە پەنلىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن. فارابى ھاياتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن 30 يىلى فارابى دۇنيا قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئاساس بولۇپ قالدى.

فارابى تەخمىنەن 30 ياش ئەتراپلىرىدا باغدادقا بارغان. ئۇ ئەرەب تىلىنى ئەبۇبەكر ئىبنى سىراجىدىن دېگەن كىشىدىن تېزلا ئۆگىنىۋالدۇ. ئارقىدىنلا باغدادتا ياشايدىغان مەشھۇر خىرىستىيان ئالىمى ئەبۇ بەشىر مەتتە ئىبنى يۇنۇستىن گرېك تىلى، لوگىكا ۋە تىبابەتچىلىك پەنلىرىنى زوقلىنىپ ئۆگەنگەن.

فارابى داۋاملىق ئۆگىنىش نىيىتىدە باغدادتىن ھەرران شەھىرىگە كەلدى. ئۇ ئاتاقلىق خىرىستىيان ئالىمى يۇھەننا بىننى ھەيلان جەلەدىن لوگىكا، ئارىستوتېل پەلسەپىسى، ماتېماتىكا، نەزەرىيىۋى تىبابەتچىلىك ۋە پىفاگور مۇزىكىسىغا ئائىت تەلىم ئالغان.

فارابى تەخمىنەن 921 — 922 - يىللىرى ھەرراندىن باغدادقا كېلىدۇ. ئۇ X ئەسىرنىڭ 20 - ، 30 - يىللىرى باغدادتا شەرقنىڭ ئاتاقلىق پەيلاسوپى سۈپىتىدە ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ بىر قاتار مۇھىم ئەسەرلىرى شۇ يەردە يېزىلغان.

فارابى 941 - يىلى باغدادتىن ھەلەپ (شام) شەھىرىگە، ئۇنىڭدىن دەمەشىققە كېتىپ قالغان. دەمەشىقتە شىمالىي سۈرىيە ھۆكۈمرانى ھەمدانى سۇلالىسىنىڭ قورغۇچىسى سەيپۇل دەۋلە (915 — 967) فارابىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلغانىدى.

فارابى دەمەشىقتىن مىسىرغا بېرىپ، ئىلمىي لېكسىيىلەر ئوقۇپ، زور ھۆرمەتكە مۇيەسسەر بولۇپ، 949 - يىلى يەنە دەمەشىققە قايتىپ كەلدى. فارابى شۇنىڭدىن كېيىن، دەمەشىقتە ئون يىلغىچە ياشىدى. بۇ ئالىمنىڭ ئاخىرقى تەۋەرۈك دەۋرى ئىدى.

مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە، فارابى باغدادتىن ھەلەپ شەھىرىگە بېرىشتىن

ئىلگىرى ئۆز مالىكانى ئوتتۇرا ئاسىياغا بىر قېتىم كېلىپ قايتقان. ئۇ چاغدا بۇخاراغا مەنسۇر ئىبنى نوھ باشچىلىقىدىكى سامانىلار ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. فارابى مەنسۇر ئىبنى نوھنىڭ تەكلىپى بىلەن «ئىككىنچى تەلىمات» (ئەتتەلىمات ئەسسانى) دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان.

فارابى 950 - يىلى 12 - ئايدا دەمەشىق سىرتىدا بىر قىسىم قۇراللىق باندىتلار تەرىپىدىن ھالاك قىلىنغان. ئۇنىڭ جەسىدىنى سەيپۇل دەۋلە دەمەشىق شەھىرىنىڭ «بەبەس سەغىر» ناملىق دەرۋازىسى يېنىدىكى سېپىل تۈۋىگە دەپنە قىلدۇرغان.

فارابى ئەينى زامان ئىلىم - پەننىڭ ھەممە ساھەلىرىدە تىلشۇناسلىق، لوگىكا، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، فىزىكا، جانلىق تەبىئەت، تىبابەتچىلىك، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەتشۇناسلىق ساھەلىرىدە قىممەتلىك تۆھپە قالدۇرغان.

فارابى 150 پارچىدىن ئارتۇق (بەزىلەر 160 پارچە دەيدۇ) ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان.

## 2 - فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر» ئەسىرى

فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر» دېگەن كىتابى ئوتتۇرا ئەسىر مۇتەپەككۇر- لىرىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىگە كۈچلۈك تەسىر قىلغان ئەسەرلەرنىڭ بىرى. بۇ ئەسەردە ئادالەتلىك، پەزىلەتلىك، بىلىملىك، ھۆكۈمرانلار ئادىل - دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلىنىدىغان بىر غايىۋى پەزىلەتلىك شەھەر (جەمئىيەت) بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. فارابىدىن كېيىن ياشىغان، ئوتتۇرا ئاسىيادىن جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان مۇتەپەككۇر، يازغۇچى، شائىرلار فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر» ھەققىدىكى ئىجتىمائىي كۆز قارىشىنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغان. ئۇلار ئۆز كۆز قاراشلىرىنىڭ تۈپ مەزمۇنلىرىنىڭ بىرىدە فارابىنىڭ كۆز قارىشىغا ياندىشقان ھالدا بەدىئىي تەپەككۇر يولى بىلەن ئادىل شاھ رەھبەرلىكىدە، ئادالەتلىك، پەزىلەتلىك (مەملىكەت) شەھەر بەرپا قىلىش ئىستىتىك كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىشتى. بۇنداق ئەھۋاللار يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلشىر ناۋايى، ئاياشىزكەستە قاتارلىق بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن باشلىنىپ XIX ئەسىرگىچە داۋام قىلدى.

دېمەك، فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر» توغرىسىدىكى ئىجتىمائىي، غايىۋى تەلىماتى ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىگە كۈچلۈك ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن بىر خىل ئىدىيە - ۋى سىستېما، شۇنداقلا ئۇ، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈزەل غايىۋى مەز- مۇنلىرىنى بېيىتقان مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

## § 3. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇبىلىك»

### 1 - يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ XI ئەسىر قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، شائىرى ۋە دۆلەت ئەربابى. جۈملىدىن ئېنسىكلوپېدىك داستان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاپتورى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەققىدە ئۆزى يازغان «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە ئازىراق مەلۇمات بار. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلارنىڭ ئىلگىرىكى پايتەختى، كېيىنكى ئاساسلىق شەھەرلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان بالاساغۇندا، تەخمىنەن 1019 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرلىرىدە ياخشى تەربىيىلەنگەن بىلىملىك، قابىلىيەتلىك، يىراقنى كۆرەر، ئەخلاقلىق ئالىم بولۇپ يېتىشكەن. گەرچە «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا، مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ بالاساغۇندا تۇغۇلغانلىقى ۋە ئۆز ئەسىرىنى قەشقەردە تاماملىغانلىقىدىن باشقا، ئۇنىڭ قايسى شەھەرلەردە قانداق تەربىيىگە ئېرىشكەنلىكى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەينى زاماندا قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى بۇخارا، سەمەرقەند، بولۇپمۇ ئەينى زاماننىڭ سىياسىي - مەدەنىيەت مەركىزى بولغان قەشقەردە تۇرغانلىقى، ئۇ يەردە تەربىيە كۆرگەنلىكى ئېھتىمالىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلارنىڭ ئىنتايىن گۈللەنگەن دەۋرىنى، شۇنداقلا، بىر مەزگىللىك تۇراقسىزلىق ھالەتلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن. دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ۋە خەلقنىڭ غېمىنى ئويلايدىغان شائىر 1069 — 1070 - يىللىرى ئارىلىقىدا، تەخمىنەن 50 ياشلارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن غايەت زور ئۈمىد ۋە ئىلھام تۈرتكىسى بىلەن قەشقەردە ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق داستانىنى يېزىپ چىققان. ئۇنى يۈسۈپ قىدىرخاننىڭ نەۋرىسى ھەسەن بىننى سۇلايمان تاۋغاچ بۇغراخان (ئىبنى ئەسىر ئۇنى ھەسەن بىننى سۇلايمان ئارسلانخان دەپ يازغان) غا تەقدىم قىلغان. ھەسەن بىننى سۇلايمان ئارسلانخان (1072 — 1074) يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ داستانىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا «خاس ھاجىپ» لىق مەرتىۋىسىنى بەرگەن. شۇندىن باشلاپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار ئوردا ئىشلىرىغا 18-20 يىل يېقىندىن قاتنىشىپ، تەخمىنەن 1085 - يىلى قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ قەۋرىسى قەشقەر شەھىرى يېنىدىكى پايناپ دېگەن جايدا.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى 85 باب، 6645 بېيىت، 13290 مىسرادىن ئىبارەت بولۇپ، ئاساسەن ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتاقارىب بەھرىدە يېزىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە «قامۇس»، «سىياسەتنامە» دېگەن ئەسەرلەرنىمۇ يازغانلىقى مەلۇم.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇغان كىشى، ئۇنىڭ تارىخ، پەلسەپە، دىنشۇناسلىق، دۆلەت، جەمئىيەت، قانۇنشۇناسلىق، مائارىپ، ئائىلە، ئەخلاقشۇناسلىق، تىبابەت، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، دىپلوماتىيە، تىل - ئەدەبىيات، شېئىرىيەت، فولكلور، دىراماتۇرگىيە، ھەربىي ئىلىم قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاجايىپ يېتۈك بىر زور ئالىم ئىكەنلىكىگە قايىل بولىدۇ. مەسىلەن، ئاسمان بوشلۇقى، يۇلتۇز ۋە سەييارىلار، 12 بۇرج ۋە يۇلتۇزلارنىڭ يىل پەسىللىرى بىلەن مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئاسترونومىيىسى بويىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى تارىختىكى ئۆتكەن بەگلىرى، ئۈچ ئوردا① بېگى، ئىلى بېگى، ياغما بېگى. تۇڭا ئالىپ ئەر قاتارلىقلاردىن تاشقىرى، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ئۆتكەن مۇسا، ئەيسا كەبى پەيغەمبەرلەر، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، لۇقمان ھېكىم، نۇشىرۋان ئادىل، زوھاك، پەرىدۇن ھەققىدە؛ روم، ئىران، سوغداق، ھىندى، چىن ۋە ماچىن ھەققىدە؛ «شاھنامە»، ئىبرانى (قەدىمكى يەھۇدى) ئەدەبىياتى ھەققىدە ئېيتقانلىرى؛ جۈملىدىن قەدىمكى يۇنان ھېكىمى ھىپپوكرات ئوتتۇرىغا قويغان تۆت خىلىت (قان، سەپرا، بەلغەم، سەۋدا) ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى ۋە باشقىلارمۇ بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت، يۈسۈپ خاس ھاجىب بىرمۇنچە تۈركىي دىئالېكتلارنى پىششىق بىلگەندىن باشقا، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ياخشى بىلەتتى. بەزى ئالىملارنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ زامانلاردا ئىشلىنىۋاتقان ئوتتۇرا ئىران تىللىرىدىن سوغداق (سوغدى) تىلىنى، ھەتتا خەنزۇچىنىمۇ بىلەتتى.

دوكتور رەشىت رەخمەتى ئاراتنىڭ پىكرىچە، يۈسۈپ خاس ھاجىب خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن بىۋاسىتە ئەمەس، بەلكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئارقىلىق پايدىلانغان. ئۇ ئەرەب، پارس ئەدەبىياتى بىلەن، بولۇپمۇ ئۇلۇغ تاجىك - پارس شائىرى ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى (935 — 1025) ۋە مىلادى 786 - يىلىرىغىچە ياشىغان بۈيۈك ئەرەب ئالىمى خېلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ «ئىلمىي ئارزۇ» ناملىق كىتابى بىلەن يېقىندىن تونۇش ئىدى. ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، مۇئەللىپ، ئۆز خەلقىنىڭ قەدىمكى ئەدەبىي مىراسلىرىدىن مىف، ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، ماقال - تەمسىل، شېئىر - قوشاقلاردىن، خەلقنىڭ جانلىق تىل بايلىقىدىن ناھايىتى كۆپ ئوزۇقلانغان ۋە «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى ئۇيغۇر خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىنىڭ ئېسىل دۇردانىلىرى بىلەن بېزىگەن.

## 2 - «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

يۈسۈپ خاس ھاجىب «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا قاراخانىيلار دەۋرىدىكى دۆلەتنىڭ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە قەدەر توختىلىپ، ئادەمنىڭ ئەقىل-

① ئۈچ ئوردا — ھازىرقى ئاقسۇ ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ يېنىدىكى «ئۈچ» دېگەن جاي. قەدىمدە مۇھىم سىياسىي مەركەزلەرنىڭ بىرى بولغان.

پاراستىنى «بىلىم ـ ئەقىل، ئادالەت، دۆلەت، قانائەت» دېگەن تۆت ئاساسىي ئامىلغا ئايرىپ، ئۇلارنىڭ تىپىك مىسالى سۈپىتىدە «بىلىم ـ ئەقىل» نى ئۆگدۈلمىش ئىسىملىك بىر كىشىگە، «ئادالەت» نى كۈن تۇغدى ئىسىملىك بىر كىشىگە، «دۆلەت» نى ئاي تولدى ئىسىملىك بىر كىشىگە، «قانائەت» نى ئودغۇرمىش ئىسىملىك بىر كىشىگە تەقلىد قىلىپ، دېمەكچى بولغان ـ پىكىرلىرىنى مۇشۇنداق ئەدەبىي شەكىل ئارقىلىق جانلىق تەسۋىرلىگەن.

مۇئەللىپ ئەسەرگە ئۈچ چوڭ مۇناسىۋەت، يەنى بىرىنچى، ئىلىمنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى، كىشىلەرنىڭ بەخت ـ سائادىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى؛ ئىككىنچى، قانۇننى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەمگە باراۋەر قاراش؛ ئۈچىنچى، خان ـ پادىشاھ، بەگلەردە ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە دۆلەت قانۇنىنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشى ياكى بۇزۇلۇشىغا بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشنى سىڭدۈرۈپ، ئۇنى يۈكسەك بەدىئىي ۋاسىتىلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» تە ئادالەت گەۋدە قىلىنغان باراۋەر، ئىناق ۋە خاتىرجەم غايىۋى جەمئىيەت سۈرەتلەنگەن. خىسلەتلىك يېزى شۇكى، ئەسەردە مۇنداق غايىۋى جەمئىيەتنى سۈرەتلەش بىلەنلا قالماي، بەلكى بۇ غايىۋى جەمئىيەتكە بارىدىغان يول ئۈستىدە دادىل ئىزدىنىلگەن. بۇ يول ـ قانۇن، ئەخلاق ۋە بىلىمدۇر. نانۇن ـــ بۇ غايىۋى جەمئىيەتنى يۆلەپ تۇرىدىغان تىرەك؛ ئەخلاق ـــ بۇغايىۋى جەمئىيەتنىڭ ئىچكى بۆلەكلىرىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان رىشتە؛ بىلىم قانۇننىڭ ئىشقا ئېشىشىنى، ئەخلاقنىڭ ھۆرمەتكە ئېرىشىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان تۈپ ئاساس. مانا بۇ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئالغا سۈرۈلگەن تۈپ پەلسەپىۋى قاراش.

85 بابقا بۆلۈنگەن بۇ ئەسەر باشتىن ـ ئاخىر دېگۈدەك ئۈچ چوڭ مۇناسىۋەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچى تۆت پېرسوناژنىڭ ئۆزئارا سۆزلىشىشى ۋە مۇنازىرىسى بولۇپ، مۇئەللىپ مۇشۇنداق سۆزلىشىش ۋە مۇنازىرىلەر ئارقىلىق جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ھەر خىل مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى بايان قىلغان، جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ھەرقايسى تەبىقە ۋە گۇرۇھلارنىڭ ماھىيىتى ھەم ئورنى، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۇلارغا تۇتقان پوزىتسىيىلىرىنى تەھلىل قىلغان، جەمئىيەتنىڭ ئىچكى ئەھۋالى ـــ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلىپ، خېلى يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەنلىكى، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا مەدەنىيەتنىڭمۇ يۈكسەلگەنلىكى، شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى قۇرۇلۇش، نەققاشلىق، رەڭدار بوياقچىلىق، قول سانائەت، چارۋىچىلىق ئەھۋالى قاتارلىق ھەققىدە توختالغان. شۇ ئارقىلىق ھەسەن بىننى سۇلايمان ئارسلانخان ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا ئىچكى قالايمىقان

چىلىقىنى تۈگىتىپ، يۇرتنى، جەمئىيەتنى تەرتىپكە سېلىپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلىشتا قوللىنىشى زۆرۈر بولغان چارە - تەدبىرلەرنى كونكرېت ئوتتۇرىغا قويغان. بولۇپمۇ، دۆلەتنى بىلىم بىلەن باشقۇرۇش، بىلىملىك كىشىلەرنى ئەتىۋارلاش، ھەربىي ئىلىم، قوماندان، خادىملارنىڭ ھەر خىل بىلىملەرنى ئۆگىنىشى لازىملىقى قاتارلىقلارنى ئېنىق شەرھلەپ بەرگەن. مۇئەللىپ ئەسەردە يەنە تارىخ، پەلسەپە، دىن، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، گېئومېترىيە، تىبابەتچىلىك، جۇغراپىيە، ئېتنوگرافىيە، ئېتىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنىمۇ ئىخچام شەرھلەپ بەرگەن.

## 3 - «قۇتادغۇبىلىك» تىكى پېرسوناژلار

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ بۇ يىرىك داستانىدا پەقەت توققۇز نەپەر پېرسوناژنى ھەرىكەتلەندۈرگەن. بۇلار قانۇن - ئادالەتنىڭ سىمۋولى — كۈن تۇغدى، بەخت سائادەت سىمۋولى — ئاي تولدى، بىلىم - ئەقىلنىڭ سىمۋولى — ئۆگدۈلمىش، ئاقىۋەت ۋە قانائەتنىڭ سىمۋولى — ئودغۇرمىش، پايتەختتە مۇساپىر ئاي تولدى بىرىنچى بولۇپ تونۇشقان ئادەم يۇقرا — كۆسەمىش، ئوردا ھاجىپى، بىلىملىك ئاي تولدىنىڭ پايتەختكە كەلگەنلىكىنى كۈن تۇغدى ئېلىككە تونۇشتۇرغۇچى تۈز كۆڭۈل ئادەم — ئوردا ھاجىپى، ئودغۇرمىشنىڭ مۇرىتى، خىزمەتچى بوۋاي — قومارۇ، ئات باقار يىگىت — ××، ئاددىي خىزمەتچى - ياش ئوغلان ××. بۇلاردىن ئالدىنقى تۆت پېرسوناژ ئاساسىي قەھرىمانلاردۇر، قالغان بەش پېرسوناژ ئەسەردە پەقەت غىل - پال كۆرۈنۈپ قويىدۇ.

كۈن تۇغدى — «قۇتادغۇبىلىك» تىكى باش قەھرىمان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىي يول بىلەن تەسۋىرلىگەن غايىۋى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانى، دانا، ئادىل، مېھرىبان، قابىل خاقانىنىڭ سىمۋولى. پۈتۈن ئۆمرىنى ئەل - يۇرتنى گۈللەندۈرۈش ئىشىغا بېغىشلىغان، ئەل - يۇرتنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ئۈچۈن بارلىق پايدىلىق ئامىللارنى ئىشقا سېلىشقا بەك ئەھمىيەت بېرىدىغان شەخس، شۇنداقلا قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى باشقۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ھەممە ئادەم قانۇن ئالدىدا باراۋەر دەپ قارايدىغان، مەملىكەتتىكى ھەممە ئادەمگە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولىدىغان، يۇرت - جامائەتنىڭ ئادىل، دانا، مېھرىبان، قابىل ھۆكۈمرانىنىڭ بولۇشىنىڭ مۇتلەق زۆرۈرلۈكىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىغان بەدىئىي غايىۋى ئوبراز.

ئاي تولدى — «قۇتادغۇبىلىك» تە بەخت - سائادەت سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ياراتقان غايىۋى دۆلەتنىڭ ۋەزىرى. بۇ ئوبراز ئەسەردە ئىككى خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بىرى، ئۇ غايىۋى دۆلەتتىكى ئادىل ھۆكۈمدارنىڭ سادىق ياردەمچىسى، يەنە بىرى

بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى بىلگۈچى دانىشمەن؛ ئاي تولدى ئادىل ھۆكۈمدارنىڭ سادىق ياردەمچىسىلا ئەمەس، بەلكى غايىۋى دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇچى ھۆكۈمدار (كۈن تۇغدى) غا مەملىكەتنى ئادىل باشقۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى كۆرسەتكۈچى ئاقىل. بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، ئۆزگىرىشچان بەخت - سائادەتنى مۇقىم، چىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئالىيجاناب ئەخلاق - پەزىلەت ئىگىسى بولۇش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەن غايىۋى قەھرىمان.

ئۆگدۈلمىش — «قۇتادغۇبىلىك» تە ئەقىل - پاراسەت سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، يۈسۈپ خاس ھاجىب بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ياراتقان غايىۋى ئادالەتلىك دۆلەت ۋەزىرىنىڭ ئوغلى. شۇنداقلا ئىز باسارى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئەل - يۇرتنىڭ بەختى ئۈچۈن پىدا قىلىدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، ھەرقانداق مۇشكۈل ئىشنى ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن ھەل قىلىدىغان ھەم بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، بىلىم، ئەخلاق ۋە قابىلىيەتتە ئۆزىدىن ئۈستۈن كىشىلەرگە ھەرگىز ھەسەت قىلمايدىغان، شان شۆھرەتنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالمايدىغان، ئەكسىچە ئۆزىدىن ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى ئۇچراتقان ھامان چەكسىز سۆيۈنۈپ، ئۇنى ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەشكە چىن كۆڭلىدىن دەۋەت قىلىدىغان، ئۆزى مۇنداق كىشىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن ئۆگىنىشنى كىشىلىك بۇرچ دەپ ھېسابلايدىغان ئالىيجاناب غايىۋى پېرسوناژ، شۇنداقلا، ئادالەتلىك جەمئىيەتكە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان غايىۋى دۆلەتنىڭ ئادىل ھۆكۈمرانىنىڭ سادىق ۋە ئەقىلدان ۋەزىرى. ئۆزىنىڭ دادىسى ئاي تولدىدىن يۇقىرىراق ئىستېداتقا ئىگە، ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ يارقىن، مۇكەممەل يارىتىلغان ئوبراز، جۈملىدىن ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، ئاقىل - دانا ئالىم، ھېممەتلىك ۋە تەدبىرلىك دۆلەت ئەربابى.

ئودغۇرمىش — «قۇتادغۇبىلىك» تە ئاقىۋەت ۋە قانائەت سىمۋولى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن، يۈسۈپ خاس ھاجىب ئوبرازلىق تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن ياراتقان ئادالەتلىك غايىۋى دۆلەتتىكى بىر غاردا ئىستىقامەت قىلىدىغان زاھىت، يەنى ناھايىتى مۇرەككەپ يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز. ئۇ، بۇ دۇنيانى پەقەت بىر قونالغۇ (ئۆتەڭ)، كىشى ئۈچۈن ئازغىنە يېمەكلىك بىلەن بەدەننى ياپقۇدەك بىر پارچە يېپىنچا، ئۆلگەندە گۆرلۈككە كېتىدىغان بىر مېتىر يەر بولسىلا كۇپايە، باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئاۋارىچىلىق دەپ قاراپ ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن پۈتۈنلەي قول ئۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتنىڭ يۈزلىنىشىگە، خەلقنىڭ تەقدىرىگە كېچە - كۈندۈز دىققەت قىلىپ تۇرىدىغان، ئويغاق، سەگەك دانىشمەن، پەيلاسوپ، جۈملىدىن زور ئالىم. ئودغۇرمىش يۇقىرى مەنسەپ، مەئىشەتلىك ھاياتنى ياقتۇرمايدىغان، ئادەمنىڭ ئادەملەرگە خىزمەت قىلىشىنى بىمەنە ئىش، تائەت - ئىبادەتىلا ئىنسانىنىڭ ئەھمىيەتلىك

مېھنەتنى دەپ ھېسابلايدىغان زاھىت بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىدە يېتەكچىلىك رول ئويناۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۈنۈملۈك خىزمىتىگىمۇ باشقىچە پىكىردە بولمايدىغان توغرا نىيەتلىك شەخس. ئۇ، ئاقىل ھۆكۈمدارلارنىڭ خەلققە پايدىلىق بولۇش كېرەك، خەلققە پايدىلىق ئىش قىلغان كىشىلەرلا ھەقىقىي بەختكە ئېرىشىدۇ، خەلققە خىزمەت قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىبادەت دېگەن پىكىرلىرىگىمۇ (ئاخىرى) قايىل بولۇپ، سىلەرنىڭ ماڭغان يولۇڭلار توغرا ئىكەن، سىلەر شۇ يولدا داۋاملىق مېڭىۋېرىڭلار دەپلا قالماستىن، بەلكى ئەل - يۇرتنىڭ يېتەكچىلىرىگە مەملىكەتنى باشقۇرۇشقا دائىر بىرمۇنچە ياخشى مەسلىھەتنى بېرىشنىمۇ ۋىجدانى بۇرچى دەپ تونۇيدىغان، ئىلغارلىق ئامىلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بەدىئىي ئوبراز.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويغان بىر پۈتۈن ئىدىيە سىستېمىسىنى مانا مۇشۇ تۆت ئاساسىي پېرسوناژ ئارقىلىق دراماتىك سۆھبەتكە سىڭدۈرۈپ، جەمئىيەتنى، جۈملىدىن دۆلەتنى قانۇن، بىلىم ۋە ئەخلاق - پەزىلەت بىلەن ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى بىر قاتار غايىۋى قاراشلىرىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى رېئاللىقنى ئىسلاھ قىلىشقا قارىتىلغان بەزى بىر ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. رېئاللىقنى پەردازلاپ كۆرسەتمەستىن، بەلكى ئۇنىڭدىكى مەۋجۇت ئىللەتلەرنى دادىللىق ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىدۇ ھەم سۆكىدۇ. ئادالەتلىك، پەزىلەتلىك، بىلىملىكلەر كۆپ بولغان غايىۋى بىر دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئومۇمەن، «قۇتادغۇبىلىك» تە يارىتىلغان بۇ ئاجايىپ سەلتەنەتلىك بەدىئىي ئوبرازلار شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىنى ئۆزىدە تولۇق مۇجەسسەملەشتۈرگەن. بۇ بەدىئىي ئوبرازلار شۇنچىلىك ماھىرلىق بىلەن يارىتىلغانكى، ئۇنى ئوقۇغان كىشى ئۆزىنى مۇرەككەپ دراماتىك توقۇنۇش ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ.

## 4 - «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى

قاراخانىلار سۇلالىسى شەكىللىنىپ، بىر قاتار ئىلغار تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە ئەمەلىيلەشكەن. لېكىن، بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئىجابىي روھى كېيىنكى يىللاردا ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىغان، يەنى دەل، يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنياغا نەزەر تاشلاپ، جەمئىيەتنى چۈشىنىپ يېتىۋاتقان چاغلاردا مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەتنىڭ ئەۋزەللىكلىرى بىلەن ئۇنىڭ پارچىلىنىش خەۋپى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئىپادىلىگۈچى تارىخىي ھادىسىلەر يۈز بېرىشكە باشلىغانىدى. ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى غەۋغالار مۇشۇنداق تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ تۇغۇلىشىغا سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىل ئىدى. 1032 - يىلى ماۋارا ئۈننەھردە تۇرۇشلۇق غەرب ۋالىيسى ئېلى تېگىننىڭ

ئۆزىنى خاقان دەپ ئېلان قىلىشى بىلەن قاراخانىلار سۇلالىسى شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. غەرب خاقانى ئېلى تېگىن 1034 - يىلى ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى چىققان ۋە غەربىي قىسىمدا قايتا - قايتا خاقان ئالماشقان.

شەرقىي قىسىمدا يۇسۇپ قىدىرخان (1026 / 1027 — 1032) دىن كېيىن سۇلايمان خاقان بولغان، 1057 - يىلى ئۇ، ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى مۇھەممەد بىلەن توقۇنۇشۇپ قىلىپ، ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن. مۇھەممەد 15 ئايلا خاقان بولۇپلا ئاغدۇرلۇپ تاشلانغان. ئۇنىڭ ئورنىغا چىققان يېڭى خاقان ھۈسەيىن ئۆزىنىڭ خوتۇنى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. دادىسى ھۈسەيىننىڭ ئورنىدا ئىبراھىم خاقان بولغان. لېكىن بىر يىل بولمايلا جەڭ مەيدانىدا ئۆلتۈرۈلگەن. ئىبراھىمنىڭ ئورنىغا مەھمۇد خاقان بولغان. ئۆز ئاكىسى سۇلايماننىڭ ياردىمى بىلەن مەھمۇد شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىلار سۇلالىسىنى بىر مەزگىل بىرلىككە كەلتۈرگەن. بىراق بۇ ئىككەيلەننىڭ ئالاقىسى تېزلا ئۈزۈلگەن. سۇلايمان سۇلالىنىڭ ئالىي ھوقۇقىغا ئىگە بولغان. «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئەنە شۇ سۇلايمانغا تەقدىم قىلىنغان.

دېمەك، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە زور گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن قارا خانىلار سۇلالىسى XI ئەسىرنىڭ 32 - يىلىدىن باشلاپ، ئىجتىمائىي داۋالغۇچقا دۇچ كېلىدۇ. يەنى ھوقۇق تالىشى ۋە بايلىق تالىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۇرۇش، تۇراقسىزلىق ۋە ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن سۈيىقەست، بۆلگۈنچىلىك، تۆھمەت، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋە ئاسىيلىق جەمئىيەتنە قاتتىق سارامسم ۋە داۋالغۇچقا سەۋەبچى بولغان، كىشىلەر روھىي جەھەتتىكى ئىشەنچ ۋە يۆلەنچۈكتىن مەھرۇم قالغان، دۆلەت نورمال تەرتىپ ۋە قانۇن ئىزىدىن چەتلىنىشلىگەن. ئىدراكنىڭ ئورنىنى ئەسەبىلىك، قانۇننىڭ ئورنىنى قاراملىق باسقان.

يۇسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ياشلىق ۋە ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرلىرى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، بىر پۈتۈن سۇلالىنىڭ ئىككى جەمەت خانلىقىغا ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىنكى تارىخىي مۇھىتتا ئۆتتى. بۇ دەۋر يۇسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نى يېزىشقىچە ھېسابلىغاندا ئۇنىڭ 20 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان 30 يىللىق ھاياتىغا، ئۇنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن يىللار بولدى. بۇ 30 يىل ئىچىدە گەرچە ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت گۈللىنىشى، ئاقچا ئىسلاھاتى ۋە لىياۋ، سۇڭ سۇلالىرى بىلەن بولغان كارۋان سودىسى راۋاجلانغان، سالچۇقلارنىڭ ماۋارائۇننەھرگە، بىكەبۇدراچ باشچىلىقىدىكى ياباقۇلارنىڭ ئىلى ۋادىسىغا قىلغان ھۇجۇملىرى چېكىندۈرۈلگەن بولسىمۇ، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، سۇلالە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن، شۇنداقلا بۇ ئىككى تەرەپ ئارىسىدا جىددىي جەڭلەرمۇ بولۇپ ئۆتكەنىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» تەقدىم قىلىنغان بۇغراخان ھەسەن ئىبنى سۇلايمان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد سەردارى ئارسلان سۇلايماننىڭ چوڭ ئوغلى، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ 30 - ھۆكۈمرانى بولۇپ، مىلادى 1074 — 1075 - يىللىرى ھاكىمىيەتكە چىققان. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك سۇلايمان بۇغراخاندىن بۇرۇن ھاكىمىيەت تالىشىش جىددىي بولۇپ، قاراخانىلار ئورنى تۇراقسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىھتىمال شائىر كۆڭلىگە باشقا خاقانلار دېگەندەك ياقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللىقاچان پۈتكەن بۇ ئەسەرنى تۆت بەش يىل ساقلاپ، شەرقىي قاراخانىلار ھاكىمىيىتىنى تۇراقلاشتۇرغان، «ئادالەت ۋە دىننى قوغدىغۇچى»، «دىننىڭ شۆھرىتى»، «شەرق خاقانى» دەپ نام ئالغان سۇلايمان بۇغراخانغا مەقسەتلىك تەقدىم قىلغانلىقى تارىخنىڭ ھۆكۈمىگە ئۇيغۇن كەلسە كېرەك.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ ئەسەرنى يېزىپ چىقىشى، ئۆز دەۋرىدىن قاتتىق نارازىلىقىدىن بولغان ئۇ ئەسىردە ھەممە كىشىنىڭ ياخشى ئىنسان بولۇشىنى تىلەيدۇ. پەزىلەتلىك، ئىلىملىك بىر ئىنسانلار توپى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئادالەتلىك ھاكىمىيەت، ئاسايىشتا ياشايدىغان مەرىپەتلىك خەلق، قوي بىلەن بۆرە بىر جايدىن سۇ ئىچىدىغان تىنچ بىر ئىجتىمائىي ھايات تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى، نادانلار يوقالغان، ئالىملار كۆپەيگەن، شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ياخشى ئىشلار يولغا قويۇلغان بىر دەۋرنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان.

دېمەك، «قۇتادغۇبىلىك» قاراخانىلار دەۋرىدىكى يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر مەزگىللىك جىددىيلىك، دەۋر داۋالغۇچىنى پەسەيتىشنى مەقسەت قىلىپ مەيدانغا كەلگەن ئەسەر دېيىشتە، يۇقىرىقىدەك ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر بار.

## 5 - «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئىلمىي قىممىتى

«قۇتادغۇبىلىك» ئىدىيىۋى مەزمۇن، بەدىئىي ئىستىبدات، ئەسەر قۇرۇلمىسى جەھەتتىن تامامەن يېپ - يېڭى بىر ئەسەر، «قۇتادغۇبىلىك» مەيدانغا كەلگەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ئىچىدە ئۇنىڭ نەمۇنىلىقىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بۇ يەردىكى ئەدەبىياتنىڭ غولىنى شەكىللەندۈرۈپ، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىسى بولغان ئىدى. XI ئەسىردە «قۇتادغۇبىلىك» تىن باشلانغان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى تېما، سۇژىت، بەدىئىي شەكىل، تەسۋىرلەش كۆلىمى ژانىر ۋە ئۇسلۇب قاتارلىق جەھەتلەردە دۇنيا ئەدەبىيات خەزىنىسىنى بېيىتتى.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۆزىدىكى تارىخىي گۈزەللىك قىممىتىدىن باشقا، بۇ ئەسەر مەيدانغا كەلگەن چاغدا دۇنيادا پەقەت ھىندىستان، ئەرەب، ئىران، جۇڭگو قاتارلىق

ئەللەردە يازما ئەدەبىيات مەيدانغا كەلگەن، ھازىرقى تەرەققىي تاپقان باشقا مەملەكەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ قول يازما ئەدەبىياتلار بار ئىدى.

## § 4 . مەھمۇد قەشقەرى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»

### 1 - مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھاياتى

مەھمۇد قەشقەرى XI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ تىلشۇناسى، تۈركشۇناسى، مىللەتشۇناسى، مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچى.

مەھمۇد قەشقەرى XI ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا (1010/19 — 1037/28) قەدىمى شەھەر قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسىدىكى قاراخانىلار خان جەمەتىگە مەنسۇپ فېئودال خانزادە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. يەنى ئۇ ئاتا تەرەپتىن خاقان يۈسۈپ قادىرخانىنىڭ ئوغلى، مۇھەممەد بۇغراخانىنىڭ نەۋرىسى. دېمەك، مەھمۇدنىڭ تولۇق ئىسمى مەھمۇد ئىبنى ئەل ھۇسەيىن ئىبنى مۇھەممەد ئەل قەشقەرى؛ ئانا تەرەپتىن ئالغاندا، ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىق مەھەللىسىدىكى دەۋرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىسى خوجا سەيپۇدىن بۇزرۇكۋارنىڭ قىزى بۈۋى رابىيەنىڭ ئوغلى. ئۇ باشلانغۇچ ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتنى قەشقەردە ئالغان. ئۇ دەۋردە قەشقەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يېقىن شەرق بويىچە ئالىي دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرى بىلەن شۆھرەت تاپقان مەشھۇر بىلىم ئوچاقلىرىدىن بىرى ئىدى. مەھمۇد قەشقەرى ئۇستازىم دەپ تىلغا ئالغان ھۇسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغىرى قاتارلىق ئالىملار بۇ يەردە مۇدەررىسلىك قىلاتتى. كېيىن مەھمۇد قەشقەرى بۇخارا، سەمەرقەند، مەرۋى ھەم نىشاپور قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرغان؛ تىلشۇناسلىق ۋە لۇغەتشۇناسلىقتا دائىر مەخسۇس تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا يەنە ئىسلام تارىخى، پەلسەپىسى، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىمۇ پۇختا ھەم چوڭقۇر ئۆگەنگەن؛ ئۆز ئانا تىلىنىڭ يېتىشكەن مۇتەخەسسىسى بولغىنىدىن تاشقىرى يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ پىششىق ئىگىلىگەن. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي خىزمىتىنى ئاۋۋال ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشتىن باشلىغان. قەشقەر، بالاساغۇن، خارەزم، پەرغانە، بارساغان، تالاس، ئىسپىجاب، قوچۇ، بەشبالىق، ئىلى دەريا ۋادىلىرى ۋە موڭغۇل، گەنسۇ دالىلىرىغىچە بولغان پايانسىز تېررىتورىيىلەرنى كېزىپ كەڭ كۆلەمدە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا باغدادقا بېرىپ بىر مەزگىل ئىلمىي ھەم ئىجتىمائىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، قەشقەرگە قايتىپ، ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان. ھازىرقى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسى ئازىق كەنتىگە جايلاشقان، ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇندىن بۇيان تاۋاپ قىلىپ كەلگەن «ھەزرىتى موللام مازىرى» مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەۋرىگاھىدۇر.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئاساسلىق ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» بولۇپ ھېساب-

لىنىدۇ. ئۇ، بۇ ئەسىردە يەنە «تۈركىي تىللار گراممانىكىسىنىڭ جەۋھىرى» ناملىق باشقا بىر ئەسىرىنىڭمۇ بارلىقى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. ئەمما ئالىمنىڭ بۇ ئەسىرى ھازىرغىچە تېپىلغىنى يوق.

لوندوندا نەشىر قىلىنغان «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» دېگەن كىتابنىڭ 4 - توم، 699 - بېتىدە ئېيتىلغانلىرىغا قارىغاندا: «تۈركىي تىللار دىۋانى، تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى نادىر ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى XI ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، تۈركىي خەلقلىرىنىڭ خەلق رىۋايەتلىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن ئېنسىكلوپېدىيە بولۇپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىدىغان بىردىن - بىر مەنبە»① ھېسابلىنىدۇ.

## 2 - «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

«تۈركىي تىللار دىۋانى» XI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلشۇناسى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئېنسىكلوپېدىك ئەسىرى. مىلادى XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئەرەب ئىمپېرىيىسى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەركىزى باغدادتا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ تەسىرى كۈچىيىشكە باشلىغانىدى. بۇنىڭ بىلەن «تۈركىي تىلى ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتاتتى».② مەھمۇد قەشقەرىدىن باغدادقا بېرىپ ئەرەبلەرنىڭ «ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن ئۇلارغا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق»③ ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ئەسەرنى يازغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»غا تەخمىنەن 7500 پارچىدىن ئارتۇق سۆزلەم (سۆز ۋە ئىبارە) كىرگۈزۈلگەن، 242 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر - قوشاق توپلانغان، 200 پارچىغا يېقىن ماقال - تەمسىل يىغىلغان، شۇنداقلا يەنە بىر قىسىم ئەپسانە، رىۋايەت، قىسسىلەرمۇ كىرگۈزۈلگەن. مەھمۇد قەشقىرى سۆزلەم، شېئىر - قوشاق، ماقال - تەمسىللەرنى ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا بېرىپ، بۇلارنى ئەرەبچە ئىزاھلىغان، يەنى ئەسەرنى ئەرەبچە يازغان ۋە ئۇنىڭغا «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دەپ ئات قويغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مەزمۇنىنى تۆۋەندىكىدەك قىسقىچە بايان قىلىشقا بولىدۇ. بىرىنچى، «دىۋان»دا تۈركىي قەبىلىلەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان ۋە بۇ قەبىلىلەرنىڭ تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئىككىنچى، «دىۋان» دا تۈركىي قەبىلىلەر ياشىغان جايلار، بولۇپمۇ قاراخانىلارنىڭ شۇ زاماندىكى تېررىتورىيىسى، شۇنىڭدەك تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن قوشنا ئەللەرگە دائىر جۇغراپىيىلىك ناملارنىڭ مەشھۇرلىرى بېرىلگەن.

---

① «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1985 - يىلى، 2 - سان، 57 - بەت.
② مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 7 - بەت.
③ مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 5 - بەت.

مەھمۇد قەشقىرى يەنە تۈركىي خەلقلەر جايلاشقان كەڭ دىيارنى يەر يۈزىنىڭ يۇمۇلاقلىقى ئۇقۇمى بويىچە قىياسەن خەرىتە قىلىپ سىزىپ بەرگەن. ئاپتورنىڭ ئۆز تىلى بويىچە ئېيتقاندا «دائىرە» دەپ ئاتالغان بۇ خەرىتە ئاسىيانىڭ شۇ كەمگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ قەدىمى خەرىتىسىدۇر. ئۈچىنچى، «دىۋان»دا نۇرغۇن سۆزلەملەرنىڭ ئىستېمال مەنىسىنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەدەبىي پارچىلار بېرىلگەن. بۇلار بىز ئۈچۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمى باي ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ نەمۇنىلىرى سانىلىدۇ. تۆتىنچى، «دىۋان»دا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ماددىي ھەم مەدەنىي تۇرمۇشىغا دائىر خېلى ئەھمىيەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن. بەشىنچى، «دىۋان»دا ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىغا دائىر قەدىمى ۋە ئۆز زامانىسىدىكى ئاتالغۇلار، شۇنىڭدەك ھاكىمىيەت دەرىجىلىرى، ھۆكۈمرانلارنىڭ تەبىقىلىرى ۋە ئۇنۋانلىرى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. جۈملىدىن ھەربىي تۈزۈم، جەڭ ۋە تاكتىكا توغرىسىدىكى سۆزلەرمۇ بار. ئالتىنچى، «دىۋان»دا كالېندارچىلىق ۋە ئاسترونومىيىگە دائىر مەلۇماتلار بېرىلگەن.

دېمەك، مەھمۇد قەشقىرى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر، بولۇپمۇ قاراخانىلار جەمئىيىتىنىڭ قىياپىتىنى لۇغەتشۇناسلىق بىلەن تەسۋىرلەپ بەردى.

### 3 - «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئەدەبىي قىممىتى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا بەك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. «دىۋان»غا تۆرلۈك تېمىدا 242 كۇپلېت (I تومدا 117، II تومدا 48، III تومدا 77) ئەدەبىي پارچە كىرگۈزۈلگەن. بۇلارنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن تۆت چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈش مۇمكىن.

بىرىنچى، داستانلار، يەنى تاڭغۇتلار بىلەن بولغان جەڭ، قەبىلىلەر ئارا توقۇنۇشلار، دىنىي مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن مۇسۇلمان بولغان «تۈرك»لەرنىڭ ئۇيغۇر «تات»لارغا قارشى قىلىنغان يۈرۈشلىرى، تۈركەشلەر ۋە ياباقۇلار بىلەن بولغان ئۇرۇش، جۈملىدىن توقۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئۆزئارا جەڭ - جېدەللىرى ھەققىدىكى داستانلاردىن پارچىلار. ئىككىنچى، مەرسىيىلەر، يەنى توڭا ئالپ ئەر ۋە نامەلۇم بىر قەھرىمان توغرىسىدىكى مەرسىيە. ئۈچىنچى، قوشاقلار، يەنى مۇھەببەت ۋە ئەمگەك توغرىسىدىكى قوشاقلار. تۆتىنچى، ساقىنامە ۋە ئوۋچىلىق توغرىسىدىكى قوشاقلار (مۇنداق قوشاقلارنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى يىراق ئۆتمۈشنى ئەسلىتىدۇ).

«دىۋان»دىكى ھېكمەتلىك سۆزلەر، ماقال - تەمسىللەر 200 دىن ئاشىدۇ. بۇنداق ھېكمەتلىك سۆزلەر، دۇنياغا ۋە مەئىشەتكە قانداق قاراشنى بىلدۈرىدىغان، يىراق ئۆتمۈشتىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق نورمىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان پەلسەپىۋى مەزمۇنلۇق ئىبارىلەردۇر.

«دىۋان»غا قەدىمى مىفلار، يەنى ئەپسانە، رىۋايەت ۋە قىسسىلەردىن نەچچە ئون پارچە كىرگۈزۈلگەن. بۇ مىفلارنىڭ مەزمۇنى يىراق ئۆتمۈش بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئۇلار ئىپتىدائىي دىنلار، شامان دىنى ۋە ئۇيغۇرلار ئىشەنگەن باشقا دىنلار؛ ئەۋلىيالار، قەھرىمانلار، قەھرىمانلىق پائالىيەتلەر، قەبىلە ناملىرى ۋە يىلنامىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، تارىخىي ھادىسە ۋە ۋەقەلەر بىلەن ئالاقىدار بولغان.

دېمەك، «دىۋان» مول ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنىڭ توپلىمى. ئۇنىڭدىكى ئەدەبىي پارچىلار كۈچلۈك ئىدىيىۋىلىككە، ئىلغار خاھىشقا، خىلمۇ خىل شەكىلگە، مول مەزمۇنغا ئىگە. «دىۋان»دىكى ئەدەبىي پارچىلارنى توپلاپ، رەتلەپ تەتقىق قىلغان مەھمۇد قەشقەرى ئۆز نۆۋىتىدە يېتىلگەن ئەدەبىياتشۇناس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەدىب، جۈملىدىن شائىر ئىدى. ئۇ «دىۋان»دىكى بەزى شېئىرلارنى ئۆزى يېزىپ چىققان.

## 4 - مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆز ئەسىرىگە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دەپ ئات قويغانلىقى ھەققىدە

مەھمۇد قەشقەرى ئۇيغۇر ئىدى. قاراخانىلار سۇلالىسىدىكى ئاساسىي ئاھالە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن بولغان. قاراخانىلارنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ھوقۇقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قولىدا تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇيغۇر قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى قىياپىتىنى لۇغەتشۇناسلىق بىلەن ئىپادىلىگەن زات مەھمۇد قەشقەرى ئۆز ئەسىرىگە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دەپ ئات قويغان. بۇنىڭدا تارىخىي، سىياسىي ۋە دىنىي سەۋەب بار ئىدى. تارىخىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھەرقايسى تارىخىي دەۋردە، ئۆزلىرى ۋە باشقىلار تەرىپىدىن خىلمۇ خىل نام بىلەن ئاتالغان؛ «ئۇيغۇر» دېگەن نام بەزىدە پۈتۈن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئىپادىلىگەن، بەزىدە ئايرىم گۇرۇھنى ئىپادىلىگەن، بەزىدە كىشىلەر بۇ ئىسىمدىن پەخىرلەنگەن، بەزىدە ئەيمەنگەن؛ قاراخانىلار دەۋرىدە ئەرەبلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنى «توققۇز ئوغۇزلار» دېگەن، خەنزۇچە ھۆججەتلەردە خۇيخۇ 回鹘، خۇيخې — 回纥 (ئۇيغۇر)، گاۋچاڭ خۇيخۇ 高昌回鹘، شىجۇ خۇيخې 西州回纥 دېگەندەك بىرقانچە ئىسىم بىلەن ئاتىغان. بۇلار ئاساسەن كۇچانىڭ شىمالىدىن باشلاپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرى ئىدى. مەھمۇد قەشقەرى دەل مۇشۇلارنى «ئۇيغۇر» دەپ، قاراخانىي ئۇيغۇرلىرىدىن پەرقلەندۈرگەن؛ يەنە ئۇ تۇرپان ئەتراپىدىكى مەخسۇس «ئۇيغۇر» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان بىر قەبىلىمۇ بارلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، شىمالدىكى ئۇيغۇرلارنى شۇنىڭ بىلەن ئالاقىدار دەپ قارىغان؛ دېمەك، مانا مۇشۇنىڭدىن «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسى ئەشۇ چاغدا تېخى پۈتۈن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭمۇ ئورتاق نامى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

سىياسىي جەھەتتە، «تۈرك» دېگەن ئىسىم ئومۇمىي بىر ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇ، تا-

رىختىن بۇيان كۈچلۈك سىياسىي تۈسكە ئىگە بولۇپ كەلگەن. ئادەتتە، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەرنىڭ ئومۇمىيىتىگە مۇشۇ ئىسىم ماس كېلەتتى. قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ تەركىبىدە ئۇيغۇر بولمىغان باشقا تۈركىي قەبىلىلەرمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى قوبۇل قىلىشى تەسرەك ئىدى. ئۇنداق ئىكەن، «تۈرك» دېگەن نام ئۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ۋە غەيرى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە ئورتاق ئىسىم سۈپىتىدە قوللىنىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. مەھمۇد قەشقىرى، غەيرى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ھېسسىياتىنى ھۆرمەتلەش، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان تېخىمۇ كۆپ قەبىلىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش «دىۋان»غا غەيرى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىنمۇ ماتېرىيال توپلاپ كىرگۈزگەنلىكىنى بىلدۈرۈش، شۇنداقلا ئەسىرىنىڭ نوپۇزىنى ئۈستۈرۈشنى نىيەت قىلىپ، «تۈرك» دېگەن نامنى تاللىۋالغان.

دىنىي جەھەتتىكى ئىشلارنى سۆزلىسەك، مەيلى ئۇيغۇر قاراخانىلار، مەيلى ئۇيغۇر قوچۇ ئېلىدىكى ئاھالە بولسۇن، دەسلەپ بۇددا ۋە مانى دىنىدا ئىدى. كېيىنچە قاراخانىلار ئاھالىسى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئاھالە ئومۇمەن تۈركلەر دېيىلگەن، ھەتتا «تۈرك» دېگەن نامنى ئىسلام دىنىدىكى «ئاللاھ» ئاتا قىلغان ئىسىم دەپ قارالدى. بۇلارنىڭ نەزىرىدە شىمالدىكى ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولمىغانلىقى ئۈچۈن كەمسىتىلىپ كاپىرلار، ئەشەددىي تاتلار بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىسمى بولغان. ئۇيغۇر ئاتالغۇسىمۇ مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ قالغان. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا مەھمۇد قەشقىرى ئۆز ئەسىرىدە نوقۇل ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئورۇق، قەبىلىلەرنىڭ تىللىرىنىمۇ ئىزاھلاپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان ۋە مۇشۇ مەقسەتتە پۈتكۈل تۈركىي قەۋملەرنىڭ يۇرتىنى ئارىلاپ چىققان. شۇنداق قىلىپ كىتابىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى تېخىمۇ كەڭ ئومۇملۇققا ئىگە قىلىش ئۈچۈن كىتابىنىڭ نامىنى پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەر شەرىپىگە ئارمىغان قىلغان…

يۇقىرىقى بىرقانچە سەۋەب تۈپەيلىدىن مەھمۇد قەشقىرى ئەسىرىگە ئۇيغۇر ئاتالغۇسى بىلەن باغلانغان ماۋزۇ قويماي، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك - تۈركىي تىللار دىۋانى» دەپ ئات قويغان.

## § 5 . قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئەدەبىيات

### 1 - ئەھمەد يۈكنەكى ۋە ئۇنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى

ئەھمەد يۈكنەكى — تولۇق ئىسمى ئەدىب ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان شائىر. ئۇنىڭ قەيەرلەردە تۇغۇلۇپ، نېمە قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «قەشقەر تىلى» بىلەن يېزىلغان يېگانە ئەسىرى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەت ئىشىكى) داستانى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. بۇ ئەسەر «ھىبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەتلەر سوۋغىسى) دېگەن نام بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. داستاننىڭ قاچان يېزىلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئۇنى پەقەت، داستاننىڭ تىلى ۋە ئۇسلۇبىغا قاراپ، تەخمىنەن بەلگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. داستاننىڭ تىلىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىلىغا خېلى يېقىن تۇرغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭدا يەنە قىسمەن ھالدا ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنىڭمۇ ئارىلاش ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ دەل «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان قەدىمكى قەشقەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرى تەسىرىگە ئۇچراپ، بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن ياكى «چاغاتاي تىلى» دېيىلگەن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشكە باشلىغان دەۋرىگە XII — XIII ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى مەزمۇن خاراكتېرى جەھەتتىن دىداكتىك (پەندى - نەسىھەت) مەزمۇنىدىكى ئەسەر بولۇپ، داستاندا ئاپتور ئۆزىنىڭ سىياسىي، پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي قاراشلىرى ۋە ئىستېتىك چۈشەنچىلىرىنى ئوبرازلىق شېئىرىي تىل بىلەن بايان قىلىدۇ.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» باشتىن ئاخىر شائىرنىڭ ئادالەت، ھەققانىيەت، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان بولۇپ، ئەھمەد يۈكنەكى ئۆزىنىڭ بۇ لىرىك داستانى ئارقىلىق كىشىلەرگە ھەققانىيەت دەرۋازىسىنى ئېچىپ، خەلقى پەزىلەتلىك، دۆلىتى ئاۋات، بەختلىك جەمئىيەتكە يېتىشتىن ئىبارەت غايىۋى مەقسەتنى ئوتتۇرىغا قويغان. شائىر ئادالەت، ھەققانىيەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، مەرتلىك، سېخىيلىق، كەمتەرلىك، كۆيۈمچانلىققا ئوخشاش بىر قاتار ئىنسانىي خىسلەتلەرنى ئۇلۇغلاپ، زالىملىق، ۋاپاسىزلىق، نادانلىق، جاھىللىق، ئاچكۆزلۈك، يالغانچىلىق، ھەسەتخورلۇققا ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئەيىبلەيدۇ.

14 باب 484 مىسرادىن تەركىب تاپقان «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى، بىر قىسىم تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدىمۇ ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە ئەسەر.

«ئەتەبە تۇلھە قايىق» داستانىنىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇن خاراكتېرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىغا يېقىن تۇرىدىغانلىقىنى ۋە «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. لېكىن، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى يەنە ئۆزىگە خاس ئۇرگىنالىلىققا ئىگە. بولۇپمۇ مەزكۇر داستاننىڭ تىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىكى ئاممىبابلىقى، شېئىرىي ئاھاڭلىرىنىڭ كۆركەملىكى، بەدىئىي غايىسىنىڭ روشەنلىكى، خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىدە ئالغا سۈرۈلگەن ئەنئەنىۋى قاراشلارغا ئىجادىي ياندىشالىغانلىقى قاتارلىق بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرىدۇ.

## 2 - خوجا ئەھمەد يەسەۋى ۋە «دىۋانى ھېكمەت»

خوجا ئەھمەد يەسەۋى (تۆۋەندە «يەسەۋى» دېيىلىدۇ) ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە — ئىدىيە تارىخىدىكى مۇھىم شەخس. ئۇ يەسەۋى سوپىزمىنىڭ روھانىيەتچىل تەركىدۇنيالىقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان يەسەۋىيە - جەھرىيە - قادىرىيە ئېقىمىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ئىران ۋە ئىسلام شەرقىدىكى تەسەۋۋۇپ پىكىر ئېقىمى تارىخىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتقان.

يەسەۋى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قوشاق شەكلى بىلەن يەسەۋىزملىق سوپىزم ئىدىيىلىرىنى تۇنجى بايان قىلىپ، دىنىي - روھانىيەتچىل ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم بىر ئۆلگىسىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ساپ ئۇيغۇر جانلىق خەلق تىلىدا يېزىلغان شېئىرلىرى قاراخانىلار دەۋرىدىكى خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى بىلەن «چاغاتاي ئەدەبىياتى»نى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە مۇئەييەن تارىخىي قىممەت ياراتتى.

يەسەۋى (1005? — 1116?) تەخمىنەن XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراخانىلارغا قاراشلىق يەتتە سۇ ۋىلايەتلىرىنىڭ بىرى بولغان تۈركىستان — يەسسى دېگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بوۋىسى مەھمۇد بولۇپ، دادىسى سايرام شەھىرىنىڭ شەيخلىرىدىن ئىبراھىم يەسسى دېگەن كىشى، ئانىسى قارا چاچ ئانا دېگەن ئايال ئىدى.

يەسەۋىنىڭ بالىلىق چاغلىرى سايرامدا ئۆتكەن. ئۇنىڭ دادىسى ئىبراھىم شەيخ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئارسلان بابا دېگەن شەيخنىڭ قولىدا داۋاملىق تەربىيە ئالدى. ئۇ كىشى قازا تاپقاندىن كېيىن يەسەۋى سايرام شەھىرىدىن بۇخاراغا كېلىپ مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى شەيخ يۈسۈپ ھەمدانىنىڭ تەربىيىسىدە بولىدۇ. يۈسۈپ ھەمدانى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ مەشھۇر ئىشاننىڭ قولىدا ئەھمەد يەسەۋى خەلىپىلىك قىلىپ، داڭ چىقاردى. بۇ جەرياندا يەسەۋى تولىمۇ تەركىدۇنياچىلىق بىلەن تولغان ئۆز كۆز قاراشلىرىنى — يەسەۋىچىلىك ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن.

يەسەۋى مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى ئىشان سۈپىتىدە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، شەيخلىق پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، شۇنچىلىك زور شۆھرەت قازاندىكى، ھەتتا «مەدىنىدە مۇھەممەد، تۈركىستاندا خوجا ئەھمەد» دېگەن سۆزلەر تارالغان. يەسەۋى نامىغا سېلىنغان جامە گۇمبىزىنىڭ تورۇسىغا «غايىپنىڭ سىرىنى ئاچقۇچى ئۇنىڭدىن باشقا كىشى بولماس» دېگەن سۆز يېزىلغان.

ئەھمەد يەسەۋى ئۆز يۇرتى يەسسىدە (تۈركىستاندا) ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرگەنلىكى سىرلىق رىۋايەتلەر بىلەن يوپۇغدالغان. ئېيتىلىشىچە، ئۇ گەرچە مۇھەممەد پەيغەمبەردىن ئارتۇق ياشىماسلىقىنى ئىستەپ 63 يېشىدا چىللىخا-

ئىنغا كىرىپ، روزى تۇتۇپ، ئىستىقامەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىككى پەيغەمبەر پېشى 130 يىل ئۆمۈر كۆرگەنمىش.

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ «دىۋانۇ ھېكمەت» ئەسىرى ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە. «دىۋانۇ ھېكمەت» جانلىق، ئاھاڭدار ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بويىچە يېزىلغان تەسەۋۋۇپ دەستۇرى بولۇپ، ئۇنىڭدا سوپىزملىق ئىدىيە ۋە ئۇيغۇر شېئىرىي شەكلى ئىككى گەۋدىلىك قىممەت ياراتقان. ئۇنى ھەم ئەدەبىيات ھەم پەلسەپە - ئىدىيە نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش مۇمكىن.

ئەھمەد يەسەۋى دۇنيانىڭ ماھىيىتى ئىنساننىڭ ماھىيىتىدۇر. ئىنساننىڭ ماھىيىتىمۇ دۇنيانىڭ ماھىيىتىدۇر، ئىنساننىڭ ياشاشتىن مەقسىتى مۇشۇ ماھىيەتنى بىلىش ھەقىقەتكە ئېرىشمەك دەيدۇ. يەسەۋى ھەقىقەت يولى سوپىلىق يولدۇر، ھەقىقىي سوپى، دەنا بولۇش ئۈچۈن تۆت باسقۇچلۇق ھېكمەت (پەلسەپە) دىن خەۋەردار بولۇشى لازىم دەپ قارىغان. بۇلار:

1 . ئىسلام قائىدە نىزامى بولغان شەرىئەتنى بىلمەكلىك؛

2 . سوپىزم (تەسەۋۋۇپ) پىكرىنىڭ ئاساسى بولغان تەرىقەتنى بىلمەكلىك؛

3 . ئىشقى ئىلاھىيە (تەڭرىگە مۇھەببەت) بولغان مەرىپەتنى بىلمەكلىك؛

4 . تەڭرى بىلەن قوشۇلۇش كورسى (دەرىجىسى) بولغان ھەقىقەتنى بىلمەكتىن ئىبارەت. يەسەۋىچە بۇ تۆت باسقۇچ سوپىلىقتا كۆتۈرۈلۈشنىڭ تۆت دەرىجىسى بولۇپ، بىرىنچىسى بولمىسا، ئىككىنچىسى بولمايدۇ.

روشەنكى، بۇ نۇقتىدا يەسەۋى ئىسلام سوپىزمنى ئىدېئالىستىك جەھەتتە كامالەتكە يەتكۈزدى. يەسەۋى خۇددى يەسەۋى ئېقىمىدىكىدەك رېئال دۇنيانى «ئازاب دېڭىزى» دەپ قارايدۇ. ئۇ بۇ دۇنيانى خۇنۇك، زۇلمەتلىك، ۋاپاسىز، ئۆتكۈنچى، جىنايى دۇنيا دەپ تەشۋىق قىلىدۇ. ئۇ، ئۆز نەزمىلىرىدە ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقەت يولى پەقەت سوپىلىق شەرتلەرنى ئادا قىلىپ، يالقۇنلۇق ئىشقى ئىلاھىيە ئىچىدە تەڭرى بىلەن بىرلىشىشتىن ئىبارەت، دېگەن پىكىر ئېقىمىنى تەشۋىق قىلىدۇ. ئۇ ئىلاھىي روھ ۋە ئىنسان روھى ھەر ئىككىلىسى ئېسىل روھلار، ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى ئەڭ ئالىي بەخت، قالغان ھەممە نەرسە مەۋجۇت نەرسىلەر، مال - مۈلۈكلەر... ھەۋەس قىلارلىق ئەمەس، بەلكى قاباھەتلىك؛ ئۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قاباھەتلىككى، ئۇ كىشىنى ئىشقى ئىلاھىيىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئۆزىگە ھېرىس قىلىدۇ دەپ تەرغىپ قىلىدۇ.

يەسەۋىچە، مۇنداق سوپىزملىق ئىستىقامەت يولى تەركىدۇنياچىلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ قاباھەتلىك، بۇ رېئال دۇنيادا «ئۆلمەستىن بۇرۇن ئۆلگەندەك ئۆتۈش»نى تەلەپ قىلىدۇ. يەسەۋىنىڭ «دىۋانۇ ھېكمەت»ناملىق شېئىرىي ئەسىرى ۋە ھەرقايسى «باياز»لارغا كىرگەن شېئىرلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ رېئال دۇنيانى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئەرزىمەس دەپ كەمسىتىلگەنلىكىتىن باشقا،

ئەينى زامان مۇھىتىنى ئىجتىمائىي نۇقتىدىن تەنقىدلەيدىغان، زالىملار، زوراۋانلار، پارىخور ئەمەلدارلارنى، مال - دۇنيا غېمىدا قالغان، ئاقنى قارىغا ئايلاندۇرىدىغان قارانىيەت دىنىي كەسىپ ئەھلىلىرىنى سۆكۈدىغان پاش قىلغۇچى، رەت قىلغۇچى ئاملار يېتەرلىك ئىپادىلىنىگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇ دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر، خارلانغان ئەمگەكچى خەلق ھەققىدە قىزغىن ھېسداشلىق بىلدۈرىدىغان نۇرغۇن مىسرالار تۈزگەن.

يەسەۋىنىڭ شېئىرىي ھېكمەتلىرىدە ئالغا سۈرۈلگەن بۇ خىل مۇرەككەپ زىددىيەتلىك پىكىرلەر ئەينى دەۋردە بىر مەزگىل ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان تەسەۋۋۇپچىلىق پىكىر ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ گەرچە تۈپ ماھىيىتى جەھەتتىن ئىدىيىلىك پەلسەپىۋى ئېقىمغا تەئەللۇق بولسىمۇ، لېكىن يەسەۋى ئىجادىيىتىنى تەنقىدىي كۆزدىن كەچۈرگەندە، پايدىلىنىشقا تېگىشلىك ئىجابىي ئامىللارنىڭ بارلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق لازىم. بولۇپمۇ، يەسەۋى شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي كۆركەملىكى، تىل پاساھىيىتى، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى بىلەن ئاھاڭداشلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى ھامان بىزنى، ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

## 3 - رابغۇزى ۋە «قىسسەئى رابغۇزى»

رابغۇزىنىڭ ئەسلى ئىسمى ناسىرىددىن بۇرھانىددىن ئوغلى ياكى ناسىر بۇرھانىددىن بولۇپ، «رابغۇزى» ئۇنىڭ تەخەللۇسى ئىدى. رابغۇزى XIII، XIV ئەسىرلەردە ياشىغان دانىشمەن چوڭ يازغۇچى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە قەشقەر تىلىنىڭ جانلىق شېۋىسى كۆپ ئىشلىتىلگەنلىكىگە قاراپ، بەزى تەتقىقاتچىلار قەشقەرلىق بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ، ئەمما يازغۇچىنىڭ تەپسىلىي تەرجىمىھالى ھەققىدە مەلۇمات يوق.

رابغۇزى «قىسسەئى رابغۇزى» دېگەن يىرىك ئەسىرى بىلەن تونۇلغان. بۇ ئەسەر «قىسسەسۇل ئەنبىيا» (ئەنبىيا — ئەۋلىيالار قىسسىسى) دېگەن نام بىلەن شەرق دۇنياسىدا شۆھرەت قازانغان. كىتاب 1311 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، ئاكادېمىك ئا. ئى. سامايلوۋىچ، س. ئى. مالوۋ، ئەمىر نەجىب قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشلىرىگە قارىغاندا، ئۇ، ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان.

«قىسسەئى رابغۇزى» ئۇيغۇر ۋە باشقا بىر قىسىم تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا پروزا ژانىرىنىڭ يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈشىدىن دېرەك بېرىدىغان يازما يادىكارلىق.

«قىسسەئى رابغۇزى» جەمئىي 72 بابقا بۆلۈنگەن. نەسرى ۋە نەزمە ئۇسۇلىدا يېزىلغان بولۇپ، مەدھىيىلەر، ھېكايىلارنىڭ خۇلاسىلىرى ۋە كىتابنىڭ خاتىمىسى شېئىر ئارقىلىق بايان قىلىنغان. نۇرغۇن سەھىپىلىرىدە مۇئەللىپ شېئىرىي پىكىر بىلەن لىرىك چېكىنىش بېرىپ، ئۆز نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

«قىسسەئى رابغۇزى» نىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ، زىددىيەتلەر مۇرەككەپ، ۋەقەلەر ئاجايىپ - غارايىپ، سەرگۈزەشتىلەر ئىنسان ئېڭىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ. ئەسەر-

نىڭ ۋەقەلىكى تارىخىي خىرونولوگىيە پرىنسىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، يەنى ۋەقەلىك — دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشى، ئىنسانىيەتنىڭ ئادەم بولۇپ شەكىللىنىشى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، بۇ جەمئىيەتتە سىنىپلارنىڭ پەيدا بولۇپ، دۆلەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى، بۇ جەرياندا بارلىققا كەلگەن زورو ئاستېر، يەھۇدى، خىرىستىيان دىنى، ئاخىرى ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن شەكىللەنگەن ئىسلام ئىمپېرىيەسى، بۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغان مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ مۇرتلىرى تۈگەپ، ھاكىمىيەت بېشىغا ئوماۋىيلار چىققان دەۋرلەرگىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي دەۋرنىڭ كۈرەش جەريانى دىنىي پانتاستىك كارتىنا، ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. قىسسەدىكى پۈتۈن ۋەقەلىك ۋە بۇ ۋەقەلەر ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن زىددىيەتلەر، زىددىيەتلەر ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئوبرازلارنىڭ ھەممىسىگە دىنىي مىستىك روھ سىڭدۈرۈلگەن.

«قىسسەئى رابغۇزى» نىڭ ئاساسىي سۇژىتى، ئەسلى «تۆت كىتاب» زەبۇر، تەۋرات، ئىنجىل، قۇرئان قاتارلىقلاردىن مەلۇم دەرىجىدە پەرق قىلىدۇ. بۇ مۇقەددەس كىتابلاردا بولۇپمۇ، «قۇرئان»دا ئىسلاملاشتۇرۇلغان ۋەقەلەر، جۈملىدىن ئەرەب فولكلورىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر بولغىنى ئۈچۈن، ۋەقەلەرنىڭ زىددىيەت تەرەققىياتى رېئال زىددىيەت قانۇنىيىتى بويىچە ئەمەس، بەلكى مىفلارغا خاس دىنىي مىستىك، ئىلاھىي پانتاستىك لوگىكا بويىچە يۈز بېرىدۇ، ئەمما، بۇ قىسسىدىكى زىددىيەتلەر باشقا مىفلاردىكى زىددىيەتلەر بىلەن ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى بار. ئۇ بولسىمۇ، بارلىق زىددىيەتلەر بىر «ئاللاھ»نىڭ قۇدرىتى بىلەنلا بولىدۇ. شۇڭا ئەسەردىكى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ جېنى ھېسابلانغان «توقۇنۇش»مۇ ئىسلاملاشقان بىر «ئاللا» نىڭ «قۇدرىتى» بىلەن مەيدانغا چىقىرىلىپ، سۇژىتلار دىنىي پانتاستىك قىياپەت بىلەن قانات يايىدۇ.

«قىسسەئى رابغۇزى» گەرچە ئەۋلىيا - ئەنبىيالار، ئىسلام ئەقىدىلىرى، «ئاللاھ»نىڭ قۇدرىتى قاتارلىق دىنىي كۆز قاراشلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئاساسىي نىشان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭدىن يەنىلا رېئال دۇنيا، ئۇنىڭدىكى ھادىسىلەر، ئىنسان، بىلىم، ئەمگەك، مۇھەببەت، گۈزەل غايە، باتۇرلۇق، ئادىللىق قاتارلىق ئېلېمېنتلارنىمۇ كۆپلەپ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. «قىسسەئى رابغۇزى» ئالدى بىلەن بىر ئەدەبىي ئەسەر بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلار ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئىنسان مېڭىسىدىكى يا ئۇ يول بىلەن، يا بۇ يول بىلەن ئەكس ئېتىشىدىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى، ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنى ئۆگىنىشتە، جۈملىدىن ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقى، شېئىرىيىتى، تىلىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال.

### 4 - مۇھەممەد خارەزمى ۋە «مۇھەببەتنامە»

«خارەزمى» تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ ئەسلى ئىسمى مەلۇم ئەمەس. ئۇ XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XIV ئەسىرلەردە ياشىغان. ئۇ دەۋرىگە خاس ئاساسلىق بىلىملەردىن

خەۋەردار ۋە شېئىرىي ئۇسلۇبىغا قارىغاندا ھېسسىياتچان، ئەقىلدان ۋە چوڭقۇر كىشىلەردىن بولغان خارەزمىنىڭ قايەرلەردە تۇغۇلغانلىقى ئېنىق ئەمەس. شائىرنىڭ ئەسىرىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، تۈركىيە (ئۇ چاغلاردا رۇم سۇلتانلىقى دېيىلەتتى)، مىسىر (شام) ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى كېزىپ چىققانلىقى، دېڭىز سەپىرىدە ۋە پىيادە سەپەرلەردە بولغانلىقى مەلۇم. خارەزمى ئوتتۇرا ئاسىيا ساياھىتى جەريانىدا 1353 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئالتۇن ئوردا خانى جانىبەگ (1342 — 1357) نىڭ سىر دەريا ۋادىسىدىكى ۋالىسى مۇھەممەد خوجا بەگ بىلەن تونۇشۇپ، 1353 — 1354 - يىلى ئارىسىدىكى قىشنى شۇ يەردە ئۆتكۈزىدۇ ۋە شۇ مەزگىلدە «مۇھەببەتنامە» ناملىق يىرىك داستانىنى يېزىپ چىقىدۇ.

«مۇھەببەتنامە» 11 قىسىمدىن تەشكىل تاپقان لىرىك داستان بولۇپ، ئۇ ئاشىقنىڭ تىلىدىن يېزىلغان 11 پارچە ئىشقى شېئىرىي مەكتۇب تەرىزىدە يېزىلغان. بۇ 11 پارچە ئىشقى مەكتۇبنىڭ 4 -، 8 -، 11 - پارچىلىرىغا پارسچە مىسرالار ئارىلاشقان. قالغان سەككىز پارچە مەكتۇب پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان.

«مۇھەببەتنامە»، گۈزەل بىر كەچتە، باياشات بىر ئەنجۇمەندە مۇھەممەد خوجابەگنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ داستاننى يېزىشقا كىرىشكەنلىكى، مۇھەممەد خوجابەگ مەدھىيىسى ۋە ئون پارچە ئىشقى مەكتۇب بىلەن تۈزۈلگەن. ھەربىر نامە:

«ئايا، كۆرك ئىچىدە ئالەم پادىشاھى»،
«ئايا، گۈلچېھرىلەر مالىك رىقابى»،
«ئايا، بويى سەنەۋبەر، چېھرىسى ئاي»،
«ئايا، نامېھرىبان، ئەھدى باقاسىز»،

قاتارلىق خىتابەتلىك مىسرالار بىلەن باشلىنىپ،

«سەبۇردىن ياخشى يوقتۇر پىشە قىلسام
بۇ يولدا سەبرى يوق ئەندىشە قىلسام»

دېگەن مىسرا بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان.

«مۇھەببەتنامە» نامە، مەسنەۋىي، غەزەل، قىتئە، مۇناجەت قاتارلىق ژانىرلاردىن پايدىلىنىلغان ۋە ھەممىسى ئوخشاش ئارۇزنىڭ ھەزەج مۇسەددەس مەقسۇر (مەپائىلۇن - مەپائىلۇن، مەپائىل) بەھرىدە يېزىلغان.

# X باب

# مۇڭغۇللار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

## §18. موڭغۇل دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئورنى

چىڭگىزخان (1162 — 1227) موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىمپېرىيە قۇرغان بولسىمۇ، لېكىن، دۆلەت قۇرغان دەسلەپكى مەزگىللەردە موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ تېخىچە يېزىقى يوق ئىدى. چىڭگىزخان نايمان قەبىلىسىنى بويسۇندۇرۇش بىلەن، ئۇلارنىڭ ئوردىسىدا ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن مۆھۈردارلىق قىلىۋاتقان ئۇيغۇر دانىشمىنى تاتاتۇڭانى ئۇچۇرتۇپ قالىدۇ ۋە تاتاتۇڭادىن ئەھۋال ئىگىلەپ، ئۇيغۇر يېزىقىغا قىزىقىپ قالىدۇ. چىڭگىزخاننىڭ سەممىي ئۆتۈنۈشى بىلەن تاتاتۇڭا قايتا-قايتا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن موڭغۇللار يېزىقى يوق دېگەن قالپاقنى چۆرۈپ تاشلاپ، يېزىققا ئىگە، مەدەنىيەتلىك مىللەتكە ئايلىنىدۇ. چىڭگىزخاننىڭ تەكرار ئۆتۈنۈشىگە ئاساسەن تاتاتۇڭادىن باشقا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن يەنە قارا ئىگەچ بۇيرۇق، يۈرۈك تۆمۈر، سەككىز، سىبان، مۆڭگۈس قاتارلىقلار ئوردىدا موڭغۇل شاھزادە، بەگزادىلارنى ئوقۇتۇپ چىقىپ، تۇنجى ئەۋلاد موڭغۇل زىيالىيلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.

چىڭگىزخان باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، يېزىق جەھەتتىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، قانۇن-قائىدە (ياساق) لىرىدىنمۇ پايدىلانغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردىن قارا ئىگەچ بۇيرۇق «كېسىم ئىشلىرى قانۇنى» (断事官) نى تۈزۈپ چىققان. ئۇيغۇر ھەربىي ئالىملىرىدىن يۈرۈك تۆمۈر، بۇرۇل قايالار موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە زور خىزمەت كۆرسەتكەن. چىڭگىزخان ئوردىسىدىكىلەر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭغا تەقلىد قىلغان ھالدا يېڭى قانۇن-ياساق تۈزۈپ چىققان، ھەتتا «ياساق» نىڭ كۆپلىگەن ئاتالغۇلىرىنى ئۇيغۇرچە سۆزلەم بىلەن ئالغان. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ مالىيە-ئىقتىساد، باج ئىشلا، ئوردا كاتىبات خىزمىتى، ئەدلىيە، يەرلىك مەمۇرىيەت قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇرۇشتا ئۇيغۇرلار ياردەمدە بولغان.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ موڭغۇل دەۋرىدە داۋاملىق ساقلىنىشىدا يۇقىرىقىدەك، ئۇي-

ھۆرزىيالىيلىرىنىڭ موڭغۇللار ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغانلىقىدىن بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىقىنىڭ خاقانى بارچۇق ئارت تېگىننىڭ چىڭگىزخاننىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىغانلىقىدىن بولغان.

چىڭگىزخان پۈتۈن موڭغۇلىيىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزدى. بۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە تارىم ئۇيغۇرلىرى غەربىي لياۋ-كىدانلارنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇم كەسكىنلىشىپ كەتكەنىدى. تارىخنىڭ ئېقىمىغا ئەستايىدىل دىققەت قىلىۋاتقان قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ خاقانى بارچۇق ئارت تېگىن ۋەزىرى، ئورخۇن دەۋرى (552 — 840) دىكى ئۇيغۇر ھەربىي قوماندانى بىلگە تونيۇقۇقنىڭ ئەۋلادى بىلگە قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، غەربىي لياۋنىڭ قوچۇدا تۇرۇشلۇق باش نازارەتچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، 1209 - يىلى، چىڭگىزخانغا مەكتۇپ بىلەن ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنىڭدىن چىڭگىزخان چەكسىز خۇشاللىنىپ، قىزى ئەل ئالتۇننى بارچۇق ئارت تېگىنگە خوتۇنلۇققا بېرىپ، ئۇنى بەشىنچى ئوغلۇم دەپ تەن ئالدى ھەم قوچۇ ئۇيغۇرلىرىغا ئاپتونومىيە ھوقۇقى بەردى. بۇنىڭ بىلەن، تۈركۈم-تۈركۈم ئۇيغۇر زىيالىي-ئاقىللىرى، قوماندان ۋە ئەسكەرلەر چىڭگىزخان قوشۇنلىرىغا قاتنىشىپ خىزمەت ئىشلىدى.

يۇقىرىقىدەك، ئىككى خىل سەۋەب تۈپەيلىدىن موڭغۇل دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىياتى داۋاملىق راۋاجلانغان.

دېمەك، ئاكادېمىك بارتولد «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېركى» دېگەن ئەسىرىنىڭ «چاغاتاي دۆلىتى پارچىلىنىشقا قەدەر موڭغۇللار» دېگەن بابىدا موڭغۇل ئىمپېرىيەسى ھەققىدە توختىلىپ: «مەدەنىي خەلقلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن پەقەت مۇسۇلمانلار (ئاساسەن تاجىكلار) ۋە ئۇيغۇرلار ئۆز يۇرتىدىن چىقىپ، ئىمپېرىيىنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ چوڭ رول ئوينىدى ۋە خانلار ئالدىدا ئىناۋىتى بار ئىدى (باشقا تائىپىلاردىن بولغانلار ئاز ئۇچرايدۇ)» دەپ يېزىشى يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن بولغان.

## § 2- «ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانىبەگ ۋە ئۇنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى» رومانى ھەققىدە

ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانىبەگ ۋە ئۇنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى» — يىرىك تارىخىي رومان. ئۇنىڭدا چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، بېرلىن شەھىرىدىكى پروسسىيە پادىشاھلىق كۈتۈپخانىسى شەرق بۆلۈمىنىڭ كىتابلار مۇندەرىجىسى «...پارىژ پادىشاھلىق مەتبەسى 1783 - يىل چوڭ قول يازما، 863 - بەت» دەپ ئەنگە ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن 1910 - يىلى 11 - ئايدا

روسىيە تاتارىستان ئۆلكىسىنىڭ قازان شەھىرىدە نەشىر قىلىنىدىغان «شورا» ناملىق ژۇرنالدا بىر بابى ئېلان قىلىنىپ، جامائەتچىلىككە مەلۇم بولغان. قالغان قىسىملىرى ھازىرغىچە ئىلىم دۇنياسىغا نامەلۇم.

«ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانىبەگ ۋە ئۇنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى» ناملىق ئەسەرنىڭ بىرىنچى بابىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ئەسەرنىڭ ئاپتورى جانىبەگ، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئۆگدۈلمىش بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بايان ئاۋۇل ئۇرۇقىدىن كېلىپ چىققان. ئانا يۇرتى ئىسسىق كۆل بويلىرى ئىدى. كىچىكىدىن ئوقيا ئېتىشقا، چەۋەندازلىققا ھەۋەس قىلغان ۋە ئۇيغۇر تىل يېزىقىنى پىششىق ئىگىلىۋالغان. 15 يېشىدا چىڭگىزخان ئەسكەرلىرىگە قېتىلىپ، ئەسكەر، كېيىنچە خەۋەرچى بولغان. ئۇزۇن مۇددەت مەخپىي خەۋەرچىلىك قىلىپ، ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى ئەسەر قىلىپ يېزىپ چىققان.

جانىبەگ نېمە ئۈچۈن سەرگۈزەشتە خاتىرىسى يېزىپ چىققانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «...بەندىلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى كەمىنە ئۇيغۇر قەۋمىدىن ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانىبەگ دەيدۇركىم، دۇنيانى ئىستىلا قىلغان...چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھەم ئوغلىنىڭ ئوغلى ئىزگۈخان دەپ ئاتالغان باتۇخاننىڭ تارىخىنى بۈگۈنگىچە ھېچ كىشى يازمىدى. مەن ئاجىز كەمىنە كۆپ يىللار چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئوغلى ئىزگۈخان بىلەن ئات چاپتۇرۇپ جەڭ قىلغانلىقىمدىن بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى يازماقچى بولدۇم. تاكى ئۆز خەلقىمىز بۇلارنى ئوقۇپ، دۇنيانى ئېلىش ئۈچۈن قانداق تىرىشىپ، قانچە مۇشەققەتلەر چېكىپ، قانچە نۇرغۇن جەڭ قىلغانلىقىمىزنى ئۆگەنسۇن. بىز كۆرگەن يات ئەللەرنىڭ خەۋەرلىرى، ئاجايىپ ۋەقەلەرنى ئاڭلاپ بىلسۇن، ئاللا بۇنىڭغا ئېرىشتۈرسۇن» مانا بۇ ئەسەردىن ئېلىنغان بىر ئابزاس مەزكۇر رومانىنىڭ نېمە مەقسەتتە يېزىلغانلىقى ھەمدە ئاپتورنىڭ مىللىي تەركىبى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشتە يىپ ئۇچى بولىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ رومان تولۇق تېكىستى بىلەن بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشكىنى يوق.

## § 3. «ئىدىقۇت قوچۇ خانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» ھەققىدە

«ئىدىقۇت قوچۇ خانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» بىر تارىخىي تەزكىرە بولۇپ، ئۇنىڭدا قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىنىڭ خاقانلىرىدىن بارچۇق ئارات تېگىن (Barquk Art Tegin) خانىدىن تارتىپ، تايىپىنۇ (Tayipinu) خانغىچە بولغان بىرقانچە ئەۋلاد خاقانلارنىڭ شەجەرىسى خاتىرىلەنگەن.

«مەڭگۈ تاش» ھازىر گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي ناھىيىلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسىراش ئىدارىسىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭ كەڭلىكى 173 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 47 سانتىمېتىر ئېگىزلىكى 182 سانتىمېتىر، بىر يۈزىگە ئۇيغۇرچە، بىر يۈزىگە خەنزۇچە خەت ئويۇلغان. ئۇيغۇرچە تېكىستنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمى 61 كۇپلېت شېئىردىن ئىبارەت. بۇ شېئىرلار ئاساسەن باش قاپىيىدە يېزىلغان، يەنە ئاياق قاپىيە ماھارىتىمۇ كۆرسىتىلگەن،

مىسرالار چېكىت بىلەن، كۇپلېتلار غۇژمەك تۈت چېكىت بىلەن پەرقلەندۈرۈلگەن. بۇ «مەڭگۈ تاش» نى كى كى قۇرسا ئىچقۇ (kiki kursa iqku) دېگەن ئادەم يې‍زىپ چىققان.

چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى قۇبلايخان تەختكە چىقىپ (1260 — 1294) يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى پارچىلىنىشقا باشلاپ، شەرقتە يۈەن سۇلالىسى، ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا، چاغاتاي خاقانلىقى ۋە ئۈگدەي خاقانلىقى شەكىللەندى. ئۇيغۇرلار يېرى يۈەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي شىمالدىكى موڭغۇل خانلىرىنىڭ ئارىسىدا قالدى. ئۇزۇن جەڭلەر نەتىجىسىدە قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىنىڭ ئائىلىسى تۇرپاندا تۇرالماي گەنسۇ يوڭچاڭ (مەڭگۈ تاش ئورنىتىلغان يەر) غا كۆچۈپ بېرىپ، يۈەن ھۆكۈمىتى ھىمايىسىدىكى بىر يەرلىك ھاكىمىيەتكە ئايلىنىپ قالغان. «مەڭگۈ تاش» نىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمى قوچۇ ئىدىقۇتىنىڭ تۇرپاندىن ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغان ۋە ئۇ يەردە ئۆتكۈزگەن تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

مەڭگۈ تاش قوچۇ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جۈملىدىن شېئىرىيىتى، تىلىنى، تارىخىنى ئۆگىنىشتە ياخشى ماتېرىيال.

## § 4. موڭغۇل — يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر زىيالىلىرى

چىڭگىزخان ئاسىيا — ياۋروپادىكى كۆپ يەرلەرنى ئىگىلەپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بۇ يەرلەرنى تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بىرقانچە چوڭ دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىدۇ. يۈەن سۇلالىسىنى چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى قۇبلاي قۇرغان بولۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ مەركىزى ھازىرقى بېيجىڭ ئىدى.

موڭغۇل شاھزادە — بەگزادىلارنى ئوقۇتقان ئۇيغۇر مۇئەللىملەر، چىڭگىزخان قوشۇنلىرى سېپىگە قېتىلغان ئۇيغۇر سىياسون، قوماندان، ئەسكەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى كېيىنچە، يۈەن دەۋرىگە كەلگەندە ئۆزلىرىنى تېخىمۇ كۆپ جارى قىلدۇرغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سىياسىي، مەدەنىي، ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەلىرىدە نەتىجە قازانغانلار بەك كۆپ بولدى.

ئۇلۇغ پېداگوگ ۋە يېزىقشۇناس تاتاتۇڭا موڭغۇلچە يېزىق ئىجاد قىلىپ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپكىدىكى مەدەنىيەت يۈكسىلىشىگە مۇقەددىمە ھازىرلاش بىلەن، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن يەنە قارائىگەچ بۇيرۇق، يۇرۇڭ تۆمۈر، سەككىز، سىبان، مۇڭۇس قاتارلىقلار ئوردىدا موڭغۇل شاھزادە-بەگزادىلارنى ئوقۇتۇپ، تۈنجى ئەۋلاد موڭغۇل زىيالىيلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان بولسا، ئاتاقلىق تىل-ئەدەبىياتشۇناس، جۈملىدىن گراممatikا ئالىمى چوس گىخودزېر (Chos-gyi-hod-Zer) يۈەن ئوردىسىدا دۆلەت ئۇستازى بولۇپ تۇرغان. ئۇ «شىنجا 心鑑» (گراممatikا) دېگەن بىر كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا موڭغۇل تىلىنىڭ گراممatikىسى بايان قىلىنغان. موڭغۇلچە ئىملا قائىدىسى ۋە تەلەپپۇزنى توغرىلاش قائىدىسىگە ئاساس سېلىنغان. XIV ئەسىرنىڭ

دەسلەپكى مەزگىللەردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى چوس گىخودزېرنىڭ بۇ خىزمىتى موڭ-
غۇل تىل - يېزىق تارىخىدىكى بىر بۆسۈش ئىدى. چوس گىخودزېر ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا
تۈزۈلگەن كونا موڭغۇل يېزىقىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق ئىسلاھ قىلىپ چىققان بولۇپ،
بۇ تاتاتۇڭا ئىجاد قىلغان كونا موڭغۇل يېزىقىدىن پەرقلىق ھالدا «يېڭى موڭغۇل يې-
زىقى» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ كىتابى موڭغۇل تىل - ئەدەبىياتىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا نا-
ھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

يۈەن سۇلالىسىنى قۇرۇش، مۇستەھكەملەشتە ئۇيغۇر سىياسونى لىيەن شىشەن چوڭ
خىزمەت كۆرسەتكەنىدى. ئۇ قۇبلاينىڭ ئەڭ كېرەكلىك كىشىلىرىدىن بولۇپ، 1279-
يىلى يۈەن سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرى بولغان.

ئۇيغۇر گېنېراللىرى ئارىق قايا، چاغان تۆمۈرلەرنىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى تۆھ-
پىسىمۇ چوڭ بولغانىدى. ئارىق قايا يۈەن قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇبىي سۇڭ قوشۇنلىرىنى
يەڭگەن ئۈچ چوڭ گېنېرالىنىڭ بىرى دېگەن نامغا مۇيەسسەر بولغان. گېنېرال چاغان
تۆمۈر يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى توپىلاڭلارنى تىنجىتقۇچى ئەڭ ماھىر قوماندانىدى.

ئۇيغۇر ھەربىي قوماندانى ۋە دېڭىز قاتناش مۇتەخەسسىسى ئۇقمىش ئىشلىگەن
خىزمەتلەر سان - ساناقسىز. ئۇقمىش جۇڭگو تارىخىدا تۇنجى قېتىم يىراق ئوكيانغا
سەپەر قىلغان دېڭىزچى ئىدى. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن تۆت قېتىم يىراق ئوكيانغا سەپەر قىلىپ،
ئەڭ يىراقى سېرىلانكىغىچە بېرىپ (1284 - يىل)، مەملىكىتىمىز بىلەن چەتئەللەرنىڭ
دوستلۇق ئالاقىسىنى ئورنىتىشتا ۋە دېڭىز قاتناش تارىخىدا شانلىق سەھىپە قالدۇردى.

ئۇقمىش ئوكيانلارغا سەپەر قىلىپ، دېڭىز بويلىرىدىكى ئەللەر بىلەن يۈەن سۇ-
لالىسىنىڭ ئالاقىسىنى شەرق تەرەپتە ئورنىتىشتا تۆھپە قوشقان بولسا، خىرىستىيان
مۇرىتىدىن بولغان رابان ساۋما بىلەن ماركوسلار ئەڭ بۇرۇن ياۋروپادىكى دۆلەتلەر-
نى زىيارەت قىلغان جۇڭگولۇق ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. رابان ساۋما ئىلخانىلار دۆلىتى تە-
رىپىدىن 1287 - يىلى پۈتۈن ياۋروپاغا باش ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ماركوس بول-
سا 1281 - يىلى ئىلخانىلار دۆلىتىدە خىرىستىيان دىنىنىڭ باش كاھىنى بولۇپ ساي-
لىنىپ، بۇ خىزمەتنى 36 يىل ئىشلىگەن.

يۈەن دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن ئەھمەد ۋە ساڭگى قاتارلىق مالىيە مۇتەخەسسىسلىرى
ئىقتىسادىي ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ئالغا سىلجىتىشتا مۇناسىپ ئىشلارنى ئىشلى-
گەن. ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ مالىيە ۋەزىرلىرى بولغانىدى.

بىناكارلىق ساھەسىدە سۆز بولغاندا، بېيجىڭ شەھىرىنى دەسلەپ قىلىپ، لايىھىلەپ،
بىنا بولۇشقا ئاساس سالغان كىشى ئۇيغۇر مۇتەخەسسىس ئەختەرىدىن بولسا، جۇڭگو-
دىكى يېزا ئىگىلىك ساھەسىدە شۆھرەت قازانغان داڭلىق كىتاب «يېزا ئىگىلىك بىلىم-
لىرىدىن ئاساسلار» نىڭ ئاپتورى ئۇيغۇر ئاگرانوم لۇمىڭشەن ئىدى.

تىبابەتچىلىك ساھەسىدە ئۇيغۇرلاردىن يوچۇرىچ قايا، نىزەر، چاقاي، ئاشۇ قا-

تارلىقلار مەشھۇر بولغان بولسا، ئۇيغۇر ئەمچى سادىردىش «دۈەنجۇ مەھكىمىسىنىڭ رېتسېپلىرى» (瑞竹堂经验方) دېگەن ئەسەرنى يېزىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مېدىتسىنا ئىلمىگە تۆھپە قوشقان، ئۇيغۇر ئوزۇقشۇناس قۇسقۇي «تائام تەييارلاش دەستۇرى» («饮膳正要») دېگەن ئەسەرنى يېزىپ، جۇڭگودا بارلىققا كەلگەن قەدىمكى زاماندىكى يېمەكلىك-ئىچمىلىك تازىلىقى ۋە ئوزۇقشۇناسلىققا دائىر تۇنجى ۋە مەخسۇس ئەسەرنىڭ ئاپتورى بولۇپ قالغان.

بېيەتلۇ ئاتاقلىق ئۇيغۇر رەسسامى، بويان بوقاتېگىن، لىيەنشىگوڭ، لۇلۇ، شىشەن، ۋېن يىناشىل قاتارلىقلار بولسا، كۆزگە كۆرۈنەرلىك خەتتاتلاردىن ئىدى. كۇچالىق چىڭشىمىڭ بولسا «خەتتاتلىق ھەققىدە مۇھاكىمە»، «رەسساملىق ھەققىدە تەتقىقات»، «ئالتۇن خەتلىك بۇددا كىتابى»، «كۈيجاڭ راۋىقى ھەققىدە يېزىلغان كىتابقا يېزىلغان رەددىيە» «كلاسسىك قامۇسنامە» ناملىق كىتابلارنىڭ ئاپتورى ئىدى.

يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئەنزاڭ «قەدىمنامە»، «جېنگۇەن يىللىرىدىكى مۇھىم سىياسىي ئىشلار بايانى»، «ئۆرنەك»، «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى»، «نەن جاڭ»، «بىن ساۋ» قاتارلىق كىتابلارنىڭ تەرجىمانى ئىدى. بىلانئاشىل، كارۇناداس قاتارلىق ئۇيغۇر تەرجىمانلىرى يۈەن ئوردىسىغا سىرتتىن، چەت ئەللەردىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدىغان ۋە تەرجىمانلىق ئالاقىسىنى راۋاجلاندۇرىدىغان خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

يۈەن دەۋرىدە تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە چوڭ ئىشلار قىلىنغانىدى. ئۇيغۇر تارىخچىسى لىيەن خۈيشەن قاياجىن، لياۋ، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخلىرىنى تۈزۈش، تەھرىرلەشكە قاتناشقان، شۇنداقلا «لياۋ تارىخى»نى تۈزۈپ تەھرىرلىگۈچى بىرىنچى ئەمەلدار ئىدى. ئۇ يەنە «يىگىزۇڭ خاتىرىلىرى»، «شۈەنزۇڭ خاتىرىلىرى»نى تۈزۈشكە قاتناشقان. كېتابەت مەھكىمىسى (翰林院) نىڭ مىرزا بېگى ئارون تۆمۈرنىڭ ئوغلى سارابان يۈەن شۈەندى توقون تۆمۈر (1333 — 1370) نىڭ خان ئۇستازى بولغان، ئۇ «جىن تارىخى»نى تۈزۈپ تەھرىرلىگۈچى بىرىنچى ئەمەلدار بولغان ئۇيغۇر تارىخچىسى ئىدى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يۆجۇ، چولپان سارىق قاتارلىقلار «سۇڭ دۆلىتى تارىخى»نى، قارلۇق تارىخچىسى بويان «جىن تارىخى»نى تۈزۈشكە قاتناشقان بولسا، قۇتلۇق دۇرمىش ۋە ئارۇن تۆمۈر قاتارلىقلار موڭغۇل ئوردىسىنىڭ خاتىرىسى «توبۇچىيان» (脱卜赤颜) نى تۈزۈپ تەھرىرلىگۈچى ئاساسلىق كىشىلەردىن ئىدى.

ئۇيغۇر ئالىمى ئارغۇن سارىق (阿鲁浑萨里) پۈتۈن يۈەن دەۋرىدىكى پەن-مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشىدە ئاجايىپ تۆھپە قوشقان كىشى ئىدى. ئۇنۇم دەستۇرلار، تارىخشۇناسلىق، ھۆكىمر-مۇنكىر ئىلمى (阳阴)، مۇنەججىملىك، سېھىرگەرلىك ۋە يەتتە نامەشۇناسلىق، دورىگەرلىك ۋە كۇتۇنۇش ئىلمى قاتارلىق پەنلەرنى پىششىق ئىگىلىۋالغان. ئارغۇن سارىق «دانىشمەنلەر يۇرتى» (集贤院) «دانىشمەنلەر سارىيى» (集贤馆)، «دانىشمەن ئۆلىمالار كامالەتخانىسى» (国子学) قاتارلىقلارنى تەسىس قىلىش ھەققىدە

تەشەببۇس چىقارغان پېداگوگ ئىدى. بۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقىدەك ئىلمىي مۇئەسسەسەلەر تەسىس قىلىنىپ، يۈەن دەۋرىدىكى پەن - مائارىپ ئىشلىرى يۈكسەلگەن.

دېمەك، يۈەن دەۋرىدە خەنزۇچىنى پىششىق بىلىدىغان 30 ئالىم بار ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى تۆھپىسى ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى، يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن 28 مىللىي ئەدىبنىڭ 18 ئى غەربىي رايونلۇق - شىنجاڭلىق ئىدى. ئۇلاردىن سەۋىنچ قايا (گۈەن يۈنشى)، سەيدۇللا، شۈئاڭفۇ، مازۇچاڭ، نەيشەن، گاۋكېگوڭ، شىبې يۈلى قاتارلىقلار ئەڭ داڭلىقلىرىدۇر.

يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ۋە ئەدەبىي ئوبزورچى شىن ۋېنفاڭمۇ غەربىي رايونلۇق ئىدى. ئۇنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق ئەسىرى ئېلىمىز تارىخىدىكى دەۋرگە بۆلۈپ يېزىلغان تۇنجى ئەدەبىيات تارىخى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن 398 يازغۇچىنى تونۇشتۇرغان، ۋاھالەنكى «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى» ۋە «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى» دا 100 لا يازغۇچى تونۇشتۇرۇلغان.

يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ تۆھپىسى تارىختىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

## §5. موڭغۇل - يۈەن دەۋرىدە خەنزۇچە شېئىر يازغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى

### 1- قىسقىچە چۈشەنچە

يۈەن دەۋرى (1279 — 1368) دە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى گۈللەپ ياشنىدى. بۇنى بىرقانچە تەرەپتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

تارىخىي ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن 28 مىللىي ئەدىبنىڭ 18 ى غەربىي رايونلۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆپچىلىكنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلاتتى. ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرى روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، بىر قەدەر يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان، شۇڭا يۇقىرى تەبىقە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلەتتى. يەنە بەزىلىرى جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشىغان، ئۇلار بولسا، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنى ئوبدان بىلەتتى. بۇ ئەدىبلەرنىڭ ئۇسلۇبى ئوخشاۋېراق كېتىدۇ. يۈەن دەۋرىدىكى غەربىي رايونلۇق ئۇيغۇر ئەدىبلىرى شېئىر، بېيىت، نەزمە شەكىللىرىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ، يۈەن دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن، تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى پاش قىلغان. بىر تالاي ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە خەلقنىڭ ئالۋاڭ - ياساق، ھاشار ۋە خىلمۇ خىل تەبىئىي ئاپەت بىلەن ئۆتتۈۋاتقان ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى ئەينەن تەسۋىرلىگەن. جەمئىيەتنىڭ زۇلمى، ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىكى، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ شەرمەندىلىكىنى پاش قىلغان. شۇ

ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ نام مەنپەئەتىگە بېرىلمەيدىغان، دۇنيادىن پاك ئۆتۈپ كېتىشنى خالايدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتىنى، خەلقنىڭ ئىچىنىشلىق تەقدىرىگە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىزھار قىلغان.

ئۇيغۇر ئەدىبلىرى تەبىئەت گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ، گۈزەل تاغ-دەريالار ھەققىدە نۇرغۇن لىرىك شېئىرلارنى يازغان. يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن خەنزۇ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىگە خاس ئەدەبىي ئۇسلۇب ياراتقان. شۇنداقلا شىنجاڭدىكى جۈملىدىن غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقلىرىگە تونۇشتۇرۇپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم ۋاسىتىلىق رول ئوينىغان.

يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى خەنزۇ تىل-يېزىقى بىلەن سۈپەتلىك ئەسەر يېزىپ، جۇڭگو ئەدەبىياتىنى بېيىتتى. بۇلار جۇڭگو مەدەنىيىتىنى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە ياراتقانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پولاتتەك پاكىت بولۇپ قالدى.

## 2- سەۋىنچ قايا

سەۋىنچ قايا — گۈەنيۈنشى (1286 — 1324) يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق نەسرى غەزەل (散曲) يازغۇچىسى، ئاتاغلىق خەتتات، ئۇستا مۇزىكانت ۋە رەسسام، ماھىر غەزەلچى، پىشقان دراماتۇرگ، جۈملىدىن جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدىكى داڭلىق ئەدىبلەرنىڭ بىرى.

سەۋىنچ قايا خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە گۈەن يۈنشى (贯云石)، گۈەنيۈنشى، خەييا (贯云石海涯) دەپ يېزىلغان بولۇپ، تەتقىقاتچىلار بۇ سۆز ئۇيغۇرچە «كۆن سەۋىنچ» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى سەۋىنچ قايا بولۇپ، سۈەنجەي 酸斋 (تاڭسىق، ئاچچىق چۈچۈك) دېگەن سۆزنى تەخەللۇس قىلغان.

سەۋىنچ قايانىڭ ئانا يۇرتى شىمالىي شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر شەھىرى جىمسار ئىدى. سەۋىنچ قايا 39 يىل ئۆمۈر كۆردى. ئۇ بۇ قىسقىغىنە ھاياتىدا كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرغانىدى. ئۇ قەلەمگىمۇ، ئەلەمگىمۇ ماھىر ئىدى، ئۇ يەنە تىبابەتچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللانغانىدى. شۇنداقلا بۇددا پەلسەپچىسى ئىدى، ئۇ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ ناخشا-مۇزىكىلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خەلقلەرگە تونۇشتۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە بىرلىكتە ئالغا بېسىشىغا تۆھپە قوشقان.

سەۋىنچ قايانىڭ تالانتى كۆپ تەرەپلىمە بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي تالانتى ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە كۆرۈلىدۇ.

سەۋىنچ قايا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. ئۇ شېئىر

(诗)، دراما (曲)، بېيىت (词)، ماقالا (文) قاتارلىقلاردا ناھايىتى يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان. بولۇپمۇ ئۇ نەسرى غەزەل (散曲) يېزىشتا مەشھۇر ئىدى.

سەۋىنچ قايانىڭ ئەسەرلىرى ئۆز دەۋرىدىلا زور تەسىرگە ئىگە بولغان. يۈەن دەۋرىدىكى ياڭ جىياۋىيىڭ تەھرىرلىگەن «باھار قارلىرى» (阳春白雪) ۋە «تىنچ مۇزىكا مەھكىمىسى» (太平乐府) قاتارلىق كىتابلارغا ئۇنىڭ خېلى كۆپ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ، بۇ ئىككى كىتابقا ئەسىرى ئەڭ كۆپ كىرگۈزۈلگەن يازغۇچىلاردىن بىرى ئىدى. مەسىلەن، «باھار قارلىرى»غا كىچىك نەسرىلەردىن 36 پارچە، پۈتۈن يۈرۈشلۈك كۈيلەردىن بىر پارچە كىرگۈزۈلگەن. «تىنچ مۇزىكا مەھكىمىسى»گە كىچىك كۈيلەردىن 30 پارچە، پۈتۈن يۈرۈشلۈك كۈيلەردىن ئالتە پارچە كىرگۈزۈلگەن. سەۋىنچ قايا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ياڭ جىياۋىيىڭ ئۇنىڭ يېقىن دوستى شۈزەيسىنىڭ ئەسەرلىرىنى بىر توپلام قىلىپ «سۈنتىيەن مۇزىكا مەھكىمىسى» (酸甜乐府) دېگەن نام بىلەن تارقاتقان. «يۈەن نەزمىلىرىدىن تاللانما» (元诗选) غا سەۋىنچ قايانىڭ 27 كۇپلېت شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. سەۋىنچ قايانىڭ زادى قانچىلىك ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

سەۋىنچ قايا ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسى ئاكتىۋال ئىدى. زاماندىن زارلىنىش ۋە تەركىدۇنيالىق خاھىشىنى ئىپادىلەش سەۋىنچ قايا ئەسەرلىرىدىكى گەۋدىلىك بىر تېما. ئۇ ھۆكۈمرانلار سورۇنىدىن بىزار بولۇپ، نام - ئەمەلنى باشقىلارغا ئۆتنىپ، پاسىقلىق قاپلاپ كەتكەن مۇھىتتىن ئۆزىنى يىراقلاشتۇرۇپ، تىنچ، خاتىرجەم جايغا يۆزلىنىشنى نىيەت قىلىدۇ ۋە بۇنداق ئىدىيىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش بىلەن، ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

سەۋىنچ قايانىڭ ئەسەرلىرىدىكى يارقىن بىر تېما ۋەتەنىنىڭ تاغ - دەريالىرىنى زوق - شوخ بىلەن كۈيلەش ۋە تەبىئىي مۇھىتقا نىسبەتەن پۇخاندىن چىققىچە تەسۋىرلەش. چۈنكى، ئۇ خەتەرلىك سىياسىي ماجرادىن تىنچ، گۈزەل مۇھىتقا يۆزلىنىپ، ئالاھىدە خۇشاللىنىدۇ.

سەۋىنچ قايانىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە قىز - ئوغۇللارنىڭ مۇھەببىتى ۋە ھەسرەتلىك ھېسسىياتى تەسۋىرلەنگەن قىسمىمۇ خېلى ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيدۇ. سەۋىنچ قايا ئوغۇل - قىزلارنىڭ سەممىي مۇھەببىتىنى تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلەيدۇ، ۋاپاسىز ئاشىق - مەشۇقلارغا قاتتىق نەپرىتىنى بايان قىلىدۇ.

دېمەك، سەۋىنچ قايا ئەسەرلىرى جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىنى خېلى بېيىتتى.

## 3 - سەيدۇللا

سەيدۇللا (1305? — 1355) يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئەدىبى. يۈەن دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىب تاۋزۇڭيى (陶宗仪) ئۆزد-

نىڭ «كىتابلار جەۋھىرى» (书史会要) دېگەن ئەسىرىنىڭ يەتتىنچى جىلدىدە تۇنجى قېتىم سەيدۇللانىڭ ھاياتى ھەققىدە توختىلىپ، ناھايىتى ئېنىق ھالدا «سەيدۇللا، ئىسمى تىيەنشى 天锡 بولۇپ، ئۇيغۇر 回纥人 ئىدى» دەپ كۆرسەتكەن.

سەيدۇللانىڭ ئانا يۇرتى شىنجاڭ بولۇپ، ئاتا بوۋىلىرى ئىچكىرىگە كۆچۈپ بېرىپ، ئولتۇراقلىشىپ قالغان. سەيدۇللا داڭلىق شائىر ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى مەيلى سان، مەيلى سۈپەت جەھەتتە بولسۇن، يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرىيەت مۇنبىرىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ پۈتۈن جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسىدە سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم تەركىبىي قىسىم. بېيجىڭ داشۆنىڭ سابىق پروفېسسورى چېن يۈەن ئەپەندى «جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا يۈەن دەۋرىنى سۆزلەيدىكەنمىز سەيدۇللانى تىلغا ئالماي بولمايدۇ» دەپ يازغان.

يولداش ماۋزېدۇڭ، ئۆزىنىڭ 4-توم ئەسىرىدىكى «پارە-پارە بولىۋاتقان ئەكسىيەتچىلەر نېمە ئۈچۈن يەنە ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىق دەپ قۇرۇق جار سالىدۇ» دېگەن ماقالىسىدا سەيدۇللانىڭ «شىتوۋچېڭغا چىققاندا» ناملىق شېئىرىدىن نەقىللەر ئېلىپ، ئۆز قارىشىنىڭ دەلىللىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشقا پايدىلانغان.

سەيدۇللانىڭ «يەنمىن توپلىمى» (雁门集) دېگەن ئەسىرى بار. بۇ يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرلار ئىچىدە ئەڭ داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ بىرى.

شائىر ئۇزۇن مۇددەت ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ياشىغاچقا، خەنزۇ خەلقىنىڭ ماكانسىزلىق، ئاچ-زارلىق، جاپا مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە، قەلبىدە چوڭقۇر ھەققانىي ھېسداشلىق تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز قوزغىلىپ، نۇرغۇن مەشھۇر شېئىرلارنى يېزىش ئارقىلىق ئۇرۇشنىڭ پاجىئەلىرىنى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ۋەھشىيلىكىنى پاش قىلىپ، خەلقنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە چىن قەلبىدىن ھېسداشلىق بىلدۈرگەن. ئەنە شۇ شېئىرلار ئىچىدە «تىلەمچى قىز» (鬻女淫)، «تاڭ گۈەن ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش» (过居唐关)، «تاڭ سەھەردە خۇاڭخې دەرياسى بويىدا كۆرگەنلىرىم» (早发草黄河即事) قاتارلىق شېئىرلىرى خەلقنىڭ مەدھىيىلىشىگە ئېرىشكەن ۋە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن.

سەيدۇللانىڭ نامى چەت ئەللەرگىمۇ تونۇلۇش، ياپونىيىلىك داۋتىيەن خەن (岛田翰) «مەڭگۈلۈككە ئويۇلۇپ، ئۆزىدەك بولۇپ كەتكەن ساتيەنشى (سەيدۇللا) شېئىرلىرى» «刻永和本萨天锡逸诗» دېگەن كىتابىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى چەت ئەللەرگە تارقاتتى. مىسىرلىق ئالىم رەۋادى «مۇسۇلمانلار جۇڭگودا» ناملىق كىتابىدا «ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرى سەيدۇللانىڭ ئىسمىغا نىسبەتەن يات تونۇشتا ئەمەس» دەپ يازىدۇ.

دېمەك، سەيدۇللا ۋە شېئىرىي دىۋانى «يەنمىن توپلىمى» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى، شۇنداقلا جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان گۆھەر.

## 4- شۆئاڭفۇ

شۆئاڭفۇ يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتچىسى ئىدى. تاۋزۇڭيى «كىتابلار جەۋھىرىگە تولۇقلىما» (书史会要补遗) دېگەن ئەسىرىدە ئۇنى «ئۇيغۇر 回纥人» دەپ يازغان،

شۆئاڭفۇ (薛昂夫) نىڭ يۈەن دەۋرىدىكى شېئىرىيەت ساھەسىدە داڭقى بار ئىدى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ھازىر بىر كۇپلېت ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما نەسرى غەزەللىرى بىر قەدەر كۆپ، «ئومۇمىي يۈەن نەسرى غەزەللىرى» (全元散曲) دە كىچىك كۈيلەردىن 65 كۇپلېت، پۈتۈن يۈرۈشلۈك كۈيلەردىن ئۈچ كۈي بار.

شۆئاڭفۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ ئىدى. ئۇ نەسرى غەزەلدىن ئىبارەت ھەجمى كىچىك، جانلىق، تەسىرلىك ژانىردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، يۇرتىدىكى چەكسىز ھېسسىياتى ۋە تۇرمۇش قارىشىنى ئىپادىلىگەن.

شۆئاڭفۇنىڭ كۆپچىلىك ئەسەرلىرى تارىخنى كۈيلەش، قەدىمكىنى ئەسلەش مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر ئىدى ياكى ئۆزى كەزگەن تاغ-دەريالارنىڭ مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلىگەن ئەسەرلەر، قەدىمگاھلارنى، مەشھۇر ئورۇنلارنى كۆرگەندە، كۆرۈپ، ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ يازغان ئەسەرلەر ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى تولىمۇ جانلىق ۋە جەزبىدارلىق بولۇپ، تىل ئىشلىتىش جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن. ئومۇمەن شۆئاڭفۇنىڭ ئەسەرلىرىدە مەردانىلىق، زوق-شوقلۇق كەيپىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «جۇڭلۈ. تاغ باغرىدىكى قوي» (中吕 • 山坡羊)، «غەربىي كۆلدىكى ئارىلاش مەدھىيىلەر، باھار» (西湖杂咏•春) «قەسىر ئالدىدىكى خۇشاللىق» (殿前欢) قاتارلىق ئەسەرلەر مۇشۇنداق خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەردۇر.

## 5- مازۇچاڭ

مازۇچاڭ (1278 — 1339) ئۇيغۇرلارنىڭ توقسۇندا ئولتۇرۇشلۇق قەبىلىلەرنىڭ ئەۋلادىدىن يېتىشىپ چىققان ئاتاقلىق ئەدىب ئىدى.

مازۇچاڭ (马祖常) كۆپلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى «لىي خوجىن ئەيىنىكى» (列后金遍)، «يىللار خاتىرىسى» (千秋纪略)، «قارىغايلىق ساراي خاتىرىسى» (松厅事稿)، «شىتيەن توپلىمى» (石田集) بار. ئۇ يەنە «يىڭزۇڭنىڭ ئەمەلىي خاتىرىلىرى» (英宗实录) نى تۈزۈشكە قاتناشقان. «پادىشاھ رەسمىنىڭ بۈيۈك نۇسخىسى» (皇图大州) «چىڭخۇانىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى» (承华事略) نى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان.

مازۇچاڭ ئالدى بىلەن بىر خەلق شائىرى ئىدى. ئۇ، خەلقنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە نىسبەتەن مەلۇم چۈشەنچىسى تۇرغۇزغان. شۇڭا شېئىرلىرىدا ئىزىلگۈچىلەرگە

بولغان ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن سىنىپىي زىددىيەتنى پاش قىلغان، ھۆكۈمرانلار سورۇنىنىڭ زۇلمەتلىكىگە ۋە ئۇنىڭدىكى نۇقسانلارغا نارازىلىق بىلدۈرگەن. ئوردىدىكى ئەيش-ئىشرەت، كەيىپ-ساپالىق تۇرمۇشقا غەزەپ-نەپرىتىنى ياغدۇرغان. ئەمەلدار ۋە بايلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە ھەم بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ ئەمگەكچى خەلققە كەلتۈرگەن ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى قاتتىق پاش قىلغان.

مازۇچاڭنىڭ «شىنتيەن توپلىمى» داڭلىق ئەدەبىي ئەسەر. بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى مول، تېمىسى كەڭ، ئىدىيىۋى مەزمۇنى ساغلام ۋە ئىلغار.

مازۇچاڭنىڭ ئەسەرلىرىدىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك، ئەسەرلىرىنىڭ ھەجمى چوڭ. مەسىلەن، «پايتەخت دەرۋازىسىدىكى يۈز قاپىيە» (都门一百韵) دېگەن شېئىرى مىڭ خەتلىك، «ئىرادىنى كۆزلىگەن سەكسەن قاپىيە» (壮游八十韵) دېگەن شېئىرى 800 خەتلىك بولۇپ، ئاتاقلىق شائىر دوفۇنىڭ «شىمالغا سەپەر» (北往) دېگەن شېئىرىغا سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ.

# XI باب

# ناۋايى دەۋرى ئەدەبىياتى

## § 1. ئومۇمىي بايان

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى «ناۋايى دەۋرى ئەدەبىياتى» دېگىنىمىز ئومۇمەن چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ (چاغاتاي خانلىقى 1224-يىللىرىدىن باشلاپ شەكىللىنىشكە باشلىغان) تۆمۈرىلەر ئىمپېرىيىسى (1370 — XVI ئەسىرنىڭ دەسلەپكىچە) مەۋجۇت بولغان دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تەرەپىدىن يارىتىلغان ئەدەبىيات-سەنئەتنى كۆرسىتىدۇ. ناۋايى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خۇراسان رايونىنىڭ مەركىزى ھىرات ۋە ماۋارا ئۇننەھر رايونىنىڭ مەركىزى سەمەرقەند قاتارلىق جايلاردا بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل ئەدەبىيات، ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئومۇمىي مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شىنجاڭ چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن ئەدەبىيات بولغىنى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھىرات ۋە سەمەرقەند قاتارلىق جايلاردا ئەدەبىياتنى بارلىققا كەلتۈرۈشىدىكى ئىجتىمائىي ئاساسلىرى ھەققىدە سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ:

ھىرات — ھىرات بوستانلىقىغا جايلاشقان، ئۇ ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى ھىرات ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى. دېڭىز يۈزىدىن 922 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان. ھىرات شەھىرى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن. زوروئاستېر (Zoro aster) دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» (Avesta)، قەدىمكى پېرسىيە بېھىستۇن ئابىدىلىرى ۋە ئىسكەندەر دەۋرى (م. ب. 356 — 323-يىللار) دىكى گرېك تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ھىراتنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. جۇڭگونىڭ «ئالدىنقى خەن سۇلالىسى تارىخى» دېگەن يىلنامىسىدىن باشلاپ، ھەرقايسى دەۋرلەردە يېزىلغان خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ھىرات خىلمۇ-خىل ناملار بىلەن خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىقى كىتابلاردىكى ماتېرىياللارغا قارىغاندا ھىرات مىلادىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىرلەردىلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. «ئىران تۈزلەڭلىكى بىلەن ھىندى دەريالىرى ئارىسىدىكى بىر پۈتۈن رايوننىڭ ستراتېگىيىلىك مەركىزى» (ئېنگېلس) ھېسابلانغان، قەدىمكى شەرق-غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىش تۈگۈنلىرىنىڭ بىرى بولغان ھىرات كىشىلىرىنىڭ ئالاھىدە

كۆز تىكىشىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن. ئۇ ئەينى دەۋرلەردە بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان. ئۇ خەلقئارالىق سودا يولىدىكى مۇھىم تۈگۈن، شۇنداقلا ھەربىي قوماندانلارنىڭمۇ تالىشىدىغان، كۈچ سىنىشىدىغان بازىسى بولۇپ قالغان.

ھىرات دەسلەپ باكتىرىيە سۇلالىسىنىڭ مەركىزى قىلىنغان. ساسانىلار دەۋرى (م. 226 — 651-يىللار) دا ھىرات ئىراننىڭ شەرقىدىكى مۇھىم بازار بولۇپ، سودا ئىشلىرى خېلى يۈكسەلگەن. XII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ تەۋەسىدە بولغان. XII - ئەسىردە گور سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ھىراتنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولغان. بۇ چاغدا ھىراتنىڭ ئاھالىسى 44 مىڭ بولۇپ، 600 دىن كۆپرەك ئورۇندا مەدرىس، شەھەر ئىچىدىكى 12 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىنىڭ دۇكىنى بولغان. 6000 ئورۇندا شەراپ - ھاممام تەسىس قىلىنغان. بەزى خاتىرىلەرگە قارىغاندا خېرى (Heri) دەرياسىدىن توققۇز تارماق ئۆستەڭ چېپىلىپ، ھىرات ئەتراپىدىكى مۇنبەت يەرلەر سۇغۇرۇلغان. 1226 - يىلى ھىرات موڭغۇل قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئالتە ئاي مۇھاسىرە قىلىنغان، موڭغۇل قوشۇنلىرى جالالىدىن شاھزادىدىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە ھىرات شەھىرىنى خارابىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن. مۇشۇ چاغدا بۇ شەھەردە ئاران 40 ئادەم قالغان، دېگۈچىلەر بار.

1245 - يىلى شەمشىدىن مۇھەممەد كورد سۇلالىسىنى قۇرغان ھەم ھىرات پايتەخت قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن ھىرات قايتىدىن گۈللىنىشكە باشلىغان. XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بۇ سۇلالىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ ھەممە يېرىگە بېرىپ يەتكەن. بۇ چاغدا كۆپلىگەن مەسچىت - مەدرىسلەر رېمونت قىلىنغان. ۋە قۇرۇلغان. مەدەنىيەت، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت راۋاجلاندۇرۇلغان. تۆمۈر (1336 — 1405) نىڭ ئوغلى شاھرۇھ (1377 — 1448) تۆمۈرلەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان مەزگىللەردە (1405 — 1448) ھىرات پايتەخت قىلىنغان. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە ماس بولغان، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ساناقلىق شەھەرلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان. XV ئەسىرلەردىن كېيىن تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى ھۈسەيىن بايقارا (1468 — 1506) دەۋرلىرىدە ھىراتنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. شۇندىن كېيىنكى خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە ھىرات ئاستا سەۋىيەدە مۇقىم تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن. XIX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن باشلاپ چەت ئەل جاھانگىرلىرىنىڭ كۆپ قېتىملىق ئۇرۇش تالاپەتچىلىكىگە ئۇچرىغان. ئافغانىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ھىراتنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىپ، مۇھىم سودا مەركەزلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ھىرات ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى بولۇش رولىنى ئويناپ كېلىۋاتىدۇ.

ھىرات، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي جەريانىنى، خىلمۇ-خىل خانلىق ۋە سۇلالىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى، جۈملىدىن بۇلارنىڭ گۈللەندۈرۈشى ۋە خاراب قىلىشىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن. بۇ شەھەردە قەدىمدىن بېرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپلىگەن مىللەت ۋە خەلقلەر پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئورتاق ئەمگەك قىلغان، ئۇنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە ياراتقان. بۇ يەردە يارىتىلغان بىر قىسىم مەدەنىيەت يادنامىلىرى ۋە يېتىشىپ چىققان زاتلارنىڭ ئايرىملىرى دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇلۇغ، گىگانت مۆجىزىلەر ۋە ئادەملەر ئىدى. شۇڭا، ئۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى، جۈملىدىن ئاسىيادىكى ھەرقايسى خەلقلەرنى پەخىرلەندۈرىدىغان شەھەرلەرنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

سەمەرقەند ھازىرقى ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە بولۇپ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەتلىك شەھەرلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا مۇھىم سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرىدىغان تۈگۈن بولغان. بۇ شەھەر ھىرات بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا باش كۆتۈرگەن ھۆكۈمرانلار بۇ ئىككى شەھەرنى ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ئىككى قانىتى تەرىقىسىدە مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ھىرات ۋە سەمەرقەند قاتارلىق جايلار بىلەن بولغان ئالاقىسى قەدىمى دەۋرلەردىلا باشلانغان. مىلادى IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارىدىن پان تېگىن 15 ئۇيغۇر قەبىلىسى بىلەن يەتتە سۇ رايونى ۋە پەرغانە قاتارلىق جايلاردا ياشىغان. ئۇزۇن ئۆتمەيلا قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلۇپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىڭ تېررىتورىيە دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن يەنە نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقالغان. «كېيىنكى جىن سۇلالىسى تارىخى» دا: ئۇيغۇرلارنىڭ بالاساغۇن، تاشكەنتلەردە كۆپ بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن. يەنە «چاڭ چۈنجىنرېننىڭ غەربكە ساياھەتنامىسى» دېگەن تارىخىي كىتابىنمۇ مىلادى XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى سەمەرقەند رايونىدا كۆپلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر ئىچىدە ئولتۇراقلاشقانلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

راشىدىددىن (1247 — 1318) نىڭ «جامىئۇتتەۋارىخ» ناملىق كىتابىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇن موڭغۇل قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە خۇراسان رايونىدىكى ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى ئوغۇتاي دەۋرى (1229 — 1241) دە نېستورىيان دىنىدىكى ئۇيغۇر كوركوز (korkoz) موڭغۇللارنىڭ ئىراندىكى باش ئەمەلدارى بولغان. فرانسىيە پادىشاھى موڭغۇللارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن ۋىلگېلم. ج. روبروكنىڭ 1253-يىلى يازغان خاتىرىسىدە نېستورىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىراندىكى «مۇسۇلمان شەھەر» لىرىدە ئولتۇراقلاشقانلىقى قەيت قىلىنغان. راشىدىددىن يەنە 1000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ئۆز يۇرتىدىن ئىرانغا كېلىپ، پوچتا-ئالاقە ئىشلىرى بىلەن شۇ-

غوللانغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. «يۈەن تارىخى». 63-جىلد. غەربىي شىمالدىكى زېمىنلارنىڭ قوشۇمچە خاتىرىسى» (《元史 · 卷63 · 西北地附录》) دە بۈگۈنكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 35 شەھەرنىڭ «ئۇيغۇرلار يېرى» (畏兀儿地) دائىرىسىدىكى شەھەرلەر ئىكەنلىكى ئېنىق ۋە تەپسىلى — بىر-بىرلەپ ساناپ ئۆتۈلگەن بولۇپ، ھىراتمۇ، سەمەرقەندمۇ مۇشۇ شەھەرلەر تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ مەسىلىنى ھېچ بولمىغاندا، ئەينى شارائىتتا ئەشۇ يەرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرىنىڭ خېلىلا كۈچلۈك ئىكەنلىكىدىن بولغان، دەپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇيغۇرلار بىلەن ھىرات قاتارلىق جايلارنىڭ ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرغان. چۈنكى چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ پائالىيەت دائىرىسى تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىغا، ماۋارائۇننەھر رايونلىرىغا، ھەتتا ئىران ئېگىزلىكىدىكى قىسمەن رايونلارغا كېڭەيگەنىدى. دېمەك بىر خاندانلىق دائىرىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئالاقىسى راۋان ئىكەنلىكى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى.

تۆمۈر نىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە تۆمۈرىلەر دەۋرى (1370-يىلدىن XVI ئەسىرنىڭ دەسلەپكىچە) دە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىسىدە ئاجايىپ ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھىرات قاتارلىق جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن غەيرىي رەسمىي شەرت-شارائىتلار ھازىرلاندى.

1365-يىلى تۆمۈر سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى چىناز بىلەن تاشكەنت ئوتتۇرىسىدا شەرقىي چاغاتاي موغۇل قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. 1370-يىلى تۆمۈر سەمەرقەندنى ئىشغال قىلىپ، ماۋارائۇننەھردىكى توپىلاڭلارنى بىرنەچچە يىل ئىچىدە بېسىقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ماۋارائۇننەھر رايونى شەرقىي چاغاتاي جەمەتلىرى خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدىن ئايرىلىپ چىقتى. تۆمۈر بۇ جايلاردا ھۆكۈمران بولدى. تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، شەرقىي چاغاتاي ئۇلۇسى — موغۇلىستان (ئاساسەن بۈگۈنكى شىنجاڭ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەتتە سۇ رايونى ھەم ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىدىكى رايونلار) بىلەنمۇ ھەپىلەشكەن. شەرەپىدىن ئەلى يەزدى «زەپەرنامە» دېگەن كىتابىدا ۋە نىزامىددىن شەمئىمۇ «زەپەرنامە» (1404-يىلى يېزىلغان) دېگەن كىتابىدا تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخنىڭ شەرقىي چاغاتاي ئۇلۇسىدىكى شەھەرلەرنى تالاپەتكە ئۇچراتقانلىقى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرغان. شەرەپىددىننىڭ يېزىشىچە، تۆمۈر 1375-يىلدىن 1379-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ يەرگە بەش قېتىم ھۇجۇم قىلغان. بىر قېتىم تۆمۈر قوشۇنلىرى بىلەن چاغاتاي قوشۇنلىرى ئىسسىق كۆل ئەتراپىدا قاتتىق ئۇرۇشۇپ، چاغاتاي تەرەپ يېڭىلگەن، تۆمۈر پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئۆز قوشۇنلىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ ئالمىلىققا (ھازىرقى قورغاس تەۋەسىدە) ۋە قەشقەرگە ماڭغۇزغان. ئالمىلىق قەلئەسىدە خىزىر خوجا تېخىمۇ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان، تۆمۈر قوشۇنى بۇ قەلئەنى ئىشغال قىلىپلا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن

قەشقەر شەھىرىمۇ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. مانا مۇشۇنداق ئۇرۇش - تالاشلار
نەتىجىسىدە تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى فېئوداللار ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ياندىشقان
ئەھۋالدا، ئۆزلىرى تالاپەتكە ئۇچرىتقان شەھەر - يېزىلارنىڭ بايلىقىنى قولغا كىرگۈزۈۋې-
لىشتىن باشقا يەنە بۇ يەرنىڭ ئاھالىلىرىنىمۇ مەجبۇرىي يوسۇندا ئۆز مەركەزلىرى ۋە ئۇنىڭ
ئەتراپىغا ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرىي يوسۇندا كۆچۈرۈپ كەتكەن. ئابدۇراززاق سەمەرقەندى
«مەتلە ئەسسادايىن ۋە مەجمەئەل بەھرەيىن» (ئۇنلەرنىڭ مەنبەسى ۋە ئىككى دېڭىزنىڭ
بىرلىشىشى) (1471 - يىلى يېزىلغان) ناملىق كىتابىدا ئۆمەر شەيخنىڭ XIV ئەسىرنىڭ
70 - يىللىرىدا قەشقەر ئاھالىسىنى ئەنجانغا كۆچۈرگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇر-
رۇلغان. موغۇلىستان خانلىرىدىن ئىسەن بۇقا دەۋرلىرىدە دوغلات قەبىلىسىدىن سېيىد
ئەھمەد قەشقەرنى نازارەت - مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى بېجىرگەن ئىدى. لېكىن
بۇ ئادەم ناھايىتى ئىقتىدارسىز بولغاچقا، ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەر-
لىك خوجىلار سەمەرقەندتىكى ئۇلۇغ بەگ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ. ئۇنى قەشقەردىن
قوغلىغۇەتكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قەشقەر ئۇلۇغ بەگنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا چۈشۈپ
قالغان. ئۈچ يىللىق تىرىشچانلىق ئارقىسىدا سېيىد ئەھمەد ئىلى قەشقەرنى قايتۇرۇ-
ۋالغان.① مۇشۇ چاغدا سەمەرقەند تەرەپكە ھېيداشلىق قىلغۇچىلار ۋە بىر قىسىم ئالدانـ
غان ئاممىا قەشقەردىن ماۋارائۇننەھر تەرەپكە كېتىپ قالغان، دېگۈچىلەر بار.
تۆمۈرىلەر دەۋرىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن ھىرات قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئولتۇ-
راقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن بىر قىسىم ئىقتىدارلىق كىشىلەر يېتىشىپ
چىقىپ، ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇردى. چۈنكى تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھاكىـ
مىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئالدىنقىلارنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز
سارايلىرىغا شائىر، رەسسام، تارىخچى، مۇزىكانت، جۈملىدىن ئالىم، ئۆلىما - زىيالىيلار-
نى بەزى ئىختىيارىي، بەزى مەجبۇرىي ھالدا يىغىپ، بۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلـ
دۇرۇش ئارقىلىق، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، دۆلىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى يۇقىرى
كۆتۈرۈش، شان - شەرىپىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغانىدى.
«XV ئەسىردە ھىرات، سەمەرقەندتىكى شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭ) لىقلار
ئارىسىدا سەئىدىدىن قەشقىرى، سۇلتان مالىك قەشقىرى، جانىبەگ دولداي، غىياسىدىن
باخشى (ناۋايىنىڭ دادىسى)، ئەھمەد ھاجىبەگ، ئۇنىڭ ئىنىسى مۇھەممەد دولداي،
شاھقۇلىغا ئوخشاش ئۇيغۇرلار ۋە باشقا كۆپلىگەن ئەدىبلەر، دىنىي ۋە دۆلەت ئەربابـ
لىرى بولغانلىقى مەلۇم».② بۇنىڭ ئىچىدە شەيخ ئەھمەد سۇخەيلى قاتارلىقلارمۇ بار

① تىيەن ۋېيجاڭ: «شىنجاڭ موغۇللىرىنىڭ دوغلات قەبىلىسى توغرىسىدا تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1987 - يىلى، 1 - سان، 176 - 177 - بەتلەرگە قارالسۇن.
② «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1983 - يىلى، ئالمۇتا، ئۇيغۇرچە، «نايكا - پەن» نەشرىياتى نەشرى، 55 - بەت.

ئىدى. ھەم بۇ چاغدا لۇتفى، ئاتايى، سەككاكى، ناۋايى قاتارلىق ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى ئىقتىدارى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇلغان.

سەئىدىددىن قەشقەرى ھەققىدە ناۋايىنىڭ «خەمسەتۇلمۇتەھەييىرىن» (ھەيران بولغانلار ھەققىدە خەمسە) دېگەن كىتابىدا ئۇنى تەسەۋۋۇپنىڭ چوڭ ئەربابى سۈپىتىدە ئەسلەپ ئۆتىدۇ: «ھەزرىتى قۇتپى تەرىقەت ۋە غەۋسى ھەقىقى مەۋلانا سەئىدىددىن قەشقەرىكىم، ‹نەخشبەندىيا› خوجالەرى سىلسىلەسىنىڭ ئۇل زاماندا كامىل ۋە مۇكەممەل مۇرشىد ۋە خەلىفەسى ئەردى...» ھىراتتا ئاساسەن نەخشبەندىيا سوپىزمىنىڭ جەمئىيىتىگە رەھبەرلىك قىلغان بۇ كىشىگە ئۇلۇغ تاجىك شائىرى ئابدۇراخمان جامى (1414 — 1492) مۇرىت، كېيىن ئۇنىڭغا كۈيئوغۇل بولغان.

سۇلتان مالىك قەشقەرى ھەققىدە مەلۇماتلار ئىنتايىن ئاز. ناۋايى «مەجالىسۇننەفائىس» دېگەن ئەسىرىدە ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەد ھاجىبەگ، توغرۇلۇق مەلۇمات بەرگەندە ئۆز زامانىسىنىڭ تەڭدىشى يوق كىشىسى ئىدى. دەپ تەكىتلەيدۇ ھەم «ۋاپائى» دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسى بارلىقىنىمۇ ئەسلىتىدۇ: «ماجالىسۇننەفائىس» نىڭ ۷- مەجلىسىدە مۇنۇلار يېزىلغان: «سۇلتان مالىك قەشقەرىكى زامانىنىڭ تەڭدىشى يوق كىشىسى ئىدى، شۇنىڭ ئوغلىدۇر. ‹ۋاپائى› دەپ تەخەللۇس قىلاتتى. ئەخلاقى گۈزەل، كۆڭۈللۈك، ھەممىگە پىسەنت (قادىر) يىگىتتۇر. ئۇ خوراساندا تەربىيە ئالغان. خوراسان مەركىزى ھىراتتا ئون يىلغا يېقىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. سەمەرقەندتە بىر مەزگىل ھاكىم بولدى ۋە بىر قەرنە (30 يىل) دىن بۇيان مۇستەقىل ئەمىرلىك ئورنى بىلەن پادىشاھ (ھۈسەيىن بايقارا) غا نايىپ — ۋەكىللىك قىلماقتا. ھېچقانداق كىشى ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، ئېتىراز بىلدۈرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ ھەيۋەت - باھادىرلىقىنى ھەممە كىشى تونۇيدۇ ۋە تەسلىم بولىدۇ (قايىل بولىدۇ)، تەبىئىي غايەت گۈزەل نەزمىلەرگە كۆپ ساز سالىدۇ، بۇ مەتلەئە ئۇنىڭدۇركى:

گىرىفتى جانىمەن ئەزتەن بىزۈلفى پۇرۇشكەن بەستى،
كوشادى پەردە ئەزرۇخسارى خىش چۇشمە بەستى.

(«ئەي سۆيۈملۈك! مېنىڭ جېنىمنى تېنىمدىن ئېلىپ بۇدرە چېچىڭغا باغلىۋالدىڭ. ئۆزۈڭنىڭ يۈزلۈك - جامالىڭنى پەردىدىن ئېچىپ كۆزۈمنى باغلىدىڭ»)

يۇقىرىقىلاردىن بىز ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ ئىقتىدارلىق دۆلەت ئەربابى ھەم مۇزىكانت ۋە ئۇيغۇر، پارس تىللىرىدا شېئىر يازالايدىغان شائىر ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز.

ئە.ھاجىبەگ ھەققىدە بابۇر (1482 — 1530) مۇ «بابۇرنامە» دە مەلۇمات بەرگەن: «يەنە بىرى ئەھمەد ھاجىبەگ ئىدي. سۇلتاني مالىك قەشقەرىنىڭ ئوغلي ئىدي.

ھىرى (ھىرات - نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن) ھۆكۈمىتىنى سۇلتان ئابدۇسەئىد مىرزا نەچچە مەھەل مۇڭا (ئۇنىڭغا) بېرىپ ئىدى. (تاپشۇرغان ئىدى). جانىبەگ (ئەھمەد ھاجى-بەگنىڭ كىچىك دادىسى) ئۆتكەندىن سۇڭ، ئەنىڭ مەنسەبىنى بېرىپ، سەمەرقەندگە ئىبەردى. خۇشتەب ۋە مەردانە كىشى ئېردى. ‹ۋاپائى› تەخەللۇس قىلۇرئىدى. ساھىب دىۋان ئېردى. شېئىرىي يامان ئەمەس ئىدى، بۇ بەيىت ئەنىڭدۇركىم:

مۇستەم، ئەي مۇختەسىپ، ئىمرۇزى مەن دەست بىدار،
ئىختىسابەم بىگۇن ئان رۇزكى يابى خۇشيار.

(«بابۇرنامە»، 77 - بەت)

(ئەي مۇختەسىب، مەستمەن، بۈگۈن مېنىڭدىن قولۇڭنى تارت، قاچانكى خۇشيار تاپساڭ، شۇكۈن تەكشۈر.) جانىبەگ (دولداي) قەشقەرى سۇلتان مالىك قەشقەرىنىڭ كىچىك ئوغلى (ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ ئىنىسى) بولۇپ، بىر مەزگىل سەمەرقەندگە ھاكىم بولغان. بۇ ھەقتە «بابۇرنامە» گە مەلۇمات خاتىرىلەنگەن.

شاھ قۇلى ئۇيغۇر ئىسىملىك ئەدىب ئۆز ئۇرۇقلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە باخشىلىق كەسپىنى داۋاملاشتۇرغان. ناۋايى «مەجالىسۇننەفائىس» تا تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات بېرىدۇ: «شاھ قۇلى ئۇيغۇر — ياش چېغىدا بىلىم ئېلىش ئۈچۈن بىلىمنىڭ ھەممە سا-ھەلىرىگە نەزەر ئاغدۇرۇپ كۆردى. لېكىن ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەركە بالىسى بولغىنى ئۈچۈن ھېچقايسىدىن كۆزگە كۆرۈنگىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. كېيىن ئۇرۇق-تۇغقان ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، شېئىر ژانىرلىرىنىڭ ئىچىدە ‹مۇئەمما› يېزىشتا غەلىبە قازىنىپ، ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغ-قانلىرىنىڭ ئۈمىدىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتى. مانا بۇ ‹مۇئەمما› ‹ماھۋى› ئۈنىڭدۇركى:

«ئەي مېھنەتى مەبىغ پېشۋەي مەرفىدۇ،
گەر مەسلىھەت ئەست، گۇۋۇگەرنېس مەگو.»

ئەگەر تەرجىمە قىلسا «ماھۋى» دېگەن ئىسىم چىقمايدۇ. شۇڭا بۇنى ناۋايىمۇ تەرجىمە قىلمىغان. ئەپسۇسكى ناۋايى شاھ قۇلى ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇر (تۈركى) تىلدا يېزىلغان شېئىرلىرىدىن مىسال ئالمىغان.①

ناۋايىنىڭ دادىسى ئىزامىدىن (غىياسىدىن) كىچىك ئەينى چاغدىكى خۇراسان ھۆكۈمدارى ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ ئۇيغۇر - ئەرەب تىلى بويىچە كاتىپلىرىدىن بىرى ئىدى. كېيىن ئۇ خۇراسانغا قاراشلىق سەبزۋار شەھىرىنىڭ ھاكىمى بولغان، ئۇ ئەدە-بىياتنى قىزغىن سۆيگۈچىلەردىن ئىدى. ناۋايىنىڭ تاغىلىرىدىن مىرسىد قابۇلى ۋە مۇھەممەد ئىلى غۇربىتى قاتارلىقلار ئۇيغۇر تىلى بىلەن شېئىر يازىدىغان كىشىلەردىن

① شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار»، 2 - قىسىمغا قارالسۇن.

ئىدى. ناۋايىنىڭ ئىنىسى دەرۋىش ئەلى بەلغ شەھىرىگە ھاكىم بولغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا — شېئىرىيەتتىكى غەزەلچىلىك ساھەسىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدىغان شائىر ئاتايىنىڭ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى ھىرات بىلەن ئالاقىدار بولغان. ئۇ ھىرات قاتارلىق جايلاردىكى مەدەنىي ئاتموسفېرادىن ئوبدان نەپەس ئېلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن بىر قىسىم ئۆلمەس غەزەللەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

ناۋايى ئۇستازىم دەپ ھېسابلىغان، ماۋارائۇننەھر ۋە خۇراساندا تۈركىي - ئۇيغۇر تىلىدا ياخشىراق شېئىرلارنى يېزىشنىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى ئەبەيدۇللا لۇتفىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ھىرات بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. ناۋايى لۇتفى ھەم يەنە بىر ئۇيغۇر شائىرى (ھىرات بىلەن مۇناسىۋەتلىك) سەككاكىلار ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇكەممەل ئۇستىلىرىدىن ئاللانىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن مەۋلانە سەككاكىي ۋە مەۋلانە لۇتفىلاركى، بىرىنىڭ تاتلىق شېئىرلىرىنىڭ شۆھرىتى تۈركىستاندا چەكسىز ۋە بىرىنىڭ يېقىملىق، گۈزەل غەزەللىرىنىڭ تارقىلىشى ئىراق ۋە خۇراساندا ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئايرىم (شېئىرىي) توپلاملىرى بار» («خەزائىنۇلمەئانى» نىڭ كىرىش سۆزىدىن) لۇتفى ھىراتتا ۋاپات بولغان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى ئەلىشىر ناۋايىنىڭ نامىنى ھىراتنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتى ھەققىدە سۆز ئېچىش قىيىن. مىرزا ھەيدەر قەشقەرى (1500 — 1551) «تارىخى رەشىدى» (1541 — 1546 - يىللىرى يېزىلغان) ناملىق نوپۇزلۇق كىتابىدا ناۋايى (1441 - 1501) نىڭ نەسەبى توغرۇلۇق ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن 45 يىل كېيىن تۆۋەندىكىدەك تولىمۇ قىممەتلىك ئۈچۈر بېرىدۇ: «ئۇنىڭ ئەسلى زاتى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاكىچىك باخشى دەپ ئاتايتتى، ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئىدى».

مىرزا ھەيدەرنىڭ مەزكۇر مەلۇماتىنى ئاتاقلىق سوۋېت ئالىمى ئا.ئا.سېمېنوۋۋە سۇلتانوۋ، تۈركىيىلىك مەشھۇر تاتار ئالىمى ئەھمەد زەكى،① ئەدەبىياتشۇناس ئەھمەد قاباكلى② ۋە باشقىلار تەكىتلەپ ئۆتكەن. داڭلىق ئۆزبېك ئالىمى ئىززەت سولتانوۋمۇ ئۆز ئەسىرىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، ھەقىقەتنى بايان قىلىپ بەرگەن ئىدي.③

دېمەك، ناۋايى ھىراتتا ئۇيغۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ناۋايى ھۈسەيىن بايقارا ئوردىسىدا باش ۋەزىر بولغان (1472). ئۇ خىزمەت ئىشلەپ تۇرغان ۋاقىتلاردا ھىراتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە كىشىنى

① «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئالمۇتا، ئۇيغۇرچە نەشرى، 57 - بەتكە قارالسۇن.

②. ئەھمەد قاباكلى: «تۈرك ئەدەبىياتى» ئىككىنچى توم، 97 - بەت، تۈركچە نەشرى. ئۇنىڭدا ناۋايى ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن بولۇپ ھىراتتا دۇنياغا كەلگەن دېيىلگەن.

③ ئىززەت سۇلتان: «ناۋايىنىڭ قەلب دەپتەرلىرى»، 1973 - يىلى، تاشكەنت، ئۆزبېكچە نەشرى، 28 - بەت. بۇ كىتابتا: «"تارىخى رەشىدى"دە "ئەلىشىر ناۋايى ھىراتتا ئۇيغۇر باخشىسى غىياسىدىن كىچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان" دەپ يېزىلغان» دېيىلگەن.

رازى قىلىنغان ئىلگىرىلەشلەر بولدى. ناۋايى ھىراتنىڭ ھەر خىل قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە كۆپلىگەن مەدرىسە-مەسچىتلەر، ئىلمىي پائالىيەت سورۇنلىرى، باغلىق ئارامگاھلار ۋە باشقا قۇرۇلۇشلار ئېلىپ بېرىلدى. بولۇپمۇ ناۋايى دەۋرىدە ھەر خىل كىتاب ئىجادىيەتچىلىرى قېتىرقىنىپ مېھنەت سىڭدۈردى. ئالدىنقى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى كىتابلار كۆچۈرۈلۈپ، كۆپەيتىلدى. يېڭى كىتابلار نەقىشلەندى، ئالتۇن ھەل، كۆركەم ۋە نەپىس رەسىملەر بىلەن بېزەشتۈرۈلدى.

ناۋايى ئۆز ئەتراپىغا بىر تۈركۈم ئىلمىي خادىملارنى يىغىپ ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى شارائىتلارنى يارىتىپ بەرگەنىدى. مەسىلەن، تىلشۇناسلاردىن سەييىدىن ئەھمەد، شەيخ ھۈسەيىن، ئەدىبلەردىن دۆلەت شاھ، سەيفى بۇخارى، شەمشىدىن مۇھەممەد بەدەخشانى، كامالىدىن ھۈسەيىن، تېببىي ئالىملاردىن دەرۋىش ئەلى، تارىخچىلاردىن مىرخۋاند خاندىمىر، كاللىگرافلاردىن (ھۆسنى خەت يازغۇچىلار) سۇلتان ئەلى مەشھەدى، ئابدۇجامال كاتىپ، رەسساملاردىن بېھزادە ۋە شاھ مۇزەپپەر، كومپوزىتورلاردىن غۇلام شاھىدى، سازەندىلەردىن غوجا ئابدۇللا مەرۋى، قۇل مۇھەممەد ئۇيدى، شەيخ ناۋايى، ھۈسەيىن ئۇيدى قاتارلىقلار ۋە شائىرلاردىن شەيخ سۇخەيلى، گادايى، باباشورىدا قاتارلىق ئونلىغان كىشىلەر بار ئىدى.① (بۇلار ئۇنىڭ «مەجالىسۇننە فائىس» دېگەن ئەسىرىدە ناھايىتى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.) ناۋايىنىڭ بىر قىسىم كىشىلەرگە ياردەم بەرگەنلىكىنى XV ئەسىرنىڭ ئاتاقلىق تارىخچىسى خاندىمىرنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىدىن ئېنىق چۈشىنىمىز، ناۋايى خاندىمىرگە مۇنداق دېگەن ئىكەن: «شۇنداق بىر تارىخىي كىتاب تەرتىپ قىلىنسۇنكى، ئۇنىڭ ئىبارىلىرى مەجاز، ئىستىئارە، كىنايە ۋە باشقىلار مۇرەككەپلىكلەرگە ئورالمىغان بولسۇن، كىتاب بىر مۇقەددىمە، يەتتە قىسىم ۋە بىر خاتىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالسۇن، ئوقۇغۇچى ئۇ قىسىملاردىن بىرىنى ئوقۇغاندا باشقا قىسىملارنى ۋاراقلاپ كۆرۈشكە مەجبۇر بولمىسۇن.» بۇلار، خاندىمىرنىڭ ناۋايىدىن مەنىۋى جەھەتتىن ئالغان ياردىمىنىڭ ئەسلىمىسى بولسا، ئۇ ئەندى ماددىي تەرەپتىكى ياردىمىنى مۇنداق ئەسلەيدۇ: «مەن بۇ خىزمەت ئۈچۈن لازىم بولغان ئىش جايى، كىتاب (مەنبەلەر) ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەر توغرىسىدا ئېغىز ئاچقىنىمدا، ئۇ، مىرخۋاند — دىدى-دە، ئۆزى ئاچقان ‹خالاسىيە› خانىقاسىدىكى ئۆزىگە ئاتىغان مەخسۇس پۈتۈن كىتاب ئەسۋابلىرى بىلەن ماڭا تاپشۇرۇپ بەردى».

شەرقنىڭ رافائېلى (رافائىل ئىتالىيىلىك مەشھۇر رەسسام) دەپ تونۇلغان پارس رەسسامى بېھزادە ۋە خەتتات سۇلتان ئەلى قاتارلىقلار ناۋايىنىڭ بىۋاستە ماددىي ۋە مەنىۋى ياردىمى بىلەن ئۆسكەن. بۇنداق مىساللار ساناپ-تۈگەتكۈسىز كۆپ ئىدى.

① شېرىپىدىن ئۆمەر «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئوچېركلىرى»، 2-قىسىمغا قاراڭ.

ئەلىشىر ناۋايى ئىلمىي ئىجادىيەتنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ سىياسىي، ئەدەبىي ۋە باشقا ئىلمىي ساھەلەردە ئاجايىپ تالانتىنى كۆرسەتتى. ناۋايى قالدۇرۇپ كەتكەن ئەدەبىي مىراس ناھايىتى مول. ئۇ، ئۇيغۇر، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا بىباھا خەزىنە. ناۋايى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىسىز ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن ئەدەبىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. دېمەك «بۇ دەۋردە، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلانغان. بۇ خانلىق تەۋەسى (دەسلەپكى چاغاتاي خانلىقى ۋە تۆمۈرىلەر ئىمپېرىيىسى كۆزدە تۇتۇلغان — نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن) دىكى ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇنلىغان مەشھۇر ئەدىبلەر، شائىرلار مەيدانغا كەلگەن. سەككاكى، لۇتفى، ئەمىرى، گادايى، ئاتايى، يەقىنى قاتارلىقلار شۇلارنىڭ نامايەندىلىرىدۇر»① بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھىرات بىلەن ئالاقىدە بولۇپ كەلگەنلەر ئىدى.

تۆمۈرىلەر دەۋرىدە يەنە باشقا بىر قاتار ئەسەرلەرمۇ ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا يېزىپ چىقىلغان. مەسىلەن XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۆمۈرنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى توغرىلىق ئۇنىڭ سارىيىدىكى ئۇيغۇر باخشى (كاتىپ) لىرى تەرىپىدىن يېزىلغان (سەمەرقەندتە) شېئىرىي خىرونىكا بولغانلىقى مەلۇم. بۇ ھەقتە مەلۇمات بەرگەن XVI ئەسىر ئاپتورى؟ مەزكۇر ئەسەر توغرىلىق مۇنداق يازغان: «‹تارىخى خانى› دۇركى، ئۇيغۇر باخشى (كاتىپ) لىرى، ئۇنى ئۇيغۇر خېتى ۋە تەلەپپۇزى بىلەن بېتىپىدۇرلەر (يازغان ئىكەن)»② ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى ھىرات، سەمەرقەند قاتارلىق جايلاردا ھەر خىل پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ شەخس ئىستىبداتىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن بەلكى، قەدىمى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى بۇ تەرەپلەرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغانىدى. جۇۋاينى (juwayni. 1226 — 1283) «تارىخى جاھان كۇشاي» (Tarihi jahan Guxay) 1252 — 1260 - يىللىرى يېزىلغان) ناملىق ئەسىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى موڭغۇل دۆلەتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، بۇ يەردە «ھەممە ئادەم ئىلىم-پەن بىلەن مەشغۇل بولۇشنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇر تىلى ھەم ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىپ باردۇ» دەپ ۋايىسىغان ئىدى. بۇ دەۋاتقان يەرلەر ئىچىدە ھىراتمۇ بار ئىدى، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى خېلى كۈچلۈك ئىدى.

ئوبۇلغازى باھادىرخان (1605 — 1664) مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۇيغۇرلار مەھ-

---

① م. يۈسۈپ: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» (ئامېرىكىنىڭ لوس-ئانگېلېس شەھىرىدە 14 مەملىكەت ئالىملىرى قاتناشقان جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ تىل، ئەدەبىيات، مەدەنىيەت، تارىخى ئۈستىدىكى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان لېكسىيە)) «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1986 - يىل، 4 - سان، 54 - بەت.

① «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 20 - بەتكە قارالسۇن.

كىمە ئالاقە ئىشلىرىنى (دەپتەرچىلىكنى) ياخشى ئىلىپ بارالتى ۋە دىۋان ھېسابات ئىشلىرىنى پۇختا بىلەتتى. چىڭگىزخان زامانىسىدا ماۋارائۇننەھر، خوراسان ۋە ئىراقتا بارلىق مۇشاۋىر ۋە كاتىلار ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. تۆمۈرىلەر مەھكىمىلىرىدىمۇ ئىش قەغەزلىرى بىر تۆ-تاش ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يۈرگۈزۈلگەن.» («شەجەرەئى تۈرك» كە قارالسۇن)، بارتولد تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان: «چىڭگىزخان شاھزادە - بەگزادىلەرگە ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىتىشكە يارلىق چۈشەرگەن ھەم ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ‹موڭغۇل ياسىقى› (‹بىلىك ياساق› ۋە ‹چىڭگىزخان ياسىقى›)، ھەر-قايسى ئوردىلارنىڭ يىلنامىسى تۈزۈلگەن... موڭغۇل دۆلەتلىرىدە ئۇيغۇر يېزىقى ئا-ساسلىق ئوردا ئىچىدە قوللىنىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دىپلوماتىيە ھۆججەتلىرىدىمۇ قوللىنىلغان ... پىرىنسىپىنىڭ شىمالىدا ئۇيغۇرچىنى بىلىدىغانلار ئەرەب تىلىنى بىلىدىغانلاردىن خېلى كۆپ ئىدى... ئېھتىمال ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتىش ئۇزۇن جەر-يانلاردا شەكىللەنگەن ئادەت بولۇپ ئۆز دەۋرىنىڭ رېئال ئەھۋالىغا ئاساسلانغانلىق ئەمەس ئىدى»①، بارتولدنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىغا قارىغاندا «‹قۇتادغۇبىلىك› تىن ئىبارەت بۇ قويۇق مۇسۇلمان روھىدىكى ئەسەرنى چىڭگىزخان ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردى-دىكى مۇئەللىملىرىدىن قوبۇل قىلغان».② دېمەك چىڭگىزخان «قۇتادغۇبىلىك» كە تەقلىد قىلىپ «ياساق» (دەستۇر - قانۇن) تۈزدۈرگەن ۋە بۇلاردا كۆپلىگەن ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلارنى ئىشلەتكەن. يەنى موڭغۇللاردا «ئەرەب ۋە پارس ئەمەل ناملىرىدىن سىرت يەنە تۈركچە نام ۋە ئاتالغۇلارمۇ بار ئىدى، (كېيىن) موڭغۇللار ئۇيغۇرلاردىن ئاشۇ ئاتالغۇلارنى ئارىيەت ئىلىپ ئىشلەتكەن»③ دېمەك: موڭغۇل دۆلەتلىرى، جۈملىدىن تۆمۈرىلەر ۋە ھىراتتا «قۇتادغۇ»، «بىلىك»، «باخشى»، «بۆتۈكچى» دېگەندەك قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلار ناۋايى ۋە ئۇنىڭدىن خېلى كېيىنكى دەۋرلەرگىچە ئىشلىتىلگەن.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھىرات قاتارلىق جايلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە ئۆزبېك ئالىمى: ئە. ر. رۇستەمۇ ۋ. ھاياجان بىلەن مۇنداق دېگەن ئىدى: «‹ھىرات› ۋە ‹سە-مەرقەند› تە ‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە ‹ئەتەبەتۇلھەقايىق› داستانلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا كۆچۈرۈلۈشى ۋە كۆپەيتىلىك ئالىم، ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى تەتقىق قىلىشىغا نەزەر ئاغدۇرۇشى ئەينى زاماندا ھىرات ۋە سە-مەرقەندتە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغانلار ۋە ماھىر كاللى-

---

①② ۋ. ۋ. بارتولد: «ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنىڭ موڭغۇللارغا تەسىرى»، «بارتولد ئەسەرلىرى»، 1968 - يىلى، موسكۋا پەن ئەشرىياتى، رۇسچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمىسى، «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات» ژۇرنىلى، 1985 - يىلى، 1 - سان 48 - بەت، خەنزۇچە.

① بارتولدنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىگە قارالسۇن.

«شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىيات تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1985 - يىلى، 1 - سان، 47 - 48 - بەتلەر خەنزۇچە.

ئىگىرافلار بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ»①

دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نامايەندىسى«قۇتادغۇبىلىك»، 1439-يىلى ھىراتتا ھەسەن قارا سايىل شەمسى دېگەن كىشى تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا بىر قېتىم كۆچۈرۈلگەن. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» مۇ مۇشۇ دەۋردە بىر قېتىم كۆچۈرۈلگەن.

ناۋايى ھىراتتا قەدىمى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك تۈردە ئۇچرىغان ئىدى. مەسىلەن: ئۇ «ئەتەبەتۇلھە قايىق» ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى ھەققىدە ياخشى چۈشەنچىگە ئىگە ئىكەنلىكى بۇنىڭ جانلىق بىر پاكىتى. ئۇ «نەسا-ئىمۇلمۇھاببەت -مىن شەمائىمۇلفۇتۇۋۋەت» («لۇتپى مەرھەمەت خىسلەتلىرىدىن مۇ-ھەببەت خۇشپۇراقلىرى») دېگەن ئەسىرىدە ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ كىم ۋە قانداق ئەدىب ئىكەنلىكى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇمات بېرىدۇ. ھەم بۇ ئەسىرىدە ۋە ھۆسەيىن باي-قارانىڭ ئوغلى بەدىئۇززامانغا يازغان بىر قاتار خەتلىرىدە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىن گۈزەل مىسرالارنى مىسال كەلتۈرىدۇ. (بۇ ھەقتە يۈسۈپ زىياشىرۋانىنىڭ «ناۋايى ۋە ئۇي-غۇر ئەدەبىياتى» دېگەن ماقالىسىغا قاراڭ، «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلى، 1948 - يىلى 6 - سان) ناۋايىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تەسىرىگىمۇ خېلىلا ئۇچرىغانلىقىنى ئىزدىنىپ كۆرگەنلەر بار.

تۆمۈر ئۆلگەندىن كېيىن، XV ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا مەدەنىي ھەرىكەتنىڭ مەركىزى سەمەرقەندتىن ھىراتقا يۆتكەلگەن ئىدى. شاھرۇھ (1448 — 405) تەختكە چىق-قاندىن كېيىن ھىراتنى پايتەخت قىلىپ تۇرغان ھەم ھىرات مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقارغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ھىرات سەمەرقەند بىلەن بىر قاتاردا ھەشەمەتلىك، ئىلىم ئەھلىلىرى توپلانغان مەدەنىي مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ، بىر مەزگىل ئاجايىپ گۈللەنگەن. بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زىيالىيلار ئەرەب-ئىس-لام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن بارا-بارا نوپۇزغا ئىگە بولغان ئەرەب تىلىنى ئۆزىنىڭ بىردىن-بىر ئەدەبىي تىلى دەپ ھېسابلىمايدىغان، ھەمدە پارسچە بىلەنمۇ چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ئۇيغۇر — خاقانىيە تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن تىل چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلى قىلىپ قوللىنىدىغان، گۈللىنىش ۋەزىيىتى-كەيپىياتى بارلىققا كەلدى. چۈنكى بۇ يەردىكى ئاشۇ بىر قىسىم كىشىلەر سىياسىي جەھەتتىكى سادىقلىقىدىن، ھەتتا دىنىي جەھەتتىكى سادىقلىقىدىن ۋاز كېچىشكە رازى بولغانكى، ئۆز خەلقىنىڭ تىلىدىن ۋاز كەچمىگەن. ھىراتتىكى ئاشۇ بىر قىسىم خەلقلەر ئاساسىي جەھەتتىن شۇنداق قىلغان. نەتىجىدە، خۇراساندىكى بەزى رايونلار، جۈملىدىن ھىراتتا ئەرەب تىلى ۋە پارس-تاجىك تىلى ئىلمىي تىل بولۇش سۈپىتى بىلەن تولۇق

① «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 44 - بەتكە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

غەلىبىگە ئېرىشەلىگەن، بولۇپمۇ ئەرەب تىلى يېقىن شەرقتىكى كەڭ رايونلار ۋە ياۋروپادىكى بەزى جايلارغا ئوخشاش جانلىق تىل بولۇشى ۋە غەلىبە قازىنىشى تېخىمۇ مۇمكىن بولمىغان. ھىراتنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات-سەنئىتى بالدۇرقىدەكلا ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنە بازىسىنى مۇستەھكەم ساقلاپ كەلگەن. بۇنداق ئەنئەنىنىڭ مۇقىملىقى توغرىسىدا ئۆز دەۋرىدىكى رېئال ئەھۋاللاردىن ئۇنۇملۇك ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ: ئەينى چاغدا ھىرات ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ يۇرتلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىسى دەسلەپتە ئەرەبلەشتۈرۈۋېتىلگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا پارسچىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. ئەمما يەرلىك كىشىلەرنىڭ بىرخىل پىسخىكىسىنىڭ تۈرتكىسىدە پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىش تەسكە چۈشكەن. XIV ئەسىردىن باشلاپ ھەرخىل مىللىي تەركىبلەردىكى ئاھالىلاردىن قايتا تەشكىل تاپقان ھىراتنىڭ يېڭى شەھەر سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىشى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئەمگەكچىلىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك رول ئوينىشىدىن ئايرىلمايدۇ. يۇقىرىقىدەك بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى ھىرات ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كۆپچىلىك زىيالىيلارنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدىغان بىردىن-بىر قوراللىق رولىنى يوقاتماي، جارى قىلدۇرۇلغان ئىدى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىلا مۇشۇ تىل-يېزىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالماستىن باشقا خەلقلەرمۇ، ھەتتا خاقانلىقنىڭ ئوردىلىرىدا، مەمۇرىيەت ئورۇنلىرىدا، خاقان-ۋەزىر، ئەمەلدار ۋە باشقا ئاقسۆڭەكلەرمۇ قوللانغان.

ناۋايى «مەجالىسۇننەفائىس» دا ئۇيغۇر (تۈركى) تىلىدا شېئىر يازغان ھەرەمى، قەلەندەر، كامالى، لەتىپى، پەلۋان ھۈسەيىن، مەۋلانە ھىلال، مىرسىيىد، مۇھەممەد، ئىلى، مىرزابەگ، ناۋايىنىڭ ئۇستازى بولغان، شۇ زامانىنىڭ ئەڭ داڭلىق شائىرى ۋە ئالىمى سىيىد ھۈسەيىن ئەردە شىر، مەۋلانە ئاشىقى، شەرفى، گادايى قاتارلىقلارنى ساناپ كۆرسىتىپ، شېئىرلىرىدىن ئۈرنەكلەر بېرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىغا ناھايىتى زور تەسىرىنى شۇنىڭدىن ھەم كۆرگىلى بولىدۇكى، تۆمۈرىلەرنىڭ دۆلەت ئەربابلىرى ئابابەكرى مىرزا، سۇلتان خېلىل مىرزا، ئەھمەد مىرزا، سۇلتان ئەھمەد مىرزا، بايقارا مىرزا، شاھ غېرىب قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر-تۈركىي تىلىدا شېئىر يېزىشنىڭ تەرەپدارلىرى بولۇپ، ئۆزلىرىمۇ تۈركىي تىلىدا شېئىر يازاتتى. ناۋايى ئەنە يۇقىرىقى ئىسىملار زىكرى قىلىنغان ۋە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن مىساللار ئالغان «مەجالىسۇننەفائىس» دا ھۈسەيىن بايقارا شېئىرلىرىغا مەخسۇس باب ئېچىپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن كۆپلەپ مىسال كەلتۈرۈپ كەڭ تونۇشتۇرىدۇ. ھۈسەيىن بايقارانىڭ تۈركىي-ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «ھۈسەيىن» تەخەللۇسلۇق شېئىرىي دىۋانى بارلىقى مەلۇمدۇر.

دېمەك، تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىل — تۈركىي تىل ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىدى.

ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تەسىرىمۇ يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ياندىشىپ ھالدا خېلى كۈچەيگەن بولۇپ ھىراتتىكى كىشىلەرنىڭ داۋاملىق ھەۋىسىنى قوزغاپ تۇرغان. «تارىخىي خاتىرىلەردە تۆمۈرنىڭ ‹بارلىق ھەربىي پائالىيەتلەرنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن خاتىرىلەش توغرىسىدا باخشى (كاتىپ) لارغا بۇيرۇق بەرگەن› لىكى يېزىلغان. تۆمۈرىلەر سۇلالىسى دەۋرىدە تۈركىي تىلىدا يېزىلغان نۇرغۇنلىغان ئىسلام دىنى مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر بۇيرۇققا بىنائەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا قايتىدىن كۆچۈرۈلگەن.»① باشقا خەلقلەرنىڭ ئەسەرلىرى — «بەختىيارنامە»، «تەزكىرى ئەۋلىيا»، «مىراجنامە» قاتارلىقلار 1432 - ، 1437 - يىللىرى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن، ھىراتنىڭ لەشكەر بېشى شاھرۇھ مىرزا ئۈچۈن ئۇيغۇر باخشىسى باقۇر مەنسۇر تۈركىي تىلىدىكى شېئىرىي ھەم دىنىي ئەسەرلەر مەجمۇئەسىنى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈپ چىققان. ئەرەب تارىخچىسى ئىبنىئەرەبشاھ (1388? — 1450?) مۇنداق دەپ يازغان ئىكەن: «چاغاتاي ئادەملىرىدە (قەدىمكى) ئۇيغۇر يېزىقى دېگەن يەنە بىر خىل يېزىق بار. بۇ يېزىق موڭغۇللارنىڭ يېزىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەممىگە مەلۇم... بۇ يېزىق بىلەن خىزمەتكە بەلگىلەش پەرمانلىرى، بۇيرۇقلار، خەت - ئالاقىلار، غەزەللەر، تارىخ، ھېكايە شۇنىڭدەك چىڭگىزخاننىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى يېزىلىدۇ. كىمكى بۇ يېزىقنى بىلسە، ئۇ خار بولمايدۇ...» (كلاپروتنىڭ «ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشلەر» دېگەن ئەسىرى، 56 - بەت) ② ۋاھالەنكى، بۇ يەرلەر ھىراتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، ئەلۋەتتە.

دېمەك، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى سەيدۋاققاسوۋ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابىدا (56 - 57 - بەتلەر) كۆرسىتىلگەندەك: «قاراخانىلار، موڭغۇللار، تۆمۈرىلەر دەۋرىدە خوراسان ۋە ماۋارائۇننەھرگە كېلىپ يىلتىز تارتىپ تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى XIV — XV ئەسىرلەردە مەزكۇر ئۆلكىلەرنىڭ دۆلەت ئىدارىلىرىدا ئىشلەپ ئۇلارنىڭ مەدەنىي ۋە ئەدەبىي ھاياتىغا پائال ئارىلاشقان». شۇڭا بۇ دەۋر — ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات تارىخىدىن تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە.

## § 18. لۇتفى

لۇتفى — ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان نامايەندىلەرنىڭ بىرى.

① گېڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان مۇھىم يادىكارلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىق قىلىنىشى» (ماقالا) «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» 1 - قىسىم، 5 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

② گېڭ شىمىننىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىغا كەلتۈرۈلگەن نەقىل. شۇ كىتاب، 5 - بەت.

لۇتفىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات ساقلانمىغان. پەقەت ئەلىشىر ناۋايىنىڭ «مەجالىسۇننەفائىس»، «ھالاتى سەيد ھەسەن ئەردە شىر»، خاندىمىرنىڭ «مەكارىمۇل ئەخلاق»، شەمسىددىن سامىنىڭ «قامۇسۇل ئەئلام» ۋە ئەمىر دۆلەتشاھنىڭ «سەفىنە تۇششۇئەرا» (شائىرلار كېمىسى) قاتارلىق كىتابلاردا قىسقىچە مەلۇماتلار بېرىلگەن.

لۇتفىنىڭ ئەسلى ئىسمى نامەلۇم، لۇتفى ئۇنىڭ تەخەللۇسى ھېسابلىنىدۇ. زامانداشلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە مەۋلانا لۇتفى — لۇتفى ھىرى (ھىراتلىق لۇتفى) دەپ كۆرسىتىلىدۇ. موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللانىمەتۇللا مۆجىزى «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» دا ئۇنى «موغۇلىستان (شىنجاڭ) دىن ئىدى» دەيدۇ. لۇتفى تەخمىنەن 1365 - يىلدىن 1464 - يىلغىچە ياشىغان، كۆپ ئۆمرىنى ھىرات ئەتراپىدا ئۆتكۈزگەن.

لۇتفى ياشلىقىدىن باشلاپ ئۆز زامانىسىنىڭ مەۋجۇت ئىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. مەشھۇر ئالىم لۇتفى شاھا بىددىن خىيالىنىڭ ھوزۇرىدا ئەرەب ۋە پارس - تاجىك تىللىرىنى ئۆگىنىپ، مەلۇم مۇددەت ئىلىم تەھسىل قىلدى. شائىر ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش نەتىجىسىدە دۇنياۋى ئىلىملەرنى ئىگىلەپ، يۇقىرى مەلۇماتقا ئېرىشتى، ئۇ دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ XV ئەسىردىكى مۇھىم نامايەندىلىرىدىن بولغان خوجاھاپىز شىرازى، ئۆمەر ھەييام ۋە كامال خوجەندى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن چوڭقۇر غايەۋى بەدىئىي زوق ئالدى.

مەۋلانە لۇتفى ئازغىنە كەم يۈز يىللىق ئۆمرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى بەدىئىي ئىجادىيەتكە بېغىشلىدى. ئۇ ساراي شائىرلىرىنىڭ قەسىدىۋازلىق يولىدىن چەتنەپ ئۆتۈپ، ئەدەبىياتنىڭ ئاممىباب شەكلى — غەزەل ژانىرىنى تاللاپ، ئۆز ئىجادىيىتىنى لىرىك شېئىرلاردىن باشلىدى. شائىر ئەسەرلىرىنى ئۆز ئانا تىلى ۋە پارس - تاجىك تىلىدىن ئىبارەت ئىككى تىل بىلەن يازدى. XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن خۇراسان ۋە ماۋارائۇننەھىردە زور شۆھرەت قازاندى. دىۋانلىرى ئىراق ۋە خۇراسانغىچە بولغان جايلارغا كەڭ تارقالدى.

لۇتفىنىڭ پارس - تاجىك تىلىدا يازغان شېئىرلىرى دىۋان ھالىتىدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. ئەمما، ئۇيغۇر - تۈركىي تىلىدىكى دىۋانىنىڭ بىرقانچە مۇكەممەل قول يازما نۇسخىلىرى بار. مەزكۇر دىۋان ھەر خىل نۇسخىلاردا 280 پارچە غەزەل، 40 پارچىغا يېقىن رۇبائىي، قىتئە، تۇيۇق، ئىككى پارچە قەسىدە؛ چوڭ ھەجىمدىكى «گۈل ۋە نەۋروز» ناملىق لىرىك داستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەينى دەۋرنىڭ ئاتاقلىق تارىخچىسى شەرىپىدىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق ئەسىرىنى قەدىمىي پارس - تاجىك تىلىدىن ئۇيغۇر يېزىقىغا مەسنەۋىي شەكىل بويىچە 1425 - يىلى تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئەپسۇسكى، 10 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق بولغان بۇ ئەسەر دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «لۇتفى تۇيۇقـ

لىرى» دېگەن توپلام ئىستانبۇل دارىلفۇنۇنىدا ساقلانماقتا ئىكەن. ئەينى چاغلاردىكى يەركەن ھاكىم بېگى تاجى مۇھەممەد ھىدىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، لۇتفىنىڭ يەنە «مەشئۇل ھەقايىق» (ھەقىقەتلەر شەرھى) ناملىق داستانى 1892 - يىلى «دەخلۇلجان ئەبۇا بولجاھان» دېگەن نام بىلەن نەسىرگە ئايلاندۇرۇلۇپ، شەرھلەپ چىقىلغان. بۇنىڭ قول يازمىسىنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى 1957 - يىلى قەشقەردە تېپىلغان.

لۇتفىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى مۇھىم بىر تۆھپىسى شۇكى، ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەسەر يېزىشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولغان. تارىخچى خاندىمىر «مۇكەرىمۇل ئەخلاق» دېگەن كىتابىدا «ئۆزىنىڭ سەنئەتكارلىقى ۋە گۈزەل ئەسەرلىرى بىلەن دۇنيادا بىردىن بىر سانالغان لۇتفى ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى تۈركىي تىلدا بىرەر كىشى ئۇنىڭدىن ياخشىراق شېئىر ئېيتالمىغان ئىدى» دېسە، ئەلشىر ناۋايى مەۋلانە لۇتفى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «پەسىخ ۋە بەلىغ (ئۆتكۈر ۋە گۈزەل) ئەدەبىي»، «ئەزىز ۋە تەبەررۇك كىشىسى» دۇر دەيدۇ.

لۇتفى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۆمۈرىلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدىن باشلاپ، تاكى ئۇنىڭ پارچىلىنىشىغىچە بولغان ئۇزاق ۋە مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتتا ياشاپ ئىجاد قىلدى. شائىرنىڭ ئىجادىي نەتىجىلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي-سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىدە ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي-سىياسىي ھاياتىدىكى مەۋجۇت رېئاللىقنى چوڭقۇر چۈشەندى. شۇڭا ئۆز ئەسەرلىرىدە مېھنەتكەش خەلقنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى، چىن سۆيگۈ-مۇھەببەت، ساداقەت، تەرەققىپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئىنسانىي ئەركىنلىك غايىلىرىنى روشەن ئىپادىلىدى. ئىجتىمائىي ھاياتتىكى تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىكنى قارىلىدى. فېئودال ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەنىۋى چۈشكۈنلۈكىنى، ئەخلاقىي بۇزۇقلىقىنى، خۇراپىي چۈشەنچىلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى.

لۇتفىنىڭ ئىجادىيىتىدە «گۈل ۋە نەۋرۇز» ناملىق داستان مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئەسەر 120 باب، 2400 مىسرادىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، 1411-يىلى يېزىپ تاماملانغان.

داستاننىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى نەۋشاد مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى فەررۇخنىڭ ئوغلى شاھزادە نەۋروز بىلەن فەرخار مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى مۇشكىننىڭ قىزى مەلىكە گۈل ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئىبارەت.

شائىر «گۈل ۋە نەۋروز» داستانىنىڭ ئاساسىي تېمىسىنى تۆمۈر ئەۋلادلىرىنىڭ فېئودال ئىستىبدات ھۆكۈم سۈرگەن قاراڭغۇ جەمئىيىتىدىن ئالدى. ئۇ، داستاندا فېئوداللىق ئۇرۇشلار قىلىپ، خەلقنىڭ بېشىغا بالايى-ئاپەت سالماسلىقنى، پارچىلىنىپ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقان تۆمۈرىلەر ھاكىمىيىتىنى بىر مەركىزىي ھاكىمىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، كۈچلۈك مەركەزلەشكەن دۆلەت قۇرۇپ، خەلققە تىنچ، بەختلىك ھايات يارىتىش قاتارلىق ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ئىلغار سىياسىي ئىدىيىلىرىنى ئالغا سۈرگەن بولسا،

ئىككىنچى تەرەپتىن فېئودال ئىستىبدات تۈزۈمىنىڭ ئايالالرنى تاۋارلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە قانۇن - قائىدىلىرىگە قارشى چىقىپ، ياشلارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىنى قوغداپ، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئۇلۇغلايدۇ. داستاندا شائىر ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى ئىلغار سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، ئېستېتىك قاراشلىرىنى رېئالىستىك ئۇسۇلدا ئەمەس، بەلكى رومانتىك پىلاندا ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. لۇتفىنىڭ بۇ داستانى بەدىئىي جەھەتتىمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن يېتۈك نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## § 2. ئاتايى

ئاتايى — بەزى مەنبەلەردە مەۋلانا شەيخزادە ئاتايى دەپمۇ ئۇچرايدۇ.

ئاتايى XV ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان نامايەندىلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى يۈكسەك پەللىگە يەتكەن لىرىك نەپىس ۋە يېقىملىق غەزەللىرى بىلەن لۇتفى ۋە سەككاكىلار قاتارىدا تىلغا ئېلىنىدىغان، ئىنسانىي مۇھەببەتنى كۈيلىگۈچى شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرىي تىلى تولىمۇ چۇچۇك، پىكرى چوڭقۇر، ھېسسىياتى كۈچلۈك، ۋەزنى راۋان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىتابخانلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن بەلگىلىك ھەسسە قوشقان ئاتايى سۆز ئىشلىتىش جەھەتتىكى ماھىرلىقى بىلەن چوڭ شۆھرەت قازىنىپ ئەلىشىرناۋايىدەك ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەدىبلەرنىڭ ھۆرمەت ۋە ماختىشىغا ئېرىشكەن.

شائىرنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت ناھايىتى ئاز مەلۇمات ساقلىنىپ قالغان. ئەلىشىر ناۋايىنىڭ «مەجالىسۇننەفائىس»، «مۇھاكىمە تۇل - لۇغەتەيىن» دېگەن ئەسەرلىرى ۋە شائىرنىڭ غەزەللىرىدىكى ئايرىم مىسرالار ئارقىلىق شائىرنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە بەزى يىپ ئۇچىغا ئىگە بولىمىز، مانا مۇشۇلارغا قارىغاندا شائىر بەلختە تۇغۇلغان، ئايرىم مەنبەلەردە ئاتايى تاشكەنت بىلەن سايرام ئارىلىقىدىكى بىر يېزىدا دۇنياغا كەلگەن دېيىلگەن. سەمەرقەند، ھىرات، بەلخلەردە ھايات كەچۈرگەنلىكى مەلۇم. ئەمما، بۇ داۋاملىق ئىزدىنىشىنى زۆرۈر شەرت قىلىدۇ.

شائىر ئاتايىنىڭ ئەسلى ئىسمى نامەلۇم، ئاتايى پەقەت ئەدەبىي تەخەللۇس بولۇپ، بۇ تەخەللۇستىن، بىز ئۇنىڭ يەسەۋى تەرىقىتىنى راۋاجلاندۇرغۇچى مەنسۇر ئاتا، زەنگى ئاتا، سۇلايمان ھاكىم ئاتا، ئەنبەر ئاتا، ئىبراھىم ئاتاغا ئوخشاش مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى ئاتالار (ئاتا - ئەرەبچە - ئاتا قىلىنغان، بەخشەندە قىلىنغان دېگەن مەنىدە) ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلۋالالايمىز.

ئاتايىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن «دىۋان شەيخزادە ئاتايى» ناملىق يېگانە

قول يازما دىۋانى 260 غەزەلدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ غەزەللەرنىڭ ئاساسىي قىسمى مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان لىرىكىلاردىن ئىبارەت.

شائىر بۇ غەزەللىرىدە ھەقىقىي مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاپ، ۋاپادارلىق، سەممىيلىكنى كۈيلەيدۇ. جاپا - مۇشەققەتنى يەڭگەندىلا ئاندىن يار ۋەسلىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر شەرھلەيدۇ.

ئۇندىن باشقا شائىر ئۆز ئىجادىيىتىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك غايىلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھاياتقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە شەخسىيەتچىل ئەمەلدارلار ۋە مۇتەئەسسىپ روھانىيلارنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ.

ئاتايىنىڭ تىلى خەلقنىڭ جانلىق تىلىغا تولىمۇ يېقىنلىقى، راۋانلىقى، ساپ - لىقى بىلەنمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر. بۇ ھال شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىدە «مەلىكۇل كالام» ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

ئاتايىنىڭ غەزەللىرى ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭ شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە.

## §3. سەككاكى

سەككاكىنىڭ نامى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە مەشھۇر.

سەككاكى تۆمۈرىلەر سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمدارلىرىدىن بىرى بولغان ئاتاقلىق ئاسترونومىيە ئالىمى ئۇلۇغبەگ دەۋرىدە سەمەرقەندتە ياشاپ، ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئەلىشىر ناۋايى «مەجالىسۇننەفائىس» تا «مەۋلانا سەككاكى ماۋرائۇننەھ - لىكتۇر، سەمەرقەند ئەھلى ئاڭا كۆپ ئېتىقاد قىلاتتى ۋە بىغايەت تەئرىفىن قىلۇرلار» ئەردى، دەپ مەلۇمات بېرىدۇ.

موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللانېمەتۇللا مۆجىزى «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» دا: «[مۇقامنىڭ] 16 - پىرى ھەزرىتى يۈسۈپ سەككاكىدۇر» دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ دەلىلگە ئاساسەن شائىرنىڭ ئەسلى ئىسمى يۈسۈپ بولسا كېرەك، دېگەن چۈشەنچىگە كېلىمىز.

سەككاكى ئەينى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى ئىدى. ناۋايى تىلى بىلەن ئېيتقاندا: «كامالەتكە يەتكەن پاساھەتلىك شائىر» ئىدى. يەقىنى «ئۇق ۋە ياي» ناملىق ئەسىرىدە «سەككاكى تۈرك شائىرلىرىنىڭ موجتەھىرىدۇر (غەيرەت - شىجائەت كۆرسەت - كۈچى)» دەپ قەيت قىلىدۇ. «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» دا: «... بۇ ئەزىز ھەم تەمامى ئىلىمدە ھەزرىتى فارابى، ھەزرىتى لۇتفىلاردەك ئېردىلەر... ئىلمىي فەساھەت ۋە ئىلمىي بەلاغەتتە ئەسىرىنىڭ يەكتاسى ئېردى. ئىلمىي ئەشئاردا موغۇلىستاندىن چىققان مۇتەپەككۇرلار -

نىڭ ھەممىسىدىن فايىق ئېردى» دەپ ئالاھىدە باھا بېرىدۇ.

شائىر سەككاكىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىر دىۋانى بولۇپ، بۇ دىۋان ھازىر قول يازما ھالىتىدە، بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا. دىۋاندا ئېلىپ (ا) تىن نۇن (ن) غىچە بولغان رادىفلىق غەزەللىرى يوق، دىۋان شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىتاب تۈزۈش تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن، يەنى ئەڭ ئاۋال ئاللاغا ھەمدۇ - سانا، پەيغەمبەرلەرگە نەئت بىلەن باشلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن خوجا مۇھەممەد پارسا ۋە خەلىل سۇلتان نامىغا بىردىن قەسىدە بېغىشلىنىدۇ. مىرزا ئۇلۇغ بەگ ۋە ئارسلان خوجا تارخان نامىغا تۆتتىن قەسىدە بېغىشلانغان. پۈتۈن دىۋان 12 قەسىدە، 15 تىن ئارتۇق غەزەلدىن تەركىب تاپقان.

سەككاكىنىڭ شېئىرىيەتتىكى تەسىرى چوڭقۇر ئىدى. ناۋائىي «مەجالىسۇن - نەفائىس»دا ئۇنى «ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ چېچەكلىرىدىن بىرى»، «سۆز سەنئىتىدە كامالەتكە يەتكەن پاساھەتلىك شائىر» دەپ باھالىغان بولسا، «خەزائىنۇلمەئانى»نىڭ كىرىش سۆزىدە «ئۇيغۇرلارنىڭ پاساھەتلىك، بالاغەتلىك شائىرلىرىدىن لۇتفى، سەككاكى، سۇھەيلىلەرنىڭ ماڭا ئۇستازلىق ياردىمى كۆپ ئىدى...» دەپ سەككاكىنى ئۆزىگە ئۇستاز سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ.

سەككاكى لىرىكىلىرىدا مۇھەببەت تېمىسى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ لىرىكىلاردا شائىر ئاجايىپ پوئېتىك ئوبراز ۋە ئەدەبىي ۋاسىتىلار ئارقىلىق پاك سۆيگۈ - مۇھەببەتنى ئۇلۇغلايدۇ. ۋاپادارلىق ۋە سەمىمىيلىكنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ. يار ۋەسلىگە يېتىش يولىدىكى ھەر خىل جەبىر - جاپالارنى دادىللىق بىلەن يېڭىشقا ئۈندەيدۇ ھەم رېئال ھايات گۈزەللىكلىرىنى زوق - شوق بىلەن كۈيلەيدۇ. شائىر گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە خوتەننى بىرقانچە مىسرالاردا ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ.

سەككاكىي لىرىكىلىرى پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، شەكلىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى تىلىنىڭ پاساھەتلىكى، ئىستىلىستىك ۋاسىتىلارنىڭ ماھىرلىق بىلەن قوللىنىلغانلىقى بىلەنمۇ ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. سەككاكى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ يارقىن بەدىئىي ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆزىدىن كېيىنكى كلاسسىكلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى.

## §48. ئەلىشىر ناۋائىي

### 1- ناۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى

ئەلىشىر ناۋائىي (1441 — 1501) ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى، مۇتەپەككۇرى ۋە جامائەت ئەربابى، «چاھار دىۋان»، «خەمسە» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى.

ناۋايى مىلادى 1441- يىلى 9- فېۋرالدا ھىراتتا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ئۇيغۇر بولۇپ، تۆمۈرىلەر ئوردىسىدىكى ئىناۋەتلىك خادىملارنىڭ بىرى ئىدى. ناۋايىنىڭ دادىسى غىياسىددىن بولۇپ، بەزى مەنبەلەردە «نىزامىددىن» دەپمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەھلى بىلەن بولغان قويۇق ئالاقىسى ئەلشىرنىڭ كىچىكىدىنلا ئەدەبىيات خۇشتارى بولۇش ئۈچۈن تەسىر كۆرسەتكەن مۇھىم بىر شەرت ئىدى.

ئەلشىر بالىلىق ۋاقتىدىلا ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى، تىرىشچانلىقى ۋە خۇشپېئىللىقى بىلەن ئۆز تەڭتۇشلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۈچ ـ تۆت يېشىدىلا شېئىر ئاڭلاش، شېئىر ئوقۇش ۋە شېئىر يادلاشقا قىزغىن بېرىلگەن، بەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپ مەكتەپكە كىرگەن، ئۇنىڭ ئوقۇشتىكى ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئۇنۇمى ھەممىنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

ئەلشىر مەكتەپتە دىنىي دەرس ئوقۇش بىلەن بىللە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا قىزغىن بېرىلدى. پارس ـ تاجىك كلاسسىكلىرىنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ھەم يادقا ئالدى. ئۇ 10 ـ 11 يېشىدا تۆت ـ بەش مىڭ مىسرا شېئىرنى يادلىۋالغان ئىدى.

ئەلشىر 12 يېشىدا ئاتىسىدىن يېتىم قالدى. شۇنىدىن كېيىن، مەكتەپتىن ئايرىلىپ، ساۋاقدىشى، دوستى، بولغۇسى پادىشاھ ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بىللە ئوبۇلقاسىم بابۇر ئوردىسىدا خىزمەت قىلدى. بىر ياقتىن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قىزغىن ئۆگىنىش بىلەن ئۆزىمۇ شېئىر يېزىشقا كىرىشتى. ئوبۇلقاسىم بابۇر ئەلشىرگە غەمخورلۇق كۆرسەتتى ۋە ئۇنىڭ شېئىرىي ئىشتىياقىغا مەدەت ـ ئىلھام بەردى.

ئۆزىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئەلشىر يەتتە يېشىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. شۇ زاماندىكى ئەنئەنە بويىچە باشلانغۇچ بىلىمنى تاجىك ـ پارس مەنبەلىرىدىن ئالغان. ئەلشىر مەكتەپتىلا نىزامى گەنجىۋى، مۇسلىھىددىن سەئدى، پەرىدىدىن ئەتتارلارنىڭ، ئاندىن فىردەۋسى، خىسراۋ دېھلىۋى، ھاپىز شىرازى، ئابدۇراخمان جامى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىر ـ بىرلەپ تونۇشتى. كېيىنرەك ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلدىكى شېئىرلارنى قىزغىن ئوقۇشقا كىرىشتى؛ بولۇپمۇ ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى غەزەللىرىدىن چوڭقۇر زوق ئالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىنى پارسچە يازغان بولسا، 15 ياشقا كىرگەندە ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلدىمۇ شېئىر يېزىشقا باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي پارسچە شېئىرلىرىدا «فانىي»، ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلدىكى شېئىرلىرىدا «ناۋايى» تەخەللۇسى بىلەن تونۇلۇپ، «زۇللىسا نەيىن» (ئىككى تىللىق) دەپ نام ئالدى. ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئاجايىپ ئىقتىدارى شېئىر زوقمەنلىرىنى، جۈملىدىن نۇرغۇنلىغان پېشقەدەم شائىرلارنىمۇ ھەيرەتتە قالدۇردى. تارىخچى خاندىمىرنىڭ ئېيتىشىچە، ئەلشىر ناۋايى يىگىتلىك دەۋرىنىڭ دەسلەپىدىلا شائىر لۇتفىنىڭ قىزغىن مەدھىيە ۋە يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشكەن، ئۇنىڭ 16 يېشىدا يازغان:

«ئارەزىن ياپقاچ، كۆزۈمدىن ساچىلۇر ھەرلەھزە ياش،
بۇيلەكىم، پەيدا بولۇر يۇلدۇز، نىھان بولغاچ قۇياش.»

دەپ باشلىنىدىغان غەزىلىنى كۆرگەن لۇتفى ھاياجان ئىچىدە «...ئەگەر مۇيەسسەر بولسا ئىدى، ئۆزەمنىڭ ئون - ئون ئىككى مىڭ پارسىي ۋە تۈركىي بېيىتىمنى شۇ غەزەلگە ئالماشتۇرار ئىدىم» دېدى.

ئەلىشىر ناۋائىي كېيىنچە ھۈسەيىن بايقارانىڭ پادىشاھ بولۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئوردىسىدا مۆھۈردارلىق ۋەزىپىسىنى ئارتقۇزدى. پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىلىم - مەرىپەت، ئىجادىيەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ناۋائىي ئوردىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەردىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ سىياسىي خىزمىتىدىن ئايرىلدى. ھەم ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىلمىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، قىممەتلىك ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەكمۇ قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەر تۆۋەندىكىچە.

«خەزائىنۇلمەئانىي» (مەنىلەر خەزىنىسى)، «خەمسە» ياكى «خەمسە ناۋائىي»، «مەھبۇبۇلقۇلۇب» (كۆڭۈللەر سۆيگۈسى)، «مەجالىسۇننەفائىس» (گۈزەللەر يىغىلىشى)، «خەمسە تۇل - مۇتەھەييىرىن» (ھەيران بولغانلار ھەققىدە خەمسە)، «ھالاتى سەييد ھەسەن ئەردەشىر»، «مۇھاكىمە تۇل - لۇغەتەيىن» (تىللار ھەققىدە تەتقىقات)، «مىزانۇل - ئەۋزان» (شېئىرىيەتتە ئارۇز ۋەزنى ئۆلچىمى). «تارىخى مۇلكى ئەجەم» (غەيرى ئەرەب پادىشاھلىقلىرى تارىخى)، «تارىخى ئەنبىيا ۋە ھۆكەما» (پەيغەمبەرلەر ۋە ئالىملار، پەيلاسوپلار تارىخى)، «نەسەئىمۇل - مۇھەببەت — مىن شىمائىمولفۇتۇۋۋەت» (لۇتۇق مەرھەمەت خىسلەتلىرىدىن مۇھەببەت خۇشپۇراقلىرى.) «لىسانۇتتەير» (قۇشلار تىلى)، «دىۋان فانىي» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

«مەجالىسۇننەفائىس» — (گۈزەللەر يىغىلىشى) ناۋائىينىڭ مەخسۇس يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيىتىنى تونۇشتۇرۇشقا قارىتىلغان ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ 1491 - يىلى يېزىلغان. ناۋائىي بۇ ئەسىرىدە ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ۋە ئۆزى بىلەن زاماندىش بولغان 355 تىن ئارتۇق يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيىتىنى تونۇشتۇرىدۇ، ھەربىر يازغۇچى، شائىرغا قارىتا بەلگىلىك كۆز قارىشى ۋە باھاسىنى ئىپادىلەيدۇ. يازغۇچى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەرنى بېرىدۇ.

ناۋائىي تونۇشتۇرغان يازغۇچى - شائىرلارنىڭ 30 دىن ئارتۇقراقى ئۇيغۇر - تۈركىي تىلىدا ئىجاد قىلغانلار ئىدى.

«مۇھاكىمەتۇللۇغەتەيىن» (تىللار ھەققىدە تەتقىقات)، بۇ ئەسەر 1499 - يىلى يېزىلغان. ئۇنىڭدا ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرىگە دائىر كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ناۋائىي بۇ ئەسىرىدە ئۇيغۇر - تۈركىي تىل بىلەن پارس - تاجىك تىلىنى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تۇرۇپ، بىر - بىرى بىلەن ئەتراپلىق سېلىشـ

تۇرۇپ، ئۇيغۇر - تۈركىي تىلىنىڭ تاجىك - پارس تىلىغا قارىغاندا ھەر تەرەپتىن باي، گۈزەل بىر تىل ئىكەنلىكىنى ئىلمىي ئاساسلار بىلەن ئىسپاتلايدۇ. ھەمدە كەڭ ئەدىب- لەرنى بۇ تىلنىڭ بارلىق بايلىقلىرىدىن ئوبدان پايدىلىنىپ، ئۆز ئانا تىلىدا گۈزەل ئەسەرلەرنى يارىتىشقا چاقىرىدۇ.

«مەھبۇبۇلقۇلۇب» (كۆڭۈللەر سۆيگۈسى) بۇ ئەسەر 1500 - يىلى يېزىلغان. ئۇنىڭدا شائىرنىڭ پەلسەپە، ئەخلاق، ئىلمىي قاراشلىرى بايان قىلىنغان، يەنى، ئەدىب ئەسىرىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى، ھەر خىل ھۈنەر - كەسىپ، پادى- شاھلارنىڭ خۇي - پەيلى قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆمۈر بويى ھاسىل قىلغان تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي ۋە ئىلمىي نۇقتىدىن تۇرۇپ بايان قىلىدۇ.

«دىۋان فانى» ناۋايىنىڭ پارسچە يازغان شېئىرلار توپلىمى، بۇ ئەسەر، ناۋايىنىڭ تاجىك - پارس تىلىدا سۆيەتلىك ئەسەر يارىتالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپلا قالماستىن، بەلكى، ئۇ ئۇيغۇر - تۈركىي تىلدا يېزىلغان ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بەزى پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئىپادىلەنگەنلىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ناۋايى ئەسەرلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ. ناۋايىنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بېغىش- لانغان ئەسەرلىرىدە شائىرنىڭ ئىجتىمائىي، پەلسەپە نۇقتىئىنەزەرلىرى، دەۋرگە بولغان مۇناسىۋىتى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن.

ناۋايى ئەسەرلىرىدە خەلقپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك، مەرد- پەتپەرۋەرلىك، ئەمگەكسۆيەرلىك ئىدىيىلىرىنى ئالغا سۈردى. ئۇ ئادىللىق، ھەققانىيلىق، راستچىللىق، سەمىمىيلىك، ۋاپادارلىق، پىداكارلىق، قەھرىمانلىق ئىنساپ، ئىجتىھات ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئىپادىسىنى تاپتى، ئادالەتسىزلىك، زالىملىق، ۋاپاسىزلىق، مەككارلىق، ئاچكۆزلۈك، ھەسەتخورلۇق، تۆھمەتخورلۇق، دىياكارلىق، خۇشامەتچىلىك رەھىمسىزلەرچە دۇمبالاندى ۋە ۋىجدانى جازاغا تارتىلدى. ناۋايى بۇ خىل ئەنئەنىۋى تېمىلارنى ئۆزىگە خاس تەپەككۇر ۋە ماھارەت بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە ئىپادىلەپلا قالماستىن، مۇھىمى، ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى كونكرېت ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى، رېئال زىددىيەتلەرنى بىۋاسىتە كۆزىتىپ، زامانغا بولغان مۇناسىۋىتى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى.

### 2 - ناۋايىنىڭ «خەزائىنۇلمەئانى» ئەسىرى

«خەزائىنۇلمەئانى» — ناۋايى ھايات ۋاقتىدا تۈزۈلگەن «غەرائىبۇس - سىغەر» (ئۆسمۈرلۈك غارايىپلىرى)، «نەۋادىرۇش - شەباب» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى)، «بەدا-

ئىنۇل - ۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى) ۋە «فەۋائىدۇل - كىبەر» (قېرىلىق نەپلىرى) دەپ ئايرىم - ئايرىم ئاتالغان تۆت يىرىك دىۋاندىن ئىبارەت بولۇپ، خەلق ئارىسىدا «چاھار دىۋان — تۆت توپلام» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ غەزەل، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەممەن، مۇستەھزات، قەسىدە، قىتئە، رۇبائىي، مەسنەۋ، تەرجىبەند، تەركىببەند، ساقىنامە، مۇئەمما، چىشان، تۇيۇق، فەرد قاتارلىق 16 خىل كلاسسىك لىرىك ژانىردىكى ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

«خەزائىنۇلمەئانى» دىۋانىنىڭ ئاساسىي قىسمى غەزەلدىن ئىبارەت بولۇپ (ھەربىر دىۋاندا 650 غەزەل بار)، بۇ ئۇيغۇر - تۈركىي تىلىنىڭ «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان باسقۇچىدىكى تىلدا يېزىلغان لىرىك شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ يۇكسەك چوققىسى، ناۋايى غەزەللىرى غەزەلچىلىكتىكى ئەنئەنىۋى تېماتىك مەزمۇننىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسەك بەدىئىي ئىپادىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى، ئەڭ مۇھىمى، شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىگە بولغان مۇناسىۋىتىدىن تۇغۇلغان، كونكرېت ۋەقە، ھادىسىلەردىن بىۋاسىتە ھاسىل قىلىنغان چوڭقۇر تەپەككۇرنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ئىپادىسى.

## 3 - ناۋايىنىڭ «خەمسە» ئەسىرى

ناۋايى دۆلەت ۋە جامائەت ئەربابى، ئالىم ۋە مۇئەللىملىك سۈپىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىشلىرى نۇرغۇن ۋە خىلمۇ - خىلدۇر. ئۇنىڭ پائالىيىتى ۋە تەشەببۇسلىرى پادىشاھ ھۈسەيىن بايقارا ۋە ئۇنىڭ ساراي ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن بەزەن ماقۇللىنىپ قوللىنىلدى ۋە بەزەن رەت قىلىندى. بۇ چاغ فېئودالىزم ئىستىبدادىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى ناۋايىنىڭ ئويلىغان ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يول قويمىدى. لېكىن ئۇ ئۆز ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شائىر سۈپىتىدە نىسبەتەن كەڭ ئىمكانىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ ئەمدى قىلالمىغان ئىشلىرىنى — ئارزۇ - ئارمانلىرىنى يىرىك بەدىئىي ئەسەرلەر يېزىپ، شۇ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. شائىرغا ئىجادىي فانتازىيە — پائالىيەت، ئارزۇ - ئارمان، ئىدىيالار ئۇپۇقىنى كېڭەيتىش ئىمكانىيىتىنى بەردى. ئۇ شۇ ئىجادىي فانتازىيىسى ئارقىلىق ئۆز زامانىسىدىن ھالقىپ كەتتى. زاماندىشى، ئۆتمۈشداشلىرىدىن ئۆزۈپ كەتتى. بۈيۈك سەنئەتكار كونكرېت تارىخىي مۇھىت ئالىمىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىجاد، بەدىئىي فانتازىيە، سۆيۈملۈك قەھرىمانلىرى ئالىمىدە ياشىدى، ئەنە شۇ مۇھىتتىن نەپەس ئالدى. ئۇ قەھرىمانلىرىنىڭ بىرى بىلەن مۇشەققەتلىك ئېغىر ئازاب چەكسە، ئىككىنچى بىرىدىن ھوزۇرلىنىپ ئارام ئالدى.

سەنئەتكارنىڭ ئاساسىي ئارزۇ - ئارمانلىرى ئۇنىڭ داستانلىرىنىڭ قەھرىمانلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

ناۋايى لىرىك شېئىرلىرىدا ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ ئۈچقۇن - يالقۇنلىرىنى قاراڭغۇ

تۆندە چاقماق چاقناندەك ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن قىياپىتىنى يارىتىش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە كۆزى يېتىپ، ئىپىك ئەسەرلەر يېزىشنى ئۆز ئالدىغا ۋەزىپە قىلىپ قويىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىدىن ئالدىن ئۆتـ-كەن ئىپىك ئەسەر — «خەمسە» يازغان ئوتتۇرا ئەسىر كلاسسىكلىرى نىزامىي گەنجەۋى، ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋى، ئابدۇراخمان جامىي قاتارلىقلارنى تەنقىدىي ئۆگىنىپ چىقتى ۋە ئۆز خەلقىنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىش ئۈچۈن ئۆز داستانلىرىنى تۈركىي تىلدا يېزىشنى ئۆز ئالدىغا ۋەزىپە قىلىپ قويىدى. ئۇ بۇ مەقسىتىنى «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىنىڭ خاتىمىسىدە ئوچۇق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

گەرچە شۆھرەتلىرى جاھاننى تۇتتى،
غەۋغالىرى ئىنس جاننى تۇتتى.
چۈ فارىسى ئەردى نۇكتە شەۋقى،
ئازراق ئىدى ئاندا تۈركىي زەۋقى.
ئول تىل بىلەن بولدى نەزم مەلفۇز،
بۇ كىم فارسى ئاڭلار ئول مەھزۇز.
مەن تۈركچە باشلابان رىۋايەت،
قىلدىم بۇ فەسانەنى ھېكايەت.
كىم شۆھرىتى چۈن جاھانغا تولغاي،
تۈركىي ئېلىندەغى بەھرى ئالغاي.
نە چۈنكى بۇ كۆن جاھاندا ئەتراك،
كۆپتۈر خۇش تەبئ سافى ئىدراك.

(گەرچە ئۇلارنىڭ (نىزامىي، دېھلەۋى، — ئا.) سۆزلىرى ۋە شۆھرەتلىرى جاھانغا يېيىلىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يازغان نازۇك مەنىلەردە تۈركچە زەۋق ئازراق، پارسچە زەۋق كۆپرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەنىلەر پارسچە تىل بىلەن نەزم ئېيتىلگەنلىكتىن، پەقەت پارسچە بىلىدىغانلار بەھر ئالدى. ھازىر جاھاندا ساپ ئىدراكلىق، خۇش تەبئەتلىك تۈركىي تىلدا يازىدىغانلار كۆپەيگەن شارائىتتا شۆھرىتى جاھاننى ئالسۇن، تۈركىي خەلقلەرمۇ بەھرى ئالسۇن دەپ بۇ قىسسەنى تۈركىي تىلدا تۈزدۈم. بۇ ئەپسانىنى ھېكايە قىلىپ يازدىم) دەيدۇ. ھەقىقەتەن بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەرەب ئىستىلاسىغا قارشى ھالدا IX ئەسىردىن X ئەسىرگىچە مەيدانغا كەلگەن تاجىك-پارس ئەدەبىياتى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. ناۋائىينىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىققا دائىر ئەسىرى «مەجالىسۇننەفائىس»دا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ چاغدا كۆزگە كۆرۈنگەن 355 شائىرنىڭ ئىچىدە ئارانلا 30 غا يېقىن تۈركىي تىلدا يازغان شائىرلار بار ئىدى. بۇلارنىڭ شەركەردىلىرى ئاتايى، سەككاكى، لۇتفىي،

ناۋايىلار ئىدى.

داستان يېزىش بۇ دەۋرە ئۇنىڭدىن باشلاندى، بۇ جايغا كەلگەندە شۇ نەرسىنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىيات تارىخىدا داستاننى خاقانىيە — ئۇيغۇر تىلىدا يازغان، «بىلىملىك، ئادىل شاھ ئارقىلىق مەركەزلەشكەن دۆلەت قۇرۇپ خەلققە بەخت - سائادەت يارىتىش» ئېستېتىك ئىدىيالىنى بىرىنچى بولۇپ ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى، مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىب «قۇتادغۇبىلىك» دە ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

يۇقىرىقى پاكىتلار ناۋايىي ئۆز داستانلىرىنى يارىتىش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئەسىر كلاسسىكلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىب، نىزامى گەنجەۋى، خىسراۋ دېھلەۋى، ئابدۇراخمان جامى قاتارلىقلاردىن تەنقىدى، ئىجادىي ھالدا ئۆگەنگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ناۋايى بىرنەچچە يىل پۇختا تەييارلىقتىن كېيىن، 1483 - يىلىدىن باشلاپ «خەمسە» يېزىشقا كىرىشتى. ناۋايى ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە 1483 — 1485 - يىللىرىغىچە 52 مىڭ مىسرادىن تەشكىل تاپقان داستانلار توپلىمىنى مەيدانغا كەلتۈردى. بەش مۇستەقىل داستاندىن ئىبارەت مۇنداق كىتاب ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىيات تارىخىدا «خەمسە» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ داستانلار، «ھەيرەتۇل ئەبرار» («ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقى»)، «پەرھاد - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييار» («يەتتە سەييارە») «سەددى - ئىسكەندەر» («ئىسكەندەر سېپىلى») قاتارلىقلار.

ناۋايى بۇ داستانلىرىدا XV ئەسىر جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرىنى تىما قىلىپ ئېلىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك گۇمانىستىك سۆيپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ ناھايىتى زور ماھارەت كۆرسەتتى.

## 4 - ناۋايىينىڭ «پەرھاد - شىرىن» داستانى

ناۋايىنىڭ داستانلىرى ئىچىدە كىشىلەر ئارىسىدا تەسىرى چوڭقۇر بولغىنى «پەرھاد - شىرىن» داستانىدۇر.

ناۋايى بۇ داستاننى 1484 - يىلى يازغان بولۇپ، «خەمسە» دىكى باشقا داستانلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا غايىۋى مەزمۇن جەھەتتىن ئىنتايىن باي، ناۋايىي ئېستېتىك ئىدىيالىرى ھەممىدىن تولۇق، ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتكەن ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ.

داستاندا شائىر پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىگە باغلاپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ گۇمانىزم، خەلقپەرۋەرلىك، خەلقلەر دوستلۇقى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تىنچلىق، پاراۋانلىق، مېھنەت سۆيەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، يېزا ئىگىلىك - سۇ مەسىلىسى، زالىم ۋە ئادىل شاھ قاتارلىق مەسىلىلەر، قىسقىسى ناۋايىينىڭ ئاساسىي غايىسىدىكى ئەڭ

مۇھىم مەسىلىنى مەركەزلىك ھالدا بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«پەرھاد - شىرىن» داستانىدىمۇ شائىر باشقا ئەسەرلىرىگە ئوخشاشلا خەلق ئەدەبىياتىدىن ئۇستىلىق بىلەن ئىجادىي ھالدا پايدىلىنىپ ئۆز دەۋرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان.

«پەرھاد - شىرىن» — ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىغا، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان تراگېدىيىلىك ھېكايە، ئۇ تۇمارىس — كەيخىسراۋ، ئاپراسىياپ — كەيخىسراۋ ئارىسىدىكى قاتتىق جەڭلەرنى مەزمۇن قىلغان قەدىمكى ھېكايىلاردىن كېيىن مۇھەببەت ۋە نەپرەت تېمىسى بويىچە مەيدانغا كەلگەن ئاتاقلىق تراگېدىيىلىك ھېكايە.

«پەرھاد - شىرىن» ھېكايىسىنىڭ ئاساسىي سۇژىتى — خوتەن شاھزادىسى پەرھادنىڭ ئاتىسىنىڭ خەزىنىسىدىن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىپ خوتەن شاھى بىلەن قىلغان تىنچلىق كېلىشىمىدىن كېيىن خاتىرە سوۋغىسى سۈپىتىدە قالدۇرۇپ كەتكەن «جاھاننامە» ئەينىكىدىن ئەرمەن دىيارىدىكى تەڭداشسىز گۈزەل مەلىكە شىرىننى كۆرۈپ ئاشىقى بىقارار بولغانلىقى بىلەن باشلىنىدۇ. شاھزادىنىڭ روھىي دۇنياسىدا يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشتىن بىئارام بولغان خوتەن شاھى ئۆز ئوغلىغا تۆت پەسىل سىما قىلىنغان «چاھارباغ» سالدۇرىدۇ. شاھزادىنىڭ بىتاقەت ئىشقىدىن خەۋەردار بولغان ئەقىللىق پادىشاھ يالغۇز ئوغلىنىڭ يىراق ئەرمەن ئېلىگە سەپەر قىلىشىغا ئىجازەت بېرىدۇ. پەرھاد ئىرانلىق ئاق كۆڭۈل يىگىت شاپۇرنىڭ يول باشلىشى بىلەن شىرىننىڭ ھامىيسى — ئايال پادىشاھ مېھرىبانۇ مەملىكىتىگە كېلىدۇ. بۇ چاغدىكى پەرھاد سەلتەنەتلىك خوتەن ئوردىسىنىڭ دۇردانىسى ئەمەس، بەلكى مۇشەققەت قايناملىرىنى كېزىپ چېنىققان مۇھەببەت سەرگەردانى ئىدى.

شىرىننىڭ يۇرتىدا پەرھاد ئىككى تۈرلۈك قىسمەتكە دۇچ كېلىدۇ:

بىر تەرەپتىن، ئۇ، شىرىن ئۈچۈن تاغ كېسىپ، سۇ باشلاپ، باغۇ - ھەرەم سېلىش جاپالىق ئەمگىكىدە ماھارەت كۆرسىتىپ، مەلىكە شىرىننىڭ پاك مۇھەببىتىگە ئېرىشمەكچى بولىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، مۇھەببەت كۈشەندىسى، جاھالەت ھامىيسى، قەسىت كۈنەملىكىنىڭ شىمۋولى بولغان زوراۋان پادىشاھ خىسراۋنىڭ ئۆچمەنلىكىگە دۇچ كېلىدۇ.

ھېكايە مۇھەببەتنىڭ شاتلىقى ۋە قايغۇ - ئەلەملىرى، نەپرەتنىڭ بىئاراملىقى ۋە ئېلىشىشلىرى بىلەن، پاك مۇھەببەتنىڭ نەپىس مەدھىيىسى ۋە رەقىبلىرى ئارىسىدىكى ئۆتكۈر دىئالوگ بىلەن، ياخشىلىقنىڭ شىرىن شارابى ۋە قاباھەتلىكنىڭ زەھەرلىك ئوغىسى بىلەن تولغان پەرھاد بىلەن شىرىندىن ئىبارەت بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق تىپىنىڭ تراگېدىيىلىك مۇھىتىنىڭ قۇربانى بولۇپ، كۈچلۈك ھەققانىيەت ۋە ھېسداشلىق قوزغاتقۇچى تراگېدىيىلىك تىپىكلىك ھاسىل قىلىدۇ.

«پەرھاد-شېرىن» دىن ئىبارەت بۇ تراگېدىيىلىك ھېكايە ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا چىنلىق-ياخشىلىق، گۈزەللىك-پاكلىق ۋە مۇھەببەتنىڭ پاجىئەلىك تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى رېئاللىقنىڭ ئاساستا قايتا گەۋدىلەندۈرۈپ، خىسراۋ ۋەكىللىك قىلغان زۇلمەت كۈچلىرىنىڭ يولسىز زوراۋان ۋە جىنايەتلىك ماھىيىتىنى پاش قىلىپ، ھەققانىيەت ۋە ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ پاكلىق ۋە مۇھەببەتنىڭ بولغۇسى تارىخىي غەلىبىسىگە ئۈمىد تىكلىگەن. ھېكايىنىڭ ئۆز سۈژېتلىرىنى رومانتىك ۋە تەسەۋۋۇرغا باي قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان.

بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان كۆپلىگەن شېئىرىيەت ماھىرلىرى بۇ گۈزەل خەلق ھېكايىسىنى داستانلاشتۇرۇش يولىدا كۆپ ئىزدەنگەنىدى.

XII ئەسىردە ئۆتكەن ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجەۋى (1141 — 1203) بۇ داستاننى غەرب نۇسخىسىدا «خىسراۋ ۋە شېرىن» دېگەن نام بىلەن تاماملاپ، زور شۆھرەت قازاندى. نىزامى ئەسلى خەلق ھېكايىسىدىكى ئاساسىي دېتال بولغان خوتەن شاھزادىسى پەرھادنى ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى شاھزادە سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى خاقانى چىنگە بېرىپ ئوقۇپ قايتقان بىلىملىك يىگىت سۈپىتىدە ئۆز داستانىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى، XIV ئەسىردە خىسراۋ دېھلەۋى (1242 — 1325) ھېكايىنى قايتا داستانلاشتۇرۇپ، بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇنىڭغا «شېرىن-خىسراۋ» دېگەن نام بەرگەن.

ئەلىشىر ناۋايى پەرھاد-شېرىن ھېكايىسىنى شەرق نۇسخىسىدا قايتا ئىشلەپ چىقتى. ۋە ئۇنىڭغا «پەرھاد-شېرىن» دەپ نام قويدى.

ناۋايى بۇ داستاننى يارىتىشتا ئۇنىڭ ئەسلى مەنبەسى بولغان خەلق ئىجادىغا مۇراجىئەت قىلدى ۋە ئۇنىڭ سۈژېتىدىن ئىجادىي پايدىلاندى.

مەسىلىنىڭ ئىككىنچى تەرىپى بولسا، بۇ داستاننى ئىلگىرى ئىجادىدىن پايدىلىنىپ يازغان نىزامى، جامى ۋە دېھلەۋىلەرنىڭ ئىجادىيىتىدىن تەنقىدىي ھالدا ئۆگەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن ئۆزگىچە يول تۇتۇپ ئۆز ئەسىرىدە يېڭىلىق ياراتتى.

## 5 - ئەلىشىر ناۋايى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

ئەلىشىر ناۋايى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ياراتقان ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى چەمبەرچەس باغلانغان.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى بىلەن ئەلىشىر ناۋايىنىڭ داستانلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىدا مۇئەييەن باغلىنىش بار ئىدى. بۇ توغرىلىق سوۋېت ئالىمى بىرتېلىس (Birtelis) خېلى بۇرۇنلا قايىل قىلارلىق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بولۇپمۇ «قۇتادغۇبىلىك»

ئىكى ئادالەتلىك غايەۋى پادىشاھ توغرىسىدىكى ئوتوپىيە ئەلشىر ناۋايىنىڭ داستانلىرىدا ئۆز ئەكسىنى تاپقانلىقى ھەممىگە ئايان. ناۋايى ياشىغان دەۋرلەردە «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مىراتىنى بىر قېتىم كۆچۈرۈلۈشى بۇ ئەسەرنىڭ ئەشۇ يەردىكى ئىدىيولوگلارغا تەسىر قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئەپسۇسكى، ناۋايى يۈسۈپ خاس ھاجىب ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى ھەققىدە زادى ئېغىز ئاچمىغان. بۇنىڭدا مەلۇم سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن. ياكى ناۋايىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىب ھەققىدە ئېيتقان بايانلىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەندۇر. ناۋايىنىڭ ئۇيغۇر شائىرى ئەھمەد يۈكنەكى بىلەن ئوبدان تونۇش ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. ئۇ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىدىن ئۆرنەكلەرنى ئۆز خاتىرىلىرىگە كۆچۈرۈپ ئالغان. سوۋېت ئالىمى بېرتېلىسنىڭ تەكشۈرۈشلىرىگە قارىغاندا، ناۋايى داستانلىرىدىكى قەھرىمانلارنى، بولۇپمۇ، پەرھادنى شىنجاڭلىق (ئۇيغۇرلار) بىلەن باغلىغان، ياكى ئۇنىڭ قەھرىمانى شەرقىي تۈركىستانلىق (ئۇيغۇر - نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن) ئىدى. ناۋايىنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىشىدە ھىرات، سەمەرقەندتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ تۆھپىسى بار. مەسىلەن ئەھمەد ھاجىبەگ سەمەرقەندتە ناۋايىغا ئوبدان ھامىلىق قىلغان. ناۋايى ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن لۇتفى، ئاتايى سەككاكى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن چوڭ زوق ئالغان. ناۋايى ئۇيغۇرلارنىڭ «پەسىخ ۋە بەلىخ (ئۆتكۈر ۋە گۈزەل) ئەدەبىي»، «ئەزىز ۋە تەبەررۈك كىشىسى» دېگەن لۇتفىينى ئۆزىنىڭ ئۇستازى سۈپىتىدە ياد ئېتىدۇ. ناۋايى «مەجالىسۇننەفائىس» دېگەن ئەسىرىدە سەئىددىن قەشقىرى، ۋاپائى قاتارلىق ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ۋە ئۆلىمالىرىغا چوڭ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۇلار بىزگە ئۇستاز ئادەملەر، دەپ يازىدۇ. خوتەنلىك موزىكا تارىخچىسى موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزى «تەۋارىخى مۇسقىييۇن» دېگەن ئەسىرىدە XVI ئەسىردە ئۆتكەن، سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ دۆلەت ئەربابى قىدىرخان يەركەندى ھەققىدە توختىلىپ، «بۇ ئەزىز كۆپرەك ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر ناۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ غەزەللىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتاتتى» دەپ يازسا، يەنە شۇ دەۋرنىڭ دانىشمەن خانىشى ئامانىسا خېنىمنىڭ «مەن ناۋايى، فوزۇلى، زەلىلىنىڭ شېئىرلىرىدىن باشقىنى ئوقۇمايمەن» دېگەنلىرىدىن بىشارەت بېرىدۇ. ئەندى مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدى» دە ناۋايىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى ھەققىدە پولاتتەك پاكىتلارنى يېزىپ قويغان ئىدى. مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ناۋايىنى ئۇستازى، ئۆزىنى شاگىرت ھېسابلايتتى. شۇڭا زەلىلى ئۆز شېئىرلىرىدا ناۋايىنى كۆپىنچە تەشبىھ (təxbih) يولى بىلەن يادلاپ ئۆتىدۇ. XVIII-XIX ئەسىرلەردە ياشىغان شائىر ئۆمەر باقىي ناۋايىنىڭ «خەمسە» سىدىكى «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «پەرھاد-شىرىن» داستانلىرىنى ئېلىپ، 1792 - يىلى يەركەن ھاكىم بېگى ئىۋەز بەگ نامىغا نەسرى، نەزم ئۇسلۇبىدا ھېكايە شەكلىگە كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. موللا نىياز خوتەنى «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» دېگەن داستانىدا «خەمسە» بىرلە

ناۋايى كامىم ئىدى. مېنى قىلغان مۇنچە سۇخەندانى، مىر ئەلىشىرنىڭ نەمەكدانى» دەپ يازدى. XVIII ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئالىم ۋە يازغۇچى موللا سىدىق يەركەندى ناۋايىنىڭ «خەمسە» داستانلار توپلىمىنى نەسرى شەكىلدە رومان قىلىپ تۈزۈپ چىققان، 1808 - يىلى يەركەندە قىلىنغان بۇ ئەمگەك، ئۇنىڭ تەشەببۇسچىسى يەركەن هاكىم بېگى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ بولغاچقا، «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىنبەگى» دېگەن نام بىلەن كىتاب قىلىنغان. بۇ كىتابقا «خەمسە» دىكى «ھەيرەتۇلئەبرار»، «پەرھاد - شېرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «سەددى ئىسكەندەر» داستانلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، «سەبئەئى سەييار» نىڭ ئورنىغا ناۋايىنىڭ «لىسانۇتتەير» داستانى ھېكايە قىلىنغان، شائىر ئەرشى بىر غەزىلىدە «بۇ نەۋا ئەرشى تىلەر روھىي ناۋايىدىن پۈتۈھ» دەپ ئۇلۇغ شائىرغا سېغىنىندى. يېڭىسارلىق ئالىم ۋە ئەدىب شاۋۇر ئاخۇن خەلپىتىم پارس تىلىدىن شېئىرىي نەزىم بىلەن تەرجىمە قىلغان «گۇلزارى بىنىش» دېگەن ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ناۋايى ۋە شەرقنىڭ باشقا شائىرلىرىغا ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ. XVIII — XIX ئەسىرلەردىكى يىرىك ئۇيغۇر شائىرى ئابدۇرېھىم نىزارىينىڭ خەلققە كۆرسەتكەن ئىككى تۈرلۈك خىزمىتى بار، بىرى ئۇ «رابىيە - سەئىدىن» قاتارلىق بىر قانچىلىغان داڭدار ئەسەرلەرنى يېزىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ھەسسە قوشقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ناۋايىنىڭ ئەسەرلىرىنى خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىتىشتا كۆپ ئەمگەك قىلدى. ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ناۋايى دىۋانلىرىنى كۆچۈرۈشكە سەرپ قىلغان ئۇ ناۋايىنىڭ «خەمسە»، «خەزائىنۇلمەئانى» ۋە باشقا ئەسەرلىرىنى قايتا - قايتا كۆچۈرۈشتىن زېرىكمىگەن، نىزارى ئۆز قەلىمى بىلەن قەشقەردە كۆچۈرۈلگەن ناۋايى كۇللىياتىنىڭ بىر ئېسىل نۇسخىسى ئۆزبېكىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئە. ناۋايى نامىدىكى دۆلەت ئەدەبىيات مۇزېيىنىڭ قول يازمىلار فوندىدا (NHB. № 136) ساقلانماقتا. XIX ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاجايىپ يادىكارلىقلىرىدىن بولغان ناۋايى كۇللىياتىنىڭ نىزارى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن قەشقەر نۇسخىسى ۋە باشقا قول يازمىلارنىڭ نىزارى رەھبەرلىكىدە توپلىنىشى ھەم نۇسخىلارنىڭ كۆپەيتىلىشى نىزارىينىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىنى بېيىتىشتا قانچىلىك خىزمەت قىلغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ. مۇھەممەدجان ھەكىمۇۋنىڭ «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىلى 2 - سانىدا «ناۋايى ئەسەرلىرى قولىيازمىلىرىنىڭ تەۋسىفى» دېگەن كىتابىنى تونۇشتۇرۇپ يازغان ماقالىسىغا قارىغاندا، مەزكۇر كىتابتا، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قولىيازمىلار ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان 254 نۇسخىدىن ئىبارەت ناۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ كىتاب كۇللىيات (مۇكەممەل نۇسخا)، دىۋانلار، داستانلار ۋە نەسرى ئەسەرلەر تەرتىپىدە بولۇپ، ئالدى بىلەن بەش نۇسخا كۇللىيات تەرتىپلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ نۇسخا ناۋايىنىڭ 18 ئەسىرى

چەملەنگەن 306 رەقەملىك كۆللىيات بولۇپ، ئۇ، 1824 - ، 1830 - يىللاردا ئابدۇرېھىم ئىبنى مۇھەممەد فازىل قەشقەرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن ئىكەن.

ئابدۇرېھىم نىزارى ناۋايىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئەدەبىيات ئارقىلىق خەلق ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە نىزارى ناۋايىدىن چوڭ دەرس ئالدى. ناۋايى تىرادىتسىيىسىگە ئەمەل قىلغان ئا. نىزارى ئۆز ئىجادىي بىلەن خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۆرەشتى. ناۋايىدىن نەمۇنە قىلىپ ئالغان سۇژىتلىرىنى («پەرھاد - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن») يېڭى غەزەللەر ئىپادىسى ئۈچۈن پايدىلاندى، ئۇنىڭغا يېڭى روھ ۋە مەزمۇن بەردى.

نىزارى ناۋايىنىڭ گىنىئال ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ئىجادىي داۋام ئەتتۈرۈپ، يېڭى داستانلار يارىتىش بىللە ئۇستازىنىڭ غەزەللىرىگە تەخمىسلەر باغلاپ، مۇخەممەسلەر يازدى. ھازىر 39 مۇخەممەسى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممىسى ناۋايى غەزەللىرىگە باغلانغان، نىزارى مۇخەممەس يازغان ئىكەن، ناۋايى غەزەلىدىكى ئۇسلۇب ساقلىنىدۇ. ۋەزىن بىلەن قاپىيەنىڭ بىر - بىرىگە ماسلىقىدىن تاشقىرى، مەزمۇنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بولۇشىمۇ قەتئىي رىئايە قىلىنىدۇ. نىزارى ناۋايى غەزەللىرىدىكى پىكىرلەرنى داۋام ئەتكۈزۈشكە، راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار قىلغان. ئۇلاردا سەممىي مۇھەببەت كىشىگە روھىي قانات باغلىغۇچى ۋاستە سۈپىتىدە تەرەننۇم ئېتىلدى. تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى «شاھ بەھرام» داستانىنى يېزىشقا كىرىشكەندە بىردىن - بىر مەنبە سۈپىتىدە ناۋايىنىڭ «سەبئەئى سەييار» داستانىغا ئاساسلانغان ئىدى، يەنى ئۇ ناۋايى داستانىنىڭ سۇژىتىغا ئاساسلىنىپ، ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى، روھىنى ساقلاپ قېلىپ، بەزىبىر ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى ۋە ئايرىم ئوبرازلارنى تېخىمۇ كۈچەيتتۈردى. ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى 1840 - يىلى ناۋايىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» داستانىنى توغرىلىق ئەدەبىياتشۇناسلىققا دائىر بىر ئەسەر يېزىپ چىقتى، يەنە زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ «خەلق ئامىمىسى ئاسان بەھرىمەند بولسۇن ئۈچۈن ناۋايىنىڭ «لىسانۇتتەير» ناملىق ئەسىرىنى نەسرى ئىبارەت يولى بىلەن شەرھلەپ، ئىجادىيراق رەۋىشتە بىر ئەسەر يېزىپ چىقىشىڭىز» دېگەن تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، «ماقالات» ناملىق بىر ئەسەر يېزىپ چىققان ئىدى. ئومۇمەن، XVI ئەسىردىن باشلاپ ناۋايىنىڭ ئىجادىي ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا كەڭ تۈردە تونۇشتۇرۇش ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا قانداقتۇر بىر تىرادىتسىيىگە ئايلانغان. XIX ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا بولسا بۇ شەرەپلىك ئىش تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى. نىزارى، سەبۇرى، زىيائى، غېرىبلەر ئەنە شۇنداق شەرەپلىك ئىشنىڭ بېشىدا بولدى، ئۇلار ئاساسىي ئەمگەكنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى. موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى ناۋايىنى «پىرىم»، «ئۇستازىم» دەپ ئاتىسا، شائىر ئىبراھىم مەشھۇرى «دىۋان مەشھۇرى» دا ئەلىشىر ناۋايى قاتارلىقلاردىن ئۆگەنگەنلىكىنى زور پەخىرلىنىش بىلەن تىلغا ئېلىپ

ئۆتىدۇ. XIX ئەسىردە ئۆتكەن داڭلىق شائىر بىلال نازىمى مۇھەببەت ماۋزۇسىدا يازغان شېئىرلىرىدا مەزمۇنەن ۋە شەكلەن، ناۋايىغا ئەگىشىدۇ، بۈيۈك مۇتەپەككۇرنى ئۆزىنىڭ ئۇستازى دەپ بىلىدۇ، ئۇنىڭ شېئىرىدىن ئىلھاملىنىدۇ.

ناۋايى ياشىغان ۋە ئۆز ئەسەرلىرىنى ياراتقاندىن باشلاپلا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى. بۇنداق بولۇشىنى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ تىلى مەسىلىسىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ناۋايى ئۆزىنىڭ كۆپچىلىك ئەسەرلىرىنى شۇ دەۋردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە يېقىن ئۇيغۇرچە ئۇسلۇب بىلەن يازدى. ناۋايىنىڭ تىلى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلىغا قارىغاندا ئۇيغۇرلارغا ئەڭ چۈشىنىشلىك ئىدى. روھىي تەشنالىقتا چاڭقاپ تۇرغان ئۇيغۇر خەلقىگە ناۋايىنىڭ ئەسەرلىرى خۇددى بولاق سۈيىدەك، قان تومۇرلىرىغا بېرىپ يەتتى. خەلق ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىپ، ئېستېتىك زوقىنى قاندۇردى. شۇڭا XVII ئەسىردىكى زەلىلىدىن باشلاپ، XX ئەسىردە ياشاپ، ئىجاد ئەتكەن يالقۇنلۇق لۇتپۇللا مۇتەللىپكىچە ئۇيغۇر شائىرلىرى ناۋايىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەستايىدىل ھۆرمەت بىلدۈردى. ناۋايى ئۆزىنىڭ ئىجادىي قۇدرىتى بىلەن ئۇيغۇر شائىرلىرىغا ھەمىشەم يار-يۆلەك بولۇپ كەلدى. ناۋايىنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا تەسىرى ھەر خىل بولدى. مەسىلەن: بىر شائىر تولاراق ئۇنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنى ئۆزلەشتۈرگەن بولسا، ئىككىنچى بىرى ئۇنىڭ ئىجادىيەتتىكى خەلقچىللىق ترادىتسىيىسىنى ئىگىلىدى. لېكىن بۇ ھەر ئىككىلا خىسلەتنىڭ ئاساسىدا ھەممىگە ئورتاق بىر ئىدىيە ياتاتتى. بۇ بولسىمۇ — ناۋايىنىڭ گۇمانىستىك — پروگرېسسىپ ئىدىيىسى ئىدى. بۇ ئالىيجاناب خىسلەتلەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىي يولىنى بەلگىلەشتە چوڭ رول ئوينىدى. ناۋايىنىڭ بۇ ئۇلۇغلىقىنى ناۋايى ۋاپات بولۇپ، 500 يىلدىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوت يۈرەك شائىرى ل. مۇتەللىپ ناھايىتى روشەن تەسۋىرلەپ بەردى. شائىر «تەسىراتىم» دېگەن شېئىرىدا ناۋايى ياراتقان ئوبرازلارنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلىقىنى، چۈنكى بۇ ئوبرازلار ناۋايىنىڭ ئۆزىگە خاس دانىشمەنلىك خىسلەتلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭ ئىنسانىي مۇھەببەت بىلەن قوشاققا قاتتى:

...يېپىپ كىتابىنى ئۆزەمگە سوئال بېرىمەن:
ناۋايى قانداق بىر ئۇلۇغ ئادەمدۇر دەيمەن.
قېنى، شۇ ناۋايى، قېنى بىر كۆرسەم،
مۇبارەك قوللىرىدىن ئۇنىڭ بىر سۆيسەم.
قاراپ تۇرسام «خەمسە» نى يازغانغا،
قاراپ تۇرسام قەلەمدە گۆھەر قازغانغا.
قاراپ تۇرسام پەرھادقا رەسىم سىزغاندا،

قاراپ تۇرسام شېرىنغا گۈللەر تىزغاندا.
قاراپ تۇرسام بەھرەمنىڭ لەتافىتىگە،
قوي، شائىر، سۆزلىمە جۆيلۈپ يوققا،
ناۋايى كۆمۈلگەن ئەمەس تۇپراققا...
يۈرىكى پاتمايدۇ ئالەمدەك لەھەتكە
روھى يۆلەنمەيدۇ ساماغا — ئەھەدكە.①

ناۋايىنىڭ ئىجادىي تەسىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىدىمۇ ئۆز ئەكسىنى تاپتى. ئۇيغۇرلارنىڭ راك، مۇشاۋىرەك، چارىگاھ، پەنجىگاھ ئوزھال، ئەجەم، ئۇشاق، باياات، ناۋا، سىگا، چەببىيات ۋە ئىراق دەپ ئاتالغان مەشھۇر «12 مۇقامى» دىكى غەزەل ۋە مەشرەپلەرنىڭ كۆپچىلىك تېكىستلىرى ناۋايىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان. ناۋايىنىڭ بۇ غەزەللىرى كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن خەزىنىسىگە سىڭىپ كەتتى.

ناۋايى ئەسەرلىرى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئوبدان قوللانمىسى ئىدى. ئۆتمۈشتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدرىسلىرىدە ناۋايى ئەسەرلىرى ئوقۇتۇلاتتى.

ئالدىنقى ئەسىرلەردە شىنجاڭنى ئايلىنىپ چىققان قازاق ساياھەتچىسى چوقان ۋەلىخانوۋنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ناۋايىنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى دەپ ھېسابلايدىكەن، دېگەن خۇلاسىغا كېلىشى، پروفېسسور مالوۋنىڭ شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭ) نىڭ ئەڭ يىراق جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ ئەلىشىر ناۋايىنى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك شائىرى سۈپىتىدە تونۇيدۇ، دېيىشى ئادەتتىكى گەپلەر ئەمەس.

ئەلىشىر ناۋايى ئەسەرلىرىدىكى ئەدەبىيات ئىدىيىسى ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىياتى ۋە پەلسەپىسىگە كۈچلۈك تەسىر قىلىپ كەلدى.

يۇقىرىقى بىر قاتار مەسىلىلەر ناۋايى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان تەۋرەنمەس پاكىتلارنىڭ تامچىسىدىنلا ئىبارەت. بىز ناۋايىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنىنى باھالىغان چېغىمىزدا، بۇرۇنىراق تەتقىقاتقا كىرىشكەنلىك مەسىلىسىدىن ئەمەس، بەلكى، ئوبيېكتىپ، رېئال پاكىتنى ئاساس قىلىپ، مەنىۋى ئوزۇق ئېلىش ۋە ئوزۇق ئېلىنىش مەسىلىسىگە، دىققەت قىلىنىشىنى تەۋسىيە قىلغۇچىلارمىز.

① ئەھەد ئاسمان (كوسموس)

# باب XII

# سەئىدلەر دەۋرى ئەدەبىياتى

(1514 — 1678)

## §1. ئومۇمىي بايان

سەئىدلەر خانلىقى (1514 - 1678) قاراخانىلار سۇلالىسى ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خاقانلىقىدىن كېيىن شىنجاڭدا تەشكىل قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ خانلىقى ئىدى. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي، تىل-يېزىق جەھەتتە تېخىمۇ زور بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرغان، يېقىنقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ فېئوداللىق دۆلىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم بىر دەۋرنى تەشكىل قىلىدۇ.

سەئىدلەر دۆلىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن شىنجاڭدا ئاساسەن «موغۇلىستان» خانلىقى مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئادەتتە چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ يەنە بىر مۇھىم زېمىنى ئىدى. موغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە «ماڭلاي سۈيە» (ئاپتاپقا باققان زېمىن مەنىسىدە بولۇپ، ئۇ پەرغانە ئويمانلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى) دەپ ئاتىلىدىغان بۇ دېھقانچىلىق رايونى دوغلات قەبىلىسىدىكىلەرگە سۇيۇرغاللىق زېمىن قىلىپ بېرىلگەن بولۇپ، چاغاتاي نەسەبىدىكى خانلار ئىدارە قىلاتتى. 1480 - يىلىدىن كېيىن، بۇ قەبىلىنىڭ ئەمىرى ئابابەكرى قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتىدى ۋە چاغاتاي نەسەبىدىكى خانلارغا تەۋە بولمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. قەشقەرىيەدىكى شەھەرلەر خېلى ئاۋاتلاشتى، دۆلەتنىڭ كۈچىمۇ خېلى كۈچەيدى. موغۇل خانلىرىنى بىرنەچچە قېتىم چېكىندۇردى ۋە سەمەرقەندكە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن ئۇ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە خەلققە زالىملىق قىلدى، ئەمەلدارلار ۋە قېرىنداشلىرىنىمۇ خالىغانچە ئۆلتۈردى. ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى ناھايىتى قەبىھ بولدى، شۇڭا ئىچكى قىسىمدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ خەلق ئىسيان كۆتۈرۈشى، يېقىنلىرى ئاسىيلىق قىلىش ۋەقەلىرى يۈز بېرىپ تۇرغاچقا، ئىچكى-تاشقى جەھەتتە قىيىن ئەھۋالدا قالدى. بۇ ئەھۋال بىر قېتىم ئەنجانغا ھۇجۇم قىلغاندا سەئىدخاننىڭ ئادىمى ئاز قوشۇنى تەرىپىدىن يېڭىلىپ قېلىشقا ئېلىپ كەلدى. مۇشۇنداق پايدىلىق

پۈرسەت سەئىدخاننىڭ ئەنجان تەرەپلەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنى توختىتىپ، قەشقەرىيەدە بىر دۆلەت تەشكىل قىلىش ئۈمىدىنى تۇرغۇزدى، شۇنداق قىلىپ، 1513 - يىلى سەئىدجان قوماندانلىقىدىكى 5000 غا يېقىن كىشى ئاتۇشقا كىردى. كەسكىن جەڭلەر ئارقىلىق قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن ۋە خوتەنلەر ئارقا - ئارقىدىن ئىشغال قىلىندى. ئابابەكرى بەدەخشانغا قېچىش سەپىرىدە ئەسىر ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. شۇ يىلى رەجەپ ئېيى (1514 - يىلى 4- 5 - ئايلار) دا سەئىدخان قەشقەردە ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇلۇپ، تەختكە چىقىرىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، سەئىدخان ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى يەركەنگە كۆچەردى. شۇنىڭ بىلەن يەركەن خانلىقى رەسمىي قۇرۇلدى.

سەئىدخان دۆلەت قۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدە دۆلەتنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتىپ ۋە ئاكتىپ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. جەنۇبتىكى ئالتە شەھەردىن باشقا يەنە بەدەخشان، پەرغانە ۋە ۋاخان رايونلىرىنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگۈزدى. يەتتە سۇ بويلىرىدىكى قازاق قەبىلىلىرى ۋە ئىسسىق كۆل ئەتراپلىرىدىكى قىرغىز قەبىلىلىرى سەئىدخاننىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، سەئىدخانلىقىغا بېيئەت قىلدى. سەئىدخان يەنە «غازات» نامى بىلەن نەچچە قېتىم قوشۇن چىقىرىپ لاداق (بۈگۈنكى كەشمىر)، بالور (پاكىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا) ۋە ئورساڭ (شىزاڭدا) رايونلىرىغا يۈرۈش قىلدى.

1516 - يىلى سەئىدخان يېڭى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تۇرپاننى ئىگىلەپ تۇرغان مەنسۇرخانغا ئۆزلىكىدىن دوستلۇق كەيپىياتى ۋە يارىشىپ قېلىشىنى خالاش ئىپادىسىنى كۆرسەتتى. دىنىي زاتلارنىڭ يول مېڭىشى بىلەن ئىككى تەرەپ ئاقسۇ بىلەن كۇچانىڭ پاسىلىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى، سەئىدخان كۆرۈنۈشتە زور دەرىجىدە يول قويغاندەك بولۇپ، مەنسۇرخاننىڭ چوڭ «خاقان» لىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇنىڭ نامىدا پۇل قويدۇردى ھەمدە قۇتبىدا مەنسۇرخاننىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ مەدھىيىلىنىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى دۆلەت ھازىرقى ھالەتنى ساقلاش، ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق، دوستانە بېرىش - كېلىش قىلىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىنغاچقا، يەركەن خانلىقى — سەئىدىلەر خانلىقى ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار ئۈچۈن تىنىچ ۋەزىيەت يارىتىلدى. بۇ سەئىدخاننىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىدىكى زور غەلىبە ھېسابلىنىدۇ.

1533 - يىلى سەئىدخان لاداقتىكى تاغدا ھەربىي يۈرۈشتە ئۆلۈپ كېتىدۇ. 1528 - يىلى، ئالدىن - ئالا ۋە لىئەھدىلىككە بېكىتىلگەن سەئىدخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن خان ھوقۇقىنى كۈچەيتىش، تەسىرى بارغانسېرى ئۈسۈۋاتقان دوغلات جەمەتىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن خانلىقنىڭ سابىق ۋەزىرى سەئىد مۇھەممەد مىرزىنى مىنى خانلىق تەختىدىن چۈشۈرۈپ باشقا بىرسىنى خان قىلىشقا سۇيىقەست قىلدى، دەپ ئەيىپلەپ،

ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدى، ھەمدە بۇ جەمەتنىڭ ئەزالىرىنى باستۇردى. مەنسۇرخان سەئىدخاننىڭ ئۆلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، قوشۇن باشلاپ ھۇجۇم قوزغىغاندا ئابدۇرېشىتخان تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى. دىپلوماتىيە جەھەتتە ئابدۇرېشىتخان يەنە ئاتىسى بار ۋاقىتتا تۈزۈلگەن كېلىشىمگە پەرۋا قىلماي خانلىقنىڭ كونا رەقىبى ئۆزبېكلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. ئەسلىدىكى ئىتتىپاقچىسى قازاق قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بالور قاتارلىق جايلاردا تالان - تاراج قىلىش خاراكتېرلىك غازات ئۇرۇشىنى داۋاملاشتۇردى. يەركەندە بويسۇندۇرۇلغان قەلئەنىڭ توپىسىدا غازات ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىگە سىمۋول قىلىنغان ئىمارەت سالدۇردى.

سەئىدخان ۋە ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە سىرتقا قاراتقان ھەربىي ئۇرۇش كۆپ ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر ئۈستىدىكى بېسىم يېنىكلىتىلگەنلىكى، دائىم دۆلەت خەزىنىسىدىن پۇل ئاجرىتىپ كەمبەغەللەرگە ياردەم بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، دۆلەت ئىچى بىر قەدەر تىنچ بولدى، ئىقتىساد، مەدەنىيەتتە گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى.

ئابدۇرېشىتخاندىن كېيىن ئوغلى ئابدۇكېرىمخان، ئاندىن مۇھەممەدخان (1591 — 1609) شۇجائىددىن ئەھمەدخان (1609 — 1618)، ئابدۇلېتىپخان - ئابابەكرى (1618 — 1630)، ئەھمەد پولات (1630 — 1632) سۇلتان مەھمۇدخان (1632 — 1635 — 1635 — 1638)، ئابدۇللاخان، يولۋاس، ئىسمائىل قاتارلىقلار خان بولدى. ئۇ خانلىق 1678 - يىللىرى مۇنقەرز بولدى.

سەئىدىلەر دۆلىتى قۇرۇلۇشى بىلەنلا ئۇنىڭغا مەرىپەتلىك كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشى بىلەن دۆلەتنىڭ زېمىنى كېڭەيدى، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى ئاساسەن خېلى ئۇزۇن مۇقىم ھالەتتە بولدى. يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، سودا كەسىپ، ئاۋار ئالماشتۇرۇش تەرەققىي قىلدى، چەت ئەللەر بىلەن خېلى كۆپ دائىرىدە سودا - ئالماشتۇرۇش يولغا قويۇلدى. خەلق تىنچلىقتا، خاتىرجەملىكتە ياشىدى. كۆپ جايلاردا بوز يەرلەر ئېچىلدى. يەرسىز دېھقانلارغا يەر بۆلۈپ بېرىلدى. دۆلەت خەزىنىسىدىن پۇل ئاجرىتىلىپ، كەمبەغەللەرگە ياردەم بېرىلدى. خەلق پاراۋانلىق ئىشلىرى بەكلا تەرەققىي قىلدى. خەلقنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىرلەر بېكىتىلدى. ھىجرىيە 1036 - يىلى مىلادى (1626 — 1627) يېزىلغان «تەزكىرەئى ئابدۇرېشىتخان» (پارچە) دېگەن ھۆججەتتە سەئىدىلەر دۆلىتىنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىپ، مۇنۇلار سۆزلەنگەن: «شەھەر دەرۋازىسى 36، ھىندى ماللار (ھىندى قەۋمىنىڭ) مەھەللىسى 85، مەھەللە مەسچىت 581، ھاممام 437، بەقىندى (پۇقرا) مەھەللىسى 3684، مەكتەپخانا 1690، ئۆتۈدۇرغان كوچا - يەر 1584، مەدرىسە 573، خانىقا 948، كۆل 835، ئاقابى ئېرىق 618، كوچا گۆزەر 424، كارۋان - ساراي 1736، تۆگۈرمەن 992، ئېرىق - ئۆستەڭ 1525، جوھۇتلارنىڭ قەبرىلىسى (ئادەم سانى)

2764، بازار 198، بۇلاق 163، ئاھانگەرلىك (مېتاللچىلىق) 564، دۇشكەرلىك (توقۇمە-
چىلىق) 641، كىشى قاراپ باردىغان - كېلىدىغان جاي (ياكى سەيلىگاھ) 6985،
سودا قىلىدىغان دۇكان 889، بوز توقۇيدىغان يەر 579، مۆزە تىكىدىغان يەر
(موزدۇزلۇق) 3650، تۇماق ساتىدىغان يەر 1075، ناۋايلىق دۇكان 8799،
ئاشپەزلىك دۇكان 640، باققاللىق دۇكان 112، سامبوسەخانا 73، پۈزۈل (تىجارەت
ئاشخانىسى ـــ شەخسى) 5864، مەخپىردىزارلىق (زەرەتگاھلىق) 137، قىمارخانا 780،
هاراقخانا 923، بوزخانا 316، لولاخانا (بويتاقلار جايى) 79، جوھۇتلار بۇتخا-
نىسى (غەيرى دىندىكىلەر) 745، تەرسالار (بۇ يەردە تاجىك، سېرىق ئۇيغۇر، مۇسۇلمان بولمىغان
باشقا ئۇيغۇرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.) نىڭ بۇتخانىسى 643، مولتانىلار (بىر خىل قەۋم،
كەشمىرنىڭ بالىستىستان ۋە خوراسانلاردا ياشايدۇ) بۇتخانىسى 88، ھىندى، تاڭغۇت-
لارنىڭ بۇتخانىسى 357، بولۇر ئىكەن دەپ بۇ قىسىمنى ھەرقايسىنى ئۆز دەپتەرىدە
شۇنداق پۈتۈپ ئىكەن، بىزلەر ھەم شۇڭا قاراپ پۈتۈپ قويدۇق. ۋاللاھۇ ئالەم
بىساۋاپ ... 1036 سىنە، (يىل) ھىجرىيە»①

دېمەك، خەلق ھاياتىنىڭ ھەر تەرەپلىمە يۈكسىلىشى سەئىدىيلەر دەۋرىنىڭ چوڭ
تۆھپىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

ئوتتۇرا ئەسىردە، جۈملىدىن سەئىدىيلەر دەۋرىدە مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت-
نىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى يالغۇز سەئىدىيلەر دەۋرىدىلا ئەمەس، بەلكى، پۈتكۈل ئۇيغۇر
مەدەنىيەت، ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆچمەس نامايەندە بولۇپ قالدى. شەرق مۇزىكا
خەزىنىسىدىكى غايەت زور بايلىق ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ جەۋھىرى «12 مۇقام»
ئابدۇرېشىتخاننىڭ ھامىيلىقىدا قىدىرخان ۋە ئامانىساخانلار رىياسەتچىلىكىدە بىر قېتىم
رەتلىنىپ، سىستېمىلاشتۇرۇلدى، ئاھاڭ تېكىستلىرى دەۋر روھىغا ماسلاشتۇرۇلدى.
سەئىدخان ۋە ئابدۇرېشىتخانلار دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا تەسىرىنىڭ چوڭ بولۇشىنى
كۆزدە تۇتقان، شۇنداقلا خەلقنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆستۈرۈش، ئىجادىيەتچىلەرگە مەدەت
بېرىش، قەلب دۇنياسىنى خەلققە تېخىمۇ ئېنىق ئىزھار قىلىش ئۈچۈن قولىغا قەلەم ئېلىپ
ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى ۋە بىرمۇنچە مەنىۋى بايلىقلارنى قالدۇرۇپ
كەتتى، سەئىدخاننىڭ ئوردىسى ئىچىدە يەنە ئامانىساخان، قىدىرخان قاتارلىق
مۇزىكانتلار، شائىرلار جۈملىدىن ئۇستازلار بار ئىدى. ئاتاقلىق شائىر ئاياز شىكەستە،
تارىخچى مىرزا ھەيدەر، مەھمۇد جوراس قاتارلىقلار خان جەمەتى بىلەن يېقىن
مۇناسىۋىتى بار كىشىلەردىندۇر. بۇ دەۋرلەردە يەنە مەۋلانە خۇلقى، خوجا ئابدۇراززاق
قاتارلىق ئەدىبلەر بولغان.

① پاتلىخان سوت قىغىزىگە قومۇش قەلەم بىلەن يېزىلغان ئەسلى ھۆججەت پېشقەدەم ۋەقەشۇناس نىزامىددىن
ھۈسەيىن قولىدا ساقلانماقتا. ئۆرۈمچىدە.

## § 2 . سۇلتان سەئىدخان

(1533 — 1490)

سەئىدخان — قاراخانىلار سۇلالىسىدىن كېيىن، شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر مۇسۇلمان خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئاتاقلىق دۆلەت ئەربابى ۋە شائىر.

سەئىدخان (1490 — 1533) 1514 - يىلىدىن باشلاپ، قەشقەر، كېيىنچە يەر- كەننى مەركەز قىلغان سەئىدىلەر خانلىقىنىڭ تەختىدە 20 يىل ئولتۇرغان. ئۇ سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ (ۋاپاتى 1504 - يىلى) ئۈچىنچى ئوغلى بولۇپ، موغۇلىستان خانى يۇنۇسخاننىڭ (ۋاپاتى 1484 - يىلى) نەۋرىسىدۇر. ئۇ، شۇنداقلا يۇنۇسخاننىڭ قىزلىرىدىن تۇغۇلغان نەۋرىلىرى، ھىندىستاندا ئۇلۇغ موغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان مەشھۇر زاھىرىددىن بابۇر (1483 — 1530) ۋە قەشقەرىيە تارىخچىسى، «تارىخى رەشىدى»نىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر بىلەن بىر تۇغقانلارنىڭ باللىرى ئىدى.

تارىخىي ھۆججەتلەردە بايان قىلىنىشىچە، سەئىدخان ئىسىل مەدەنىيەتلىك، شەخسىي ھاياتى تەرتىپلىك، ئالىيجاناب ۋە قەددى - قامەتى كېلىشكەن، جەسۇر جەڭ- چى ۋە ماھىر ھەربىي قوماندان ئىدى. ئۇ قەلەمكەشلىكتە ۋە سەنئەتكارلىقتا ئۇد، سا- تار، غىجەكلەرنىمۇ ياخشى چالاتتى. تۈركچە (ئۇيغۇرچە) پارسچە تىللارغا مۇكەممەل ئىدى ۋە بۇ ئىككى تىلدا نۇقسانسىز ئىدى. ئۇيغۇر تىللىق شائىر ئىدى، پارسچە شېئىر يېزىشنى مەشق قىلاتتى. مۆھۈرچىلىك، زەرگەرلىك، ... ياغاچچىلىق ھەم ناخ- شا ئېيتىشنى بىلەتتى. ئوق قويۇش، قىلىچ سوقۇش قاتارلىق ھۈنەرلەر بىلەنمۇ مەش- غۇل بولاتتى.

ئۇ 20 يىل خانلىق تەختتە ئولتۇرغان. بۇ جەرياندا ئىچكى ۋە تاشقى دۈش- مەنلەرنى يېڭىپ، يەتتە سۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈردى ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تەرەپلەردە زور يۈكسىلىشكە ئېرىشتى.

سۇلتان سەئىدخان ئالىملارنى بەك ھۆرمەت قىلغان، شۇ زاماندىكى ئاقساقاللار بۇنىڭغا ئېتىراز قىلسا، مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: يوغانلىق، تەكەببۇرلۇق ئۆز جىنىمىز ئۈچۈن بولىدۇ. بۇ جامائەتنى ئۆز زاتىدا ھەرقانداق خىزمەتچىگە تەڭ قىل- غىلى بولمايدۇ. ئۇلارغا تازىم قىلىش ئىلىم ياقىدىن كەلگەندۇر. ئۇلارغا تازىم قىلىش- تىن ماڭا زەرەر كەلمەيدۇ، چۈنكى ئىلىمگە تەكەببۇرلۇق قىلىش ئەقىلسىزلىقتۇر.

مەھمۇد جوراسنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا «سۇلتان سەئىدخان ھىممەتلىك، سېخىي، شىجائەتلىك، خۇش تەبىئەت، ئادىل، مۇسۇلمان، شائىر پادىشاھ بولۇپ» ئۆز ئېلىنىڭ پەن - مەدەنىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇ ئەتراپىغا ئالىم - ئۆلىما، ئەدىب - شا-

ئىرلار جۇملىدىن بىلىم ئەھلىلىرىنى ئۇپلاپ، ھەتتا بەزىلىرىنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرغان. شۇڭا، بۇ دەۋردە پەن - مەدەنىيەت، شۇنداقلا ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىي قىلىپ، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن خېلىلا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن.

يازما ھۆججەتلەردىكى بايانلارغا قارىغاندا، سۇلتان سەئىدخان ئۆزىمۇ شائىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئېلىدە ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئالاھىدە تەرەققىي قىلدۇردى. شائىر سەئىدى (سەئىدخان) ئۆز ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر ۋە تاجىك - پارس تىلىدا ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا ھۆججەتلەر يېتەرلىك ئەمەس، ئۇنىڭ شېئىرلار دىۋانى ھازىر بىزگە مەلۇم ئەمەس. ئەدىبنىڭ ئايرىم غەزەل ۋە رۇبائىيلىرى بەزى قول يازمىلاردا (مەسىلەن، «تارىخى رەشىدى»، «تارىخى رەشىدى — زەيلى»، «چىڭگىزنامە» قاتارلىق كىتابلاردا) مىسال سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن. سەئىدىنىڭ بىر رۇبائىيسى بىلەن بىر غەزىلى 1963 - يىلى چەت ئەللەردىكى توپلاملارغا كىرگۈزۈلۈپ، بېسىلىپ چىقتى. بۇ شېئىرى ئاساسەن مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان.

سەئىدىلەر خانلىقىدا خوجا مۇھەممەد شېرىپ يېتەكچىلىكىدىكى تەرىقەت ئىسلاھىيەتچىلىك ئېقىمى جەمئىيەتنىڭ روھىي ئاتموسفېراسىنى بۇلغاشقا باشلىغان ئىدى. ھەتتا بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا سەئىدخاننىڭ ئۆزىمۇ خوجامۇھەممەد شېرىپقا مۇرىت بولغانلىقى مەلۇم.

خوجامۇھەممەد شېرىپ قاتارلىق سوپى - ئىشانلارنىڭ تەرىقەتچىلىكىنى تارقىتىشتىكى بىر مۇھىم ۋاستىسى سوپىزم ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇش، مۇشۇ ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىش ئىدى.

سوپىستىك ئەدەبىياتنىڭ تۈپ غايىسى ئاللاغا مۇھەببەت، ئاللانىڭ گۈزەللىكىنى كۈيلەش، ئىنسانلارنى تەركىدۇنيالىق يولى بىلەن ئەخلاقىي جەھەتتىن «يېتىلدۈرۈپ» ئاخىرى ئاللا بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشنى خىيال قىلغان ئىسلام تېئولوگىيىسىنىڭ ئىستىقامەت يولى بولۇپ، بۇددا دىنىدىكى تەركىدۇنيالىق ماكانى «نىرۋانا» (تۇغۇلمايدىغان، ئۆلمەيدىغان ھۆررىيەت دۇنياسى)غا يېتىپ بېرىشنى تەرغىب قىلىشتىن پەرقلەنمەيدۇ.

سەئىدى شېئىرىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى شۇ جايدىكى، ئۇ دەۋر ۋە ئۆز كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، غايىۋانە زاتقا ئەمەس، بەلكى رېئال ھاياتتىكى گۈزەل نازىنىنغا مۇھەببەت قويۇپ: «جان بىلەن بەردىم كۆڭۈل ئەشۇ دىلبەرگە» دەپ يازىدۇ. ئۇ، يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ، رېئال ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئىنسان گۈزەللىكىنى مەدھىيىلەيدۇ، ئۆزىگە ھەقىقىي كېرىكى جىسمىنى شېرىن سۆز بىلەن تىرىلدۈرىدىغان ئىجتىمائىي ئىنسان دەپ بىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى «سەئىدى» تەخەللۇسلۇق سەئىدخاننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت مېۋىسىدىن خەۋەر تاپقىنىمىز تامچە بولسىمۇ، لېكىن، دەل تامچىنىڭ ئۆزىدىمۇ

لىرىك شائىرنىڭ قەلب جىلۋىسى كۆزنى قاماشتۇرغىدەك پىلىلداپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقىمىزدىن مەمنۇنىمىز.

## § 3 . ئابدۇرېشىتخان

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان (1510 — 1560) سەئىدىلەر دۆلىتىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد خاقانى بولۇپ، 1533 - يىلىدىن 1560 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. ئۇ ئەسلى موغۇلىستان خانلىقى تەۋەلىكىدىكى پەرغانە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق ۋە ئوقۇش يىللىرىنى پەرغانە ۋە بابۇر شاھنىڭ كابۇلدىكى ئوردىسىدا ئۆتكۈزگەن. سەئىدىيەر دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاتىسى سۇلتان سەئىدخان بىلەن بىللە يەركەنگە كەلگەن، بىر مەزگىل سەئىدىيە خانلىقىغا تەۋە يەتتە سۇ رايونى (ھازىرقى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبى) نىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن. بۇ چاغ ئابدۇرېشىتخان ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ھەربىي ئىلىم، پەلسەپە، ئەدەبىيات، مۇزىكا ساھەلىرىدە زور ماھارىتىنى كۆرسەتكەنىدى. 1533 - يىلى سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئابدۇرېشىتخان تەختكە چىققان.

ئابدۇرېشىتخان تەختكە چىققاندىن كېيىن دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش، پەن - مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، قابىلىيەتلىك كىشىلەر، ئالىم، ھۈنەرۋەن، ئەدىب ۋە دۆلەت ئەربابلىرىنى سەئىدىيە خانلىقىنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشكە جەلپ قىلغان. قەشقەردىكى «خانلىق مەدرىسە» ئابدۇرېشىتخان زامانىسىدا سېلىنغان بولۇپ، شۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە چوڭ مەرىپەت مەركىزىگە ئايلانغان. بۇ جايغا ئىران، كەشمىر، كابۇل قاتارلىق يەرلەردىن ئالىملار كېلىپ، مۇشۇ مەدرىسىدە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، ئەرەب، پارسچىدىن كۆپلىگەن كىتابلار ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئابدۇرېشىتخان ھەر تەرەپلىمە ئىقتىدارغا ئىگە زات ئىدى. تارىخچى مەھمۇد جوراس: «ئابدۇرېشىتخان خۇش نەپەس ئىدى، يەنى خەتنى چىرايلىق يازاتتى، پارس ۋە تۈركىي شېئىرلارنى ئىجاد قىلىشتا كامىل شائىر ئىدى... ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، چاغاتاي ۋە باشقا موغۇل ئۇلۇسلىرىدا مەرھۇم سۇلتان سەئىدخاندىن كېيىن ئابدۇرېشىتخاندەك ئوقنى ياخشى ئاتار كىشى يوق ئىدى» دەپ يازىدۇ.

ئابدۇرېشىتخان ئۆز دۆلىتىدە ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتە مەدەنىيەتلىك، مەرىپەتپەرۋەر شاھ سۈپىتىدە ماددىي شارائىت يارىتىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى قولىغا قەلەم ئېلىپ پارس ۋە ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر يېزىپ سەئىدىلەر دەۋرى ئەدەبىياتىدا ئۆزىگە خاس شەرەپلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان شائىرلارنىڭ بىرىدۇر.

ئابدۇرېشىتخان «رەشىدى» دېگەن تەخەللۇس بىلەن نۇرغۇن شېئىرلار يازغان.

بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇنىڭ «دىۋان رەشىدى»، «غەزەلىيات رەشىدى» قاتارلىق ئىككى شېئىرلار توپلىمى ۋە «رىسالاتىننامە»، «مەشۇقنامە» دېگەن داستانلار توپلىمى بولغان، دېگەن مەلۇمات بار. ئەمما ئۇلار ھازىرغىچە قولىمىزغا چۈشكىنى يوق. بىزگە پەقەت تارىخچى مەھمۇد جوراس يازغان «تارىخى رەشىدى — زەيلى»دە مىسال كەلتۈرۈلگەن ئابدۇرېشىتخان شېئىرلىرىدىن پارچىلار مەلۇم. بۇ شېئىردىي پارچىلارنىڭ تېما تىكىستىنىڭ كەڭلىكى، ئالغا سۈرگەن پىكىرلىرىنىڭ مەزمۇندارلىقى، شېئىردىي شەكىل، بەدىئىي پىشىپ يېتىلگەنلىكى، شائىر ئىجادىنىڭ خېلىلا تاكامۇللاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شائىرنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن شېئىر پارچىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ تېما تېكىستى ھەق - ئادالەت، تەڭلىك، باراۋەرلىك، چىن ئىنسانىي مۇھەببەت، ئەخلاق نورمىلىرى، ئىنسانپەرۋەرلىك تېمىلىرىغا يېقىنلىشىپ، بۇ مەسىلىلەردە كۆز قاراش جەھەتتىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىزىدىن ماڭىدۇ.

ئابدۇرېشىتخان ئىجادىدا ئۆز دەۋرىنىڭ رېئال ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرىنىڭ ئۆز ئەكسىنى تاپقان. شائىر ئۆز زامانىسىنىڭ مەدەنىيەتلىك كىشىسى سۈپىتىدە تارىخنى ياخشى بىلىدىغان، تارىخىي تەجرىبىلەرنى ياخشى يەكۈنلىگەن ئالىيجاناب شەخسى ئىدى.

شائىر ئىنسانىي مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان شېئىرلىرىدا ئىنسان تۇيغۇسىدىكى خۇشاللىق ۋە تەشۋىشلەرنىڭ ئىچىدە ۋە رېئال ئوبيېكتىپ ھايات گۈزەللىكلىرىنىڭ ئىچىدە چىن مۇھەببەت خۇشاللىقى ۋە تەشۋىشىنى ھەم گۈزەللىكىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ.

ئاتۇشلۇق رەشىتخان دېگەن كىشىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئابدۇرېشىتخان «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغۇزغانلىقى مەلۇم.

## § 4 . قىدىرخان يەركەندى

قىدىرخان يەركەندى ياكى يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندى — سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى شائىر ۋە ئاتاقلىق مۇقامچى. ئۇ سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئوردىسىدا باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، سىياسىي جەھەتتە، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىرلىكى، تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان ھەم ئۇيغۇر شائىرى مەۋلانە خۇلقى، ئاياز شىكەستە، نەفسى، مىرزا مىرەك چالىش قاتارلىقلار بىلەن بىللە سەئىدىيەنىڭ مەدەنىيىتى بولۇپمۇ ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

«تەۋارىخى مۇسىقىييۇن»دا قىدىرخان ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«بۇ پەننىڭ 13 - پىرى قىدىرخان يەركەندىدۇر. بۇ پەندە بۇ ئەزىزدەك ماھارەت كۆرسەتكەن ئۇستاز ئاز. بۇ ئەزىز كۆپرەك ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر ناۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ غەزەللىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتاتتى. ئالەم ئۆتۈپ ئۇنىڭدەك خۇش ئاۋاز ئادەم بولمىغان دېيىشكە بولىدۇ. ئىراقتىن، ئىراندىن، تەبرىزدىن، خارەزم، سەمەرقەند، ئەنجان، ئىستامبۇل، كەشمىر، بەلخ، شىرازغا ئوخشاش يىراق شەھەرلەردىن مۇزىكا ئۆگىنىشكە كەلگەن شاگىرتلىرى بار ئىدى. راۋابنى ھەم ھەشتتار (سەككىز تارلىق بىر خىل چالغۇ ئەسۋاب) نى بۇ ئەزىز كەشپ قىلدى. ئۇ يەنە شائىر ئىدى، ‹دىۋان قىدىرى› بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئىلمى ھەققىدىكى رىسالىلىرىدە چوڭقۇر مەنىلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. جەندى كۆلا كېيىپ يۈرەتتى. داڭلىق سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئىمزادىمۇ، يېتىپ - قوپۇشتىمۇ قىدىرخاندىن ئايرىلمايتتى. قىدىرخان ‹ۋىسال› ناملىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلىپ شاگىرتلىرىغا ئۆگەتتى. ئۇ ئابدۇرېشىتخان پادىشاھدىن ئىككى يىل كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى»، دېمەك ئۇ 1562 - يىلى ۋاپات بولغان.

يېقىندا «‹دىۋان قىدىرى›نىڭ مۇقەددىمىسى» دېگەن كىتاب تېپىلىپ، نەشىر قىلىندى.

كىتابتىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئاپتور — قىدىرخان يەركەندى ئىمىرزادە تەبىقىسىدىن بولسىمۇ، لېكىن، ئاشىقلارچە ھايات كەچۈرۈشنى ياخشى كۆرگەن. كۆپ ۋاقتىنى مەھبۇبىنىڭ مەي - مۇھەببىتى ئىشقىدا نەغمە - ناۋا بىلەن ئۆتكۈزگەن.

قىدىرخاننىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۆزىنىڭ ياشلىق كۈنلىرىدىن تارتىپ، ھەر تۈرلۈك بەزمە ئولتۇرۇشلاردا بولغان. ھەربىر ئەھۋاللارغا يولۇققاندا، شۇ ئەھۋالغا قارىتا شېئىر يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى شاھ، شاھزادىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ۋە قولدىن - قولغا كۆچۈرۈلۈپ، خەلق ئارىسىغا تارىلىپ كەتكەن. ئۇ ھەمسۆھبەت بولۇپ كەلگەن سۇلتان مۇھەممەد سۇلتان ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سۇلتان ئېبنى سۇلتان (بۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ئېنىق يازماپتۇ) ئولتۇرغاندىن كېيىن، بۇ كىشى قىدىرخانغا ئىلتىپات قىلىپ، يازغان شېئىرلىرىنى دىۋان قىلىشقا بۇيرىغان. مۇشۇ پەرماندىن كېيىن قىدىرخان ئۆز شېئىرلىرىنى توپلاشقا كىرىشكەن. قىدىرخاننىڭ ئېيتىشىچە، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بېيىتلىرى 2000 دىن ئارتۇق ئىكەن، تارالمىغانلىرىمۇ خېلى كۆپ بولسا كېرەك، ئەلۋەتتە.

قىدىرخان ئۆزىنىڭ بۇ مۇقەددىمىسىدە ئاز بولمىغان قەسىدىلىرىنىڭ باشقا جىلدلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆتۈش بىلەن تۈرلۈك مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن توققۇز مۇجەللەت (توم) قىلىپ تۈزۈلگەن، يەنى: بىرىنچى «روھنى ئارتتۇرۇچىلىرى»، ئىككىنچى «تاللانغان ۋەزىنەتلىكلەر»، ئۈچىنچى «شاھانە بېيىت ۋە پايدىلىقلىرى»، تۆتىنچى «لەتاپەت ئارىلاش ۋە يېتىشكەنلىرى»، بەشىنچى «ئۇلۇغلاش ھېسسىياتىنى قوزغايدى-

غان كۆكۈلگە ياقارلىرى»، ئالتىنچى «مىسلىسىز تاق بېيىتلىرى»، يەتتىنچى «لەتەي ۋە راۋانلىقى مۇقەررەر مۇئەممالار»، سەككىزىنچى «تەبىئىيلىكى ئاشكارە ۋە تۇتاش غەزەللەر»، توققۇزىنچى «رىغبەتلىنەرلىك ۋە مۇتىدىللىكلىرى» — قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان ۋە «بۇ بېيىت، شېئىرلار ئۆز خىلى بويىچە رەتلەنىدى» دەپ «مۇقەددىمە»نى يېزىشتىكى مەقسەتلەرنى بايان قىلغان. شۇنىڭغا قارىغاندا، قىدىرخاننىڭ دىۋانى خېلى زور ھەجىمدىكى دىۋان بولۇشى، ھەتتا بىرنەچچە بۆلۈم بولۇشى مۇمكىن.

قىدىرخاننىڭ يەنە بىر ئەھمىيەتلىك تۆھپىسى شۇكى، ئۇ ئاماننىساخان بىلەن بىرلىكتە «12 مۇقام»نى بىر قېتىم رەتلەپ، يۇرۇشلەشتۈرۈپ چىققان.

## § 5 . مەلىكە ئاماننىساخان

مەلىكە ئاماننىساخان (1523 — 1557) ئۇيغۇر بەدىئىي تەپەككۇر تارىخىدا ئاياللار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ئەڭ چوڭ نامايەندە — مەدەنىيەت ئەربابى، ئوتتۇرا ئەسىر زۇلمەت ئاسمىنىدا پارلىغان بىر يورۇق يۇلتۇز.

ئاماننىساخان تارىم ۋادىسىدىكى يېزىلارنىڭ بىرىدە مەھمۇد ئىسىملىك بىر كەمبەغەل ئوتۇنچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن»دا مۇنۇلار بايان قىلىنغان: «مەلىكە ئاماننىسا خېنىم سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ خانىشى ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانە شائىرەسى بولۇپ، ‹دىۋان نەفىسى› (نەفىسى شېئىرلىرى توپلىمى) ناملىق شېئىردىن بىر كىتابنى يازغان ئىدى. خەتتاتلىقتا ئۇستۇن ماھارەتكە ئىگە ئىدى. مۇزىكا ئىلمىدىمۇ شۇنداق كامالەت ئىگىسى ئىدىكى، سۇلتان (ئابدۇرېشىتخان) ئۇنىڭغا تاقەتسىز ئاشىق ۋە ئىختىيارسىز شەيدا بولغانىدى...

مەلىكە 20 يىل پادىشاھنىڭ نىكاھىدا تۇردى. خۇدايىتائالا بۇ قىزغا شۇنداق ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلغان ئىدىكى، تەرىپلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. (ئۇ) ‹دىۋان نەفىسى›نى يازدى. خوتۇن - قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا ‹ئەخلاقىي جەمىلىيە› (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق بىر كىتابنى يازدى، ‹شۇرۇھۇلقۇلۇب› (قەلبلەر شەرھى) ناملىق بىر رىسالە يازدى. شائىرلىق، نەغمىچىلىك ۋە خەتتاتلىق توغرىسىدا بۇنىڭدەك مەنىلىك كىتاب ئاز، ‹ئىشرەت ئەنگىز› (شادلىق قوزغىغۇچى) ناملىق بىر مۇقامنىمۇ بۇ مەلىكە ئىجاد قىلغانىدى... مەلىكە 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولغان.»

«تەۋارىخى مۇسىقىييۇن»دا مەلىكە ئاماننىساخاننىڭ ئىككى كۇپلېت شېئىرى ئۆرنەك سۈپىتىدە بېرىلگەن ۋە ئۇنىڭ «نەفىسى» دېگەن تەخەللۇسىنى ئىشلىتىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

نەفىسىنىڭ شېئىردىنى ئابدۇرېشىتخان دەۋرىنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر سىياسىي لىرىكىسى دېيىشكە بولىدۇ. مەركەزدىن يىراق خىلۋەت «قازانكۆل» جاڭگىلىدا تۇرۇپ، سەئىدىيە

خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي قىياپىتىدە ئابدۇرېشىتخاننىڭ تەسىرىنى بارى - يوقى تۆت مىسرا شېئىردا شۇنچىلىك بەدىئىي، ئوبرازلىق قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ خېلى چوڭ ماھارەتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداقلا مەلىكە تەرىپىدىن «دىۋان ئەفسى» نىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى گۇمانسىز جەزملەشتۈرۈشىمىزگە ئاساس بولالايدۇ.

ئامانىساخان يېتىشكەن مۇزىكانت ئىدى. سەئىدىيە دەۋرىدە «12 مۇقام»نى بىر قېتىم رەتلەشتە ئۇنىڭ شانلىق تۆھپىسى بار. ئەلۋەتتە.

## § 6. مىرزا ھەيدەر ۋە «تارىخى رەشىدى»

مىرزا ھەيدەر (1500 — 1551) سەئىدىيە دەۋرىدىكى ئاتاقلىق دۆلەت ئەربابى، ھەربىي قوماندان ۋە تارىخشۇناس، «تارىخى رەشىدى» ناملىق يىرىك ئەسەرنىڭ ئاپتورى.

مىرزا ھەيدەر سۇلتان سەئىدخانغا ھەمكارلىشىپ، سەئىدىيە سۇلالىسىنى قۇرۇشتا كۆچ چىقارغان ئادەم ئىدى. ئۇ قەشقەرىيەنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانى مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى غۇلۇتۇش، قىرغىز قەبىلىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش، بەدەخشانغا ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلىش ۋە مەنسۇرخان بىلەن سۇلتان سەئىدخان ھاكىمىيەتلىرىنى يېقىنلاشتۇرۇش، 1533 - يىلقى لاداق، كەشمىر، پاكىستان، تىبەتكە يۈرۈش قىلىش قاتارلىقلارغا قاتناشتى.

سۇلتان سەئىدخان جەڭ غەنىيمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن لاداققا بېرىپ، يۇقىرى ھاۋادا تۇتەك ئېلىپ كېتىپ، 43 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. بۇ چاغدا مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر 33 ياشتا، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇرېشىتخان 22 ياشتا ئىدى.

ئابدۇرېشىتخان ئاقسۇ ھاكىمى بولۇپ تۇرغاندا، دادىسىنىڭ قازا تاپقانلىقىنى ئاڭلاپ يەركەنگە سەپەر قىلىدۇ. بۇ ھىجرىيىنىڭ 940 - يىلى (مىلادى 1533 — 1534) كىرىشكە بىر ئىككى كۈن قالغان ۋاقىت ئىدى، ئابدۇرېشىتخان يېڭى يىلنىڭ 1 - كۈنى يەركەنگە كىرىپ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغىنى ياخشى دېگەن مەسلىھەتنى ئۇنىڭغا يەتكۈزگۈچىلەر مىرزا ھەيدەر ۋە ئۇنىڭ تاغىسى سەئىد مۇھەممەد مىرزىلارنىڭ خانلىق تەختىگە ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئىنىسى ئىسكەندەر خاننى ئولتۇرغۇزۇشنى قەستلەپ ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈۋاتقان بولسا كېرەك، دېگەن سۆزنى ئېيتىدۇ. نەتىجىدە ئابدۇرېشىتخان غەزەپكە كېلىپ، يەركەندىكى خانلىق سارىيىغا كىرىپ، ئالدىنغا سالامغا چىققان سەئىد مۇھەممەد مىرزىنى ۋە باشقا بىرقانچە ئوردا ئاقساقاللىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. مۇشۇ پىتنە - ئىغۋا، گۇمان ۋە خەۋپ - خەتەر ئىچىدە مىرزا ھەيدەر يەركەننى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

مىرزا ھەيدەر ئاز ساندىكى لەشكەرلەرنى باشلاپ قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شى-مالىدىكى ئاقتاغ ئارقىلىق دەسلەپ بەدەخشانغا كېلىدۇ. ئۇ لاداقتىن بەدەخشانغا ئۆ-تۈشىدىغان بىر تاغ يولى تاپقان ۋە ئۆزىنىڭ 20 چە ھەمراسىنى باشلاپ ماڭغان ئىدى. مىرزا ھەيدەر بەدەخشاندا 1534 — 1537 - يىللارغىچە تۇرغانلىقى مەلۇم. ئۇندىن كېيىن يەركەنگە قايتىش ئۈمىدى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھىندىستانغا يۈرۈپ كەتكەن.

بۇ چاغدا ئۇلۇغ موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساسچىسى، ئاتاقلىق ئەدەب زوھۇرىد-دىن مۇھەممەد بابۇر (1482 — 1533) ئالەمدىن ئۆتۈپ، بابۇرنىڭ ئوغۇللىرىدىن كامىران مىرزا ئاكىسى ھومايۇندىن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغان ئىدى. ئۇ دەسلەپ دېھلىدىكى بابۇر سارىيىغا، ئۇندىن كېيىن لاھوردىكى كامىران مىرزا يېنىغا باردى. كامىران مىرزا ئافغان ئىسيانچىلىرىنى باستۇرۇۋاتقاچقا مىرزا ھەيدەرنى قىزغىن كۈتۈۋ-ۋالدى ۋە ئۇنى تۈمەنلەپ قوشۇن بېرىپ بۇ ئىشقا قاتناشتۇردى.

مىرزا ھەيدەر 1539 - يىلى ئۇلۇغ موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىككىنچى سۇلتانى ھومايۇن قېشىغا باردى. بۇ چاغدا ھومايۇن كامىران مىرزىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە غەز-پۇر، باھادىر شاھلار باشچىلىقىدىكى كۆجىلەت قەبىلىسىنىڭ ئىسيانىنى باستۇرغان ئىدى. ھومايۇن (1530 — 1556) مىرزا ھەيدەرگە كەشمىرنى قورچاق نازۇك شاھ نامىدا باشقۇرۇشنى تاپشۇردى. ئۇ 1541 - يىلىدىن 1551 - يىلىغىچە ئون يىل ئەمەلدە كەشمىرنىڭ ھۆكۈمدارى بولۇپ تۇردى.

مىرزا ھەيدەر 1551 - يىلى رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرىدا جىلام دەرياسى بويى-دىكى بارا مۇلا دېگەن جايدا ئۆز قوشۇنلىرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان تاغلىق ئىسيانچى-لارنىڭ بىرى ئاتقان ئوقيا بىلەن تۈن قاراڭغۇسىدا 51 يېشىدا جان ئۈزدى. مىرزا ھەيدەردىن توققۇز يىل كېيىن ئابدۇرېشىتخان ئالەمدىن ئۆتتى.

مىرزا ھەيدەر ئۆزىنىڭ شەخسى ئىستېداتى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئاتامنىڭ ئاتىسى بىرنەچچە ئەۋلادقىچە بارلىق خانلارنىڭ ھامىيلىرى ئىدى. مەن بەندە 13 يېشىمدا يېتىم قېلىپ سۇلتان سەئىدخاننىڭ خىزمىتىگە يەتتىم. ئۇ مېنى ئاتىلىق شەپقىتى بىلەن يېتىملىك جاپاسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، مېنى كۆيئوغۇللۇق ئورنىغا يەتكۈزدى. ئۇنىڭ قولىدا 24 يىل ئىشلىدىم. ئۇنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن پەزى-لەتلىك ئادەم بولدۇم، ئىلىم ئىگىسى بولدۇم. خەتتە، ساۋاتتا، شېئىر، ئىنشا سەنئىتى، رەسساملىق ۋە ئالتۇن يالىتىش سەنئەتلىرىدە ھەممىدىن ئۇستا بولۇپ يېتىشتىم. مۆھرە ئويۇش، تاش قىرىش، زەرگەرچىلىك، ئات جابدۇقلىرىنى ئىشلەش، قويىمچىلىق، ئوقيا ياساش قاتارلىق ھۈنەرلەرنىڭ ئۇستا ماھىرلىرىدىن بولدۇم. شۇنىڭدەك ھەربىي بىلىملەر، جەڭ پىلانى، رازۋېتكا، شىكار باشلىقى بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى سەئىدخاندىن ئۆگەندىم».

يۇقىرىقى پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، مىرزا ھەيدەر ھەربىي ئالىم ھەم سىياسۇن، يېتۈك شائىر ھەم چوڭ تارىخچى، ھەم ئۇستا قول ھۈنەرۋەندۇر.

مىرزا ھەيدەر كەشمىردە تۇرغان يىللىرىدا 1541 — 1546 - يىللىرى «تارىخى رەشىدى»نى يېزىپ چىققان. بۇ ئىككى توملۇق كىتاب بولۇپ بىرىنچى قىسمى 1541 — 1542 - يىللىرى، ئىككىنچى قىسمى 1546 - يىلىنىڭ ئىككىنچى ئېيىدا يېزىلىپ تاماملانغانلىقى مەلۇم.

«تارىخى رەشىدى» تۇغلۇق تۆمۈرخان (1329 — 1363)دىن ئابدۇرەشىتخان زامانىسى (1545 - يىلى) غىچە بولغان ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدىكى تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بېرىشكە بېغىشلانغان. ئۇنىڭ «تارىخى رەشىدى» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، بۇ ئەسەر مۇئەللىپىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئابدۇرەشىتخان ئىبنى سەئىد ئىبنى ئەھمەد يۇنۇسخانىنىڭ نامىغا ئاتالغان. مىرزا ھەيدەرنىڭ ئۆزىنىڭ چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ئەسىرىنى سۇلتان ئابدۇرەشىتخانغا ئاتىغانلىقى ئۇنىڭ ئابدۇرەشىتخانغا بولغان سەمىمىي دوستلۇقى، ئابدۇرەشىتخان ئالدىدا ھېچقانداق گۇناسى يوقلۇقى... جۇملىدىن ئابدۇرەشىتخاندىن رەنجىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى زاماندا تۇغلۇق تۆمۈرخان نەسەبىدىكى خانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلى ئابدۇرەشىتخان ئىدى.

«تارىخى رەشىدى» نىڭ مەزمۇنى خېلىلا كەڭ. ئاپتور ئەسەرنى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ھاكىمىيەتكە چىقىشىدىن (1348) باشلايدۇ. ئۇ بۇنى شەرقتە — شىنجاڭدا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سەئىدخاننىڭ ۋاپاتى، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىتخاننىڭ تەختكە چىقىشى (1533 — 1534) غىچە بولغان ئارىلىقتىكى مۇرەككەپ تارىخىي ۋەقەلەرنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىدۇ.

«تارىخى رەشىدى» خۇددى ئاپتور ئۆزى ئېيتقاندەك «تەزكىرە زەنجىرلىرى ئۈزۈلمەي بىر-بىرىگە باغلانغان» ئىككى ئەسىرلىك تەپسىلىي تارىخىي ئەسەر بولسىمۇ، تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈش تىلى جەھەتتىن خۇددى «بابۇرنامە»گە ئوخشاش بولۇپ، بەدىئىي ئەسەر يادىكارلىقلىرى سۈپىتىدە سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات تارىخىدا ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

«تارىخى رەشىدى»نى بەدىئىي ئەسەر سۈپىتىدە قارىغىنىمىزدا ئۇنى ئىككى ئەسىرلىك ۋەقەنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىككى توملۇق داستان دېيىش مۇمكىن. چۈنكى ئۇ خۇددى شەرق داستانچىلىقىدەك، ۋەقەلەر بايانى جەريانىدا ۋەقەلىكلەرگە بولغان ئۆز قارىشىنى شېئىرىي تىل بىلەن بايان قىلىدۇ. نەسرى بايانلىرىدىمۇ ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان چاچما شېئىرىي تىل (ھازىرقى سەنئەت تىلى) ئىشلىتىلگەن ئورۇنلار ھېمىشەم ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئۇمۇمەن، مىرزا ھەيدەر (ھەيدەر — ھايات دېگەنلىك) تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىشتا ئۆز دەۋرىنىڭ رېئاللىقىنى سۈپىتىدە ئىش تۇتتى. ئۇ: «تارىخچىلار ئادىتى تەزكىرە زەنجىرىنى ئۈزمەستىن قانچىلىك ئېيتىشقا لايىق بولسا، ئۇنى دەپ ئۆتۈش ۋە قانداق بولسا شۇنداق شەرھلەپ ئۆتۈشتۇر» دەيدۇ. ئۇ پىرىنسىپقا باشتىن ئاخىر شەخسى غەرەز ئارىلاشتۇرماي ئىزچىل ئەمەل قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇ ئۆز دۇنيا قارىشىدىكى ئىدېئالىزىم، سوپىزىم يوپۇقىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىككى ئەسىرلىك تارىخىنى بىر قەدەر تەپسىلىي، رېئال بايان قىلىپ جاھان تارىخىغا زور ھەسسە قوشتى.

## § 7. ئاياز شىكەستە ۋە ئۇنىڭ «جاھاننامە» داستانى

ئاياز شىكەستە سەئىدىلەر دەۋرىدە ئۆتكەن يىرىك شائىر.

ئاياز شىكەستىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ئۆزى يازغان «جاھاننامە» ناملىق داستانىدا ئاز تولا مەلۇمات بار.

شائىر XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدا دۇنياغا كەلگەن. شائىر تۇغۇلغان ئائىلىنىڭ چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا يېقىن، بولۇپمۇ سەئىدىلەر خانى سەئىدخان بىلەن تونۇشلۇقى قويۇق بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى شائىر ئۆز داستانىدا سەئىدخاننى «خان ئەۋلادى»، ئۆزىنى بولسا، ئۇنىڭ «قەدىمى قۇللىرىدىن» دەپ ئاتايدۇ، ھەمدە 1510 - يىللىرى يەنى سەئىدخان بىر نەۋرە ئاكىسى بابۇر شاھنىڭ قېشىدا تۇرغۇزۇلغان ۋاقىتلىرىدا، ئۆزىنىڭ يىگىتلىك دەۋرىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەھەرلەرنىڭ بىرىدە (ئەنجان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن) مۇساپىر ھالەتتە ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. شائىر ئاياز 1512 - يىلىدىن كېيىن، يەنى سەئىدخان كابۇلدىن ئەنجانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىۋاستە ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ. 1514 - يىلى سەئىدخاننىڭ قەشقەرغىچە قىلغان يۈرۈشىدىمۇ شائىر ئۇنىڭ بىلەن بولىدۇ ۋە ئۆز داستانىدا ئابابەكرى مىرزىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، سەئىدىلەر خانلىقىنىڭ ئاساسىنى قۇرۇشتەك تارىخىي ۋەقەلەرنى بىۋاستە كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. ئاياز شىكەستە سەئىدخاننىڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىدىن بىرى بولۇپ 19 يىل (شائىرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «بىر ئۆكسۈك يىگىرمە يىل») خاننىڭ خىزمىتىدە بولغاندىن كېيىن، يەنى 1532 - يىللىرى ئۆزبېكلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا تەھدىت سالغاندا، خاننىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەۋەتىلىدۇ.

شائىر «جاھاننامە» داستانىنى دەل شۇ (1532) يىللىرى يېزىپ تۈگەتتى.

ئاياز شىكەستىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتى ھەققىدە ھازىرغىچە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.

«جاھاننامە» داستانى 1532 - ، 1533 - يىللىرى يېزىلغان، 1325 بېيىت، (2650 مىسرا) دىن ئىبارەت چوڭ ھەجىملىك بەدىئىي ئەسەر بولۇپ، سەئىدىيە دەۋرى بەدىئىي تەپەككۇر تەرەققىياتىدىكى ئالاھىدە باسقۇچنى ئىگىلىگەن. سەئىدىيە دەۋرى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ چوققىسىغا كۆتۈرۈلگەن يىرىك داستان.

داستاننىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ۋە ئىدىيە، بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىغاندا ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەدەبىياتى — تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تىرادىتسىيىسىنى ناۋاتۇرلۇق بىلەن داۋاملاشتۇرغان.

ئەسەر يېزىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتىن ئوتتۇرا ئەسىر شەرق تۈركىي خەلقلەر، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك يېزىلىش ئۇسلۇبى بويىچە مەسنەۋىي شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، تەڭرى ۋە چاھارىيارلارغا «ھەمدۇ سانا» 60 مىسرانى ۋە داستاننىڭ يېزىلىش سەۋەبلىرىگە 160 مىسرانى، ئاپتور ھېسسىياتىغا ئالاقىدار مەسىلىلەرگە 32 مىسرانى بېغىشلايدۇ. ئەسەردە ئاپتور مەقسىتىگە، ئەسەرنىڭ توپ بەدىئىي ئىدىيىسىنى ئىسپاتلايدىغان — بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق كۆرسىتىدىغان قىسمىغا 2398 مىسرا بېغىشلىنىدۇ.

داستان، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۆتمۈشداشلارنىڭ كلاسسىك نەمۇنىلىرىنى پىششىق، چوڭقۇر، ئىجادىي ئۆگىنىش ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان.

«جاھاننامە»نىڭ يېزىلىش مەقسىتى شۇكى، شائىر گۇمانىزملىق ئىدىيىدە چىڭ تۇرۇپ، سەئىدىيلەر دەۋرىدە شىنجاڭغا يامراشقا باشلىغان فېئودالىزم روھىيىتىنىڭ چىرىك تۆۋرىكى بولغان سوپىزم تەركىدۇنياچىلىقىغا قارشى تۇرۇپ، خەلق ئۆز قولى بىلەن ياراتقان بەخت - سائادەتنى قوغداپ قېلىشتىن ئىبارەت. بۇلاردىن باشقا شائىر يەنە كۆپلىگەن ئىلغار پىكىرلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئاياز شىكەستە ئۆزىنىڭ توپ ئىدىيىسىنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن «جاھاننامە» داستانىنىڭ سۇژىتىنى خەلق قىسسىلىرى ئاساسىغا قۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تەخت، تاش قەدەھ، شام ھەققىدىكى ھېكايە داستاندىكى ۋەقەلىكلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، توپ مەقسەت ئايدىڭلىشىدۇ.

تەخت بولسا — بىر زامانلاردا مىسىر سەھراسىدىكى نىل دەرياسى بويىدا ئۆسكەن بۆك - باراقسان دەرەخ بولۇپ، ئەتراپقا قويۇق سايە تاشلاپ، تومۇزنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە يولۇچىلارغا ئارام بېغىشلار ئىدى، كۈنلەر ئۆتۈپ، قۇرۇپ، قاقشال بولۇپ، ئاخىرى تەخت قىلىنىدۇ، بۇ گۈللىنىشنىڭ كەينىگە خارابلىق ئېلېمېنتىنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

تاش قەدەھ بىر زامانلاردا ئاسماندىن چۈشۈپ، ئىلبىرىز تېغى ئۈستىدە مۇئەللەق توختاپ قالغان سەنگى نەھەڭ (چوڭ مېتېورىت) بولۇپ، سۇلايمان، جەمشىد، كەيقۇباد، ئاد ۋە ئىسكەندەر دەۋرلىرىنىمۇ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. كېيىن قاتتىق يەر تەۋرەش نەتىجىسىدە غۇلاپ چۈشۈپ، پارچە - پارچە بولۇپ، ئاخىرى كىشىلەر تەرىپىدىن قاچا

قىلىپ ياسىلىدۇ، بۇ دۇنيانىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىش ئۈستىدە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شام — بىر زامانلاردا قوزا بولۇپ، ئىككىنى قوزىلىغان، بۇ قوزىلار ۋە ئۆزى يەنە قوزىلاپ، بەش - ئالتە يىل ئۆتمەستىنلا ئۆز ئىگىسىنى باي قىلىۋېتىدۇ، ئاخىر قېرىپ، قىسىر قالغاندا، سەمىرىتىلىپ قاسساپقا سېتىلىدۇ، شۇنداق قىلىپ گۆشى كىشىلەرگە ئوزۇق، يېڭى شامنىڭ خام ماتېرىيالى قىلىنىدۇ، بۇ خۇشاللىق مىنۇتلىرىنىڭ كەينىگە خاپىلىق ئېلېمېنتلىرى يوشۇرۇنۇپ تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شائىر يۇقىرىقى ئۈچ ھېكايىدىكى قىسمەتلەرنى پەلەكنىڭ كارامىتى دەپ خۇلاسىلايدۇ، بۇ، ئىدېئالىزملىق كۆز قاراش ئىدى.

لېكىن شائىر داستاندا چوڭقۇر بىر پەلسەپىۋى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: يەنى — ئالەم توختاۋسىز ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. تۇغۇلغان، ئاپىرىدە بولغان ئىكەن، ئۆلۈش، ھالاكەت يۈز بېرىدۇ. خۇشاللىق — باياشاتچىلىقنىڭ قايغۇ - ھەسرەت كۆشەندىسى بولىدۇ. گۈللىنىش قارار تاپقان ئىكەن، خارابلىق ئالىملىرىمۇ ياندىشىپ ماڭىدۇ، ئالەم، تىرىكلىك، خۇشاللىق ۋە گۈللىنىشنى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس تۇرغۇن ھالەتتە بولىدۇ، دەپ ئويلاش «ناھايىتى بىخۇتلۇق» بولىدىغانلىقى ئوبرازلىق تەپەككۇر شەكلى ئارقىلىق «جاھاننامە» داستانىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، مانا بۇ دەل ئەسەرنىڭ تۈپ ئىدىيىسىدۇر.

## § 8 . مەھمۇد جوراس ۋە «تارىخى رەشىدى-زەيلى»

مەھمۇد جوراسنىڭ تولۇق ئىسمى شاھ مەھمۇد بىن مىرزا فازىل جوراس. يەنە بىر ئاتىلىشى مىرزا مەھمۇد بىن مىرزا فازىل جوراس.

مەھمۇد جوراس (1696? — 1620?) سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى خانى ئابدۇللاخان (1640 — 1670) دەۋرلىرىدە ياشىغان. ئۇ يەركەندىكى ھەربىي ئارىستوكراتىيە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، پارس ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن يېقىندىن تونۇشقان. ئۆز زامانىسىغا يارىشا خېلىلا ئوقۇمۇشلۇق، يېتىلگەن زىيالىيلارنىڭ بىرى ئىدى.

مەھمۇد جوراس «تارىخى رەشىدى — زەيلى» ۋە «ئانىسى ئات — تالىبىن» (ئەبۇ مەنسۇر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ «رەپىق ئات تالىبىن» دەپ ئاتىغان) دېگەن ئىككى ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مەھمۇد جوراس كېيىنكى كىتابىنى (بۇ كىتاب بىئوگرافىك خاراكتېرگە ئىگە) مەشھۇر شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى ئەرشىنىڭ دادىسى دانىيال خوجىغا بېغىشلىغان.

مۇئەللىپنىڭ بۇ كىتابى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئەھۋالىنى، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تارىخىنى ئۆگىنىشتە قىممەتلىك مەنبە ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇلاردا ئەدەبىي ھايات توغرىلىق ئايرىم مەلۇماتلارمۇ مەۋجۇت.

مەھمۇد جوراسنىڭ «تارىخى رەشىدى — زەيلى» ئەسىرى ئاپتورىنىڭ قىممەتلىك ئەمگىكى. ئۇ ئەسەرنىڭ يېزىلىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«دېمەك تارىخ بايان قىلىشقا ۋە يېزىشقا مەندەك بىچارە كىشىنىڭ لاياقىتى يوق ئىدى. ئەمما مېنىڭ كۆڭلۈمگە شۇنداق كەلدىكى، مىرزا ھەيدەر ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئىسمىغا بېغىشلاپ ‹تارىخى رەشىدى› دېگەن تارىخنى يېزىپتۇ ۋە ئۇنىڭدا تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدىن باشلاپ ئابدۇرېشىتخاننىڭ دەۋرىگىچە بولغان دەۋرلەر ۋە پادىشاھلار، ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرى بايان قىلىنىپتۇ. ئابدۇرېشىتخاننىڭ دەۋرىگىچە ھېچ كىشى تارىخ يازماپتۇ، گەرچە مېنىڭ تارىخ يېزىش قابىلىيىتىم بولمىسىمۇ، ئىلمىي-ئەقلى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تارىخ يازدىم. بۇ تارىخنى يېزىشتا ئاللا يار بېك (بەگ) نىڭ، مېنىڭ تارىخ يېزىشىمغا بولغان تەشەببۇسى-ئىلتىماسى بىلەن تارىخ كىتابلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىشەنچىلىك ئادەملەرنىڭ بايانىغا ئاساسلىنىپ، يېزىپ چىقتىم. بۇ تارىخنى يېزىشتىكى مەقسىتىم ئۆتكەنلەرنىڭ ۋەقەلىرى ۋە ياخشى خىسلەتلىرى ھەم مېنىڭدەكلەرنىڭ دۇئاگويلىقى ئۇلۇس (خەلق) ئارا يادىكار قالسۇن».

«تارىخى رەشىدى — زەيلى» 1428 - يىلىدىن 1670 - يىللارغىچە بولغان تارىخىي ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن كىتاب مۇقەددىمە (ئاپاق تاغلىقلارغا مەدھىيە ۋە خوجىلارنىڭ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ نەسەبنامىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 119 بابتىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى 56 باب مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئىچىدىكى 77 باب (1 - قىسمىدىن 34 باب، 2 - قىسمىدىن 43 باب) نىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىدىن قىسقارتىلغان بايان، مەھمۇد جوراس بۇ ئىشتا ناھايىتى ئەستايىدىل بولغان، ھېچقانداق تولۇقلاش ۋە ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزمىگەن. شۇڭا بۇ قىسىم ئومۇمەن يىغىنچاقلاش خۇسۇسىيىتىدە بولۇپ، پۈتۈنلەي «تارىخى رەشىدى» گە ئاساسلىنىلغان. شۇڭا، بۇنىڭ تارىخىي قىممىتى بەك يۇقىرى ئەمەس. «تارىخى رەشىدى — زەيلى»نىڭ كېيىنكى قىسمى 63 باب بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىككى بابى يوقاپ كەتكەن. بۇنىڭ ھەممىسى ئاپتورنىڭ بايانىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز دەۋرىدە تارقالغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن يېزىلغان، يەنى ئاپتورنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قالدۇرغان مەلۇماتلار ۋە باشقىلار بار. ئۇ بىرەر نەرسىنى قەيەردە ئاڭلىسا، شۇ يەرگە بېرىپ، تەپسىلىي كۆزىتىپ بىرىنچى قول ماتېرىياللار ئاساسىدا يېزىپ چىققان. شۇڭا، بۇ پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئەسەر.

دېمەك، «تارىخى رەشىدى»نىڭ داۋامى بولغان (زەيلى — داۋامى مەنىسىدە) «تارىخى رەشىدى — زەيلى» ئابدۇرېشىتخاننىڭ تەخت ۋارىسى بولغان ئابدۇكېرىمخاندىن تارتىپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى مۇھەممەد ئىمىن باھادىرخان (ۋاپاتى 1679 - يىل) جەريانىدىكى 109 يىل جەريانىدا ئۆتكەن سەئىدىيە ئەۋلادلىرى، بۇ دۆلەتتىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي كۈرەشلەر، ئىجابىي، سەلبىي پائالىيەتلەر خېلىلا چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

# باب XIII

# زەلىلى دەۋرى ئەدەبىياتى

(1756 - 1678)

## 18. ئومۇمىي بايان

«زەلىلى دەۋرى» (1678 — 1759) پەقەت ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى «ئاتالمىش» بىرخىل ئىبارىدىن بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخىدا «خوجىلار دەۋرى» ياكى «خوجىلار، جۇڭغارلار دەۋرى» دېگەن دەۋرنى، يەنى 1678 - يىلى ئاپپاق خوجىنىڭ قورچاق ھاكىمىيىتى باشلانغاندىن تارتىپ، 1759 - يىلى مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى تىنجىتقىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرنى كۆرسىتىدۇ. مۇھەممەد سىدىق زەلىلىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى بۇ دەۋر ئۈچۈن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغاچقا، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى بۇ دەۋرنى «زەلىلى دەۋرى» دەپ ئاتايمىز. سەئىدىيەر دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا شىنجاڭ رايونىدا ناھايىتى مۇرەككەپ ۋەقەلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، سەئىدىيەر خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرېشىتخان (1533 — 1560) دەۋرىدە سەمەرقەنتتىن ئۆزلىرىنى «خوجىلار» دەپ يۈرىدىغان مەخدۇم ئەزەم قاتارلىق بىر تۈركۈم كىشىلەر قەشقەر، يەركەنگە كېلىشكە باشلىغان. لېكىن، بۇلارنىڭ خوجىلار ئىكەنلىكىگە زادى ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ھەتتا بەزى تەتقىقاتچىلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا دىنىي گۇرۇھلارنىڭ ئاقساقاللىرى بولۇۋالغان كىشىلەرنىڭ مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادلىرى بىز دەۋالغانلىقىغا باشقىچە پىكىردە بولىدۇ. ئېنىق ئېيتىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭدا ئۆزىنى خوجا دەپ ئاتىۋالغانلارنىڭ كۆپچىلىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار ئىدى. مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان كىشىلەر بار دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بوۋىلىرىنىڭ شىنجاڭغا كەلگىنىگە ئۇزاق ۋاقىت بولغانلىقتىن ۋە ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانلىقىدىن، ئۇلار پۈتۈنلەي شىنجاڭلىق ئۇيغۇر بولۇپ كەتكەن.

XVII ئەسىرگە كەلگەندە، شىنجاڭدىكى خوجىلار «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق» دەپ ئىككى دىنىي مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئاق تاغ-

لىقلارنىڭ پېشقەدەم ئاقساقىلى مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىمىن (ئىمام كالان)،
قارا تاغلىقلارنىڭ پېشقەدەم باشلىقى مۇھەممەد ئىمىننىڭ ئىنىسى ئىسھاق ۋەلى ئىدى.
شەخسى مەنسەپ ۋە ئابروي تالىشىپ، بىر-بىرىگە قارشى (تۈپ ماھىيىتى بىلەن
بىر-بىرىدىن پەرق قىلمىسىمۇ) ئىككى دىنىي گۇرۇھقا بۆلۈنۈۋالغان ئىمام كالان تە-
رەپدارلىرى — «ئىشقىيە» (ئاق تاغلىقلار، ئاق تەقىيىلىكلەر-دوپپىلىقلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ)،
ئىسھاق ۋەلى تەرەپدارلىرى «ئىسھاقىيە» (ياكى قارا تاغلىقلار، قارا تەقىيىلىكلەر، قارا
دوپپىلىقلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دەپ ئاتالغان. ئىمام كالان قەشقەردە، ئىسھاق ۋەلى
يەركەندە تۇرۇپ، دىنىي شەرىئەت ئىشلىرىنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن، ئۆز ئارا قاتتىق
كۆرەش باشلىدى. بارا-بارا بۇ دىنىي گۇرۇھلار سىياسىي گۇرۇھقا ئايلىنىپ قالدى.
ئەينى زاماندا جايلارنى ئايرىۋېلىپ خان بولىۋالغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەۋلاد-
لىرى خوجىلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي تىزگىنلىنىپ قالغانىدى. ئۇلار خوجىلارنى ئۆزىگە
ئۇستاز ۋە مەسلىھەتچى قىلىۋېلىپ، ئۇلارغا نۇرغۇن مىقداردا پۇل ۋە يەر-زېمىن بې-
رەتتى. مۆمىنلەر خوجىلارغا تەلۋىلەرچە چوقۇناتتى. خوجىلار يەنە زور مىقداردىكى
يەر-زېمىن ۋە ئوتاقچىلارغا ئىگە بولۇپ، فېئودال يۇقىرى تەبىقىلەر ئىچىدىكى ئاق-
سۆڭەكلەرگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنى «ئەۋلىيا» كۆر-
سىتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئالداپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى. ھەتتا كىشىلەرنىڭ
ئائىلە تۇرمۇشىنىمۇ چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغانىدى. خوجىلار ھاكىمىيەتنى تىزگىنلى-
ۋالغانلىقتىن، سىياسىي ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھوقۇقنى بارا-بارا ئايرىۋالغىلى بول-
مايدىغان بولۇپ قالدى؛ خەلق ئوتتۇرىسىدىكى دەۋا ۋە جىنايى ئىشلار، نىكاھ ۋە
ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى قازىلار بىر تەرەپ قىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن سى-
ياسىي ھاكىمىيەت ئىسمى بار، جىسمى يوق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. بۇ ئەھۋال ئاس-
تىدا سەئىدىيە خانلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان كېيىنكى خانلار زاۋاللىققا يۈز تۇ-
تۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق رولى قالمىغان ئىدى. نەتىجىدە سىياسىي ھاكىمىيەت بې-
شىدىكى خانلار بىلەن خوجىلار ئارىسىدا كەسكىن زىددىيەت تۇغۇلۇپ، ھاكىمىيەت
تالىشىش كۆرىشى باشلاندى. XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شۇ چاغدىكى قارا
تاغلىقلارغا مايىلراق قەشقەر ھاكىمى ئىسمائىلخان بىلەن، ئاق تاغلىقلار تەرەپ-
دارى بولغان ھىدايىتۇللا (ئاپپاق خوجا) ئىشان ئىككىسى ھۆكۈمرانلىق تالىشىپ، قان-
لىق جەڭ قىلدى. نەتىجىدە ئاپپاق خوجا ئىسمائىلخاندىن يېڭىلىپ، 1678 - يىلى
تىبەت (شىزاڭ) كە باردى. تىبەتتە دالاي لاما ھەم تىبەت ھۆكۈمرانى دىبا ساڭ-
جېجاسۇغا ئەرز تۇتقاندىن كېيىن، دالاي لاما جوڭغار قالماقلىرىغا ئاپپاق
خوجىغا ئەسكەر بېرىپ، ياردەمدە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي جوڭغارلار
ئىككى كىشىنى — يەنى ئاپپاق خوجىنى قەشقەرگە، ئابدۇرېشىتنى يەكەنگە ھاكىم
قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

بۇ دەۋرلەردە يەتتە شەھەر بىرنەچچە ئۇششاق فېئوداللىق ھاكىمىيەتكە بۆلۈنگەن ئىدى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى جۇڭغارلارغا بېقىنغان بىلەن، قالغان قىسمى ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتاتتى. قەشقەرگە جۇڭغارلار كەلگەندىن كېيىن، قارا تاغلىقلارنىڭ كۈرەش ھەرىكىتى ئىككى مەيدانغا، بىر تەرەپتىن، ئاق تاغلىقلارغا قارشى، ئىككىنچى تەرەپتىن جۇڭغارلارغا قارشى يۈرگۈزۈلدى. بۇنداق توختاۋسىز قان تۆكۈلۈشلەر نەتىجىسىدە يەتتە شەھەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش شارائىتى تولىمۇ ئاجىزلاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوجا ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن ئورنىتىلغان دىنىي جاھالەت تەرتىپلىرى خەلقنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىنتىلىشلىرىنى قەتئىيەتلىك بىلەن بېسىپ تۇردى. جەنۇبىي شىنجاڭ جۇڭغارلارنىڭ ئوچۇق-ئاشكارە بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان، جۇڭغارىيىگە سۈرگۈن قۇل كۆچۈرىدىغان ۋە خالىغانچە ئاياق ئاستى قىلىدىغان پاجىئە ئوچىقىغا ئايلاندى.

ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ چارەك كەم بىر ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشى، خەلقنى پاراكەندە قىلغۇچى ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىشى ئارقىسىدا تەسەۋۋۇپلۇق، ساختا كارامەتچىلىك، ئەۋلىيا پەرەستلىك (روھىي ۋەھىمىچىلىك) ھەممىلا يەرنى قاپلىغان ئىدى. تەقۋادارچىلىق ئاساسىدىكى دىنىي شېئىرىيەت ۋە خوشامەتچىلىك ئاساسىدىكى ئوردا ئەدەبىياتى قان بىلەن بويالغان خوجىلار ھاكىمىيىتى ھەم ئۇنىڭ دىنىي ئالدامچىلىرىنى كۈچەپ مەدھىيىلەپ ئەدەبىيات ساھەسىنى خىرەلەشتۈرگەن.

خىرقىتى، زەلىلى، نۆبىتى، خاراباتى، ئەرشى قاتارلىق بىر تالاي شائىرلار چىدىغۇسىز بۇرۇقتۇرمىلىق ۋەزىيەت داۋام قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەل يۇرتىنىڭ تەقدىرىگە يېقىندىن نەزەر سېلىۋاتقان ئىلغار پىكىرلىك ئەدىبلەر بولغىنى ئۈچۈن، بۇرۇقتۇرمىلىق مۇھىت ئىچىدە كىشنىگەن تۇلپاردەك جاھالەت ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، خەلقنىڭ نىجاتلىقىغا بولغان ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى.

زەلىلى دەۋرىدە قەدىمى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان بىر تالاي يازغۇچى، شائىرلار يېتىشىپ چىقىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇردى، مەزمۇنىنى بېيىتتى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئاشۇردى، شەكلىنى خىلمۇ-خىللاشتۇردى. بۇ دەۋردىكى شائىرلار «يار» «ئىشق» سىمۋولىدا يېزىلغان ئەسەرلىرىنى كامالەتكە يەتكۈزۈش بىلەن، ئىجتىمائىي رېئاللىقنىمۇ ئالاھىدە دىققەت نەزىرىنى تىككەن ئىدى. زەلىلى دەۋرىدىكى شائىرلار ئەلىشىر ناۋايى باشلاپ بەرگەن غەزەلنىڭ خىلمۇ-خىل بەھىرلىرىدە سۈپەتلىك ئەسەر يېزىش ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، كۆپلىگەن غەزەللەرنى گىرەلەشتۈرۈپ «دىۋان» تۈزۈش دولقۇنىنى قوزغىدى. بۇنداق دىۋاندىكى شېئىرلارنىڭ مەزمۇنى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرى بىلەن سۈۋۈشۈپ ئۆتەتتى، شۇنداقلا، ئاپتورلارنىڭ يۈكسەك سەۋىيىگە يېتىشىنى تەقەززا قىلاتتى. بۇلارنىڭ

ھۆددىسىدىن يەنىلا ئەدەبىياتقا ھەۋەسمەن كۆپلىگەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى چىقتى ۋە مول بەدىئىي شېئىرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. مەسىلەن: زەلىلىنىڭ «دىۋان زەلىلى»، مەھزۇننىڭ «مەھزۇن خوتەنىي»، ئەرشىنىڭ «دىۋان ئەرشى»، نىۋبىتىنىڭ «دىۋان نىۋبىتى» قاتارلىق ئەسەرلىرى لىرىك غەزەللەر توپلىمىغا ۋەكىللىك قىلسا، ئېپىك داستانچىلىق ھەم بۇ دەۋردە مۇۋاپىق ئېتىبارغا ئېرىشتى. خىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە»، سالاھىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل»، زەلىلىنىڭ «سەپەرنامە»، موللا فازىل (كىچىك) نىڭ 5700 مىسرالىق داستانى «لەيلى مەجنۇن» ۋە موللا يۇنۇس يەركەندىنىڭ «داستان يۈسۈپ-زىلەيخا» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئېپىك داستانچىلىقىنى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈردى.

پەندى نەسىھەت، دىداكتىك مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى يېزىش، زەلىلى دەۋرىدىكى ئىلغار پىكىرلىك ئەدىبلەرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنىڭ بىرى. بۇنداق ئەسەرلەر يالغۇز ئەدەبىي قىممەت جەھەتتىنلا مۇھىم بولۇپ قالماستىن، بەلكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشتە ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. ئاتاقلىق شائىر مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتىنىڭ «كۇللىيات مەسنەۋىي خاراباتى» يالغۇز زەلىلى دەۋرىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان پەلسەپىۋى كۇللىيات.

زەلىلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇ چاغدا تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەدەبىي ئۇسۇل بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان «تەزكىرە ئەدەبىيات» بەكلا تەرەققىي قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ياخشى ماتېرىيالى بولۇپ قالدى. بۇ خىل تەزكىرە ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى، ئەدىب-شائىرلار توختالغان تارىخىي ۋەقە، تارىخىي شەخسلەر نوقۇل شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىقلار ۋە بۇنداق جىددىي پەيتلەردە ئوتتۇرىغا چىققان غازاتچىلارنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى ئىدى. ئەمما، بۇلار ئالدى بىلەن ئەدەبىيات يولى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇلارغا ئاپتورلارنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى سىڭگەن. ئاپتورلار بۇنداق ۋەقە ھەم شەخسلەرنى تەسۋىرلىگەندە، تەبىئىي يوسۇندا قەھرىمانلىق روھنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، ئېسىل ئىنسانىي پەزىلەت، ئىلىم-مەرىپەت، مېھنەت، ئىجادكارلىق، ۋاپادارلىق قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە ئىلغار پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرالمىغان. بۇنىڭغا زەلىلىنىڭ «چىلتەن تەزكىرىسى»، «خوجا مۇھەممەد شېرىپ بۈزرۈكۋار تەزكىرىسى»، ئابدۇشۈكۈرنىڭ «تەزكىرەئى ئابدۇلمانان» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

زەلىلى دەۋرىدە تەرجىمە ئەدەبىيات، تەقلىدىي ئەدەبىيات ۋە ئۆزلەشتۈرمە ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىمۇ كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىدۇ، شۇنداقلا،

بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس بولغان ئىلمىي ساھە بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تېما دائىرىسىنىڭ كېڭەيگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ خىل ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىدا ھەرخىل سەۋەبلەر بار، ئەلۋەتتە. ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، تەلۋە خوجىلار ئۆكتەملىشىپ كەتكەن ئەشۇ شارائىتتا، بىر قىسىم ئاپتورلار ئۆزلىرىنىڭ زامانغا بولغان نارازىلىقى، جۈملىدىن دۇنيا قارىشىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئەيمىنىپ، ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى بىۋاسىتە، ئىجادىي ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئورنىغا، باشقا خەلقلەرنىڭ ئىلغار تېمىدىكى ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، بۇلاردىكى ئىلغار، تەرەققىپەرۋەر خاھىشنىڭ تىغ ئۇچىنى ھۆكۈمرانلارغا دارىتما ھېسابىدا قاراتقان. نىھايەت، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەرجىمانلىرى تەرجىمە قىلىپ چىققان ئەسەرلەرگە بەزىبىر تولۇقلاشلارنى، كۆچەيتمىلەرنى قوشقانلىقى يۇقىرىقى پىكرىمىزنى دەلىللەشكە ياردەم بېرىدۇ. زەلىلى دەۋرىدە موللا مۇھەممەد تۆمۈر «كەلىلە ۋە دىمنە» دېگەن ئەسەرنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. مىرفازىل موللا كىچىك ساقى يەنە مىرخاۋەندشاھنىڭ «رەۋزە تۇسسەفا» دېگەن تارىخىي ئەسىرىنىڭ I جىلدىنى (1737 - يىلى) پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئالىم ئاخۇن موللاشاھ ھىجرانى 1687 - يىلى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا شېئىرىي نەزم بىلەن تەرجىمە قىلىپ چىققان. فازىل موللاخامۇشاخۇن يەركەندىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، (دىنىي توپىلاڭلار تۈپەيلىدىن) بۇ تەرجىمە ئەسەر كۆيۈپ كەتكەن ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا خوتەن قارىقاشلىق شاھ مۇھەممەد دېگەن كىشىمۇ، بۇ ئەسەرنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئەمما، ھەر جەھەتتىكى ئىجادىيلىقى، تىل پاساھىيتى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەن شۆھرەت قازانغىنى موللا خامۇشاخۇننىڭ تەرجىمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

موللا مۇھەممەد تۆمۈر «كەلىلە ۋە دىمنە»، «يۈسۈپ - زىلەيخا»، «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» قاتارلىق كىتابلارنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان بولسا، ئابدۇللاخان مەخدۇم ئاقسۇيى «مىڭ بىر كېچە» نى ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان.

«شاھنامە»، «كەلىلە ۋە دىمنە»، «مىڭ بىر كېچە» قاتارلىق جاھان كلاسسىكلىرىنىڭ ئېسىل يادىكارلىقلىرىنىڭ بۇنىڭدىن بىرقانچە يۈز يىل بۇرۇن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى زور بىر ئىلگىرىلەش. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى بىلەنلا ئۆز مەدەنىيىتىنى بېيىتىپ ۋە يۈكسەلدۈرۈپ، ئۆز نۆۋىتىدە جاھان مەدەنىيىتىگە مۇناسىپ تۆھپە قوشقان خەلقلا ئەمەس، بەلكى، كۆزىنى يوغان ئېچىپ، ئەتراپقا سەممىيلىك ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن نەزەر سېلىپ، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنىمۇ قوبۇل قىلىپ، دۇنيا خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى بىلەن روھىي ۋۇجۇدىنى بېيىتىپ، ئۆز جەمئىيىتىنىڭ تارىخ

ئېقىمىنى خەلقلەر ئارا تېگىشىش ھالەتتە ئىلگىرىلىتىپ كەلگەن خەلق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## § 28. زەلىلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى

### 1 - خىرقىتى ۋە «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» داستانى

خىرقىتى (1634 — 1724) يىرىك ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ بىرى.

خىرقىتىنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇلى ئوغلى خىرقىتى بولۇپ، قەشقەر تازغۇننىڭ «باغچى» يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. كىچىكىدە ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن تارتىپ قەشقەر مەدرىسىلىرىدە ئوقۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگىنىش بىلەن بىللە ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشقان. 30 ياش چاغلىرىدا ئاتىسى خوجامقۇلى بىلەن بىللە «ئاپپاق خوجا»نىڭ بېغىدا باغۋەن بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ، بولغۇسى شائىر ئىجادىنىڭ ئەڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان مەزگىلى بولۇپ، ئۇ، بۇ يىللاردا بىرمۇنچە گۈزەل شېئىر ۋە ئىپىك داستانلارنى يازغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن، ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىن بىزگە مەلۇم بولغىنى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» ناملىق ئىپىك داستانى ھېسابلىنىدۇ، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» 1670 - يىلى قەشقەردە يېزىلغان. داستان 27 باب، 1806 مىسرادىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ ئۈچ بابى ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسى بىلەن خاتىمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. داستاننىڭ ئاساسىي قىسمى دوستلۇق، ئىشقى مۇھەببەتكە بېغىشلانغان بولۇپ، بۇلار جانلىق، تەسىرلىك ۋە قىزىقارلىق ۋەقەلەر بىلەن گىرەلەشتۈرۈلگەن ئىپىك داستاننى ھاسىل قىلغان، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ لىرىك ھېسسىياتى ناھايىتى قويۇق ئىپادىلەنگەن.

شائىر خىرقىتى ئۆز داستانىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئېچىشتىن بۇرۇن «مۇھەببەت» سۆزىدىكى ئەرەبچە ھەرپلەرنى ئاجايىپ ئوخشىتىشلار ئارقىلىق شەرھلەپ، دېمەكچى بولغان مەقسىتىنى بايان قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ ساپ مۇھەببەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، مۇھەببەت قويغان كىشىنىڭ ئۆزىنى قانداق تۇتۇشى كېرەكلىكى، نېمىلەرگە دىققەت قىلىش ۋە نېمىلەرنى قىلىش زۆرۈرلىكى ھەققىدە مۇۋاپىق چۈشەنچە بېرىدۇ. بولۇپمۇ ھەقىقىي ئىشق يولىغا كىرگەن كىشى ئۆز سۆيگۈسىگە ۋاپا قىلىشى، ساداقەت كۆرسىتىشى، جاپاغا چىداپ، ئېغىرچىلىقلارنى يېڭىپ ئۈمىدۋار بولۇشى، بۇلار ئارقىلىق مۇراد - مەقسىتىگە يېتىشى كېرەكلىكىنى ئالاھىدە ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، خىرقىتى بۇ داستاندا پەرۋانىنىڭ شام - چىراق ئىشقىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىپ،

كۆيۈپ كۈل بولغانلىقى توغرىسىدا ئايرىم باب ئاجرىتىدۇ. ئادەتتە شائىرلار ئىشق - مۇھەببەتكە گىرىپتار بولۇپ قاتتىق كۆيگەن كىشىلەرنى پەرۋانىغا ئوخشىتىدۇ. شائىر خىرقىتى بولسا، پەرۋانىنىڭ چىراق ئىشقىدا كۆيگەنلىكىنى ئەمەلىي تۇرمۇش رېئاللىقىغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق بەدىئىي ۋاستىلار بىلەن جانلاندۇرۇپ بەرگەن. بۇ كۆرۈنۈش تولىمۇ تەسىرلىك چىققان.

شائىر ئۇندىن كېيىن، داستاننىڭ ئاساسىي قىسمىغا كۆچۈپ، گۈل بىلەن بۇلبۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلەپ كۆرسىتىدۇ. شائىر بۇ داستاندا ئەمگەك بىلەن مۇھەببەتنى قىياس قىلىپ، ئەمگەكسىز ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، مۇھەببەت تاتلىق، ئەمگەك بولسا ئاچچىق، لېكىن، ئادىل ئەمگەكتىن ئىشق - مۇھەببەت پەيدا بولىدۇ. شائىر ئادەمنىڭ تېنى قاندۇر، ئۇنىڭ پاكلىقى مۇھەببەتتە، مۇھەببەت بولسا ئادەمنىڭ باھاسى بولۇپ، ئۇ بولمىسا داۋامى بولمىغان بولاتتى، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىنسانىي خىسلەتلەر داستاندىكى سابا ئوبرازى ئارقىلىق ئىككى ئاشىق - مەشۇقنىڭ (بۇلبۇل بىلەن قىزىل گۈلنىڭ) پۈتۈن ئىشق - مۇھەببىتىدە ئاساسىي رول ئوينايدۇ.

«مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» دىكى سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئەسلىدە شائىرنىڭ ئوي - پىكىرىدىن پەيدا بولغان كىشىلىك ئوبرازلار ئىدى. ئەمما، داستاندا ھەربىر پېرسوناژنىڭ ئېنىق بىر خىل ئابستراكت نەرسىنىڭ بەلگىسى قىلىنغان. ھالبۇكى مۇشۇ بەلگىلەرگە XVII ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشى، ئەخلاقىي قارىشى، پەلسەپە قاراشلىرى سىڭگەن، مۇجەسسەملەنگەن. «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» مېھنەت ئارقىلىق مۇھەببەت (ۋىسال) گە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىق ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان شېئىرىي داستان. شائىر ئەسەرگە بىر قەدەر كۆپرەك ئابستراكت پىكىرلەرنى سىڭدۈرگەن، ئابستراكت نەزەرىيىلەرنى كۆپرەك بايان قىلغان. پلېخانوپ: «ئابستراكت كۆز قاراشلار بىز بىلىدىغان بارلىق ئاقارتىش دەۋرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر» دېگەن ئىدى. («پلېخانوپ ئېستېتىكا ئەسەرلىرى»، ‹1› خەنزۇچە 237 - بەت). ھالبۇكى سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلى بۇنداق ئابستراكت كۆز قاراشلارنى ئىپادىلەشكە بىر قەدەر مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر خىل بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىدۇر. بىر فرانسىيىلىك ئالىم: «سىمۋولىزم بىر خىل بەدىئىي شەكىل، ئۇ، ھەم بىزنىڭ رېئاللىقنى تەسۋىرلەش ئىستىكىمىزنى قاندۇرىدۇ، ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رېئال چەكلەردىن ھالقىغان ئارزۇلىرىمىزنى قاندۇرىدۇ، ئۇ بىزگە كونكرېت چۈشەنچىلەرنى بېرىدۇ ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئابستراكت چۈشەنچىلەرنىمۇ بېرىدۇ» دېگەن ئىدى. («دۇنيا سەنئىتى ۋە ئېستېتىكىسى» 1 - قىسىم، 13 - بەت، خەنزۇچە نەشرى). خىرقىتى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» نى ئىجاد قىلىشتا سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دەل شۇ مەقسەتكە يەت-

تكەن ھەم رېئاللىقنى تەسۋىرلىگەن، ھەم رېئاللىقتىن ھالقىپ كەتكەن؛ ھەم كونكرېت نەرسىلەرنى تەسۋىرلىگەن ھەم ئابستراكت نەرسىلەرنى تەسۋىرلىگەن. «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» دىكى پېرسوناژلارغا ئابستراكت ئۇقۇملارنىڭ ئات قويۇلۇپ قېلىشى ھەمدە سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ قوللىنىشىنىڭ تەكتىنى سۈرۈشتۈرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئەسلى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى بىلەن تۇتىشىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ، ئەسىرىدىكى تۆت چوڭ پېرسوناژغا مۇشۇنداق ئىسىم قويغان ئىدى.

«مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» تىندىنىسيېۋىلىكى خېلىلا كۈچلۈك ئەسەر. ئۇنىڭدا ئابستراكت قاراش كۆپ، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ۋەقەلىك ئازراق، ئەمما شائىرنىڭ پىششىق بەدىئىي ماھارىتى، تىل ئىشلىتىشتىكى ماھىرلىقى ھەمدە ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇشتەك ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى كۆپ قوللىنىشى شېئىرىي داستاننىڭ بەدىئىيلىكىنى كۈچەيتكەن.

خىرقىتى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» داستانىدا ئۈچ تۈرلۈك لىرىك ئوبراز ياراتتى. شائىر بۇ ئوبرازلار ئارقىلىق ئىنسانلارغا خاس سەمىمىي مۇھەببەت ۋە كىشىلىك ئەخلاق ئىدىيىسىنى ئالغا سۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە سابانى شائىرنىڭ ئۆز قىياپىتى دەپ بىلىش كېرەك. سابا كۆپنى كۆرگەن، بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن ئادەمنىڭ ئوبرازى بولغاچقا، ياخشى - يامانلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ. مەلۇمكى، خىرقىتى ئاچلىق ئۆمرىنى ئاپپاق خوجىنىڭ دەرگاھىدا ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ يەردىكى ئەخلاقسىزلىقلارنى ياخشى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ دىنىي ئېتىقادچىلارنىڭ («خوجىلار» نىڭ) زىنىغا مۇخالىپ — «قىيامەتلىك گۇناھ» دەپ سانالغان ئىشق - مۇھەببەت مەسىلىسىنى داستانغا ئاساس قىلىپ ئالدى ۋە ئۆزى شۇ مەسىلىكىنىڭ ھىمايىچىسى بولۇپ، مەيدانغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خىرقىتى «خوجا دەرگاھى» دىكى مەنمەنلىكنى، مەئىشەتلىك، ئېتىقىسىزلىقلارنى ئاچچىق كىنايە بىلەن پاش قىلدى. شائىر، خەلق بولمىسا، شاھلارنىڭ ھالىغا ۋاي، بۇ دۇنيادىكى ھەممە مەئىشەت خەلق بىلەن، ئەمگەك بىلەن تاتلىق، دېگەن تارىخىي ھەقىقەتنى ھىمايە قىلدى. ئۇ: «ئەگەر نەۋكەر (ئەسكەر - خەلق) بولمىسا، شاھ گاداي بىلەن ئوخشاش، مۇبادا شۇنداق بولىدىغان بولسا، قايسى بىر شاھ ھۆكمى بىجا كەلتۈرۈلسۇن» دەپ يازىدۇ.

خىرقىتى ئەمگەكتىن قاچقان، ئەمگەكتىن ياتسىنىپ، يىرگەنگەن شەخسلەرنى قاتتىق تەنقىد ئاستىغا ئالىدۇ. سابا ئىدىيىۋى جەھەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ئوي پىكىرىدىن يۇقىرى تۇرغاچقا، ئۇنىڭ مەقسىتى كىشىلىك ئادالەتنى تەرغىپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، ئۇ قىزىل گۈلدىكى ھۆسنى گۈزەللىكىنى بۇلبۇلغا مۇناسىپ كۆرۈپ، بۇلبۇلنىڭ ئىشق - مۇھەببىتىنى قىزىل گۈلگە ئەپ كېلىپ ئۇلىدى. شائىر قىزىل گۈل ئوبرازىدا زامانىسىنىڭ ۋىجدانلىق ئەخلاق ئىدىيىسىنى كۆرسەتتى. ئىشق - مۇھەببەت، ئىنسانغا مەنىۋى كۈچ - قۇۋۋەت، روھىي ئوزۇق، ئۇ مەردانىلىق

بىلەن ئىنسانىي ئادەمگەرچىلىكىنىڭ بەلگىسى. شائىر تەرىپىدىن قىزىل گۈلگە ئاتا قىلىنغان خىسلەتلەر ئەينى شۇنداق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۇلبۇلنىڭ مۇھەببىتىنى ھەممىدىن ئارتۇق كۆردى، ئۇنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلدى.

خىرقىتى داستانىدا ئادەم بالىسىغا خاس ئىنسانپەرۋەرلىك، مەردانىلىق ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش ئىجابىي خىزمەتلەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، شەرتلىك رەۋىشتە ئىشق-مۇھەببەت تېمىسىنى مەركىزىي مەسىلە قىلىپ ئالدى. ئىشق-مۇھەببەتسىز ياشاش مەنىسىز ياشاش دەپ تەكىتلىدى. شائىرچە، ئۇ ئادەم بالىسىنىڭ روھىي جانسىزلىقى دېگەن سۆز، ئىدى، ئىجابىي دەپ سانالغان ماددىي ۋە مەنىۋى نەرسىنىڭ ھەممىسىگە ئۆز لايىقىدا ئىشق-مۇھەببەت كېرەك. بولۇپمۇ ئادەم بالىسىنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتى — ئۇنىڭ مۇھەببىتىدە، دەپ باھا بەردى. بۇ ئاددىي، كىشىلىك خۇسۇسىيەتنى چۈشەنمىگەن ئىدراكسىز بەغرەزلەرنى خىرقىتى قاتتىق قامچىلىدى.

خىرقىتى ئىشق مۇھەببەت مەسىلىسىگە شەخسى غەرەز بىلەن قارىمىدى. شائىر ئىشق-مۇھەببەتنىڭ ئىنسانىي خىسلەتلىرى نېمىدىن ئىبارەت دېگەن مەسىلىگە قىزىل گۈل بىلەن بۇلبۇلنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئارقىلىق جاۋاب بەردى.

بۇلبۇل بىلەن قىزىل گۈلنىڭ ھايات يولى «ياخشىدىن-ياخشى» نى ئىزدەش ئارقىلىق كېلىپ ئۇلاشتى. بۇ يەردە خىرقىتىنىڭ دۇنياغا بولغان ئوپتىمىستىك كۆز قارىشى يېڭىپ چىقتى. ئادەتتە شەرقنىڭ نۇرغۇن داستان ۋە ھېكايە-قىسسىلىرىدە قىزىل گۈل بىلەن بۇلبۇلغا ئوخشاش قەھرىمانلار زامانىسىنىڭ قاراڭغۇ-جاھالەت پاجىئەلىرىگە ئۇچراپ، مەقسىتىگە يېتەلمەي، ئۆلۈپ كېتىدۇ. لېكىن، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» دە ئۇنداق ئەمەس، ئادالەتسىزلىكنى ئەقلىي ئادالەتلىك يېڭىپ، داستاننىڭ لىرىك قەھرىمانلىرى بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدۇ. خىرقىتى بۇ جەھەتتىن داستان شەكلىگە يېڭى ئىجتىمائىي مەزمۇن بەردى.

خىرقىتى بۇلبۇل بىلەن قىزىل گۈلنىڭ ئوبرازىنى ياراتقاندا، داستانىدىكى: «مۇھەببەت ئادەمنىڭ باھاسىنى ئۆلچەيدىغان نەرسە، مۇھەببەتنىڭ ئاخىرى بولمايدۇ» دېگەن تەلىماتقا قاتتىق رىئايە قىلىدۇ. بۇ تەلىمات لىرىك قەھرىمانلارنىڭ تولاراق كىشىلىك خىسلەتلىرىنى ئېچىپ كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، داستاندا بۇلبۇل بىلەن قىزىل گۈلنىڭ ئىچكى روھىي ھالەتلىرىنى مۇڭ ئارىلاش گۈزەل ھېس-تۇيغۇلار ئارقىلىق تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلدى. «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» دە تەسۋىرلەنگەن ئىجابىي قەھرىمانلار شەكلى جەھەتتىن سىمۋوللۇق كۆچكە ئىگە بولسىمۇ، ئەسلىدە بۇ شائىرنىڭ يورۇقلۇق، ئادالەت، ئەمگەكچىلەرگە مۇھەببىتى، جاھالەت، زۇلمەت ۋە زالىملارغا بولغان نەپرىتى، يەنى ئىجتىمائىي ھاياتتىكى بىر-بىرىگە زىت بۇ ئىككى ئامىلغا بولغان ئۆز قەلبىدىكى ھېسسىياتىنىڭ ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. قىسقىسى، بۇ، ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىك ئارىسىدىكى مەنىۋى كۈرەش

نىڭ تەسۋىرى ئىدى. بۇلبۇل بىلەن قىزىل گۈل شۇ دەۋردىكى ۋىجدانلىق ياشلارنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە گەۋدىلەنگەن. شائىرنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ ئىككى ياشنىڭ بىر-بىرىگە بولغان كىشىلىك مۇھەببىتى «سېنىڭ دەردىڭ ماڭا دەرمانىدىن ئارتۇقتۇر، ئەندى، سېنىڭ ئۆلتۈرگىنىڭ بولسا جانىدىن ئارتۇق بولىدۇ» دېگەن مىسرالاردا ئۆزىنىڭ ھاياتىي ئىپادىسىنى تاپقان. خىرقىتى ئىجابىي ۋە سەلبىي ئوبرازلارنى يارىتىشتا چوڭ ماھارەت كۆرسەتكەن.

«مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» داستانىنىڭ تىلى XVII ۋە XVIII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۈلگىسى ئىدى. خىرقىتى بۇ داستانى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانچىلىك بەدىئىي قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم نامايىش قىلدى. داستاننىڭ ھەربىر مىسراسى چوڭقۇر مەنىلىك ھېكمەتلەرگە باي بولۇپ، خىرقىتى بۇ ئوبرازلىق ۋە رەڭمۇرەڭ ئىبارىلەرگە پەقەت جانلىق خەلق تىلىنى ئۆزلەشتۈرۈش نەتىجىسىدە يەتتى.

داستاننىڭ تىل خۇسۇسىيىتىنى تېخىمۇ ئېنىقراق چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن، ھازىرقى زامان بىلەن خىرقىتى ياشاپ ئىجاد ئەتكەن دەۋرنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىككى ئۈچ يۈز يىللىق ۋاقىتنى ھېسابقا ئالماي مۇمكىن ئەمەس. بۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ھاياتىدا ئورۇن ئالغان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ تەسىر قىلدى. شۇنىڭغا قارىماي، خىرقىتىنىڭ تىلى ھازىرقى كىتابخانلار ئۈچۈنمۇ بىمالال چۈشىنىشلىك. بۇنىڭغا سەۋەب، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئۇ داستانىنى يېزىشتا خەلقنىڭ جانلىق تىلىغا تايانغان. خەلق، تىلنىڭ ئەڭ نازۇك خىسلەتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا بەدىئىي جەھەتتىن رەڭ بەرگەن.

نەتىجىدە شائىر داستاندىكى قەھرىمانلارنىڭ خۇلقى، مىجەزىگە ۋە ئارزۇ-تىلەكلىرىگە قارىتا تەسۋىرىي تىل ۋاسىتىسىگە ئىگە بولدى. مەسىلەن، قىزىل گۈلنىڭ بۇلبۇلغا، بۇلبۇلنىڭ قىزىل گۈلگە يازغان ئىشق-مۇھەببەت خەتلىرى ياكى سابانىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك كۆز قارىشىنى ئىپادە قىلغان مىسرالىرى بۇنىڭغا دەلىل. شۇنداق قىلىپ داستاندا، XVII ئەسىر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاھاڭدارلىقى بىلەن گۈزەللىكى ۋە ئاددىيلىقى بىلەن مەنىدارلىقى ئۆزىنىڭ ئەكسىنى تاپقان.

خىرقىتىنىڭ تىل بايلىقى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» نىڭ بەدىئىي ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى بالداققا كۆتۈردى. شائىرنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبى بىلەن، شېئىر ۋەزنىدە بولغان مەنتىقى بىرلىك، داستاندا تەسۋىرلەنگەن سىمۋوللۇق ئوبرازلارنىڭ قىياپىتىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بەردى. خىرقىتى داستاندا ئوخشىتىش، سۈپەتلەش، كىنايە، سوراق ۋە تەكرارغا ئوخشاش تەسۋىرلەش ۋاسىتىلىرىنىڭ گۈزەل ۋە ئورگىنال ئۈلگىلىرىنى ياراتتى. شائىر ئۆزىنىڭ ھاياتى تەجرىبىلىرى نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن رېئال تەسىراتلارنى تۈرلۈك بەدىئىي ۋاسىتىلار ئارقىلىق داستاندا ئىپادە قىلدى.

بولۇپمۇ، سابا، بۇلبۇل ۋە قىزىل گۈلنىڭ روھىي كەچۈرمىشلىرىنى، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى، قايغۇ-ھەسرەتلىرىنى تەسۋىرلەشتە تىل ۋاسىتىلىرىدىكى خىلمۇ خىل بەدىئىي بوياقلاردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلاندى. مەسىلەن، بۇلبۇل مەشۇقىنىڭ تەرىپىنى قىلغاندا، ئۇنىڭ قانچىلىك كۆيۈپ پىشقانلىقى «ئەگەر، تومەنىمنىڭ جىلۋە قىلىپ قالسا، مېنىڭ مەشۇقۇم، غېرىب جېنىم تېنىمدا ھېچقانداق ئارام قالمايدۇ، كۆزۈم بىلەن ئۇنىڭ ئايىغىغا سۇ سېپىمەن، ئاھ، ئۇرۇپ، ھوشۇمدىن كېتىمەن» دەپ تەسۋىرلىنىدۇ.

داستاندىكى ئىجابىي قەھرىمانلارنىڭ ئەڭ نازۇك خىسلەتلىرى بىلەن كەيپىياتلىرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، خىرقىتى ھەممىشەم تەسۋىرلەش ۋاسىتىلىرىغا (سۆز ئوبرازلىرىغا) مۇراجىئەت قىلىپ، كىنايە شەكلىدە بولسىمۇ، ئۆز دەۋرىنىڭ مۇڭ زارىنى ئىپادە قىلىشقا تىرىشتى. داستاننىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، شائىر شەرقنىڭ كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ ئىلغار ئىدىيە ۋە بەدىئىي ماھارىتىنى داۋام ئەتتۈرۈش بىلەن بىللە، داستان يارىتىش ساھەسىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتتى. بۇ ئۇسلۇب خىرقىتىغا نىسبەتەن ئىككى جەھەتتىن، يەنى تىل تەسۋىرىنىڭ ئوبرازلىقلىقى ۋە مىللىي خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ روشەنلىكى بىلەن پەرق قىلاتتى.

خىرقىتى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» نىڭ مەزمۇنى بىلەن بىللە، ئەدەبىي شەكلىگىمۇ چوڭ ئېتىبار بەردى. داستان شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ مەسنەۋىي (جۈپ قاپىيە) شەكلىدە. ئارۇز ۋەزنى بىلەن قاپىيىداشلىق بىلەن ۋەزىن ئۆلچىمىنىڭ تەلتۆكۈس كېلىشى داستاننىڭ ئاھاڭداشلىق ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ ئەدەبىيلەشتۈردى. داستاندا قىسمەن قاپىيە مەسىلىسىگە دائىر يەنى بەلگىلىك ئوي-پىكىرنى تەكىتلەش ئارقىلىق شېئىرىيەتكە ئىنتوناتسىيە ۋە گارمونىيە ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت بولغان يەنە بىر خۇسۇسىيەت بولۇپ، بۇنىڭدا بىرىنچى مىسرانى تەشكىل قىلغان ئايرىم سۆزلەر بەزىدە ئىككىنچى مىسرادىمۇ ئۇچرايدۇ. لېكىن، ئۆز ئەينى بىلەن ئەمەس. قىسمەن گراماتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر بىلەن ئۇچرايدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت داستاننىڭ سۆز كەمچىلىكىدىن كېلىپ چىققان نەرسە بولماستىن، بەلكى خىرقىتى بۇ ئۇسۇلنى سۆز ئوبرازلىرىنى ئېنىقلاش، ئىپادە قىلماقچى بولغان ئوي-پىكىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شېئىرىي مىسرالاردا ئىچكى قاپىيە ۋە مەلۇم ئاھاڭ يارىتىش ئۈچۈن قوللانغان.

داستان ھېكمەتلىك سۆزلەر (ئافورىزم) گە باي. خىرقىتىنىڭ پىكرى چوڭقۇرلۇقىدىن ۋە بەدىئىي ماھارىتىدىن پەيدا بولغان بۇ ھېكمەتلەر شەكسىز شائىرنىڭ چوڭ تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى بىلەن شۇ دەۋردىكى مەئىشەتلىك ۋە ئىجتىمائىي كۆز قاراشلارغا پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەردىن خۇلاسە چىقاردى ۋە ئەۋلادلىرىغا «ئەي يارەنلەر، باغرى لەختە-لەختە قان بولغانلار، مەن سىلەرگە نەسىھەت قىلاي، بىلىڭلاركى، ھەممە تاغنىڭ ئىچىدە كان بولمايدۇ، جاھاندا تاغلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، سانى بولمايدۇ» دەپ ۋەسىيەت قىلىدۇ.

دېمەك، خىرقىتى ئۆز دەۋرىنىڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي شارائىتىدا ياشاپ، ئىجاد ئەتكەنلىكىگە قارىماي، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن مىللىي ئەدەبىياتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىجابىي رول ئوينىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ نامى ماھىر ۋە ئاجايىپ سۆز سەنئەتكارى سۈپىتىدە كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ تارىخىدىن ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن ئالدى.

## 2 - سالاھى ۋە ئۇنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانى

مۇھەممەد ئەبۇ سالاھى XVII ئەسىردە قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئەشۇ قەدىمى شەھەر بىلەن ھايات پائالىيەتلىرى چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما، تەپسىلىي تەرجىمھالى توغرىلىق مەلۇمات يوق.

سالاھىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستانى 1678 - يىلى قەشقەردە يېزىلغان. بۇ داستاننىڭ قول يازمىلىرى لېنىنگراد ۋە تاشكەنت شەھەرلىرىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتلىرىنىڭ فوندىلىرىدا ساقلانماقتا.

شائىرنىڭ ئەسىرى خىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» ناملىق داستانىغا سۇژېت جەھەتتىن يېقىندۇر. بۇ داستانلاردىكى مەزمۇن ۋە قەھرىمانلار ئوخشاش. ئەمما، شائىرلار مەقسەتنى، مەسىلىنى ھەل قىلغان چاغدا، ئەسەرلەرنىڭ يېشىلىشىدە بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. ئىككىلا شائىر شۇ دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەقەلەرگە ئۆزلىرىگە خاس مەۋقەدە ياندىشقان.

شائىرنىڭ مەقسىتى ئىشق - مۇھەببەتنىڭ ئالىي خىسلىتىنى تەسۋىرلەش، ئۇنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شائىر ئاشىقلار، ئومۇمەن كۆپچىلىك خەلق بۇ ئەسەردىن بەھىر ئالسۇن دېگەن ئوي - پىكىرلەرگە ئەمەل قىلىپ، (بۇ ئەسىرىمنى) ئاڭلىغان ئىشق ئەھلى بەھىر ئالسۇن، ئاڭلىمىغانلار ھەيرەتتە قالسۇن، (ئەگەر) ئوقۇپ قالسا، گۈللەر ئېچىلغاندەك بولىدۇ، غۇنچىلار تۆكۈلگەندەك، كۆڭۈللەر ئېچىلىپ كېتىدۇ، دەپ يازىدۇ.

ئەسەردە ئاساسىي قەھرىمانلار سۈپىتىدە ئاللېگورىيىلىك ئوبرازلار گەۋدىلەنگەن. گۈل، بۇلبۇل، سابا ئوبرازلىرى ئارقىلىق شائىر ئۆز زامانىسىدىكى ۋەقەلەرنى، يۇقىرى تەبىقىلەر ئارىسىدىكى تالاش - تارتىشلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

داستاندىكى بۇلبۇل ئارقىلىق گەۋدىلەنگەن ئوبراز پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز مۇھەببىتىگە ئاشىق، ساداقەتمەن كىشىنىڭ سىمۋولىدۇر. ئەمما، بۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغاندا، ئۇنىڭ ئالدىدا توسالغۇ پەيدا بولىدۇ. مەزكۇر توسالغۇ قىزىل گۈل يېنىدىكى تىكەندۇر. شائىر سالاھى رېئال ھاياتتا ئادەملەر ئارىسىدا نەپس مۇناسىۋەتلىرىنى بۇزۇشقا ئىنتىلىدىغان، مۇھەببەتكە تىكەندەك سانچىلىدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئۆتىدۇ. شۇڭا شائىر بۇلبۇلغا ئوخشاش خاپا بولۇپ، قىزىل

گۈل دەرگاھىنى تاشلاپ كەتمەي، تىكەنگە قارشى تۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

ئەسەردە، مۇھەببەت، ھەقىقەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىشتا بۇلبۇلنىڭ ئىرادىسى يېتەرلىك ئەمەس، يەنى ئۇنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سابا (تاڭ شامىلى) ئوبرازىنى كۆپلىگەن شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدىمۇ ئۇچرايدۇ. چۈنكى، سابا ئادەملەر ئارىسىدا دوستلۇق، ھەمكارلىق ئورنىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ ياخشىلىقنىڭ يامانلىق ئۈستىدىن تەنتەنە قىلىشىنىڭ سىمۋولىدۇر. شۇڭا سابا ئاچچىقلىنىپ كەتكەن بۇلبۇلنى ئىزدەپ تاپقاندا، ئۇنىڭغا كۆپ مەسلىھەتلەرنى بېرىدۇ. ھاياتتىكى ياخشى ۋە يامان ئادەملەرنىڭ پەرقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ياخشىلار بىلەن دائىم بىللە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىش لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ ھەقتە سابا بۇلبۇلغا: «يامانلارنىڭ سۆھبىتىگە ھەرگىز قاتناشمىغىن، چۈنكى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدە پىتنە-پاساتلار كۆپ بولىدۇ. ئەگەر نىجىسلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ قالساڭ، ساڭا كۆپ زەنجۇ-مىننەتلەر كېلىدۇ. شۇڭا، يامانلارنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولماي، يىراق كېتىپ تۇرغىن، ئۇلارنىڭ سۆھبىتى قاتىللىق زەھىرىدۇر.» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ.

سالاھىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىدىكى قىزىل گۈل ئوبرازى مۇلاھىم، ئاق كۆڭۈل بىر شەخسنىڭ سىمۋولى. ئۇ پاكلىقنىڭ، ساداقەتلىكنىڭ مۇجەسسىمى. قىزىل گۈل تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقتىن قورقمايدۇ، بەلكى ئۇنى يېڭىش ئۈچۈن، داۋاملىق كۆرەش قىلىدۇ ھەم بۇ جەرياندىكى ھەرقانداق مۇشكۈللۈككە بەرداشلىق بېرىدۇ. ئەمگەكتىن قاچمايدۇ، ئۇ، ئۆز بېشىغا چۈشكەن غەم-دەردىنى «ئەي سابا، ھالىمنى ئېيتاي، تۈمەنىڭ دەردىم بىلەن سىرىمنىمۇ ئېيتاي، مېنىڭ ئىچىمدە مىڭ دەردۇ-غەم بار ئىدى، غېمىمنى ئېيتىشقا ماڭا نىسبەتەن بىر غەمخار يوقتۇر» دەپ ئەلچى سابا ئېيتىدۇ.

قىزىل گۈل ئۆز بەختى، مۇھەببىتى ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ، ئاخىرى ئۆز مەقسىتىگە يېتىدۇ. بىر-بىرىگە لايىق، ئاشىق، مېھرىبان بولغان گۈل ھەم بۇلبۇللار سابانىڭ ياردىمى بىلەن بەختلىك ھاياتقا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن داستان ھەقىقەت، ئادالەت يېڭىپ، ئادالەتسىزلىك، ياۋۇزلۇق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ.

مۇھەممەد سالاھىنىڭ دىداكتىكىلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولغان مەزكۇر لىرو-ئېپىك داستانى يىغىنچاق ۋە ئاددىي مەزمۇندا يېزىلغان ئەسەردۇر. تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن مۇرەككەپ بولماي، خەلق جانلىق تىلى ئاساسىدا يېزىلغان. شۇڭا بۇ ئەسەر خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالدى. ئۈچ ئەسىر بۇرۇن خەلق مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنىسىگە قوشۇلغان بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگىدۇر.

### 3 - مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ئۇيغۇر رېئالىستىك - رومانتىك شېئرىيىتىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرگەن يالقۇنلۇق شائىر.

زەلىلى مىلادى 1676 — 1680 - يىللىرى ئارىلىقىدا يەركەندە تۇغۇلغان. بالىلىق ھەم ياشلىق دەۋرلىرىنى شۇ يەردە ئوقۇش ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن، يەركەندىكى خانلىق مەدرىسىدە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئەنئەنىۋى تەلىم ئۇسۇللىرى بويىچە خېلى پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن. ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ تىپىك نەمۇنىلىرى، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر شائىرلارنىڭ شاھانە ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان.

زەلىلى راسا يىگىتلىك قىزانىغا يەتكەندە «ئىشق ئېتىبارى» بىلەن نەچچە ئون يىللاپ سەپەر مۇشكۈلىنى چېكىپ، نۇرغۇن مەنزىللەرنى كېزىدۇ. قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان، قۇمۇللارنى ئايلىنىپ چىقىدۇ. بارغانلا يېرىدە «ئاشىق قەلەندەر» تەرىزدە «مازارلار»نى تاۋاپ قىلىدۇ. 50 ياشلىرىدا خوتەنگە كېلىپ، ئۇزۇن مەزگىل شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ. دىنىي تەسەۋۋۇپ كەمرەك تەسىر كۆرسەتكەن خوتەندە زەلىلى ئىدىيىسىدىكى مۇرەسسەچىلىك خاھىشلىرى پەسلەپ، رېئاللىزملىق خاھىش يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتىدۇ. نەتىجىدە، شائىر XVIII ئەسىردىكى ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىدا رېئالىستىك ئېقىمنىڭ مەشھۇر ۋەكىلىگە ئايلىنىدۇ.

بۇ قېتىم يېڭىدىن نەشر قىلىنغان «زەلىلى دىۋانى»غا 196 غەزەل، 27 رۇبائىي، 18 مۇخەممەس، بەش مۇستەھزاد، ئىككى قەسىدە، ئىككى ساقىنامە، ئىككى تەزكىرە، بىر سەپەرنامە رەتلەپ كىرگۈزۈلگەن. زەلىلى ئىجادىيىتىدە غەزەل ئاساسىي ئورۇن تۇتىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ، قەسىدە ۋە تەزكىرىلەر ئۈچۈنمۇ ئىجادىي كۈچ ۋە زېھنىنى كۆپ سەرپ قىلغان.

زەلىلى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەنئەنىلىرىگە تولۇق ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە، غەزەلخانلىقتا ئەلشىر ناۋايى قاتارلىق ئۇلۇغ ئەدىبلەرنى ئۇستاز تۇتقان. شۇڭا، ئۇنىڭ غەزەللىرىدىمۇ ھەزەج، رەجەز، رەمەل، مۇتەقارىب، مۇنسەرىھ، تەۋىل، ھەفىف بەھرىلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. زەلىلى ئۆز غەزەللىرىنى تولاراق بەش ياكى يەتتە بېيىتلىك قىلىپ يازغان. لېكىن، ئۇنىڭ غەزەللىرى ئىچىدە يەنە توققۇز، 15، 17، ھەتتا 25 بېيىتلىكلىرىمۇ بار. مۇنداق غەزەللەر قۇرۇلما ۋە مەزمۇن جەھەتتىن قەسىدە ياكى مۇناجاتقا ياتىسىمۇ، زەلىلى دىۋانلىرىدا ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە غەزەللەر رېتىگە كىرگۈزۈلگەن. زەلىلى غەزەللىرى ئىچىدە بەش بېيىتلىك 70 غەزەل، يەتتە بېيىتلىك 65 غەزەل، ئۇنىڭدىن قالسا ئالتە بېيىتلىك 15 غەزەل، سەككىز بېيىتلىك 13 غەزەل، توققۇز بېيىتلىك 15 غەزەل بار. زەلىلىنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئەسەرلىرى ئاساسەن سەككىز خىل ژانىر (غەزەل، رۇبائىي، مۇخەممەس، مۇستەھزاد، قەسىدە، ساقىنامە، تەزكىرە ياكى داستان، سەپەرنامە) دىن تەركىب تاپقان.

زەلىلى ئۆز دەۋرىنىڭ ھەر تەرەپلىمە، مەلۇماتلىق شەخسلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ شەرق ئەللىرىنىڭ تارىخى بىلەن مۇكەممەل تونۇش بولۇپ، ئۆزى پارس تىلىدا نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يازدى. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ئۆز ئالدىغا بىر دىۋان (توپلام)نى

تەشكىل قىلىدۇ. شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئۆز خەلقىنىڭ مۇڭ-زارى بىلەن جىپسلاشقان ھالدا تەرەققىي ئەتتى. ئۇ، ئادالەتپەرۋەرلىك ماۋزۇسىغا بىرەر ئەسەر ياراتماقچى بولسا، ئۇنىڭ دىققەت مەركىزىدە ھەممىشەم خەلق ۋە خەلقىنىڭ ئارزۇ-ئارمىنى ئورۇن ئالاتتى. شائىر «ئۇ دۇنيادىن بېغىنى» ئىزدەپ، خەلقنى دىنىي ئەتائەتكە مەھكۇم قىلماقچى بولغان زاھىتلارغا نەپرىتىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئۇ: سىلەرگە (زاھىتلارغا) جەننەت چار بېغىدىن گۈلى رەيھان كېرەك بولسا، بىزگە ماچىن ئېلىنىڭ شەھەرلىرى كېرەك، دەپ خىتاب قىلدى. شائىر دىنىي ئېتىقادچىلارنى جاھىل، نادانلىقتا ئەيىپلەيدۇ، چۈنكى ئۇ، خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ تۈرلۈك ئەشەددىي ئۇسۇللار بىلەن خەلقنى روھىي ۋە جىسمانىي تەرەپتىن قاتتىق ئېزىپ كەلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. بولۇپمۇ زەلىلىنىڭ خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ساتقۇنلۇقى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ. خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ئىككىيۈزلىمىلىكى ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن يەرلىك خەلقنىڭ ئىسلام-مەرىپەتكە بولغان ئىنتىلىشلىرى تەقىپ ئاستىغا ئېلىندى. زەلىلى خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ بۇنداق قىلمىشلىرىنى جۈڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن قوشۇپ قارىلاپ چىقتى. ئۇ «مۇناپىقلارغا ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە، تىلىمنى زۇلپىقار، ئەقلىمنى دۇلدۇل قىلىمەن. شېئىرلىدا، چىمەندىكى قۇشلاردەك نالە-پەرياد قىلىمەن» دەپ يازىدۇ.

زەلىلىنىڭ غەزەللىرىدىكى بۇ ئىجتىمائىي خاھىش ئۇنىڭ دۇنياغا بولغان ئوبيېكتىپ كۆز قارىشىدىن كېلىپ چىققانىدى. شائىر دىنىي شەرىئەتنى پەردە قىلىپ، كۆپچىلىك خەلقنى مۇناپىقلارچە ئېزىپ كېلىۋاتقان يەرلىك فېئودال ۋە روھانىلارنى ھەممىشەم پاش قىلدى. روھانىلار بولسا، ئۇنى ئۆز دائىرىسىدىن ئاجرىتىپ، چەت شەھەرلەردە سەرسانە بولۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى ۋە زاڭلىق ئارىلاش ئۇنىڭغا «تەلۋە» دېگەن نام بەردى. زەلىلى چەت يەرلەردە يۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىكنىڭ يەنىمۇ باشقا شەكىللىرىنى كۆردى. قەھرى-غەزىپى ئاشتى. شائىر ئۇزۇن يىللىق روھىي كۈرەش تەجرىبىسىدىن كېيىن، ھەقىقەتنى ھېچقانداق يوشۇرۇپ بولمايدۇ، ئۇ بىر يېنىپ تۇرغان شام چىراق دېگەن خۇلاسىگە كەلدى.

ھەقىقەت جىلبە گەردۇر① دەر ھەقىقەت يوشۇرۇپ بولماس،
مەجەز ئەھلى② زەلىلى تەلۋىگە مۇنداق قىباب ئەيلەپ.

زەلىلى ئۆز دەۋرىنىڭ ئادالەتپەرۋەر ئادەملىرى بىلەن بىرلىكتە تا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تارىخىي ھەقىقەت بىلەن ئىجتىمائىي ئادالەتنى تەشۋىق قىلىپ ئۆتتى. ھەتتا ساپ ئىشق-مۇھەببەت تېمىسىغا يېزىلغان لىرىك ئەسەر

① جىلبە — يورۇپ تۇرۇش يورۇتۇپ تۇرۇش.
② مەجەز ئەھلى — زاڭلىق قىلغۇچىلار.

لىرىدىمۇ ھېچ بولمىسا ئايرىم مىسرالىرى ياكى ئەسەرنىڭ ئومۇمىي راھى شا-
ئىرنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ئوي-پىكرىنى ئىزھار قىلماي، ئۆتەلمىدى. زەلىلى ئۆزىنىڭ
روھانىي فېئوداللار تەرىپىدىن قاتتىق تەنقىد ئاستىغا ئېلىنىشىغا قارىماي، ئىجادىي پائالىيە-
تىدە جەمئىيەت ئىچىدىكى ئەگرى-توقايلىقنى (يەنى رەھىمسىز زالىم فېئوداللارنىڭ زۇلۇم-
جاھالىتىنى) پاش قىلىپ ماڭدى. ھەتتا بىر شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغان:

ئەگرى يۈرگەن سەۋەبىدىن يىلان،
خەلق كۆزىدىن قاچادۇر بەد گۇمان.
ئەگرىلىكىدىن چىمەن ئىچىدە تىكەن،
خار تۇرۇر گەرچە گۈل ئۈزرە ۋەتەن.

زەلىلى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تارىخىدىكى ئەڭ چىگىش بىر دەۋردە ياشى-
دى. بىر تەرەپتىن فېئودال تارقاقلىق (بۇ چاغدا بىرقانچە ئۇششاق فېئودال بەگلىك-
لەرگە ئايرىلىپ كەتكەن)، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئۇرۇشلار، ئىككىنچى تەرەپ-
تىن جۇڭغار باسقۇنچىلىرىنىڭ ئەلنى ئىستىلا قىلىپ ئېلىشى شائىرنىڭ ئىجتىمائىي ئوي-
پىكرىنى قوزغاپ، ئۇنىڭ دۇنياغا بولغان كۆز قارىشىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. ئىجادىي
تەجرىبىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە پەقەت ئىشقى مۇناسىۋەت دائىرىسى بىلەن چەكلەن-
گەن شائىر كېيىنچە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە مۇراجىئەت قىلىدىغان بولدى. ئۆزىگە ئوخ-
شاش كەمبەغەل دەردمەنلەرنىڭ دەرد-ھەسرىتىنى قوشاققا قاتتى. يەنى ۋەتەنداشلى-
رىنىڭ جەبرى-جاپاغا گىرىپتار ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلدى. ئۇلارنى تاۋاپ قىلىش
شائىرنىڭ قەرزىدۇر، دېدى. شۇنداق قىلىپ زەلىلى ئىجادىنىڭ تېماتىك جەھەتتىن
خىلمۇ-خىللىقى، مەزمۇن جەھەتتىن چوڭقۇر مەنىلىكى كۈچەيدى. ئۇنىڭ شېئىرىي مىس-
رالىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى شائىر ۋەتىنىدە يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە قو-
يۇق ئارىلاشقانلىقى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت، ئىنسانپەر-
ۋەرلىك ۋە باشقا ئىجابىي خىسلەتلەر كەڭ كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

زەلىلى «ئىشق» تېمىسىدا كۆپ ئەسەر يازغان بولۇپ، بۇ ھەقتە چوڭقۇر چۈ-
شەنچىگە كەلمەي بولمايدۇ. چۈنكى، زەلىلىنىڭ ھايات يولى ئۇنى تەسەۋۋۇپ روھىدى-
كى ئىشقى شېئىرلارنى يېزىشقا ئېلىپ كەلگەن. شۇڭا تەسەۋۋۇپ روھىدا يېزىلغان شېئىر-
لارنىڭ ئۆزىدە، ئىشقى، ئىجتىمائىي-سىياسىي مەزمۇنلارنى دىداكتىكىلىق ۋاستە بىلەن
ئىپادىلەنگەن. مۇنداق شېئىرلار ئەلۋەتتە پەلسەپىۋى شېئىرلار دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ھەرقانداق شائىرنىڭ زامانىغا تۇتقان مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي پوزىتسىيىسى
ۋە كۆز قاراشلىرى بىلەن بىۋاستە ئالاقىدار بولغىنىدەك، زەلىلىمۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيى-
تىنى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئىتىكىلىق ئەخلاقىي شەرىپىگە بېغىشلىغان. تەسەۋۋۇپ
پەلسەپىسىگە خاس چۈشەنچىلەر زەلىلىنىڭ كۆپىنچە غەزەللىرىدىكى ۋە تەزكىرە (داستان)

لىرىدىكى ئاساسىي خاھىش ھېسابلىنىدۇ.

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە خاس چۈشەنچىلەرنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئىپادىسى ۋاستىسى ئىشقتۇر. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئومۇمىي كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ ئاساسىي ماۋزۇسىمۇ ئىشق مۇھەببەت ئىدى. مەزكۇر زاماننىڭ چۈشەنچىسى بويىچە، ئىشق ئىككى قات مەنىگە ئىگە بولۇپ، بىرى مەجازى ئىشق (يەنى ئىنسانغا ۋە مەۋجۇدىيەتكە بولغان زاھىرى — رېئال مۇھەببەت)، يەنە بىرى ھەقىقىي ئىشق (يەنى ئىنساننى ۋە مەۋجۇدىيەتنى ياراتقۇچى ھەقىقەتكە بولغان)، ھەرقانداق كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ نەزەرىدە، ئىشقنىڭ بۇ ئىككى تەرىپى ھېچقانداق بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى قويۇلمايدۇ. مەجازى ئىشق ھەقىقىي ئىشقنىڭ بىر ئىپادىسى سۈپىتىدە بايان قىلىنىدۇ. زەلىلىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئۇنىڭ ئىشق توغرىسىدىكى كۆز قارىشى ياكى چۈشەنچىسى ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ، ئۆز شېئىرلىرىدا، ئىشقنىڭ سەۋەبىدىن دۇنيا يارالغان. ئىشقنىڭ پەيلىدىن ئۇ دۇنيا — بۇ دۇنيا دەپ ئايرىلغان. ئىشقنىڭ تەسىرىدىن ئادەملەر كەئبىدە ياكى بۇتكەدە (بۇتخانا) دە بولغان، ئىشقنىڭ تۇغيانىدىن كىشىلەر شاراب ۋە شارابخانىنى پەيدا قىلغان، دەپ يازىدۇ.

زەلىلى شېئىرلىرىدا خۇددى باشقا كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىگە ئوخشاشلا، «ئىشق» ماۋزۇسى بىلەن باغلىق بولغان مۇھىم بىر مەسىلە — «يار» («مەشۇقە») دۇر. زەلىلى غەزەللىرىدىمۇ لىرىكىلىق قەھرىمان «مەن» («ئىشق») ۋە «يار» («مەشۇق».) ۋاستىسى بىلەن بېرىلگەن. «مەن» — شائىر ئۆزى بولسا، «يار» مۇ خۇددى «ئىشق» دەك ئىككى تەرەپلىمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ: تار مەنىدە، «يار» — «مەن» نىڭ سۆيگىنى، كەڭ مەنىدە بولسا، «يار» — «مەن» نىڭ دوستى، ھەمدەمى، بۇرادىرىدۇر. زەلىلى غەزەللىرىدىكى «يار» كۆپىنچە «مەن» ۋە «دەھرى ئېلى» (زامان ئەھلى) ۋاستىلىرى بىلەن كەڭ مەنىدە ئىشلىتىلگەن.

زەلىلى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇستازلىرىغا ئوخشاش، «ئىشق» مەسىلىسىدە، ھېچقانداق كىشىدە ئىمتىياز بولمايدۇ دېگەن چۈشەنچىنى ئالغا سۈرىدۇ، مەسىلەن، زامانە ئەھلى (ئالەم ئەھلى) دېگىنىدە، گادايدىن تارتىپ تاكى خاقانغىچە، نادانىدىن تارتىپ تاكى ئۆلۈماغىچە، پاسىقتىن تارتىپ تاكى پارزىلغىچە بولغان ھەممە ئىنسان نەزەردە تۇتۇلغان. ئىشقى غەزەلدىكى لىرىكىلىق قەھرىمان — «مەن» (ئاشىق) نىڭ ھەقىقىي پەزىلىتى ۋاپادارلىق، مەردلىك قىلىپ كۆرسىتىلگەن.

زەلىلىنىڭ ئومۇمىي نۇقتىئىنەزەرى بويىچە، «ئاشىق» نوقۇل «كۆيدۈم»، «ئۆچتۈم» دەيدىغان تار مەنىدىكى «ئاشىق» بولماستىن، بەلكى يۈكسەك غايىلىك (تەسەۋۋۇپچىلىق ئارقىلىق خۇنۇكلەشتۈرۈلۈپ، بۇ دۇنيانى تەرك ئېتىش ھېسابىغا يېتىشمەك بولغان غايە ئەمەس، بەلكى دىنداكتىكىلىق چۈشەنچە بويىچە توغرا يول بىلەن ئىنسانىي بۇرچىنى ئۆتەپ مەڭگۈلۈك راھەت كۆرۈدىغان باقىيلىق غايىسىگە ئىگە بولغان) ۋاپادار ئاشىقتۇر.

شۇڭا زەلىلىنىڭ شېئىرلىرىدا «ۋاپا» ۋە «مەدەتكارلىق» ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. ئۇ ھەتتا ئۆز ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان ۋاپاسىزلارنى «مۇناپىق» دەپ «تىل تىغى» بىلەن جازالايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

زەلىلى «ھەقىقىي ئىشق» كويىدا يۈرگەن «دەرۋىش» سۈپەت «ئاشىق شائىر» بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن «خۇدبىن زاھىتلار» ۋە «رىياكار شەيخلەر»گە نەپرەت بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى «تائەت-ئىبادەتنى جان بېقىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىۋالغان تاماخورلار» ۋە «مەنمەنلىك ۋە ئىككى يۈزلىمىلىكنى كەسىپ قىلغان كۆز-كۆزچىلەر» (ئۇجى ۋە رىيادىن سۆھبەت قىلىدىغان مەجازى شەيخلەر) دەپ قاتتىق قامچىلايدۇ.

شائىر زەلىلى، ئىجتىمائىي ئەخلاقتا ئالاھىدە نەزەر ئاغدۇرۇپ، كىشىلەرنى سۆز-ھەرىكەتتە ھەمىشە راستچىل بولۇشقا، لاپ ئۇرماسلىققا ناھايىتى چىرايلىق ئوخشىتىشلىرى بىلەن دەۋەت قىلىدۇ. مەسىلەن، «سەپەرنامە» داستانىدا يالغانچى، تۈزنى ئەگرى قىلىپ كۆرسىتىدىغان ياغلامچىلارنى ئىنىدە ياتىدىغان يىلانغا، چىرايلىق گۈللەر ئارىسىدىكى تىكەنگە ئوخشىتىدۇ.

زەلىلى ئۆز شېئىرلىرىدا، ئىنساپ، ئادالەتنى تەرغىپ قىلىدۇ ۋە ھۆكۈمرانلارنى ئادىل بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ؛ مال-دۇنيا توپلاشقا ۋە ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ پۇقرالارغا زۇلۇم سالغان پادىشاھلارنى بولسا، «قارغۇ»، «ئىمانسىز»لار دەپ تەنقىدلەيدۇ. زەلىلى يەنە ئادەمنىڭ ياخشى-يامىنى ئەمەلىيەتتە كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە سىنىلىدىغانلىقىنى، ھەقىقىي ئادەمنى پەقەت ھەقىقىي ئادەم تونۇيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

زەلىلى غەزەللىرىدە ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە ئەل-يۇرت سۆيەرلىك، ئۆزى تۇغۇلغان يۇرتقا، سۈيىنى ئىچكەن ۋە تۇزىنى يېگەن شەھەرلەرگە قىزغىن مۇھەببەت ئالاھىدە ئىشتىياق بىلەن ئىزھار قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ يەركەن بىلەن خوتەننى چوڭقۇر مۇھەببەت تۇيغۇسى ۋە پاساھەتلىك تىلى بىلەن تەرىپلەيدۇ. يەركەننى پۈتۈن 18 شەھەرنىڭ كۆزى دېسە، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب-ئەجەم شائىرلىرى نەزەرىدە «چىنى ماچىن» دەپ ئاتالغان خوتەننى «ھەممە يارنىڭ پىداسى» دەپ تەۋسىپلەيدۇ. يەركەن ۋە خوتەنلەرنىڭ ئاۋات رەستىلىرىنى، ئەلۋان-تۈرلۈك نازۇ-نېمەتلىرى ۋە مال-ماتالار بىلەن تولغان بازارلىرىنى، ھەتتا چىرايلىق ھۆسنلىرى جىمى كىشىلەرنى ھاڭ-تاڭ قىلغان «گۈزەل جانانلىرى»نى ئاجايىپ ئوخشىتىشلىرى ۋە ئاقىسىق ئىبارىلىرى بىلەن تەسۋىرلەيدۇ.

## زەلىلىنىڭ «سەپەرنامە» داستانى

زەلىلى تەزكىرە ۋە داستانچىلىقتا ئالاھىدە دىققەت نەزەرىنى بەرگەن شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ «چىلتەن تەزكىرىسى»، «خوجا مۇھەممەد شېرىپ بۇزرۇكۋار تەزكىرىسى» ۋە «سەپەرنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرى مانا مۇشۇنىڭ جۈملىسىدۇر.

«سەپەرنامە» زەلىلىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت ساھەسىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان

ئەسەر. «سەپەرنامە» شائىر زەلىلىنىڭ دەرۋىشلىك ھاياتىنىڭ ئالاھىدە مۇھىتى ئىچىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىي تېما قىلىنغان. بۇ داستان ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. بىرىنچى قىسمى مۇناجات، يەنى تەڭرى، پەيغەمبەر- ھەرگە مەدھىيە ۋە ھەمدۇ-سانا ئوقۇپ، ئەۋلىيالار تەرىپى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىدۇ. ئىككىنچى قىسمى، ئۆز يۇرتى يەركەننىڭ تەرىپىنى قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر ۋە ئاتۇش مەشھەتكە بولغان سەپىرىنىڭ بايانىنى سۆزلەيدۇ. ئۈچىنچى قىسمىدا بولسا، يەركەنگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى ۋە كېيىن ئىنىسى دەلىلى بىلەن خوتەن تەرەپكە قىلغان ساياھىتىنىڭ جەريانىنى يازىدۇ.

زەلىلى «سەپەرنامە» دە گەرچە ئەۋلىيالار مازىرىنى زىيارەت قىلىشنى مەقسەت قىلدىم دېسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ ئەمەلىي بايانى بۇ مەقسەتتىن ناھايىتى يىراققا ھالقىپ كەتكەن. بۇ ئەسەردە، شائىر ئۆزىنىڭ كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى، كەزگەن شەھەر، يېزىلارنىڭ ئەھۋالى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئەسلىمىلىرى توغرىسىدا كەڭ بايان بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا زەلىلى بەزىبىر تارىخىي ۋەقە ۋە شەخسلەر، مازار-ماشايىقلار ۋە ئەپسانە-رىۋايەتلەر ھەققىدىمۇ، كۆرگەن جايلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى توغرىسىدىمۇ توختىلىپ ئۆتىدۇ. رېئالىست شائىر ھەرقاچان خەلق بىلەن ھەمنەپەس، خەلق بىلەن تەقدىرداش بولىدۇ. ئۇنىڭ خەلق بىلەن يېقىنلىقى ئۇنى يەنىلا خەلق تۇرمۇشىنىڭ بۇلىقىغا ئېلىپ كىرگەن بولۇپ، داستاندا ئۇنىڭ خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولغان ئاۋازى كۈچلۈك جاراڭلايدۇ.

داستاندا باشتىن-ئاخىر شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ۋە ئەل سۆيەرلىكى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. شائىر تۇغۇلغان يۇرتى يەركەننى ئۇلۇغلاپ «شاھىن شاھ»، «بەختكانى» دېسە، قارىغاشنى «ماچىننىڭ قۇياشى»، دەيدۇ. شائىر ئۆز ئانا تۇپرىقىنىڭ تاشلىرىنى «مۇشكى سىمەندىن ئارتۇق»، يېزىلىرىنى «جەننەتتىن كۆركەم، سۈتلىسە شەربەت بېرىدۇ» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. شائىر ئۆزى مۇھەببەت قويغان گۈزەللەرنى (ئۆز ۋەتىنىدىكى ئادەمنى) كۆيلىگەندە، ئۇلارنىڭ «ئەگمە قېشىغا زاھىتلار سەجدە قىلىدۇ، شەيخلەر بولسا پەدەر قاچىدۇ» دەپ يازىدۇ.

زەلىلى داستانىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز غەزەللىرىدە كۈيلىگىنىدەك، بىۋاپا زاماندىن شىكايەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ پەقىر-غېرىب ھالىغا ئېچىنىدۇ.

داستان دەۋر چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بەزى نۇقسانلاردىن خالى ئەمەس، بۇلار پەقەت توغرا مۇئامىلە قىلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. زەلىلىنىڭ كۆپچىلىك شېئىرلىرىدا ئايرىم گۇمانىستىك قاراشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەندىن باشقا، ئومۇمەن ئۇنىڭ ھاياتىدا پانتېئىزم① پوزىتسىيىسى تۇتقانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى شائىر

① پانتېئىزم — تەڭرى ھەممىنى ياراتقۇچى، تەڭرى بىلەن تەبىئەت بىرنەرسە دەپ قارايدىغان دىنىي — پەلسەپەۋى تەلىمات.

ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ خېلى سالمىقىنى «ئەۋلىيالار» نىڭ تەرجىمىھاللىرىنى يېزىشقا ۋە «ھەمدۇ سانا» غا سەرپ قىلغان. زەلىلى شېئىرلىرىدا ھەربىر ھەرپ ھەمدە ياكى نەئىت خاراكتېرىدىكى غەزەللەر ياكى بېيىتلار بىلەن باغلانغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. دەرۋەقە بۇ پەقەت زەلىلىگىلا خاس خاھىش ئەمەس، شۇ زامان شائىرلىرىغا ئومۇمىي خاراكتېر بولغان مىستىتسىزم① قارىشىنىڭ زەلىلىدىكى قىنىق ئىپادىسى. شۇڭا، زەلىلى شېئىرىغا تارىخىي ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەردە قاراپ، ئۇنىڭدىكى ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەدەپ - ئەخلاقىغا تەئەللۇق بولغان ئىلغار ئامىللارنى، شۇ زاماندىكى ھاياتنىڭ ئومۇمىي تەسۋىرىنى مەنزىرىسىنى (جەمئىيەتتە ھۆكۈمران بولغان قاراش، ئەخلاقىي ئۆلچەم، ئادەملەر ئارا مۇئامىلە مىزانى) ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەلۇم جەھەتلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، پايدىلىق ئوزۇقلۇق قىسمىنى قوبۇل قىلىمىز.

ئومۇمەن، زەلىلى رېئالىست شائىر ئىدى. ئۇ ئەمگەكچى خەلقنى ئۇلۇغلاپ، زالىم مۇناپىقلارنى قامچىلايدۇ، باي - تۆرىلەرنى ئەرزىمەس بىر خەس، دەپ قارايدۇ. شائىرنىڭ خوجىلار ئۆكتەملىشىپ كەتكەن ئەشۇ شارائىتتا، فېئوداللىق جەمئىيەت ئەزىز، دەپ قارىغان بەگ - تۆرىلەرنى خەسكە ئوخشىتىشى ۋە فېئوداللار تەرىپىدىن كەمسىتىلىپ، زۇلۇم ئوچىقىغا تاشلانغان دېھقانلار تەبىقىسىنى ئالەمگە ئۇنچە چېچىپ بايلىق ياراتقۇچى، ئوت ئالدىدىكى سەمەندەر دەپ قارىشى فېئوداليزم ئىدىيىۋى ئاساستىنى بۆسۈپ تاشلىغانلىق بولۇپ، ئۇنى ئەينى زاماندىكى يۈكسەك، ئىلغار بىر ئىدىيىۋى پەللە دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

زەلىلىنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى

زەلىلى ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ئىجادىيىتى بىلەن XVIII ئەسىردىكى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىدىن ھۆرمەتلىك ئورۇن ئالدى. بۇ ھۆرمەتكە شائىر ئالدى بىلەن ۋەتەنداشلىرىنىڭ مۇڭ - زارىغا يار - يۆلەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ئۈمىدلىرىنى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ غەزەللىرىدە ئىپادە قىلىش ئارقىلىق يەتتى. گەرچە زەلىلى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تارىخىنىڭ ئەشەددىي جاھالەت دەۋرىدە ياشاپ ئىجاد قىلسىمۇ، لېكىن، زاھىتلىققا بېرىلمەي، ئۆزىنىڭ كۆپچىلىك ئەسەرلىرىدە ئىنسانپەرلىككە خاس خەلقچىللىق، ئادالەت ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىلەرنى ئالغا سۈردى. قاراڭغۇ جاھالەت چاڭگىلىدا چىرمىشىپ ياتقان دەردمەن خەلقنى يورۇقلۇققا چىقىرىشنىڭ تەشەببۇسچىلىرىدىن بولدى. شۇڭا ئۇنى، ئۇيغۇر خەلقى ھۆرمەتلىدى. ئۇنى ئەكسىيەتچى روھانىلار «چۆلدە كەتكەن تەلۋە» دەپ كەمسىتمەكچى بولغانلىقى، خەلق: بىزلەرگە مۇڭداشقىلى زەلىلىدەك ناتىۋان كېرەك، دېدى.

زەلىلى ھەمىشە جەھەتتىن خەلققە يېقىن ئىدى. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆ-

① مىستىتسىزم — تەبىئەتتىن تاشقىرى سىرلىق ئالەمگە ئىشىنىش تەلىماتى، بۇ سىرنى بىلىپ بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

تۇش كېرەككى، زەلىلىنىڭ تىلى ئاددىي، خەلققە چۈشىنىشلىك بولۇپ، ئۇ جانلىق خەلق تىلىدىكى ئوبرازلىق ئىبارىلەردىن كەڭ پايدىلانىدى. ئۇنىڭ لىرىكىلىرى خەلق تىلىغا باي. زەلىلى تىلىنىڭ روشەنلىكى ئۇنىڭ غەزەل ۋە مۇخەممەسلىرىنى يىغىنچاق، يەنى ئاز سۆز بىلەن نۇرغۇن مەنا بېرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قىلدى. زەلىلىنىڭ بەدىئىي سەنئەتكارلىقى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ پوئېتىك ئۇسلۇبىدا ئالاھىدە كۆرۈلىدۇ. شېئىرىيەتتىكى ۋەزىن، ئاھاڭ، قاپىيە ۋە رادىف مەسىلىلىرى زەلىلىدە تەدرىجىي ئورۇن ئالدى. بۇ سۆز سەنئىتىگە جىددىي ئېتىبار بەردى. شۇڭا ئۇنىڭ كۆپچىلىك شېئىرلىرى ئۆزىنىڭ ئاھاڭدارلىقى ۋە راۋانلىقى بىلەن پەرق قىلىدۇ. زەلىلىنىڭ نۇرغۇنلىغان غەزەللىرى نەغمىگە ئېلىنىپ، خەلق ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ كەتتى، «12 مۇقام» تەركىبىگە كىردى.

زەلىلى ئەرەب ۋە پارس ئەدەبىياتى بىلەن ياخشى تونۇش بولۇپ، ئۆزىمۇ پارسچە شېئىرلارنى يازدى. زەلىلىگە شۇ دەۋردىكى ئەدەبىي مۇھىتنىڭ تەسىر قىلماي ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ تەسۋىرىي ۋاسىتىلىرىدىن تولۇق پايدىلاندى. لېكىن زەلىلى ئىجادىيىتىنىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ كونا تەسۋىرىي ۋاسىتىلاردىن ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن چەكلىنىپ قېلىشتا ئەمەس، بەلكى يېڭى شارائىتتىكى خىلمۇ خىل تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى تەسۋىرلەش، ئىلغار ئوي - پىكىرلەرنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بەدىئىي چېۋەرلىكىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. زەلىلى ئۆزىنىڭ غەزەللىرىدە تۈرلۈك بەدىئىي ئۇسۇللارنى، تەسۋىرىي ۋاسىتىلارنى قوللىنىپ ئۆزىگە خاس پوئېتىك ئوبرازلارنى ياراتتى. شائىر بۇ ئوبرازلار ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئۈستۈنلۈكىنى ئىپادە قىلىپ بېرىشكە تىرىشتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى گۈزەل ئوخشىتىشلار، كىنايە، مۇبالىغە ۋە باشقا تەسۋىرىي ۋاسىتىلار شائىرنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئۇ «ناگاھ ئۆزۈڭنى كۆردۈم قالدىم بۇ بالاغا» دېگەن غەزىلىدە ئادەم بالىسىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تۈرلۈك ئوخشىتىش ۋە تەسۋىرىي ۋاسىتىلار ئارقىلىق ئىپادە قىلدى. مەسىلەن، ئادەمنىڭ ئېككى قېشىنى - ئوقياغا، قەددى - قامىتىنى قۇرغۇيغا، كۆزىنى - قارچۇغىغا ئوخشاتتى. شائىردىكى بۇ خۇسۇسىيەت ئۇنىڭ ھەر شېئىرىدا ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا بېرىلىدۇ. مەسىلەن، زەلىلى «باختى باھارگۈل» دېگەن لىرىك غەزىلىدە نەغمە - ناۋانى باغدىكى قىزىل گۈلنىڭ ھۆسنى - گۈزەللىكىگە، گۈلنىڭ خۇش پۇرىقىنى بولسا نەغمە - ناۋانىڭ مۇڭ - زارىغا قىياس قىلىپ، كۆڭلىدە ھاسىل بولغان تەسۋىرلىرىنى بايان قىلدى.

شائىر خەلققە بەدىئىي تەسىر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىپادە قىلماقچى بولغان ئوي-پىكىرىنى يۇقىرىقىدەك ئورىگىنال ئوبراز يارىتىش ۋە سۈپەتلەشلەر ئارقىلىق پوئېتىك سۆز نۇتقىدىن كەڭ پايدىلاندى. شۇنداق قىلىپ، زەلىلىنىڭ تىل بايلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇبىنى ياراتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى جانلىق ۋە ئوبپېتىمى -

تىڭ مىسرالار شائىرنىڭ تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئۆگىنىش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ئۆزۈن يىللىق ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ خۇلاسىسى ئىدى.

زەلىلى كەلگۈسىگە چوڭ ئىشەنچ بىلەن قارىدى. ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزىگە ئوخشاش ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ ئىشى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلىقىغا ئەستايىدىل قانائەت ھاسىل قىلدى. زەلىلىنىڭ ئىشەنچى ئەمەلگە ئاشتى. ئۇنىڭ ئىجادىي ھازىر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي مىراسىغا ئايلاندى.

## 4- موللا ئەلەم شەھيارى ۋە ئۇنىڭ «گۈل ۋە بولبول» داستانى

مۇھەممەد ئەبۇ سالاھىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانى بىلەن خىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» داستانىدىن بىر ئەسىر كېيىن، موللا ئەلەم شەھيارى ئوخشاش تېمىدا «گۈل ۋە بۇلبۇل» دېگەن داستاننى يېزىپ چىقتى.

بۇ داستانلارنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش: ئىشقى - رومانتىك مەسىلىلەر تەسۋىرلىنىدۇ. داستاندا ئىپادىلەنگەن ئاساسىي ۋە سەلبىي قەھرىمانلارمۇ بۇلبۇل، قىزىل گۈل ۋە سابانىڭ قاتنىشىشى بىلەن سىمۋوللۇق ئوبرازلار تەرىقىسىدە بېرىلگەن. ئومۇمەن ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمكى، موللا ئەلەم شەھيارىنىڭ داستانى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» نىڭ بىۋاسىتە، كۈچلۈك تەسىرى بىلەن يېزىلغان. موللا ئەلەم شەھيارى زور شائىر خىرقىتىنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتقان ھالدا ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىكى خەلقچىللىقنى، شېئىرىيەتتىكى ماھىرلىقىنى تولىقى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈپ كېلىشكە تىرىشتى. لېكىن، «گۈل ۋە بۇلبۇل» نىڭ ئۆزگىچىلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، داستاننىڭ سۇژېت قۇرۇلۇشىدا پەرق بار. بۇ پەرق داستاندىكى پېرسوناژلارنىڭ ئۆزئارا كومپىلېكتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي ۋە ئىچكى كۆچۈرمىلىرىدىن ئىبارەت.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ھەر ئىككى شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىگە پارىشا چىقارغان ئىجتىمائىي خۇلاسىسى ئوخشاش بولۇپ، «يامانلار سۆھبىتىگە ھەرگىز داخىل بولما، چۈنكى ئۇلارنىڭ سۆھبىتى پىتنە - پاسات تېرىيدۇ» دەيدۇ.

موللا ئەلەم شەھيارى «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىنى ھىجرىيە 1153 - يىلى (مىلادى 1740 - يىلى) يېزىپ چىققان بولۇپ، 1500 مىسرادىن ئارتۇق، ئارزۇ ۋەزىنىنىڭ «مۇتەقارىب» (پەئۇلۇن، پەئۇلۇن، پەئەلۇن، پەئۇل) مەھرىدە مەسنەۋىي شەكىل بىلەن يېزىلغان.

شۇنىسى ئەسكەرتىشكە توغرا كېلىدۇكى، مۇھەممەد ئەبۇ سالاھى ۋە خىرقىتى خوجىلار دەۋرىنىڭ بېشىدا ياشىغان، موللا ئەلەم شەھيارى ئاخىرقى مەزگىلدە ياشىغان. موللا ئەلەم شەھيارى يۇقىرىقى ئىككى شائىرغا قارىغاندا بىشەم، مۇتىھەم خوجىلارنىڭ يۈز يىللاپ خالىغانچە دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرگەن، شۇڭا، موللا ئەلەم شەھيارى يازغان «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىنىڭ تېندېنسىيۋىلىكى دەۋر قىياپىتىگە

بېقىپ، ئىلغار پىكىرلىك، تەرەققىيپەرۋەر شائىرنىڭ قەلىمى بىلەن تېخىمۇ روشەنلەشكەنلىكىدە گۇمان بولمىسا كېرەك.

## 5. ئەرشى

ئەرشى- خوجا ياقۇپ (خوجا جاھان) دېگەن كىشىنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى. تارىخشۇناس ۋە ئەدىب مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» دېگەن ئەسىرىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەرشى- قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ ئاقساقىلى خوجا ئىسھاق (خوجا كالان) نىڭ نەۋرىسى دانىيال خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا ياقۇپ (خوجا جاھان) بولۇپ، ?1730- يىللىرىدىن 1736- يىلىغىچە ئالتە شەھەرنىڭ خانى بولغان.

خوجا جاھان گەرچە جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ كاتتىباشى غالدان-سېرىننىڭ ھىمايىسى ئاستىدا دەسلەپ يەركەنگە خان بولغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئالتە شەھەرنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇشقا مۇۋەپپەق بولغان. چۈنكى دانىيال خوجىنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە ھەممىدىن چوڭ، شۇنداقلا ئەقىللىق، زېرەك، شان-شۆھرەت، ئىناۋىتىمۇ يۇقىرى ھېسابلانغان خوجا جاھان ئاتىسىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئىنىلىرى — قەشقەرگە خان بولغان يۈسۈپ، ئاقسۇغا خان بولغان خوجا ئەييۇپ، خوتەنگە خان بولغان خوجا ئابدۇللالارنى ئاتا ئورنىدا مەسئۇل بولۇپ تەربىيە قىلغان بولغاچقا، ئىنىلىرى ئۇنى ئۆزلىرى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئەمەلدار دەپ قارىماي، بەلكى ئاتا يوللۇق كىشى ساناپ، ئۆز دائىرىسىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئۇنىڭ يوليورۇقى بىلەن باشقۇردى. خوجا جاھانمۇ كۆڭلى يۇمشاق، ئاق كۆڭۈل، ساددا، خەلقپەرۋەر كىشى بولغاچقا ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى خەلق رايىغا قاراپ بېجىردى. شۇنداق بولغاچقا خوجا جاھان دەۋرىدە خەلق خاتىرجەم ياشىدى. ئۇ شەرىئەت ھۆكمىنى مىزان قىلىپ تۇرۇپ، يۇرتنى ئەدلى-ئادالەت بىلەن سوردى. پۇقرالارنىڭ مەنپەئىتى ۋە تىنچ-ئامانلىقىنى قوغدىدى. ھەر ھەپتىدە بىر كۈن دەرد-ئەھۋال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى بىۋاستە قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاھۇ-زارىغا يەتتى. پۇقرالارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈپ، ئازار بەرگۈچىلەرنى قاتتىق جازالىدى. بازارلارنى نازارەتچى قويۇپ، جىڭ — تارازىلارنىڭ توغرا بېجىرىلىشىنى تەمىن ئەتتى. ئاپپاق خوجىنىڭ زۇلۇم سىتەملىرىگە تاقەت قىلالماي كەشمىر، ئافغانىستان، پەرغانە تەرەپلەرگە مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتكەنلەرنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ، ئۆي-ماكان، يەر-جاي، مال-مۈلۈك بېرىپ ئورۇنلاشتۇردى. شەھەر تەمىراتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاپ، گۈزەل ۋە ئاۋات قىلدى. شەھەرلەر ئارا قاتناشنى راۋانلاشتۇردى. خوجا جاھان تەرەققىيپەرۋەر، ئىلىم-مەرىپەتنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئىلىم ئەھلىنى قوللايدىغان كىشى بولغاچقا، ئۇ مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، نۆبىتى، ھاجىبى ئابدۇللا، خوجا سىدىق (فۇتۇھى) غا

ئوخشاش ئالىم، ئۆلىما، ئەھلى دانىشلارنى ئەتراپىغا توپلاپ، ئۇلارغا يېقىندىن يار - يۆلەكتە بولدى. گۈزەل باغلارنى بىنا قىلدۇرۇپ، ياز ئايلىرى ئالىم - ئۆلىمالارنى يىغىپ، مەشرەپ، بەزمىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولدى. تارىختا ئۆتكەن پادىشاھلار، پەيغەمبەرلەر ۋە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئەھۋاللىرى يېزىلغان بىر قىسىم كىتابلارنى ئەرەب ۋە پارسچىدىن تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ، مۇتالىيە ھەم مۇنازىرىلەرگە ئۇيۇشتۇردى؛ يازغۇچى، شائىرلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان كۈنلىرىدە ئۆزىمۇ يازغان ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، ياخشى يازغانلارنى خانلىق نامىدىن مۇكاپاتلاپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىلھام بەردى. مۇھەممەد سىدىق زەلىلىنىڭ خوجاجاھاننى ئۆزىگە ئەڭ يېقىن دوست تۇتۇشى ھەمدە مەركىزىي فېئودال ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۇنىڭ قولىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان خوجا بۇرھانىدىننى قاتتىق ئەيىبلەپ، خوجا جاھان ھاكىمىيىتىنى ھىمايە قىلىش بىكار ئەمەستۇر.

خوجا جاھان، يەنە ما ئارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، شەرىئەت ئىشلىرىنى كۈچەيتىش يۈزىدىن ھەرقايسى شەھەرلەردە جامە، مەدرىس، خانىقالارنى بىنا قىلدۇردى. ھەمدە ھەر ھەپتىنىڭ چارشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى يەركەن شەھەر ئىچىدىكى بەزى مەدرىسلەرگە بېرىپ، دەرس ئاڭلاپ، ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىغا زور مەدەت بەردى. پېشقەدەم، قابىلىيەتلىك مۇدەررىسلەرنى، تىرىشچان، زېرەك تالىپلارنى ئىلىمگە رىغبەتلەندۇرۇش يۈزىسىدىن پات - پات مۇكاپاتلاپ تۇردى. ياقا يۇرتلاردىن كەلگەن تالىپلارنىڭ تۇرمۇشىدىن ھەر ئايدا خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ئۆگىنىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

دېمەك، شاھزادە خوجاجاھان 25 يىل ئۆپچۆرىسىدە يۇرت سوراش جەريانىدا ئۆزىنىڭ چەكسىز ئەقىل - پاراستىنى، تالانت ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەم ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۇقرالارنى جۇڭغارلارنىڭ قىرغىنچىلىقى ۋە بۇلاڭ - تالاڭدىن خالى ھالدا تىنچ، ئاسايىشلىقتا ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئىلىم - مەرىپەتنى گۈللەندۈرۈپ، مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇردى. شەرىئەت ھۆكمىنى جارى ئەتتۈرۈپ، ئىسلامنى راۋاجلاندۇردى، شۇنداق قىلىپ، خوجا جاھان خوجىلار بىلەن جۇڭغارلارنىڭ بىرلەشمە ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن بۇيانقى 77 يىل مابەينىدە سەئىدىيلەر دەۋرىدىكى مەدەنىي ھايات بىلەن نىسبەتەن تەڭ بولغان خېلىلا مەرىپەتلىك دەۋرنى بەرپا قىلدى.

ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ ئاتارمەنى خوجا بۇرھانىدىن مانجۇ فېئوداللىرىنىڭ ئۈستۈن ھەربىي كۈچىنى باشلاپ، خىلمۇ خىل نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ، ھەر خىل ئامىللارنىڭ تاسادىپىي ماسلىشىپ قېلىشى بىلەن خوجا جاھاندىن ئالتە شەھەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان، خوجا جاھان ھىجرىيە 1272 - يىلى (مىلادى 1755 —

1756 - يىللىرى) قەھرىتان قىش ئايلىرىدا (12- ئايلاردا) 17 نەپەر ھەمراسى بىلەن ئەسىرلىكتە ئاچلىقتىن مۇزلاپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ تارىختا ئىشلىگەن بىر تالاي تەرەققىپەرۋەر خىزمەتلىرى خەلق ئارىسىدا مەڭگۈ يادلىنىپ قالدى. شۇنداقلا، ئۇ يېزىپ قالدۇرغان گۈزەل ۋە جەڭگىۋار بىر قىسىم شېئىرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ قان بىلەن بويالغان خوجىلار دەۋرى سەھىپىسىدە ئۆزگىچە ئورۇن تۇتۇپ، مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ تۇرماقتا.

«تارىخى نادىرىيە» دېگەن كىتابتىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خوجا جاھان ئەرشى «شائىرلار بىللە بىلەن ئولتۇرۇپ، شېئىر ۋە ئەدەبىياتلارنى ئىلغار پىكىرلىك شائىرلارغا ئىلتىپات ئەيلەپ، شاھانە لىباسلارنى كىيدۈرۈپ، زىننەتلەپ چىققان» ۋە ئۆزىمۇ «نەزم دۇرلىرىنى مەشىققە ئېلىپ؛ كۆكۈللەر خىرمەنىگە ئوت سالغۇدەك قەسىدە، شېئىرلارنى توقىغان» تالانتلىق لىرىك شائىرى ئىدى.

خوجا جاھان ئەرشى ياش ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئۇ بالىلىق دەۋرىدىلا ئەدەبىياتقا قىزغىن ئىشتىياق باغلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىغا ھۆرمەت بىلەن قاراپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر ناۋايىنىڭ ئەسەرلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. ناۋايىنى ئۇستاز تۇتقان ھالدا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى چوڭقۇر ۋە ئەستايىدىل تەتقىق قىلغان. ناۋايى شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەن. ئۇ بىر غەزىلىدە ناۋايىنىڭ «لىسانۇتتەير» ئەسىرىدىن چوڭقۇر تەسىر ۋە ئىلھام ئالغانلىقىنى بايان قىلسا، «چەگتى» رادىپلىك يەنە بىر غەزىلىدە ناۋايىغا بولغان يۈكسەك ھۆرمىتىنى ۋە ئۆزىنىڭمۇ ناۋايى ئىزىدىن ماڭىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان ئەرشى شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي ماۋزۇسى ئىشق-مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئاپتور بۇ تېمىسىنى بىردە ئۆزىنىڭ مۇھەببەتكە بولغان ۋاپادارلىق، ساداقەتمەنلىك تۇيغۇلىرىنى، ياردىن جۇدا بولغاندىن كېيىنكى ھىجران تۇيغۇسىنى، يار ۋىسالىغا يېتىش يولىدىكى تەلپۈنۈش ۋە ئىنتىزارلىقلىرىنى، چىرايلىق ئوخشىتىش شەكلى بىلەن ئوبرازلىق قىلىپ، ئەكس ئەتتۈرسە، بىردە بۇ تېمىنى ۋاپاسىزلىق، ساداقەتسىزلىكنى كەسكىن تەنقىد قىلىش، ئەيىبلەش ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرىدۇ.

ئەرشى ئەينى رېئاللىقتىن قاتتىق زارلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئېيتالمىغان ئوي-پىكىرلىرىنى ئىجادىيىتىدە ئېيتىشقا تىرىشىدۇ. يەنى ئۇ: «مەندەك غېرىب ناتىۋانغا پەلەك جەبىر-جاپا يەتكۈزدى، ئىختىيارىم يوق ئىشلارنى قىلىشقا پەلەك گىرىپتار قىلدى» دەپ زارلىنىدۇ.

ئەرشى ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئىدى. ئۇنىڭ پارسچە، ئۇيغۇرچە يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى مۇھەببەت ماۋزۇسىغا بېغىشلىنىپلا قالماستىن، ئانا يەر تۇغرى-

لىق شېئىرلىرىنىمۇ قالدۇرۇپ كەتكەن. ئەينى چاغدا ۋەتىنىنىڭ تەقدىرى ئەرشىنى كۆپ تەشۋىشلەندۈردى. ئۇ، ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى، تەۋرىنىشىنى شېئىر ئارقىلىق ئىزهار قىلغان. شائىر مانجۇ فېئودال ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شىنجاڭغا چاڭ سېلىشىنى ئالدىنئالا ھېس قىلغان. بۇ خىل ئەھۋال شائىرنىڭ يۈرىكىدە دەھشەت ۋە تەشۋىش پەيدا قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر «ھازىر بولغىن، كۆڭۈل، جانغا بالا - قازالار كېلىۋاتىدۇ» دەپ قايغۇرىدۇ.

شائىر ۋەتىنىگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى مۇڭلۇق ئويلار، غەمكىن تۇيغۇلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەرشى شېئىرىيىتىدىكى بۇ خىل خۇسۇسىيەت ئايرىم پەيتلەردە نالە قىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. ئومۇمەن ئەرشى شېئىرىيىتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئويلار، تەۋرىنىش، تولغۇنۇشلار كېيىنكى شائىرلار ئۈچۈن، دادىل پىكىر بايان قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىرنىڭ ئىجادىيىتى ئەدەبىيات تارىخىدا ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ھېسابلانماقتا.

## 6 - خاراباتى ۋە «كۇللىيات مەسنەۋىي خاراباتى»

مۇتەپەككۇر شائىر مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى (1638 — 1730) خوجىلار دەۋرىنىڭ زۇلمەتلىك ئاسمىنىدا پارلىغان يورۇق يۇلتۇز ئىدى.

خاراباتى سەئىدىيە خانلىقى ئوردا ئىچىدىكى نىزالار، تەخت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان قانلىق جەڭلەر، سوپىچىلىقنىڭ ھاكىمىيەتكە بىۋاسىتە قول سېلىشى، «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» سىياسىي، دىنىي مەزھىپىنىڭ ئاشكارا غەلىيان كۆتۈرۈشى، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تۇرپان، قارا شەھەر ئەتراپىدىكى تەھدىتىگە دۇچ كەلگەن دەۋردە ياشىدى. ئابدۇللاخان گەرچە ئوبۇل مۇھەممەدخان باشچىلىقىدا قومۇلدىن بايىغىچە بولغان كەڭ لىنىيىدە جۇڭغارلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش، رۇستەم سۇلتان بەگ باشچىلىقىدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ قەشقەر، يەركەنگە باستۇرۇپ كىرىشىگە زەربە بېرىپ چېكىندۈرۈش ۋە مانجۇ ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تىكلەش (1665 - يىل) جەھەتلەردە زور جاسارەت كۆرسەتكەن بولسىمۇ، دۆلەت ئىشلىرىدا غايەت زور خاتالىقلارغا يول قويدى. ئۇ يەھيا خوجىغا مۇرىت بولۇپ، پىكىردە قاتتىق گۇمانخورلۇق يولىنى تۇتتى. ھەر خىل پىتنە - ئىغۋالارغا ئىشىنىپ يارامىلىق خادىملارنى چەتكە قاقتى. ئىسمائىلخان دەۋرىگە يەتكەندە ھىدايىتۇللا ئاپپاق خوجىنىڭ قوزغىغان دىنىي، سىياسىي پىتنىسى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. تاشقى جەھەتتە ئۇلۇغ موغۇل خانلىقى ھالاكەت گىردابىغا يېقىنلاپ قالغانىدى. چار پادىشاھلىقى ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغانچە ئىچكىرىلەپ بارماقتا ئىدى. ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دەۋرىدە ئەھۋال تېخىمۇ پاجىئەلىك تۈس ئېلىشقا باشلىدى. بۇ دەۋردە غالدان (1694 - يىلى ئۆلگەن)، چىۋاڭ ئالبۇدان (1698 — 1727)، غالدان

سەرىن (1728 — 1745) قاتارلىقلار ئۇيغۇر خەلقىدىن كۆپلەپ سېلىق ئېلىپ تۇرغاننىڭ سىرتىدا يەرلىك ھۆكۈمران تەبىقە خەلقنىڭ قان - تەرىنى شوراپ، ھال - ماجالىنى قويمىدى. تۆرلۈك دىنىي تۈسكە كىرىۋالغان موللا ئىشانلارمۇ بۇ جەھەتتە ئۆز خوجايىنىدىن قېلىشمىغانىدى.

مانا مۇشۇ مۇدھىش زامان ۋە پاجىئەلىك ماكان مۇھەممەد سىدىق زەلىلى قاتارلىقلارنىڭ يالقۇنلۇق ئىسيانكار مىسرالىرىنى يارىتىش بىلەن بىللە، جاھالەتلىك جاھان ۋە زۇلمەتلىك دەۋران خاراباتىنىڭ قاباھەت دېۋىلىرىگە قارشى نەپرەت - شىكايەت بىلەن تولغان ئىجتىمائىي، سىياسىي تېمىدىكى ئۆتكۈر پىكىرلىك ئەسىرى «كۇللىيات مەسنەۋىي خاراباتى» نى مەيدانغا چىقاردى.

مۇتەپەككۇر شائىر خاراباتى ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ چوغتال كەنتىدە تۇغۇلۇپ، ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان. ئۇ ئاقسۇ ۋە بۇخارادا بىلىم تەھسىل قىلغان، كېيىن ئۆز يۇرتىدا ئىمام، مۇدەررىس بولغان. دەۋرنىڭ يۈزلىنىشىگە ئىنتايىن دىققەت قىلىپ تۇرىدىغان مۇتەپەككۇر، قولىغا قەلەم ئېلىپ، پەلسەپىۋى مەزمۇن بىلەن بېزەلگەن مەزكۇر ئەسىرىنى يېزىپ، ئەۋلادلارغا يادىكار قالدۇرغان.

«كۇللىيات مەسنەۋىي خاراباتى» (1726 - يىل) بەھرى رەمەل (مۇسەددەسى مەھزۇپ) ۋەزنىدە يېزىلغان كۇللىيات بولۇپ، 112 ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئەخلاقىي تېماتىكا بويىچە 13 مىڭ مىسرادىن تەشكىل تاپقان. بۇ كىتاب 1907 - يىلى موللا مىر مەخدۇم بىننى شاھ يۇنۇس ئىسىملىك كىشىنىڭ خىراجىتى بىلەن تاشكەنت «ئارىپجانوپ مەتبەسى» دە بېسىلغان.

«كۇللىيات مەسنەۋىي خاراباتى» ئەينى زاماندىكى فېئودالىزم جاھالىتى مۇھىتىدا ياخشىلىق، ھالاللىق، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئۇنىڭغا ئاساس سالىدىغان ئادالەت، ئىلىم - پەن ئىدىيە تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋە قورال قىلىپ، زالىملىق قاباھەتلىك، ھارامخورلۇق ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىۋى تۈۋرۈكلىرى بولغان سوپى - زاھىتلار، مال - مۈلۈكپەرەست، ھەشەم - ئابرۇيپەرەست باي - بەگلەرگە قارشى شىكايەت قىلىدۇ.

خاراباتى ئۆزىنىڭ «كۇللىيات» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق بىزگە قىممەتلىك مەنىۋى مىراس قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ مۇتەپەككۇر ئالىم سۈپىتىدە ئىنسانپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ئىدى. ئۇ شائىر سۈپىتىدە رېئالىست ئىدى.

خاراباتىنىڭ تەرەققىپەرۋەر ئىجتىمائىي قاراشلىرى قارابىدىن باشلانغان، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەلشىر ناۋائىي ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ يارقىن شېئىرىي شەكلىنى گەۋدىلەندۈرگەن ئىلغار پىكىر ئېقىمىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە يىراق مەنبە ۋە كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە ئىدى.

خاراباتىنىڭ ئىلغار، جەڭگىۋار ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرى ئەينى زامان جاھالەت مۇھىتىدا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھال - ئەھۋالى، ئارزۇ - تىلەكلىرىنى ئىپادىلەپ،

دەۋرنىڭ ئىلگىرىلىشىنى تەقەززا قىلغان.

### 7 - مەھزۇن ۋە «دىۋانىي مەھزۇن»

مەھزۇن XVIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خوتەننىڭ ئىلچى ناھىيىسىدە تۇغۇلغان شائىر بولۇپ، ئۇ ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق دەۋرلىرىنى ئىلىم تەھسىل قىلىشقا بېغىشلاپ، مەھەللە مەكتەپلىرىدە ۋە يۇقىرى سەۋىيىلىك بىلىم يۇرتى - مەدرىسەلەردە ئوقۇغان. ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئالتە شەھەرنى ساياھەت قىلىپ جەمئىيەت ئۆگەنگەن. مەھزۇننىڭ ئەسلى ئىسمى ۋە تەپسىلىي تەرجىمھالى ھەققىدە ئېنىق ماتېرىيال يوق. چۈنكى، ئۇنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان قولىيازما ئەسىرى «دىۋانىي مەھزۇن» نىڭ باش ۋە ئاخىرى زايا بولۇپ كەتكەن.

«دىۋانىي مەھزۇن» شائىرنىڭ ئىجادىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ لىرىك شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، سۆيگۈ - مۇھەببەتكە بولغان سادىقلىقى ۋە يار ۋىسالىغا يېتىش يولىدىكى ئارزۇ - تىلەك، ئىنتىزارلىق كەيپىياتلىرى، زامان زۇلمىغا بولغان نارازىلىق، ھايات لەززەتلىرىنى ئەۋزەل بىلىشتەك پەلسەپىۋى قاراشلىرى، كىشىلىك گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتنى ماختايدىغان كۆز قاراشلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئومۇمەن، «دىۋانىي مەھزۇن» دا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر قاتار مەسىلىلەر ئەينى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ روھىي قىياپىتىدىن ئېلىنغان ئىشلار بولۇپ، بۇ دەۋرنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ماتېرىيال بولالايدۇ.

### 8 - نۆبىتى ۋە «دىۋان نۆبىتى»

نۆبىتى XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا خوتەندە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر شائىرى.

نۆبىتى كىچىكىدىن باشلاپ، ئىلىمگە ھېرىسمەن بولغان. ئۆز يۇرتىدا، كېيىنچە قەشقەردىكى داڭلىق مەدرىسىلەردە ئوقۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگىنىش بىلەن بىللە، ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى ۋە ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشقان. شۇندىن ئېتىبارەن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. شائىر ئۆزىنىڭ غەزەللەر توپلىمى، يەنى «دىۋان نۆبىتى»نى ھىجرىيىنىڭ 1160 - يىلى (مىلادى 1768 — 1769 - يىللىرى) يېزىپ تۈگەتكەنلىكىنى ئوچۇق يازىدۇ. شائىر شۇ چاغلاردا 50 ياشلار ئۆپچۆرىسىدە بولۇشى مۇمكىن. شائىرنىڭ كېيىنكى يىللاردا يازغان يەنە بىرمۇنچە گۈزەل لىرىك غەزەللىرى ۋە توپلاملىرى بولغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى بۇ ئەسەرلەرنىڭ قول يازمىلىرى ھازىرغىچە تېپىلمىدى. ئۇنىڭ بىرمۇنچە گۈزەل غەزەللىرى خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان.

نۆبىتى شېئىرلىرىغا ئىنچىكە مۇلاھىزە يۈرگۈزسەك، شائىرنىڭ ئوتتۇرا قاتلام ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقى، ئۆز دەۋرىدىكى ئەمگەكچى ۋە ئىزىلگۈچى خەلققە قىزغىن ھېسداشلىق بىلدۈرگەنلىكى، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى داۋاملىق تۆۋەنلىتىشكە نارازى بولغانلىقى ۋە باشقىلارنى بايقىغىلى بولىدۇ.

نۆبىتى غەزەللىرىدە رېئال ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ياخشىلىق، ساداقەت، مۇھەببەت، تەرەققىيپەرۋەرلىك ۋە تەبىئەت گۈزەللىكىنى كۈيلىگەن، ھەققەت، ئادالەت ۋە ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن تەكرار مەدھىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

نۆبىتى شېئىرلىرىدىكى ئەڭ گۈزەل مەزمۇن ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىن ئىبارەت. شائىرنىڭ «خوتەن» رادىفى بىلەن ئاخىرلاشقان بىر غەزىلىدە، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى روشەن ئىپادىلەنگەن. نۆبىتى، ئۆز ۋەتىنىنى بېھىشتىن ئارتۇق ھېسابلايدۇ، يەنى ئۇ، ئۆزىگە نىسبەتەن، ۋەتىنىدىن ئۆزگە «قىبلىگاھ» يوقلۇقىنى تەنتەنىلىك جاكالاپ ئۆتىدۇ.

نۆبىتى بىر رۇبائىيسىدا، ئەسلىدە مەن مەككىنى كۆرمىگەچكە، ئۇ — مەن كۆرمىگەن جاي مېنىڭ چۈشۈمگىمۇ كىرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنى كۆرەي دېسەم مەن ئەسلىدە ئىشق باغلاپ كۆيگەن ئەمەس، خوتەندىن باشقا ئالىي جايلارنى خوتەندەك سۆيمىگەنلىكىم ئۈچۈن، شۇڭىمۇ باشتىن - ئاخىر خوتەن مېنىڭ قىبلىگاھىمدۇر، دەپ يازىدۇ.

ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار ۋەكىللىرىدىن بولغان نۆبىتى كىشىلىك تەقدىرىگە بىپەرۋالىق بىلەن قارىمايدۇ، ئۇنىڭ رېئالىستىك كۆز قاراشتىن پەيدا بولغان ئوي - پىكرى ھېمىشەم ئادەم بالىسىنى ھۆرمەتلەشنىڭ ئىپادىسىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ بار ۋۇجۇدى بىلەن يۇرتداشلىرىغا تەرەپدارلىق قىلىدۇ. ئۇ ئادەمگەرچىلىك كىمگە كېرەك، شەخسىي ئەيش - ئىشرەت كىمگە كېرەك؟ - دېگەن سوئالغا ئوچۇق جاۋاب بېرىپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئىجابىي خىسلىتى بىر - بىرىگە بولغان ئىنسانىي مۇھەببەت، دەيدۇ، ئەندى ئەيش - ئىشرەتلەر بولسا، ئۇلار ھىيلە - مىكىر بىلەن كۈن كۆرىدىغان دىنىي ئېتىقادچىلارغا (زاھىتلارغا) خاس ئىدى.

شائىر كېچە - كۈندۈز ۋاقتىنى «باغ - بوستان» لاردا ئۆتكۈزىدىغان دىنىي مۇتەھەملەرنى پاش قىلسا، ئىككىنچىدىن خەلقنىڭ (باغۋەننىڭ) جىسمانىي ئەمگىكىنى ھۆرمەت قىلدى. شائىر ئۈچۈن جاپا چېكىۋاتقان خەلقنى قۇللۇقتىن، جەبىر - جاپادىن قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىشنىڭ ماھىيىتى نۆبىتىگە قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ ئەلۋەتتە ئەشەددىي فېئودالىزم دەۋرىدىكى سىنىپىي چەكنى ئايرىۋېلىشقا تېخى ئاجىز ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، نۆبىتى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىككە قارشى ئىسيان كۆتەردى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىجادىدا ئەخلاق ۋە تەلىم - تەربىيە ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئىجابىي پىكىرلەرنى، زامانىسىغا نىسبەتەن مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقتى، ئۇ ئادەملەرنى ياخشىلىققا باشلاپ، يامانلىقتىن قېچىشقا چاقىردى.

نۆبەتى ئەسەرلىرىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئادالەتپەرۋەرلىك خىسلەتلەر دوستلۇق ۋە مېھرىبانلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا، خائىنلىق بىلەن دۈشمەنلىكنى پاش قىلىشقا بېغىشلانغان. شائىر بۇ توغرىلىق يازغان غەزەل ۋە رۇبائىيلىرىدە ۋاپا بىلەن جاپانىڭ ئارىسىغا ئەستايىدىل چەك قويىدۇ، ئۇنىڭسىز دوست بىلەن دۈشمەننى ئايرىش مۇشكۇل، دەپ تەكىتلەيدۇ ۋە نۆبىتىنىڭ پەرەز قىلىشىچە، ئىللەتلەر ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكتىن كېلىپ چىققان زامانىنىڭ زىددىيەتلىرى ئىدى. نۆبەتى بۇ زىددىيەتلەرگە شەخسى نۇقتىئىنەزەردىن ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي نۇقتىئىنەزەردىن باھا بەردى. ئەمەلىيەتتە، نۆبىتىنىڭ ماھىرلىقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ ئىشق - مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق ئىنسانىيەتچىلىككە زىت سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىقلارنى ئىپادە قىلدى.

نوبەتى بىر شېئىرىدا ئۆزىنى ئىجابىي ئوبراز، خەلق ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۆزى مېھرى - مۇھەببەت باغلىغان مەھبۇبىنى سەلبىي ئوبراز سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ قارىمۇ قارشى سىنىپنىڭ ۋەكىلى بولغاچقا، بۇ يەردە شائىرنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ئارزۇ - ئارمىنى ئاياغ - ئاستى قىلىنىدۇ، ھەم ئۇنىڭغا خائىنلىق قىلىنىدۇ.

(«ئەي، يارانلەر مېنى ئول دىلرەبا ئۆلتۈرگىدەك» دېگەن شېئىرىگە قاراڭ)

نۆبىتىنىڭ دەۋرىگە يارىشا بۇ ھوشيارلىقى «ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ» دېگەن غەزىلىدە تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى ۋە سىنىپىي جەھەتتىن كەسكىن تۈس ئالدى. لېكىن شائىرنىڭ بۇ غەزىلىدىكى كەمچىلىك شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، نۆبەتى غەزىلىنىڭ ئاخىرىدا «يوق سەۋر نە تاقەت، نە ئارام ماڭا» دەپ كېلىپ «رەھمە ئەيلەر ئول ماڭا مەسلىھەت ئەھلى بىلە» دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ خۇلاسە شائىرنىڭ سىنىپىي چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. نۆبەتى ئىنسانىيەتنى باي - كەمبەغەل قىلىپ، ئىجتىمائىي قاتلاملارغا ئايرىۋەتكەن سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئادالەتسىز كۆلەپەت ئىكەنلىكىنى چۈشەنسىمۇ، بۇ ئادالەتسىزلىكلەرنى پەيدا قىلىدىغان سەۋەبلەرنى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى چۈشەنمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ، شائىرنىڭ «جىلبە ئەيلەپ دوستلۇق مېھرىنى» دېگەن شېئىرلىرى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

نۆبىتىنىڭ ئىجادىي خەزىنىسىدىن ئورۇن ئالغان ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىك روھىدىكى شېئىرلار ئۇنىڭ يۇقىرىدا كەلتۈرۈپ ئۆتكەن ئىجتىمائىي لىرىكىسى بىلەن ئالمىشىپ تۇردى. مەسىلەن، «ئەي، سابا بەرگىل خەبەر» دېگەن لىرىكىسىدا شائىرنىڭ ۋاپادارلىق قارىشى ئىپادىلەنگەن. نۆبىتىنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك خىسلەتلەر توغرىلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە، ئۇنىڭ بۇ خىل شېئىرلىرىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شائىر «ئالدى كۆڭلۈمنى بۈگۈن» دېگەن بىر غەزىلىدە «دوست سادىق ئىزوز مۇمكىن ئەمەس بىگانە» دەپ يازدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ دوستلۇقنىڭ قەدرىگە يەتكەن، دۈشمەنلىكنىڭ ئازابىنى چەككەن شائىر ئىدى.

نۆبىتىنىڭ ئەدەبىي مىراسى ھەجىم جەھەتتىن كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن بەدىئىي

ۋە ئىجتىمائىي مەزمۇن جەھەتتىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىدا چوڭ ئورۇن تۇتىدۇ. شائىر شىنجاڭدا نەچچە ئەسىردىن بېرى رەسمىلىشىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ھېكايىچىسى بولىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاشقا تىرىشتى. باشقىلارنىمۇ شۇنىڭغا دەۋەت قىلدى. مەلۇمكى، نۆبىتىنىڭ پائالىيىتى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن تەرەققىپەرۋەر ھادىسە ئىدى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، نۆبىتى ئۆزىنىڭ قەلەم كۈچىنى مۇھەببەت ئىشقىدا كۆرسەتتىمۇ، لېكىن دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىدىن چەكلەپ كەتمىدى. شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدە تۇرمۇش - ھاياتنى لەززەتلىنىش، كەلگۈسىگە ئۈمىد باغلاش قانچىلىك ئورۇن ئالسا، ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىككە قارشى شىكايەت قىلىشمۇ شۇنچىلىك ئورۇن ئالدى. نۆبىتى خىيالى لەززەتلەرنى ئەمەس، رېئال دۇنيا بەختىنى، ھەقىقىي گۈزەللىكنى، تەبىئەت مەنزىرىسىنىڭ مۆجىزىلىرىنى قوشاققا قېتىپ، خەلقنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشتى. ئۇلارنى ياخشىلىققا باشلىدى. نۆبىتى ۋەسىيەت قىلغان بۇ ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيە شائىر ئۆلگەندىن كېيىنمۇ تەرەققىپەرۋەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئەنئەنە بولۇپ قالدى. شۇنى ئىشەنچلىك ھالدا ئېيتىشقا بولىدۇكى، نۆبىتى مۇشۇ ئىنسانىي خىسلەتلىرى بىلەن XVIII ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىدا ئۆزىگە مۇناسىپ ھەيكەل ئورنىتىپ كەتتى.

XVII ۋە XVIII ئەسىرلەر ئارىسىدا ياشاپ، ئىجاد ئەتكەن خىرقىتى، زەلىلى ۋە نۆبىتىگە ئوخشاش ئۇيغۇر شائىرلارنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان تارىخىي ئورنى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇلار خەلق مەنپەئەتى بىلەن ئىلھاملانغان كلاسسىك ئەسەرلىرى XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىنقىلابىي روھىغا كېلىپ تۇتاشتى. شائىر نۆبىتى ئەزىز ۋەتىنىنى ئاياق ئاستى قىلغان فېئودال قارا كۈچلەردىن نەپرەتلەندى. شائىر دېگەندەك، ئۇلار جاپاكەش خەلققە ئاي يۈزىنى كۆرسەتمەي، بۇلۇتقا ئوخشاش پىنھان بولۇپ، يورۇقچىلىقنى توسىۋالغان قارا كۈچلەر ئىدى.

نۆبىتى:

يارنىڭ كويىدا مەن دىۋانە بولدۇم ئاقىبەت،
خەلق ئارىسىدىن چىقىپ بىگانە بولدۇم ئاقىبەت.

دەپ غەزەل ئوقۇغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ ۋەتەنگە بولغان چىن ئېتىقادىدىن كېلىپ چىققان ئىشەنچى ئىدى. نۆبىتى شەرقنىڭ كلاسسىك شائىرلىرىغا ئوخشاش ۋەتەن ئىشقىنى مۇھەببەتتىن، ئىشقى مۇھەببەتنى ۋەتەندىن ئايرىپ قارىغان ئەمەس.

نۆبىتىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىدىكى ئايرىم زىددىيەتلەرگە قارىماي، بىز ئۇنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى ئالاھىدە باھالايمىز. شائىرنىڭ كلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇتقان ئىجابىي ئورنىمۇ ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت.

## 9- موللا يۇنۇس يەركەندى

موللا يۇنۇس يەركەندى XVIII ئەسىرلەردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن بىرى.

موللا يۇنۇس يەركەندىنىڭ 1755 - يىلى يازغان «داستان يۇسۇپ - زىلەيخا» دېگەن بىر ئەسىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئەسەر 9048 مىسرادىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، 72 ماۋزۇغا بۆلۈنگەن. ئۇنىڭ بىرنەچچە بابلىرى ئەسەرنىڭ يېزىلىش سەۋەبى، مۇھەببەت، ئىلىم ۋە تىل مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان. قالغان ماۋزۇلىرىدا بولسا، «يۇسۇپ - زىلەيخا» ھەققىدىكى قىسسىلەر سۆزلىنىدۇ. «يۇسۇپ بىلەن زىلەيخا» ھەققىدىكى تەسىرلىك ھېكايە - قىسسىلەر شەرق ئەدەبىياتىدا سەييارە ۋەقەلىككە ئايلىنىپ كەتكەن. جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئاساسەن ئىسلامىيەتتىن كېيىن تەسىر قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرىگە مەھلىيا قىلىشقا باشلىغان. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، ئېلى دېگەن بىر ئەدىب XII ئەسىرلەردە بۇ قىسسىنى دەسلەپ قىلىپ، «يۇسۇپ - زىلەيخا» دېگەن نام بىلەن بىر داستان يېزىپ چىقىپ، ئۇنى تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىغا ئېلىپ كىرگەن. XIII ئەسىرلەردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر يازغۇچىسى ناسىرىددىن رابغۇزى بۇ قىسسىنى «قىسسەسۇل رابغۇزى» دېگەن ئەسىرىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈپ، نەسىرلەشتۈرۈپ رەتلەپ چىققان. XV ئەسىرگە كەلگەندە تاجىك - پارسلارنىڭ ئاتاقلىق شائىرى ئابدۇراخمان جامى (1444 — 1492) مۇ «يۇسۇپ - زىلەيخا» تېمىسىغا مۇراجىئەت قىلىپ، تاجىك - پارس تىلىدا شېئىرىي يول بىلەن زور بىر داستان يېزىپ چىققان. ناسىرىددىن رابغۇزى ۋە ئابدۇراخمان جامىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن چوڭقۇر زوق ئالغان موللا يۇنۇس يەركەندى XVIII ئەسىرگە كەلگەندە «داستان يۇسۇپ - زىلەيخا» دېگەن نامدا بىر داستان ئىشلەپ، ئالاھىدە ئۇتۇق قازاندى. شائىر بۇ داستاندا يۇسۇپ بىلەن زىلەيخانىڭ ئىشق - مۇھەببەت پاجىئەلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇھەببەت، ساداقەت، ۋاپا ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئىزھار قىلىپ، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە قارىتا باشقىچە پىكىرىنى ئىپادىلەيدۇ. شائىر ئۆز قەھرىمانلىرى يۇسۇپ ۋە زىلەيخا ئوبرازىدا چىن، پاك مۇھەببەت ئىگىلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن بولسا، يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرى ئوبرازىدا ئۆز شەخسىي ئىنتىلىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ھېچقانداق ياۋۇزلۇقلاردىن قايتمايدىغان مەككار شەخسلەرنىڭ تىپىنى يارىتىدۇ.

داستان گەرچە ئۆتمۈشداشلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلىپ يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن تەسۋىرىي ۋاسىتە، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ئىدىيىۋى ھېسسىيات، ئەسەر قۇرۇلمىسى، تىلى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

قىسقىسى، «يۇسۇپ - زىلەيخا» داستانى بىرقانچە يۈز يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. بۇلاردا موللا يۇنۇس يەركەندىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسى بار. بىز بۇ ئەسەردىكى تۇرمۇش، ئىلىم - مەرىپەت، تىل، ئەخلاقىي

پەزىلەت قاتارلىق پايدىلىق ئېلېمېنتلارنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ئالاھىدە سۆزلەشكە مۇۋەپپەق بولدۇق.

## § 3. زەلىلى دەۋرىدىكى تەرجىمە ئەدەبىيات

### 1- ئەدەبىي تەرجىمان ۋە شائىر موللا مەھمۇد تۆمۈر

موللا مەھمۇد تۆمۈر قەشقەرى XVIII ئەسىردە قەشقەردە ياشىغان ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمان ۋە شائىر. ئۇ قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، بۇلارنىڭ ئېسىل دۇردانىلىرىدىن ئۆز خەلقىنى خەۋەرلەندۇرۇش ئۈچۈن، بىر قىسىملىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. بۇنداق ئەسەرلەر «كەلىلە ۋە دىمنە»، «يۈسۈپ - زىلەيخا»، «ئەخلاقۇل موھسىنىن» (گۈزەل ئەخلاق) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

«كەلىلە ۋە دىمنە»نى قەدىمكى زامان ھىندۇ بىرەھمەنلىرىنىڭ رەھبىرى پەيلاسوپ بىدپاي ھىندىستان پادىشاھى دابىشلىمغا ئاتاپ يازغان. بۇ، ئەسلى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان مەسەل - تەمسىللەر، چۆچەك - رىۋايەتلەرنى ھايۋانلارنىڭ سۆھبىتى ئارقىلىق بېرىپ، ئادەمزاتقا جاھاندارچىلىقنىڭ يولىنى ئۆگىتىدىغان پەندى - نەسىھەت خاراكتېرىدىكى مەسەل - چۆچەكلەر بولۇپ، خېلى بۇرۇنلا پەھلىۋىي تىلى (قەدىمى پارس تىلى)، سۈرىيە تىلى، ئەرەب تىلى ۋە پارس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىغان ۋە شەرق دۇنياسىدا زور شۆھرەت قازانغان. 1717 - يىلى قەشقەر ھاكىم بېگى ئىمام مۇھەممەدنىڭ تەۋسىيىسى بويىچە، موللا مەھمۇد تۆمۈر بۇ كىتابنى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ۋە «ئاسارى ئىمامىيە» دەپ قوشۇمچە ماۋزۇ قويغان.

موللا مەھمۇد تۆمۈر «كەلىلە ۋە دىمنە»نى تەرجىمە قىلىشتا ئىجادىي يول تۇتقان. ئۇ كىتابنى پاساھەتلىك تىل بىلەن ئىشلەپ، ئۇنىڭغا يېڭى لىباس كەيگۈزگەن، ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، تەرجىمان «كەلىلە ۋە دىمنە»نى تەرجىمە قىلىپ ئىشلەپ چىققىنىغا قارىماي، ئۇيغۇر ھېكايەتچىلىكىنىڭ گۈزەل ئۇسلۇبىنى قوللىنىش بىلەن بىرگە، ھەربىر مۇھىم ۋەقە، ئېپىزوتلار ئارىسىدا مەقسەتنى شېئىر بىلەن چۈشۈرگەن. بۇنداق غەزەللەر يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە بولۇپ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى يەنىمۇ بىر بالداق كۈچەيتكەن، بەدىئىي جەزبىدارلىقىنى ئاشۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ئەسەر ئۇيغۇرلارغا كۈچلۈك تەسىر قىلىپ، مەنىۋى تەلىپىنى قاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان، جۈملىدىن «كەلىلە ۋە دىمنە»دىكى بىرمۇنچە مەسەل - چۆچەكلەر زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى بايلىقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان.

«ئەخلاقۇل موھسىنىن» پارس يازغۇچىسى ھۈسەيىن ۋائىز كاشفىنىڭ پەلسەپىۋى، دىداكتىك ئەسىرى بولۇپ، موللا مەھمۇد تۆمۈر بۇ ئەسەرنى 1709 - يىلى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. بۇ ئەسەر 40 بابتىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭدا، ۋاپا، ۋەدە، ياخشىلىق، گۈزەللىك، ئىلىم - مەرىپەت، شىجائەت، ساخاۋەت، سەبرە، ھايا، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىش، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق قاتارلىق ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەر ئەتراپلىق يېشىپ چۈشەندۈرۈلگەن. تەرجىمان موللا مەھمۇد تۆمۈر «ئەخلاقۇل موھسىنىن» نىڭ كىشىلەرنى ئەدەب - ئەخلاققا ئۈندەشتە بەلگىلىك رولى بار، دەپ تونۇغانلىقتىن، خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك خەلقنى كىتاب مەزمۇنىدىن بەھرىمەن قىلدۇرۇپ، يامان ئەخلاق، ناچار ئىللەتلەرنى تۈزىتىپ، ياخشى خىسلەتلەرنى راۋاج تاپقۇزۇش مەقسىتىدە ئۇنى تەرجىمە قىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا موللا مەھمۇد تۆمۈر يەنە تاجىك - پارس شائىرى ئابدۇراخمان جامى (1444 — 1492) نىڭ يىرىك داستانى «يۈسۈپ - زىلەيخا» نى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان.

## 2 - ئەدەبىي تەرجىمان موللا خامۇشاخۇن يەركەندى

فازىل موللا خامۇشاخۇن يەركەندى XVIII ئەسىردە يەركەندە ياشىغان ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمان، ئۇ «شاھنامە» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان يىرىك تەرجىمان سۈپىتىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

«شاھنامە» تاجىك — ئىران خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى (934 — 1025) نىڭ تارىخىي ئېپوسى بولۇپ، تەخمىنەن 60 مىڭ بېيىت، 120 مىڭ مىسرا كېلىدۇ. بۇ ئەسەردە «فىردەۋسى ئىراننىڭ ئەپسانىۋى ۋە تارىخىي ئۆتمۈشىنى يېزىپ بولغاچقا، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئومۇمىي گەپ ۋە بەزى تەھلىللەردىن باشقا ھېچنەرسە قالمىغان» (گىبوتى) ئىكەن. «شاھنامە» بىرقانچە نۆۋەت ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئارىسىدا تازا تەسىر قالدۇرالمىغان. موللا خامۇشاخۇن يەركەندى ئۆزىنىڭ يۇقىرى تەرجىمە ماھارىتى، پارس - تاجىك تىلى، ئەدەبىياتىنى ئوبدان ئىگىلىۋالغان قابىلىيىتى، ئۆز ئانا تىلىغا كامىل ئىكەنلىكىگە تايىنىپ، 1710 - يىللىرى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. بۇ تەرجىمە ئەسەرنىڭ 428 بەتلىك قولىيازما نۇسخىسى ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

«شاھنامە»دە گەرچە، قەدىمى ئىران - تاجىك خەلقلىرىنى ئەقلىغا سىغمايدىغان دەرىجىدىكى تەسەۋۋۇر، ئىبارە، ئوبرازلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق تارىخىي رېئاللىقنى بۇرمىلىغان ھالدا ئۆز ئېلىنى قوغدىغۇچى، مېھرىبان، ئىنسانپەرۋەر، كەيكاۋۇس (نەمرۇد)، رۇستەملەرنى بولسا تەڭداشسىز باتۇر، يېڭىلمەس قەھرىمان، رەھىمدىل، ئەقىللىق،

مەرد دەپ ھەر خىل رىۋايەت-قىسسە شەكلىدە مۇبالىغىلاشتۇرۇپ، كۆككە كۆتەرگەن، شۇ دەۋردىكى «تۇرانىلار» دەپ ئاتالغان تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەللەرنى ئەقلغا سىغمايدىغان دەرىجىدىكى ناچار تىل تەسۋىر، ئىبارىلەر، خۇنۇك ئوبرازلار ئارقىلىق قەبىھ تاجاۋۇزچى، ۋەھشى، ياۋايى، قەھرىمان تۇڭا ئالپ ئەر (ئافراسىياپ)نى بولسا ياۋۇز، زالىم، دۆت، تەدبىرسىز قىلىپ پۇچەكلەشتۈرۈپ، مەسخىرە قىلىش ئاساسىدا تەسۋىرلەپ، تارىخىي پاكىتلارنى مىللىي تۇيغۇدا ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇپ كۆرسەتكەن. تاجىك-ئىرانىزم نۇقتىسىدا تۇرۇپ، مۇبالىغىلىچىلىككە ھەددىدىن ئارتۇق يول قويۇپ، تارىخىي رېئاللىقتىن خېلىلا چەتلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى قەدىمى ئىران، تۇران ئەللىرى، ئۇنىڭغا يانداش بولغان ياۋروپا، ئافرىقا، ئوتتۇرا شەرق، ھىندىستان، چىن قاتارلىق ئەللەرنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بارلىققا كەلگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئەھۋالى رېئاللىققا بىر قەدەر ھۆرمەت قىلغان ئاساستا تەسۋىرلەنگەن.

موللا خامۇشاخۇن يەركەندى خوجىلار ئەددەپ كەتكەن، سىرتقى دۈشمەنلەرنىڭ تەھدىتى كۈچىيىپ، ئەل-يۇرت ئېغىر كۈلپەتلەرگە يولۇققان شارائىتتا ياشىدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە تەرجىمان ئۆز دەۋرىنىڭ رېئاللىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن پىر-دەۋسىنىڭ ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىپ، بۇ ئەسەرنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان توپ ئىدىيە-سىدىن ۋاستىلىق ھالدا پايدىلاندى. ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئەسىرىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئەقلىي مۇھەببەت ۋە ئادەمنىڭ ئادەمگە بولغان مېھرى-شەپقىتى، شۇنداقلا ۋەتەنپەرۋەرلىك، قەھرىمانلىققا ئوخشاش ئىنسانىي خىسلەتلەرنىڭ مۇقەددەسلىكىدىن ئىبارەت بۈيۈك غايىنىڭ ئارىدىن يەتتە ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندە مەركىزىي ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئېغىر تەھدىتىنىڭ ھارپىسىدا يەركەندە موللا خامۇشاخۇن تەرىپىدىن ئىجادىي رەۋىشتە ئالغا سۈرۈلۈشى مۇھىم سىياسىي ھەم ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ھادىسىدۇر.

## 3 - ئەدەبىي تەرجىمان مۇھەممەد بىننى ئابدۇراخمان مەخدۇم

مەزكۇر تەرجىماننىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بولمىغىنىغا قارىماي، ئىجادىي تەرجىمە ئەمگىكى — قولىيازمىسىنىڭ بېشىغا «مۇھەممەد بىننى ئابدۇللاخان مەخدۇم ئاقسۇيى تەرجىمىسى» دېگەن سۆزنى بېرىشى بۇ كىشىنىڭ ئاقسۇدا ياشاپ ئۆتكەن ئادەم ئىكەنلىكىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

ئابدۇللاخان مەخدۇم ئەرەبلەرنىڭ دۇنياغا داڭ كەتكەن كلاسسىك رومانى «مىڭ بىر كېچە»نى ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىدىكى تىل ئۇسلۇبىغا قاراپ، دەلىلچىلەر، تەرجىماننى XVIII ئەسىرلەردە ياشىغان

بولۇشى مۇمكىن، دەپ قاراشماقتا.

«مىڭ بىر كېچە» (ئەلفىللەيلە ۋەللەيلە) ئەرەب خەلقلىرىنىڭ قەدىمى زاماندىكى ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ئەرەبلەر، شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان، جۈملىدىن دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بەدىئىي كلاسسىك يادىكارلىق.

ئابدۇللاخان مەخدۇم دۇنيا كلاسسىكلىرىنىڭ ئېسىل دۇردانىلىرىنى خەلققە تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ چىققان.

ئەرەب تىل-ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر تىل ئەدەبىياتىنى پىششىق ئىگىلىگەن تەرجىمان ئابدۇللاخان مەخدۇم «مىڭ بىر كېچە» نىڭ تەرجىمىسىگە ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتقان. تىلىنى چۈشىنىشلىك، ئوبرازلىق، جۈملىلەرنى ئىخچام، قىسقا، سۆز-ئىبارىلەرنى ئاددىي راۋان قىلىشقا تىرىشقان، شۇنداقلا مۇھىم ئىزاھاتلارنىمۇ قوشۇمچە قىلىشنى ئۇنۇتمىغان. ئەسلىگە سادىق بولۇپ، باشقا تىللاردىكى تەرجىمە نۇسخىلاردىكى ئۆزگىچىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان. ھەتتا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدىسىگە ئاساسەن، مۇھىم تولۇقلاشلارنى ئېلىپ بارغان. بۇ ئارقىلىق XX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا رەسمىي نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن مۇقەددىمە ۋە ئاساس ھازىرلاپ بەرگەن.

# باب XIV

# نەزارى دەۋرى ئەدەبىياتى

(1864 — 1759)

## §18. ئومۇمىي بايان

نىزارى دەۋرى (1759 — 1864) مانجۇ ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ ئىسيانلىرىنى بىسىقتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي سىياسىي ۋەزىيىتىدە ئاتالمىش نىسپىي مۇقىملىق ئورنىتىشقا كىرىشكەن يىل (1759) دىن 1864 - يىلدىكى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتقىچە بولغان 105 يىللىق تارىخنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» دەرسلىكلىرىدىكى دەۋر نامى. بۇ دەۋر ئادەتتە سىياسىي - ئىجتىمائىي ھۆججەتلەردە «مانجۇ (چىڭ سۇلالىسى) لار دەۋرى» دېگەن نام بىلەن يۇرۇتۇلىدۇ.

سەئىدىيە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ، شىنجاڭ رايونىدا «خوجىلار ئەۋلادلىرى» سىياسىي ۋە دىنىي جەھەتتە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشقا باشلىدى. ھەم بىر مەزگىلدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، دىنىي ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. كىشىنى بەكلا ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ خوجىلار «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق» دېگەن ئىككى مەزھەپكە ئايرىلىۋېلىپ، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى (ئاساسەن ئۇيغۇرلار) نى ئۆتكۈر گۇرۇھلار كۈرىشىنىڭ پاجىئەلىك كۈرەش ئوچىقىغا بەھۇدە ھالدا سۆرۈپ كىردى. ئاق تاغلىقلارنىڭ ئاقساقىلى بولىۋالغان ئاپپاق خوجا، قارا تاغلىقلارغا مايىلراق بولغان، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى سۇلتانى ئىسمائىل خاندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، شىزاڭدىكى دالاي لامانىڭ ھاۋالىسى بىلەن، جۇڭغار ۋادىسىدا ھەرىكەتلىنىپ يۈرگەن جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ ئاتارمىنى غالداندىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، شىنجاڭنىڭ خانلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى (1678). ئەمەلىيەتتە، ئۇ قالماقلارنىڭ نازارىتى ئاستىدىكى «قورچاق ئەمەلدار» ئىدى. ئەمدى تارىخ 1756 - يىللىرىغا كەلگەندە، ئاپپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى ئەھمەد خوجىنىڭ ئوغلى بۇرھانىدىن بۇۋىسى-

نىڭ «خىزمەتلىرى» نىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە مانجۇ ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ
ياردىمى ۋە بەزى ئۇيغۇر، قىرغىز فېئودال ۋەكىللىرىنىڭ خائىنلىق قىلىشى ئارقىسىدا
قارا تاغلىقلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئىككىنچى بىر «قورچاق ھاكىمىيەت» نىڭ
ئاساسىنى سالدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلى-
قىنىڭ تىكلىنىشى ئىدى. ئىچكىرىدە خەنزۇلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت ئەمگەكچى
خەلقىنى قانلىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلىۋاتقان مانجۇ فېئودال ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى
شىنجاڭدا پۇت دەسسەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىنى تاپقاندىن كېيىن، ئومۇمىي سىياسىي
ۋەزىيەتتە نىسپىي تۇراقلىق كەيپىياتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئىگىلىكنى
قىسمەن ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بارلىق فېئودال ئېكسپلاتاتور سىنىپ-
لارغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئېزىلگۈچى مېھنەتكەشلەرگە بەخت-سائادەت
ۋە ئەركىنلىك بېرىشى زادىلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. نەھايەت، مانجۇ فې-
ئودال ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى شىنجاڭدا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە قارىغاندا، تېخىمۇ قات-
تىق سىياسەت يۈرگۈزدى. ئۇلار بۇ يەردە مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى، يەرلىك فېئودال
بەگلەر ۋە دىنىي ئىمتىياز ئىگىلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمران-
لىقىنى ئورنىتىپ، خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇمنى ھەسسىلەپ كۈچەيتتى. ھەتتا بىر مىل-
لەتنى ئۆز - ئارا قارشى قويۇپ، مىللەتلەر ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلدى.
يەنى ئۇيغۇرلارنى ئۆزئارا زىددىيەتكە سالدى. مەسىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھا-
كىم-بەگلەرگە ئىشەنمەي، قۇمۇل، تۇرپان، پىچانلاردىن بىر تۈركۈم ھاكىم-بەگلەرنى
يۆتكەپ ئاپىرىپ، يەرلىك ھاكىم-بەگلەر ئۈستىگە قويۇپ نازارەت قىلدۇردى. ئۇلار-
نىڭ يانچىلىرىمۇ يەرلىك دېھقانلارنى خالىغانچە قاقتى-سوقتى قىلىشقا ھەقلىق ئىدى.

ئىقتىسادىي بازىسنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسى بولغان ئەدەبىيات-سەنئەت شىنجاڭ-
دىكى مۇرەككەپ كۈرەشلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. خو-
جىلار دەۋرىدىكى بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئۈنۈملۈك تەسىرىنى كۆرسىتىۋاتقان،
دەۋر روھىنى كۈچلۈك ئىنكاس قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ زور ئېقىمىغا
ماسلاشقان ھالدا ئىجتىمائىي ئۈنۈم، ئومۇمىي ئىدىيىۋى مەزمۇن، تېما، شەكىل، ژانىر،
تۈر قاتارلىق ساھەلەردە يېڭى بىر تەرەققىيات يۈزلىنىشى بويىچە ئىلگىرىلەشكە باش-
لىدى. بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن يازغۇچىلار قوشۇنى تارىختىكى ھەرقانداق بىر
دەۋرگە قارىغاندا زورايدى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەجمى كۆپەيدى، تېمىسى خىلمۇ
خىللىشىپ كەتتى. بولۇپمۇ ئەدەبىياتنىڭ تىندىنسىيۋىلىكى تېخىمۇ روشەن تۈس ئالدى.
ئاخىرى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى رېئالىزملىق خاھىش ئاساسىي ئېقىمغا ئاي-
لىنىشتەك ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، يەنى بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا دۇنياۋى رېئالىستىك
تېمىلارغا بۇرۇلۇش، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى يورۇتۇش، خەلق قوشاق-
لىرى ئامىللىرى ۋە ئۇيغۇر جانلىق تىلىدىن كەڭرەك پايدىلىنىشقا ئوخشاش خاراكتېر-

لىك خۇسۇسىيەت بولغان ئىدى.

نىزارى دەۋرىدە ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر خىلمۇ-خىل ئىدى. شۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرى يەرلىك ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىكى بىر قىسىم ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ئەينى دەۋردىكى يازغۇچىلار، شائىرلارنى قوللىدى. ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېڭىلىق يارىتىشىغا ئىلھام بەردى. مەسىلەن، 1811-يىلى زوھۇرى، ئېمىرى قاتارلىق شائىرلارنى ئۆز ئوردىسىغا توپلاپ، لۇتفى، ناۋايى، خوجا ھاپىز قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنە ئېلىپ، «باياز» ناملىق توپلامنى تۈزۈشكە ھەرىكەتلەندۈرگەن قۇمۇل ۋاڭى ئەردەشىر، 1808-يىللىرى موللا سىدىق يەركەندىنىڭ ناۋايىنىڭ «خەمسە» سىنى نەسىرلەشتۈرۈپ چىقىشىغا تەشەببۇسكار بولغان يەركەن ھاكىم بېگى مىرزا مۇھەممەد ھۇسەيىن بەگ، 1800-يىللىرى خوجا ياقۇپ يەركەندىنىڭ ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋىنىڭ «چاھار دەرۋىش» ئەسىرىنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، چىقىشىغا مەدەت بەرگەن يەركەن ئەمىرى قارىقاشلىق يۇنۇس ۋاڭ، 1841-يىلى تۇردۇش ئاخۇن غېرىبىنىڭ «كىتابى غېرىب» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقىشىغا رىغبەتلەندۈرگەن قەشقەر ھاكىم بېگى زوھۇرىددىن، 1839-يىلى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ بىر قىسىم داستانلىرىنى توپلام قىلىپ چىقىشىغا ئىلھام بەرگەن تۇرپان ۋاڭى ئەپرىدىن، 1854-يىلى موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزىنى «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» نى يېزىشقا تەشەببۇسكار بولغان خوتەن ھاكىم بېگى مۇھەممەد ئەلىشىر بىننى ئابدۇمۆمىن بەگ (ئەلىشىر ھاكىم بەگ) لەرنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. نىزارى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، قاراخانىلار دەۋرىدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەن قەشقەرنىڭ ئەۋزەل شارائىتى تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەشقەر رايونىدىن چىقىشتەك مەركەزچىلىك ھالىتىگە خاتىمە بېرىلىپ، بۇنداق كىشىلەر ئۇيغۇرلار ياشاپ تۇرغان شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن بارلىققا كېلىدىغان، مەدەنىيەتنىڭ ئومۇملاشقانلىق كەيپىياتى شەكىللەندى.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تۈزۈلمەس دولقۇنلىرى نىزارى دەۋرى ئەدەبىياتىدا يېڭى-يېڭى قايىنام ھاسىل قىلىپ، داۋاملىق ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. قەلەندەر، گۇمنام كەبى غەزەلخانلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى غەزەل ژانىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈشكە ھەسسە قوشقان بولسا، موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى «دىۋانى بىلال»نى، زوھۇرى «دىۋان زوھۇرى» نى، ئىسمائىلبەگ «دىۋان بىنىشان» نى، مەجلىسى «دىۋان مەجلىسى» نى، ئىبراھىم مەشھۇرى «دىۋان مەشھۇرى» نى، موللا نىياز (ئاشىقى) «دىۋان نىياز» نى، سادائى «دىۋان سادائى» نى، ئېمىرى «دىۋان ئېمىرى» نى يېزىپ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى «دىۋان» تۈزۈش ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇردى.

نەزارى دەۋرىدە ئەدەب - يازغۇچىلار يالغۇز ئەدەبىي ئەسەر ئىجاد قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى، دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلاشقان ھالدا تۈرلۈك ئىلىملەرگە نەزەر ئاغدۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال پەنلەر بويىچە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئىجادىي مېۋىلىرىنى قالدۇرۇشقا كىرىشتى. بۇ يېڭىلىقى دەۋر ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى قامۇسچىلىق ھەرىكىتىنىڭ راۋاجلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ خىل ھەرىكەتتە مۇھەممەد سادىق قەشقەرى «تەزكىرەئى خوجاكان»، «تەزكىرەئى ئەسھابى كەھف»، «زۇبدات - ئال - ماسائىل ۋال ئاقائىد»، «ئادابۇس سالىھىن»، «قىياپەتۇل بەشەر»، «رىسالەئى كەسىپدار»، «تارىخى ئىسكەندەرىيە ۋە تاجىنامەئى شاھى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى مۇھەممەد ئىۋەز قارىقاشى «مەخدۇم ئەزەم»، «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» قاتارلىق ئەسەرلەرنى، مەرىپەتپەرۋەر شائىر ھەيئەتى «ئەزاتارتماقنىڭ بايانى» دېگەن ئىلمىي كىتابىنى نەزمى، نەسرى شەكىل بىلەن يېزىپ چىققان. بۇ دەۋردە يەنە مۆجىزى «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» نى يېزىپ چىقتى.

تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئاساسەن دېگۈدەك يەككە ھالدىكى ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بولسا، نەزارى دەۋرىگە كەلگەندە، شەخسىي ئىجادىي پائالىيەتتە قارىغاندا، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى ئەدەبىي ئىجادنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى، ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇننى كېڭەيتىشتە، ئەدەبىياتنى ئامما بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇشقا ئۈنۈمىنىڭ زور بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئەدەبىي كۇرۇژوكلارنى تەشكىللەشكە كىرىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ئەدىبلەرنىڭ دەسلەپكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىدىن بېشارەت بەردى. بۇ ئەدەبىي كۇرۇژوكنى ئابدۇرېھىم نەزارى، تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى، نورۇز ئاخۇن زىيائى، ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى قاتارلىقلار ئۇيۇشتۇرغان ئىدى. ئۇلار كلاسسىك ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈش، تارقىتىش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، زور ھەۋەس بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ كەتتى. ئابدۇرېھىم نەزارى «پەرھاد - شېرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «مەھزۇن - گۈلنىسا» ۋە «رابىيە - سەئىدىن»، «دەھرولنىجاد» قاتارلىق داستانلارنى ئەدەبىي كۇرۇژوك تەركىبىدە شەخسىي يېزىپ چىققان بولسا، نورۇز ئاخۇن زىيائى بىلەن بىرلىشىپ، «چاھار دەرۋىش» داستانىنى ئىشلەپ چىقتى. زىيائى «مەسئۇد - دىلئارا»، «ۋامۇق - ئۇزرا» داستانلىرىنى، غېرىبى «بەھرام - دىلئارام» داستانىنى يېزىپ چىقتى. نەتىجىدە بۇ ئاپتورلار ئەدەبىي ھەمكارلىقنىڭ نىشانىسى سۈپىتىدە ئۆز ئەسەرلىرىنى جۇغلاپ ئەدەبىي «باياز» نى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ كېيىنچە «مۇھەببەت داستانلىرى» دېگەن ئورتاق نام بىلەن ئاتالدى. تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى «كىتابى غېرىب» ئەسىرىنى يېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھۈنەرۋەن - كاسىپلار ھەققىدە دەسلەپ قىلىپ قەلەم تەۋرەتكۈچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان بولسا، ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى «ماقالات»

ئەسىرىنى ئىشلەپ، ئىزارى ۋەكىللىكىدىكى ئەدەبىي كۈرۈۋۈكنىڭ پائالىيىتىنى تېخىمۇ جانلاندۇردى.

جەمئىيەتتىكى قانۇن - تۈزۈم ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق نورمىلىرىنىڭ ئېغىر ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ئىزارى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ جىددىي دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. بۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم ئەدىبلەر مەخسۇس ئىجتىمائىي ئەخلاقنى قەدىرلەشنى تەشەببۇس قىلىدىغان پەندى - نەسىھەت خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەرنى يارىتىشقا كىرىشىپ كەتتى. مەسىلەن، ئاخۇن موللاكالان «رىيازۇل مۇزەككىرىن» (ۋەز-نەسىھەت بەرگۈچىلەرنىڭ باغچىسى)، ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى «رەۋزەتىلزوھرا»، موللا ئەھمەد باقى خوجامنىياز ئوغلى قىسۇرى «ۋائكلارغا نەسىھەت»، مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى «سىدىقنامە»، ئىسمائىل بەگ (بىنىشان) «پەندىنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن مۇشۇ ساھەنىڭ نامايەندىلىرى بولۇپ قالدى. بۇلار ئاساسەن، كىشىلەرنى ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە ۋە پەزىلەتلىك بولۇشقا دالالەت قىلىدىغان بولسا، ئەھمەدشاھ قارىقاش «ئات ھەققىدە قىسسە» ناملىق يىرىك مۇخەممەسىدە كىشىلىك ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەرنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغان نامەردلەرنى كېلىشتۈرۈپ قامچىلاپ، ئۆز ئەسىرىنى زور ئىجتىمائىي تۈس ئالدۇردى. خەلقنىڭ ئاھۇ - زارىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ۋىجدانىي غۇرۇرى بىلەن ھېسداشلىق تۇيغۇسىدا بولىۋاتقان خەلقپەرۋەر ئەدىبلەر ئۆتكۈر ئىجتىمائىي كۆرەشلەرنى تېما قىلىدىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئادەمخور قىياپىتىنى پاش قىلدى. دىلبەر دورغىنىڭ «مەزلۇملەر ئاھى» دېگەن مۇخەممەسى، موللاتوختىنىڭ «ئەرزىيەت» دېگەن غەزەللىرى، موللانىيازنىڭ «ئەرزنامە» دېگەن شېئىرى، مۇھەممەد غېرىب شەھيارىنىڭ «ئىشتىياقنامە» دېگەن شېئىرلار توپلىمى يېقىنقى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەنقىدىي رېئالىزم خاھىشىغا ئىگە نادىر ئەسەرلەردۇر.

فېئودالىزم تۈزۈمى شارائىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەت دېھقانلار ئاممىسى بىلەن فېئودال ئاقسۆڭەك ھۆكۈمران گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشتىن ئىبارەت. 2000 يىلغا يېقىن فېئودالىزم جەمئىيىتىدە تۇرۇپ كەلگەن جۇڭگونىڭ ئاخىرقى مەزگىلىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولىۋالغان مانجۇ ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى جۇڭگونىڭ بارلىق فېئودال ھۆكۈمرانلىرىغا قارىغاندا، دېھقانلارنى تېخىمۇ قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى. شىنجاڭدەك ماجرا كۆپ، سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىمسىز يەردىكى دېھقانلارنىڭ ھالى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى دېھقانلارنىڭ ھالىدىنمۇ بەتتەررەك بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ئىدى. زۇلۇم بار يەردە قارشىلىق كەيپىياتىنىڭمۇ ئۆسۈپ تۇرىدىغانلىقى تارىخنىڭ تەكرار ئىسپاتلىغان يەكۈنلىرىنىڭ بىرى. مانجۇ ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ چىرىك ئىستىبدات سىياسىتى ۋە يەرلىك ئاتارمەن - چاپارمەنلەرنىڭ زۇلۇم ۋاستىلىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ چىدىغۇچىلىقىنى قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرىدا دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلدى. سىياسىي زۇلۇمغا، فېئوداللىق ئاسارەتكە،

مۇدھىش جاھالەتكە قارشى ئومۇمىي خەلق ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىجتىمائىي ھادىسىلەر، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنى تەركىي دۇنيالىققا باشلاپ، سوپىلىقنىڭ مەنىۋى زەن- جىرلىرى بىلەن بوغۇشقا ئۇرۇنغان خوجا - ئىشانلارنىڭ ئۆكتەملىكىگە مۇخالىپ بولغان بويانتاۋلىق ھەرىكەتلەر ئەدەبىياتقىمۇ ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ تەسىرلىك ئەھۋالى بايان قىلىنىدىغان ۋە سوپى - ئىشانلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى پاش قىلىنىدىغان، كۈچلۈك تىندىنسىيىۋىلىككە ئىگە بولغان، جۇملىدىن ئىنقىلابىي روھ بىلەن سوغۇرۇلغان ئەدەبىيات ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. بۇنداق تېمىدىكى ئەسەرلەرگە موللا ئابدۇغاپپارنىڭ «زەپەرنامە شاھ باھادىرخان» ناملىق تارىخىي داستانىنى، مۇغەننىنىڭ «زەپەرنامە» داستانىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

نىزارى دەۋرىدىكى ئاپتورلارنىڭ زېمىنىسىگە ئۆز دەۋرىنىڭ روھىي قىياپىتىنى بەدىئىي ۋە تارىخىي يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشلا ئەمەس، بەلكى، ئۆز دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ۋا- قىتلاردا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە، ھادىسىلەرنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈش ۋەزىپىسى چۈشكەن ئىدى. چۈنكى، بۇ ۋەزىپىنى ئالدىنقى ئەۋلاد كىشىلەر ئورۇنلاپ بولالمىغان. بۇنداق ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن تۆۋەندىكىلەر چىقتى. موللا نىياز «تەزكىرەئى زەبھۇللا» دېگەن داستانىنى يازدى. قاسىمى «تەزكىرەئى ئارسلانخان»نى، موللاھاجى «تەزكىرەتۇل بۇغراخان»، «جەڭنامە ھەزرىتى رەسۇل ئەلەيھىسسالام»، موللا مىرسالىھ قەشقەرى «چىڭگىزنامە» نى، مۇھەممەد ئابدۇل ئېلى قەشقەرى «تەزكىرەئى ھەزرەت موللام»، مۇھەممەدنىياز ئابدۇغوپۇر بەگ «قىسسە سۇلغە رايىپ»، مۇھەممەد تۆمۈر قارىقاشى «تەزكىرەتۇلرىشات»، موللا مۇھەممەد ئابدۇلئەلىم ئىبنى ئاخۇن ئارزۇ مۇھەممەد (تەخەللۇسى «شائىر ئاخۇن»)، «ئىسلامنامە» (1767 - يىل) ناملىق شېئىرىي داستانىنى، (بۇ ئەسەردە ئىككى شەيخنىڭ جۇڭغار ئۇيراتلىرى بىلەن بولغان كۆرەشلىرى بايان قىلىنغان). ئەيمەن دېگەن كىشى، «ئىلىك خانلار توغرىسىدا داستان»نى (بۇ كىشىنىڭ يەنە «ئەشئار سادىق — سادىق شېئىر- لىرى» دېگەن ئەسىرىمۇ بارلىقى مەلۇم)، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى بىر قاتار تەزكى- رىلەرنى يېزىپ چىقتى. بۇ خىل تارىخىي تەزكىرىلەرنىڭ يېزىلىشى زەلىلى دەۋرىدىكى تەزكىرىچىلىكنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ئىدى.

دېمەك، ئىنسان ئېڭىنى تاڭ قالدۇرىدىغان تالاي - تالاي ئىشلارنىڭ ئارقا - ئار- قىدىن يۈز بېرىشى، تارىخنى ئۆزۈپ قويماي ئاچچىق - تاتلىق ساۋاقلارنى ئەسلەپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، دەۋرنىڭ چاقىنى توغرا ئىز بىلەن ئىلگىرىلىتىشكە ئىنتىزار بولىۋاتقان بىر تۈركۈم ئاپتورلارنىڭ قولىغا قەلەم ئېلىپ، خەلق، تارىخ ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى شەرەپ بىلەن ئورۇنلىشى تارىخىي زۆرۈرىيەت سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ زىممى- سىگە چۈشكەن ئىدى.

تەزكىرە — تارىخىي ھادىسە، ۋەقە ھەم تارىخىي شەخسلەرنى ھەم نەسرى ھەم شېئىرىي يول بىلەن بايان قىلىپ بېرىدىغان تارىخىي ۋە ئەدەبىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە

بىر خىل ژانىر. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەزكىرىلەرنى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرى، دىنىي ئەدەبىي تەزكىرىلەر، يەنە بىرى تارىخىي ئەدەبىي تەزكىرىلەر. بۇ خىل تەزكىرىچىلىك ئوتتۇرا ئەسىردىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا خېلىلا تەرەققىي قىلغان. جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەخسۇس بىر ژانىر بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ ئەدەبىياتى، تارىخى، ئىدېئولوگىيىسىنى ئۆگىنىشتە ئوبدان ماتېرىيال.

ئۆمەر باقى ئەلىشىر ناۋائىينىڭ «خەمسە» سىدىكى «پەرھاد - شېرىن»، «لەيلى - مەجنۇن» داستانلىرىنى ئېلىپ نەسرى، نەزم ئۇسلۇبىدا ھېكايە شەكلىگە كىرگۈزگەن، ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى ناۋائىينىڭ «لىساننەتتەيىر» (قۇشلار تىلى) ئاساسىدا «ماقالات» نى ئاممىباب قىلىپ يېزىپ چىققان. موللا سىدىق يەركەندى ئەلىشىر ناۋائىينىڭ «خەمسە» شېئىرىي داستانلار توپلىمىنى نەسرى شەكلىدە رومان قىلىپ چىققان، بۇلارنىڭ مەقسىتى يىرىك شېئىرىي داستانلارنى كەڭ ئاممىنىڭ ئوقۇپ، تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىپ، مەنىۋى ئوزۇق ئېلىشىنى، ئەجدادلارنىڭ بەدىئىي مىراسلىرىدىن كەڭ بەھرىمەن بولۇشىنى نىيەت قىلىش ئىدى. بۇ دەۋردە يەنە، موللانىياز يەركەندى مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» ناملىق مەشھۇر تارىخىي ئەسىرىنى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان ۋە ئۇزۇن بىر قوشۇمچە يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەرنى يەنە ھاجى يۈسۈپ ئىبنى موللا ھۇشۇر خەلپەم 1750- يىلى قەشقەردە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. بۇنىڭدىن باشقا ئىسمى نامەلۇم بىر تەرجىمان 1845- يىلى خوتەن شەھىرىدە ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن. بۇ نۇسخا ھازىر ياۋروپادىكى «ئىنجىل جەمئىيىتى»دە ساقلانماقتا. بۇ ناھايىتى مۇھىم تەرجىمە نۇسخىسى بولۇپ، تەتقىقاتچىلار بۇ نۇسخا ئارقىلىق باشقا ھەر خىل نۇسخىلاردىكى ئوقۇلمىغان يەرلەر، خاتالىقلار ۋە ئىملا سەۋەنلىكلەر، يەر ۋە ئايماق ئىسىملىرىنى توغرىلىۋالغان. مول بىلىمگە، ئۆتكۈر ئىقتىدارغا ئىگە بۇ تەرجىمان ئەسەرنى مۇھاكىمە ۋە تەتقىق قىلىپ تەرجىمە قىلغان. ئۇ نۇرغۇن سۆزلەملەرگە چۈشىنىك بەرگەن. ئۇيغۇر تىلىغا خاس ئىسىملارنى خېلىلا گۈزەل ۋە ساددا ئۇسلۇبتا ئىپادىلىگەن. تەرجىمان ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا «مەن بۇ تەرجىمىنى خوتەن شەھىرىدە ھىجرىيىنىڭ 1263، (مىلادى 1847- يىلى) 22- جامادىيەل سانى كۈنى پۈتكۈزدۈم دەپ يازغان. بۇ دەۋردە يەنە ئۇلۇغ ئالىم ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ «رىسالەئى مۇغەننىيۇن»، «كىتابۇلمۇسىقى»، «كالامفۇلمۇسىقى»قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن زاھىرىدىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ «ئەسرارى مۇسىقى» ناملىق كىتابى شۇ چاغدىكى ئۇستا خەتتاتلار تەرىپىدىن قايتا كۆچۈرۈپ چىقىلدى.

سىياسىي ۋە دىنىي تەقىپ كۈچىيىپ ھەممە يەرنى ۋەھىمە قاپلاپ كەتكەن شارائىتتا، ئەدىبلەر ئەدەبىياتتىكى سىمۋولىزم ئۇسلۇبىدىن پايدىلىنىپ، دىمەكچى بولغان پىكىرلىرىنى يوشۇرۇن مەنىلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتتا مەسەلچىلىك تەرەققىي قىلدى. چۈنكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەسەلچىلىك

ناھايىتى بۇرۇنلا شەكىللىنىشكە باشلىغان ئىدى. مەسىلەن، XV ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى ئەھمىدى «سازلار مۇنازىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە، چالغۇ ئەسۋابلارنى ئۆزئارا مۇنازىرىگە سېلىپ، بۇلارنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازىدا جەمئىيەتتىكى ھەر خىل سىنىپ ۋە تەبىقىلەرنىڭ ئوخشاشمىغان ئىجتىمائىي قاراشلىرىنى، خۇلق - مىجەزلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ئاخىرى، يورۇقلۇقنىڭ زۇلمەتنى يەڭگەنلىكى، تاڭنىڭ تۈننى قوغلىغان - لىقى توغرىسىدىكى ئۈمىتسىزلىك غايە بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلغان بۇ ئەسەردە ئاپتورنىڭ خېيىلقپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ ئەلشىرناۋايى «مەجالىسۇننەفائىس» دېگەن ئەسىرىدە مەلۇمات بەرگەن ئۇيغۇر شائىرى يەقىنىنىڭ «ئوق ۋە يا مۇنازىرىسى» ناملىق شېئىرىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى سىمۋولىزملىق ئەدەبى - ياتنىڭ ياخشى ئۈلگىسى.

XV ئەسىرلەردە ياشىغان شائىر يەقىنى بۇ ئەسەردە ئوق بىلەن يانى ئۆزئارا مۇنازىرىلەشتۈرۈپ، ئاخىرى ئوقنى غالىپ ئورۇندا قويۇش ئارقىلىق، ئىجتىمائىي تەڭ - سىزلىككە بولغان نارازىلىقىنى، ھەقىقەت - ئادالەتنى ياقلاش ۋە ئۇنى قىزغىن سۆيۈش ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

نىزارى دەۋرىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئەجدادلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ھەم ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي رېئال ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئەدەبى - ياتتىكى سىمۋولىزم ئۇسۇلىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلاندى. شائىر خىسلەت «مۈشۈك بىلەن چاشقان»، ئەھمەدشاھ قارىقاش «مېۋىلەر مۇنازىرىسى»، موللا بىلال ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى «دىۋان بىلال» غا كىرگۈزگەن بىر قىسىم مەسەل خاراكتېرلىك شېئىر - لىرى بىلەن مۇشۇ ساھەنىڭ نامايەندىلىرى بولۇپ قالدى. موللا نىياز ئاشىقنىڭ «دىۋان نىيازى» دېگەن توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» قاتارلىق مە - سەللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ غىزا تۈرلىرى، ئەھيا قىلىپ يېتىشتۈرگەن مېۋىلىك دەرەخلىرى - نىڭ خىللىرى ھەققىدە قىزىقارلىق مەلۇمات بېرىپ، خەلقنىڭ تىنچ ۋە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن.

بۇلاردىن باشقا يەنە نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان ئوۋچىلىق توغرىسى - دىكى 70 بابلىق «بازنامە»، دېگەن ئەسەرمۇ بار. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدى - غىنى شۇكى، بۇ دەۋردە يەنە بىر قىسىم شائىرلار ۋە ئالىملار خەلقنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيەتلىرىنى توپلاش ۋە رەتلەش ئىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى ۋە بۇ ساھەدە ئەۋلادلارغا نەمۇنە قالدۇردى. مەسىلەن، موللا سەنجەر ئىبنى ئىبراھىم قەشقىرى «بەختىيارنامە» دىن ئون ھېكايىنى ئېلىپ، شۇنداقلا خەلق ئارىسىدىكى ھېكايە - چۆ - چەكلەرنى توپلاپ، 1849 - يىلى «جامىئۇل ھېكايەت» («ھېكايىلەر توپلىمى») نى تۈ - زۈپ، ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرۈپ چىققان. بۇنىڭ بىلەن، ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىيا - تىنى توپلاش، رەتلەش ئىشلىرىغا مۇھىم تۆھپە قوشقان. بۇ چاغدا يەنە «يار - يار»

ناملىق بىيىتلار توپلىمى، «بۇلبۇل گۈلشەن ناۋايى» (ماھمۇنىر، بەھراز شاھزادىسى ۋە سودىگەر ئەبۇ نەسىرنىڭ قىزى خوپ چېھرە ھەققىدىكى مۇھەببەت قىسسىسى»)، نەسرى يول بىلەن يېزىلغان «ئىسكەندەرنامە» قاتارلىق خەلق ئەدەبىيات ئەسەرلىرى بارلىققا كەلدى.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات سەنئىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىدۇر، 1816- يىلى قەشقەرنىڭ كونا شەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق ئوپال رايونىدا تۇغۇلغان مەشھۇر قىزىقچى، لەتىپىچى سەلەي چاققان باللىق چاغلىرىدىن تارتىپلا ئۆز خەلقىنىڭ ناخشا - ساز - لىرىغا، ئويۇن - مەشرەپلىرىگە ئىشتىياق باغلىغان، خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ قىزىقچى - لىق، ھازىر جاۋابلىقلىرى، سۆزمەنلىك خىسلەتلىرىنى ئۆگىنىپ خۇشچاقچاقلىق ۋە قىزىق - چىلىقنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇش بىلەن، ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ، غەم - دەرد ۋە خۇشاللىقتا ئۇلارنىڭ سىرداش دوستىغا ئايلانغان. ئۇنىڭ كۈلكىلىك لەتىپىلىرى دەل مۇشۇ دەۋردە، XIX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، خەلق ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىدى.

بۇ دەۋر ئىچىدە مۇزىكا - ناخشىلىرى بويىچىمۇ بىرمۇنچە جانلىنىشلار بولدى. مىلادى 1820 — 1828- يىللاردا قەشقەر دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئات - لانغان قەھرىمان ئۇيغۇر قىزى نۇزۇگۇم ھەققىدە توقۇلغان «نۇزۇگۇم» قىسسىسى بىلەن «نۇزۇگۇم» ناخشىسى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان. خوتەن «قارىقاش داخ - شىسى»، تۇرپان «مايىمخان ناخشىسى»، قۇمۇل «يارسىنەم ناخشىسى»، ئىلى ئۇيغۇر - لىرىنىڭ «ئانارخان»، «ئوينىڭ تۆرەم»، «بەۋاپا نادان يارىم»، «خارابىڭ مەن»، «دادەي»، «سارىخان»، «ئاللا يارىم»، «ھاي - ھاي ئۆلەن» قاتارلىق ناخشىلىرىمۇ كەڭ تارقالدى.

نىزارى دەۋرىدە تەرجىمە ئەدەبىيات، تەقلىدىي ئەدەبىيات ۋە ئۆزلەشتۈرمە ئەدە - بىيات مۇقىم راۋاجلىنىپ، يازما ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشتى. يازغۇچىلارنىڭ ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ مەنىۋى تەلىپىنى قاندۇرۇشتا ئۈنۈم - لۈك رول ئوينىدى.

خوجا ياقۇپ يەركەندى ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋى (1253 — 1325) نىڭ «چاھار دەرۋىش» ئەسىرىنى تاجىك - پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ۋە تاش مەتبەدە باستۇرغان. موللا مۇھەممەد نىياز ئەسلى تاجىك - پارس تىلىدا يېزىلغان نەسرى قىسسىگە ئاساسەن «مەنسۇر» ناملىق شېئىرىي داستانىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. نامەلۇم تەرجىمان «داستان مېھرۇماھ» (خاۋەرشاھ ئوغلى مېھر بىلەن ئافرىقا ھۆكۈم - دارىنىڭ قىزى ماھنىڭ ئاشىق - مەشۇقلۇقى توغرىسىدىكى قىسسە) نى تاجىك - پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئەھمەد خوجانىياز ئوغلى «تارىخى ئەسھابۇلكەھف»، «قەسىدەئى بۇردىيە» لەرنى ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە

قىلغان. ھۈسەيىن ئىبنى مۇساتارسۇسى قەدىمى پارس سۇلالىسى ئەھمەنىلەردىن پادىشاھ دارا ھەققىدە يېزىلغان «داراپنامە» دېگەن قىسسىنى تاجىك - پارس تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ دەۋردە يەنە سەيپۇلمۇلۇك ۋە بەدىئۇل جامال قاتار- لىقلار توغرىسىدىكى پارسچە يېزىلغان قىسسە ئاساسىدا «داستان سەيپۇلمۇلۇك» دېگەن نام بىلەن بىر ئەسەر ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىنىپ چىقىلغان. مىسكىن بىچارە «مەلىكە كىتابى» (خەلىل شاھزادە بىلەن ئەجەر پادىشاھنىڭ قىزى توغرىسىدا قىسسە ھەم ئۇلارنىڭ مىڭبىر سوئالىغا ئابدۇلئەلىمنىڭ جاۋابى) نى يېزىپ چىققان.

يۇقىرىقى مەلۇماتلار نىزارى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخىي تەسۋىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە يەنە گۇمنامىق شائىر ئىسمائىل ھاجى 20 مىڭ مىسرالىق «غەزەلىيات» نى، خوتەنلىك موللا ھەيدەر «كىتابى مىسكىن» نى، قارىقاشلىق موللا سالىھ «سالىھ شېئىرلىرى» نى، چىرىيىلىك موللا نىياز «ئىمىر ئابا - مۇسلىم ساھىپ قىران» نى، نامەلۇم ئاپتور «خەۋزۇن نىجاد» نى، ئابدۇللا ھاپىز «ئابدۇللا ھاپىز ئەسەرلىرى»نى يېزىپ، نىزارى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مول مەزمۇن قوشتى. شۇڭا، ئېيتىمىزكى، بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ھەرقانداق دەۋرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ھەجىم جەھەتتىن كۆپ، مەزمۇنى مول تېمىسى كەڭ ۋە ژانىرى ھەر خىلدۇر.

## § 2 نىزارى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ ناماياندىلىرى

### 1 - قەلەندەر

قەلەندەر — ئەدەبىي تەخەللۇس بولۇپ، ئىسمى نامەلۇم بولغان بۇ غەزەلخاند- نىڭ تەپسىلىي تەرجىمىھالى توغرىسىدا مەلۇمات يوق. شۇنداق بولسىمۇ، تەتقىقاتچى- لار ئۇنى XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن دەپ مۆلچەر- لەشتى. شۇنداقلا شېئىرلىرىنىڭ بىرقانچە يېرىدە ئۆز يۇرتىنىڭ «قۇندۇز» دېگەن يەر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەنلىكىگە قاراپ، شائىرنىڭ يۇرتىنى قەشقەر يوپۇرغىنىڭ «قۇندۇز» دېگەن يېرى بولسا كېرەك، دەپ قاراشماقتا. شائىرنىڭ ھازىر تولۇقسىز بىر دىۋانى بار بولۇپ، ئۇنىڭغا 149 غەزەل ۋە 20 دەك مۇخەممەس كىرگۈزۈلگەن، 192 بەت كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئاخىرىغا «تارىخنىڭ بىرمىڭ ئىككى يۈز يىگىرمە بىر پەلەك يىلى ئەيدقۇربان» (مىلادى 1807- يىلى 19- فېۋرال) دەپ يېزىلغان. بۇ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى بولۇشى مۇمكىن.

«دىۋان» دىكى بىر قىسىم غەزەل ۋە مۇخەممەسلەردىن شائىرنىڭ ئۆز ئۆمرىنى كۆپرەك خوتەندە ئۆتكۈزگەنلىكىنى، شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ خوتەندىكى بىر گۈزەل رەناغا بولغان كۈچلۈك ئىشق - مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش سەۋەبى بىلەن

يېزىلغان مۇھەببەت لىرىكىلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قەلەندەر شېئىرلىرى گەرچە ئۆز دەۋرىدىكى ھۆكۈمران ئىدىيىۋى ئېقىم بولغان دىنىي - خۇراپىي ئەقىدىلەردىن خالى بولمىسىمۇ، لېكىن مۇھەببەت ھەققىدە كۆپلىگەن ئېسىل پىكىرلەرنى، ئالىيجاناب ئىدىيىلەرنى ھېسسىياتلىق ۋە تەسىرلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قەلەندەرنىڭ غەزەللىرى ناھايىتى راۋان، ئاھاڭدار، چوڭقۇر لىرىك ھاياجان بىلەن يېزىلغان، بۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ غەزەلچىلىك ژانىرىدا ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

## 2 - گۇمنام

گۇمنام تەخمىنەن XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ۋەتەنپەرۋەر لىرىك شائىر. گۇمنام ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بولۇپ، ئەسلى ئىسمى نامەلۇم، ئاتىسىنىڭ ئىسمى خوجام قۇلى بولۇپ، تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرىدىن بولغان، شۇنداقلا گۇمناممۇ ئۆز ئاتىسىغا ئوخشاش پەقىرانە ھايات كەچۈرۈپ، دۇنيادىن ئۆتكەن. دۇنيا، تەئەللۇق يىغمىغان ئادەم ئىدى. گۇمنام شېئىرلىرىدا «قەشقەر» نى يۇرتۇم دەپ پەخىرلىنىدۇ.

گۇمنامنىڭ تولۇقسىز بىر غەزەللەر توپلىمى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىي 85 غەزەل (بىر - ئىككى غەزىلىنىڭ بەزى مىسرالىرى كەم)، ئىككى مۇخەممەس، (بىرى تولۇق ئەمەس، بىرىدە يازغۇچىنىڭ تەخەللۇسى بېرىلمىگەن)، 25 رۇبائىي، بىر تەرجىئى بەند بار.

دىۋاندىكى غەزەللەر ئۇنىڭ ئىلھامى راۋان، تىلى ئۆتكۈر ۋە چۈچۈك، بىلىمى كەڭ ۋە چوڭقۇر بىر شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. گۇمنام غەزەللىرى ئاساسەن ئىشق - مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان. شائىر بۇ تېما ئارقىلىق ئۆز يۇرتىغا بولغان مۇھەببەت، ئىنسانىي ھېس - تۇيغۇ، ئىنساننىڭ زوق ئىنتىلىشلىرى قاتارلىق ھاياتىي مەسىلىلەر، ئىنسانلار ئارىسىدىكى تەڭلىك باراۋەرلىك قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەر... ئۈستىدە ئىجابىي پىكىر قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەخلاقىي ۋە پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

شائىرنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى بايانلىرى كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ. ئۇ مۇھەببەتنىڭ بىرەر ماكانى يوقلۇقىنى، ئەگەر كۆڭۈلنىڭ كۆزى بىلەن قارىسا، ھەممىلا جاي مۇھەببەت بىلەن تولغانلىقىنى بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىشق - مۇھەببەت ھەققىدىكى كۆز قارىشىنى ئىپادىلىدى.

شائىرنىڭ مۇھەببەتكە سادىق بولۇش ھەققىدىكى بۇ دۇنيا قاراشلىرى ئۇنىڭ ئۆز يۇرتى بولغان قەشقەرگە بېغىشلانغان «كاشغەر» رادىفلىق غەزىلىدە تېخىمۇ كونكرېتلاشقان. بۇ غەزەلدە شائىرنىڭ ئۆز يۇرتىغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭغا بولغان سادىقلىقى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، ئۇ قەشقەرنى «خۇدانىڭ لۇتفى تېرىلگەن يەر، ئۇنىڭ مازارلىرى ئىشق-

ئەھلىنىڭ قىبلىگاھى، قەشقەرنىڭ لالىزارلىرى جەننەتتىن تۈمەننىڭ ھەسسە ئارتۇق، قەشقەرنىڭ تىكەنلىرىنىمۇ گۈلنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ، قەشقەرنىڭ خار-زارلىرىنىڭ تۇرمۇشىمۇ سۇلايمان پادىشاھنىڭ دۆلىتىگە باراۋەر، تۇپىسى ئەنبار پۇرايدۇ، سۇلىرى كەۋسەر، تاغۇ-تاشلىرى گۆھەر ۋە ياقۇت، قەشقەرنىڭ گۈل يۈزلۈكلىرى بىر جىلۋىلىك قاراپ قويۇشلىرى بىلەن ھەرقانداق گۈزەللەرنىڭ باغرىنى خۇددى بەدەخشان ياقۇتىدەك قىزىل قان قىلىۋېتىدۇ، كىمكى قەشقەرگە كېلىپ قالسا، مەيلى ھۆر-پەرى بولسۇن، مەيلى باغى ئىرەم بولسۇن، ئۇنىڭ ھېچقايسىسىغا ھەۋەس قىلمايدۇ، ئۆز يۇرتىنى بولسا ئۇنتۇپلا قالىدۇ. قەشقەرنىڭ كىشىلىرىنىڭ لىۋى خۇددى قەنت، قەشقەرنىڭ ھەممە نېمىسى كۈلۈپ تۇرغان ئانار ياكى قىزىل ئالما...» دېگەن جۈملىلەر بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. بۇ غەزەلنى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئۆز يۇرتى، ئۆز ۋەتىنىگە بولغان مۇھەببەت كۈيلەنگەن غەزەللەرنىڭ نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ.

گۇمنامنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا ئەسەر يېزىشى ئەينى ئىجتىمائىي رېئال شارائىتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يۈكسەك غايە ۋە جاسارەتنىڭ نولغانلىقىدىن دېيىشكە بولىدۇ. گۇمنام ياشىغان دەۋردە شىنجاڭ زېمىنى ھەر خىل كۆچلەرنىڭ خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلىشىغا ئۇچراۋاتاتتى. ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقى ئىنسانىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان، تۇپىدىنمۇ خار، تىكەندىنمۇ قەدىرسىز، دۇنياغا ئوشۇقچە تۆرۈلىپ قالغان ئادەملەردەك قىيىندا-سوقۇندا بولىۋاتاتتى. ئەل-يۇرتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەن شارائىتتا كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، ۋەتىنى، خەلقىنى زوق-شوخ بىلەن مەدھىيىلەپ كۈيلىشى، ئەشۇ خار-زار كىشىلەرگە زور مەدەت، ئۇلارنىڭ مۇدھىش، قاباھەتلىك پەيتلەردىن يېرىپ ئۆتۈپ، ھاياتقا ئۈمىدۋار نەزەرى بىلەن قارىشىنى، دەپسەندە قىلىنىۋاتقان ئېلىنىڭ يەنىلا ئۇلۇغ ئەل ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماي، ھايات ئۈچۈن ئىنتىلىپ تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئىختىيارسىز ئېسىمىزگە سالىدۇ.

## 3- مەجلىسى

مەجلىسى XVIII ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى. ئۇنىڭ تۇرمۇش ھاياتى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. 1797- يىلى (ھىجرىيە 960- يىلى) يازغان «دىۋان مەجلىسى» ناملىق ئەسىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلدى.

«دىۋان مەجالىسى» مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئېپىك ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا مىسىر پادىشاھىنىڭ ئوغلى بىلەن يەمەن پادىشاھىنىڭ قىزى ئوتتۇرىسىدىكى ئىشق-مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ھېكايە قىلىنىدۇ. قىسقىچە ۋەقەلىكى مۇنداق: مىسىر پادىشاھى ئاسىمنىڭ ئارزۇلۇق شاھزادىسى يەمەن پادىشاھى سەيپۇلمۈلۈكنىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ، ئىشق-پىراقىدا سەرسان-سەرگەردان بولىدۇ. مىسىر پادىشاھى ئەلچى قويۇپ، يەمەن پادىشاھىنىڭ قىزىنى سورىتىدۇ. چىن خاقانى بىلەن بولغان دوستلۇق ۋاستىسى بىلەنلا

مىسىر پادىشاھىنىڭ تەلىپى ھەل بولۇپ، ئىككى ياش مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىدۇ. مەجلىسى ئوبرازىنى ياراتقان ئاشىق - مەشۇقلار، چەت مەملىكەتنىڭكى مۇھەببەت ئاشىقلىرى بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ مەجلىسى قەلىمى ئاستىدا بايان قىلىنغان سۆيگۈ سەرگۈزەشتىلىرى ئەينى ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى ئۇيغۇر ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى. شائىر ئۆز دەۋرىدىكى ۋەقەلەرنى بايان قىلىشتا ئەنئەنىۋى ئادەتكە ماسلاشقان ھالدا ۋە ئەگىتمە گەپ قىلىشنى نىيەت قىلىپ، ئوبرازلارغا باشقا ئەل كىشىلىرىنىڭ دوپپىسىنى كەيدۈرۈپ قويغان. شۇڭا، ئېيتىمىزكى، مەجلىسىنىڭ ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئەينى دەۋرنى چۈشىنىشىمىزگە ياردىمى بار.

## 4 - سادايى ۋە «دىۋان سادايى»

مىرھەسەن (سادايى) قەشقەر شەھىرىدە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر شائىر. ئۇ تەخمىنەن 1752 - يىللىرى (ھىجرىيە 1221 - يىلى) «دىۋان سادايى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى تۈزۈپ چىققان.

مىرھەسەن سادايىنىڭ شېئىرلىرى ئۆز ۋاقتىدىلا ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. يەنى ئۇنىڭ دىۋانى ئۇزاق يىللار داۋامىدا، مەدرىسەلەردە ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. ھىجرىيە 1337 - يىلى (1918 — 1919 - يىللىرى) دىۋان سادايىنىڭ ئەسەرلىرى موللا مۇزەپپەر شوكور مۇھەممەد ئوغلى ناملىق كىشىنىڭ خىراجىتى بىلەن تاشكەنت غۇلام ھەسەن ئارىپ مەتبەسىدە چاپى قىلىپ، بېسىلىپ چىققان.

سادايى ئۆز دەۋرىنىڭ سۆز سەنئەتكارى، ئىدېئالوگى ئىدى. ئۇ غەزەللەرنى ئەنئەنىۋى تېمىلار ئىزىدىن يازغىنىغا قارىماي، ھاياتنى، ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى مۇستەقىل شائىرلارغا خاس ئىدىيە بىلەن كۆزىتىپ باردى. شۇڭا ئۇنىڭ پاك ۋە سەمىمىي ئىشق - مۇھەببەت ھەققىدىكى تۈيغۇلىرى، زۇلۇم، جاھالەت، ئادالەتسىزلىك، نادانلىق، قاششاقلىق ھەققىدىكى شىكايەتلىرى ۋە روھىي ئىسيانكارلىقى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى نىشان قىلىشتىن چەتلەپ كېتەلمىگەن. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، شائىر جەمئىيەتنى ئەدىبلەرگە خاس كۆز بىلەن كۆزىتىپ، تەرەققىيپەرۋەر، ئىلغار كۆز قاراشلىرىنى ئالغا سۈرسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتنىكى پاسسىپ ئامىللارنىڭمۇ تەسىرىگە يولۇقۇپ قېلىشتىن ئۆزىنى يىراقلاشتۇرالمىغان. شۇڭا، ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرىدا خۇراپىي، دىنىي ئەقىدىلەر ۋە تەركىدۇنياچىلىق قاتارلىق پاسسىپ تەركىبلەرمۇ ئەكس ئېتىپ قالغان. ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

## 5 - ئېمىرى

مىلادى 1822 - يىلى ۋاپات بولغان ئۇيغۇر شائىرى ئېمىرىنىڭ ھىجرىيە 1293 - يىلى (مىلادى 1876 - يىلى) ئاقسۇ ئوچتۇرپانلىق رەھمانقۇلى ئىسىملىك خەتتات

تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن 372 بەتلىك «دىۋان ئىبرى» دېگەن شېئىرلار توپلىمى بار بولۇپ، ھازىر شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

«دىۋان ئىبرى» گە شائىرنىڭ غەزەل، مۇخەممەس، رۇبائىي، قىتئە، موختەمەلات قاتارلىق لىرىك شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇلار ئاساسەن ئەنئەنىۋى تېما سۆيگۈ - مۇھەببەت، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئادالەت، گۇمانىزملىق ئىدىيىلەر، ئىلىم - مەرىپەت، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەت ھەققىدە شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ چۈشەنچىلىرىنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلغان.

شائىرنىڭ شېئىرلىرى زاماندىداش شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئاھاڭداش بولۇشقا قارىماي، ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ دىققىتىدىن يىراقلاپ كېتەلمىگەن. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خەلق ناخشىلىرىغا ئايلانغان. كلاسسىك مۇزىكا «12 مۇقام» دىكى «چەببىيات» مۇقامىنىڭ تەزە چۈشۈرگۈسىگە، ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپاغا بېرىلمەسلىك، مال - دۇنياغا ھېرىسمەن بولماسلىق، مۇھەببەتكە سادىقەتمەن بولۇش، ئەل ئۈچۈن جان - دىل بىلەن ئىشلەش قاتارلىق بىر يۈرۈش مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر غەزىلى كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەھۋال ئىبرىينى داۋاملىق تەتقىق قىلىشىمىزنى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەدەبىيات دەرسلىكىمىزدە قالدۇرماي سۆزلەش كېرەكلىكىنى زۆرۈرىي شەرت قىلىدۇ.

## 6- ئىسمائىل بەگ

ئىسمائىل بەگ — «بىنىشان» دېگەن سۆزنى تەخەللۇس قىلىپ ئىشلەتكەن شائىر بولۇپ، ھايات پائالىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرمىغان. شائىرنىڭ 1842- يىلى تۈزۈلگەن «دىۋان بىنىشان» دېگەن توپلىمى بىلەن 1827- يىلى يېزىلغان «پەندنامە» دېگەن داستانى بار.

«پەندنامە» 10.948 مىسرادىن قۇرۇلغان زور ھەجىملىك ئېپىك داستان. ئۇ ئارۇز ۋەزىنىنىڭ تاقىماق (دېكلاماتسىيە) شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، 11 بابقا بۆلۈنگەن. بىرىنچى بابى سەككىز ماۋزۇ بىلەن پەيغەمبەرلەرگە مۇراجىئەت، ئىككىنچى بابى ئالتە ماۋزۇ بىلەن ئىلىم ۋە ئەمەل، ئۈچىنچى بابى ئۈچ ماۋزۇ بىلەن قانائەت، تۆتىنچى بابى تۆت ماۋزۇ بىلەن نەپس (گۈزەللىك)، بەشىنچى بابى بىر ماۋزۇ بىلەن ئادالەت، ئالتىنچى بابى ئىككى ماۋزۇ بىلەن سېخا (سەۋر)، يەتتىنچى بابى بىر ماۋزۇ بىلەن شۈكرى - سانا، سەككىزىنچى بابى بىر ماۋزۇ بىلەن ھايا، توققۇزىنچى بابى بىر ماۋزۇ بىلەن دۇئا، ئونىنچى بابى بىر ماۋزۇ بىلەن ساخاۋەت (سېخىيلىق)، ئون بىرىنچى بابى بىر ماۋزۇ بىلەن خاتىمىدىن ئىبارەت.

«پەندنامە» دە ئاپتور ئۆزىنىڭ بىلىم ھەققىدىكى مۇلاھىزە، قاراشلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلغان. ھۆكۈمرانلارنى ئادىل،

پەزىلەتلىك بولۇشقا ئۈندىگەن، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئىللىق ئامىللارنى تەشەببۇس قىلغان.

دەۋر ۋە شىنىپ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئىسمائىل بەگ ئىدىيىسىدە زىددىيەتلىك ئەھۋاللار، جۈملىدىن، پەقەت ھازىرقى دەۋرىمىز ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز بولغان نەرسىلەرمۇ ئورۇنلىشىپ قالغان، ئۇ ئەدەپ، ئەخلاق، قائىدە - يوسۇن، ئىنسانىي مۇناسىۋەت ھەققىدە سۆز ئاچقاندا، كۆپرەك فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ ھېكايىچىسى سۈپىتىدە تۇرۇپ سۆزلەيدۇ، بۇلار پەقەت تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، خالاس.

«دىۋان بىنىشان» دىكى شېئىرلار ئاپتورنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببەت، مېھنەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىلغار كۆزقاراشلىرىنىڭ ئىپادە قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىسمائىل بەگنىڭ «پەندنامە» داستانى شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

## 7 - موللا بىلال ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى

موللا بىلال ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى «دىۋانى بىلال» دېگەن شېئىرى بىلەن مەلۇم بولغان ئۇيغۇر شائىرى. دەلىلچىلەر ئۇنى XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوتەندە ياشاپ، ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراشماقتا.

«دىۋانى بىلال» 1980 - يىلى خوتەندىن تېپىلغان بولۇپ، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىلى 5 - سانىدا پارچىلار ئېلان قىلىندى. ئەسلى نۇسخىسى شىنجاڭ داشۆدە ساقلانماقتا. بۇ توپلام ھىجرىيە 1238 - يىلى (مىلادى 1822 - يىلى) ئىت يىلىدا خوتەنلىك خەتتات موللا نىياز تەرىپىدىن كۆچۈرۈپ قويۇلغان. ئەسەر ئومۇمەن 41 ئۇششاق بۆلۈم، 1138 مىسرا شېئىر بىلەن تۈزۈلگەن. ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ مەسنەۋىي (ئىككىلىك) شەكلىدە، ئارۇزنىڭ «بەھرى مۇتەقارىب، مۇسەممەنى مەقسۇر» (پەئۇلۇن - پەئۇلۇن - پەئۇلۇن - پەئۇل) ۋەزنىدە يېزىلغان.

«دىۋانى بىلال» تېمىلىرى خېلىلا كەڭ تۈزۈلگەن توپلام بولۇپ، ئۇ زامانداش شائىرلارنىڭ دىۋانلىرىدىن پەرقلىق ھالدا مەسەل، ئىبرەتلىك ھېكايە، داستانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئىدىيىۋى كۆز قاراشلىرىنى «قەلەم»، «چىنگە چۈشكەن سۇمرۇغ»، «تاماخورنىڭ تەلىپى»، «ھۇما قۇشىنىڭ تەمەنناسى»، «ھۆد - ھۆدنىڭ ھۇما قۇشىغا جاۋابى»، «بەخت قۇشىنىڭ سايىسى چۈشۈپ، شاھلىققا ئېرىشكەن سۇلتان مەھمۇدنىڭ دىشۋار ئەھۋالى»، «قارچۇغىنىڭ ئارزۇسى»، «ھۆد - ھۆدنىڭ قارچۇغىغا نەسىھىتى»، «ياش خىزمەتكارنىڭ قورقۇنچلۇق ھاياتى»، «لوقمان ھاكىمنىڭ نەسىھىتى» قاتارلىق ماۋزۇلار ئاستىدا يورۇتۇپ بېرىدۇ.

ئەل - يۇرتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدىغان شائىر، بۇ خىل تەقدىردە،

فېئوداللىق جەمئىيەتكە نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ ئامىل بولغان ھۆكۈمران كىشىلەر ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ مۇشۇلارنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى مەسىلىسىنى بەدىئىي ئوبرازلار ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شائىر موللا بىلال خوتەننى مەسىلىلەرنى قىزىقارلىق قويۇش، كىشىنى ئويغاي جەلىپ قىلىش ۋە گەپنى ئۇدۇل قىلىپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆز قارىشىنى مەسەل شەكلىدە بايان قىلىدۇ.

دېمەك، موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەننى تەرەققىيپەرۋەر روھقا ئىگە شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ بەزى كۆز قاراشلىرىغا قاراپ، ساددا تەنقىدىي رېئالىزمچى دېيىشكە بولىدۇ. داۋاملىق ئۆگىنىلىۋاتقان شائىرنىڭ ئەسەرلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان، ئىلغار نەرسىلەرنى تېپىۋېلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

## 8 - زوھۇرى ۋە «دىۋان زوھۇرى»

زوھۇرى - ئەدەبىي تەخەللۇس بولۇپ، قايسى بىر شەخسنىڭ تەخەللۇسى، بۇ شەخس كىم، دېگەن بۇ مەسىلە، تارىختىن بىزگە غۇۋا قالغان ئىكەن. «دىۋان زوھۇرى» دېگەن توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلاردىكى ئىما - ئىشارەتلەرگە قارىغاندا، مەزكۇر ئادەم مانجۇ فېئودال ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى شىنجاڭ رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يىللاردا شۇلار تەرىپىدىن قويۇلغان، قەشقەرنىڭ يەرلىك ھاكىم بېگى زوھۇرىددىن ھاكىم بەگ دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. شائىر زوھۇرى ۋاڭ ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ، XIX ئەسىرنىڭ 30- ۋە 40 - يىللىرىدا قەشقەردە ھاكىم بەگ بولۇپ تۇرغان، مانجۇ فېئودال خاندانلىقىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن قەشقەرنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن.

زوھۇرىددىن ھاكىم بەگ كىچىكىدىنلا ئىلىم - مەرىپەتكە قىزىقىدىغان، تەربىيە كۆرگەن كىشى بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم مۇسۇلمان ئەللىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي رېئاللىقىدىن ئاز - تولا خەۋەردار بولغان. بۇ ھال ئۇنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ھاكىمىيەت باشقۇرۇشىدا بىر قەدەر تەرەققىيپەرۋەر بولۇشىغا ئاساس سالغان. ئۇ قەشقەردە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىللىرىدە خەلقنى ئۆستەڭ چېپىپ، سۇ ئىنشائاتلىرىنى پىلانلىق قۇرۇشقا يېتەكلەپ قالماستىن، ئىقتىسادىي قىممىتى بولغان زىرائەتلەرنى تېرىش، ئورمان بەرپا قىلىپ، تۇرمۇشنى كۆپ تەرەپلىمە بېيىتىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. ئۇ يەنە خەلقنىڭ خوجىلار دەۋرىدە ۋەيران بولغان مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مەدرىسلەرنى بىنا قىلدۇردى. كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ بىلىم ئىگىلىشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت ھازىرلىدى. بولۇپمۇ ئۇ خەلقنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن، خەلق ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان يازغۇچى، شائىرلار، جۈملىدىن ئىقتىدارلىق كىشى-

لەرنى بايقاپ، ئۇلارغا ياخشى ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەردى. ئابدۇرېھىم نىزارى، تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى، نورۇز ئاخۇن زىيائى، ئۆمەر ھۈسەيىن سەبۇرى قاتارلىقلار زوھۇرىددىن ھاكىم بەگنىڭ بىۋاسىتە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە قوللىشى بىلەن ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرغان ئەدىبلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە، بۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە زوھۇرىددىن ھاكىم بەگنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشىغا تەھسىن ئوقۇيدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى بىر تەشكىلىي قىسىم بولغان ئابدۇرېھىم نىزارىي باشچىلىقىدىكى ئەدىبلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا زوھۇرىددىن ھاكىم بەگنىڭ تەشكىللەتچانلىق رولىنىڭ ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىنىڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرى بولغانلىقى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش ئىدى. بۇ مانجۇ فېئودال خاندانلىقى ئولتۇرغۇزغان بۇ يەرلىك ئەمەلدارنىڭ ئۆز خەلقى مەرىپىتى ئۈچۈن قىلغان بىر ياخشى ئىشى، بەلكى ئۇنىڭ بىر تارىخىي تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مانا مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ھاكىم بەگنىڭ نامى تارىخ بېتىدە ساقلىنىپ قالغان.

«دىۋان زوھۇرى» پۈتۈنلەي غەزەل شەكلىدىكى شېئىرلاردىن تەشكىل تاپقان. ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە، غەزەلنىڭ ئاخىرىدا شائىر ئۆز تەخەللۇسىنى ياكى ئۆز ئىسمىنى ئاتاپ خىتاب قىلىدىغان جايدا، ئاپتور ئۆز تەخەللۇسى «زوھۇرى» نى كۆپرەك ئىشلەتكەندىن تاشقىرى، يەنە ئۆز ئىسمى «زوھۇرىددىن» نىمۇ قوللانغان. بەزى غەزەللىرىدە ئۆزىگە «شاھ»، «شاھا» دەپ خىتاب قىلغان. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى مەرتىۋىسىنى تەكىتلەش ئۈچۈن بولغان بولسا كېرەك. ئۇندىن تاشقىرى، زوھۇرىددىن ھاكىم بەگ ئۆز غەزەللىرىدە كۆپ قېتىملاپ ئۆزىنىڭ گەرچە «شاھ»، «تاج ئىگىسى» بولسىمۇ، يەنىلا «پەقىرلىق» نى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ غەزەللىرىدە ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ قەشقەر، تۇرپان دىئالېكتىغا مەنسۇپ بولغان مەھەللىي سۆزلەر (مەسىلەن، ئايلىدا - ئالدىدا، دام - ماختىنىش، ئۈز - چىرايلىق... قاتارلىقلارمۇ) كۆپ ئۇچرايدۇ.

«دىۋان زوھۇرى» دىكى غەزەللەر ئاساسەن ئىشق - مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان. ئۇنىڭ كۆپ غەزەللىرى گۈزەل يارنى سۈرەتلەش، يار ۋىسالىغا ئىنتىلىش، سۆيگۈ ئارزۇسى، جۇدالىق قايغۇسى، رەقىبلەرگە غەزەپلىنىش، قېيداش، رەنجىش، ۋاپاسىز يارغا بولغان تاپا - تەنىلەر، ئۈمىد، ئۈمىدسىزلىك، ئۆمۈردىن پۇشايمان قىلىش، ئەجەل ئەندىشىسى، تۆۋە - ئىستىغپار قاتارلىق مۇرەككەپ تۇيغۇلار ۋە ئىچكى كەچۈرمىلەرنى گۈزەللەشتۈرگەن لىرىك غەزەللەردىن ئىبارەت. شائىر ئوتتۇرا ئەسىر شېئىرىيىتى (بولۇپمۇ غەزەلچىلىكىنىڭ) نىڭ پۈتۈن تارىخىغا ئومۇمىي بولغان تېمىلاردا ئۆزىگە تەۋە بولغان نەرسىلەر، پىكىرلەر، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى، ئوخشىتىشلار، سۈپەتلەشلەر ۋە يېڭى قاپىيەلەر تۈزۈلمىسى قاتارلىقلارمۇ ئاز ئەمەس.

زوھۇرىدىن ھاكىم بەگ گەرچە ئەينى دەۋر فېئوداللىق جەمئىيىتىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن، مانجۇ فېئودال ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ سادىق ھىمايىچىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مىللىي مەدەنىيەت، جۈملىدىن ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشىغا بولغان تەسىرى خېلىلا ياخشى. بۇ جەھەتتىن، ئۇ باشقا فېئودال ھۆكۈمدارلاردىن كەسكىن پەرق قىلىدۇ. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى بەزى پىكىرلەر فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىددىيەسىنى ئۆگىنىشتە ياردىمى تېگىدىغان ماتېرىيال بولالايدۇ.

## 9 - ئىبراھىم مەشھۇرى

ئىبراھىم مەشھۇرى XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەركەندە تۇغۇلۇپ، ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ بىرى. ئۇ «مەشھۇرى» دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسنى ئىشلەتكەن ۋە بىزگە «دىۋان مەشھۇرى» دېگەن توپلىمىنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

«دىۋان مەشھۇرى» 205 غەزەل، ئۈچ مۇخەممەس، بىر مۇسەددەس، ئىككى تەرجىئىبەند (بوغۇم قايتۇرۇش)، ئىككى مەرسىيە ۋە بىر مۇناجاتتىن ئىبارەت بولۇپ، بارلىقى 3960 مىسرا (ئەسەرنىڭ 1 -، 2 - غەزەللەر يېزىلغان بەتلىرى كەم، شۇڭا كەينى ئۈچىنچى غەزەلدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ).

ئابدۇرېھىم نىزارى (1770 — 1849) بىلەن زامانداش بولغان شائىر ئىبراھىم مەشھۇرى شېئىرلىرىدىكى ئىما - ئىشارەتلەرگە قارىغاندا، ۋەيرانە، سەرسانلىقتا، غۇربەتچىلىكتە ھايات كەچۈرگەن. شائىرنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ يېتىشكەن ئەدەبىي سۆز ئۇستىسى، بالاغەت ۋە پاساھەت ئىگىسى بولغان. لېكىن، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆز زامانىسىدا قەدىر - قىممەتكە سازاۋەر بولالمىغان. دېمەك، شائىر مەشھۇرىنىڭ ھاياتى خازان بولۇپ قۇرۇغان ياپراقتەك سەرگەردانلىقنىڭ بوران - شاماللىرى بىلەن خانە - ۋەيرانلىقتا ئۆتكەن.

شائىر مەشھۇرى ئۆزىنىڭ غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىغا قاتتىق ھەسرەت - نادامىتىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى «شۇم پەلەك» كە لەنەت ئوقۇيدۇ. بولۇپمۇ، ئۇ قاباھەتلىك جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولغان رىياكار سوپىلار، بېخىل بايلار، تاماخور سەللىلىكلەر، جاھىل ئاقساقاللارغا ئاچچىق تەنىلەرنى ياغدۇرىدۇ. بىۋاپا زاماندىن قاتتىق زارلىنىۋاتقان شائىر ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى پىشكەللىك، مەرەزچىلىكنى كەلتۈرۈۋاتقان تۈپ ماھىيەتلىك نۇقتىغا مەسئۇلىيەتلىك بىلەن دىققەت قىلىپ، ئەزگۈچى، تەييار تاپ، ئالدامچى تەبىقىلەردىن بىزار بولۇپ، جاھانكەشتىلىك يولىغا چۈشۈپ، غۇربەتچىلىك ھايات بىلەن ئۆتۈپ، ئۆز ئىچىدىكى دەردىنى قەلەمگە تۆككەن ۋە قەلەم ئارقىلىق ئۆزىگە مۇڭداش تاپقان.

شائىر ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىدا ناۋايى، لۇتفى، مەۋلىۋى، جامى ۋە پەرىدىن ئەتتارى قاتارلىقلاردىن ئۆگەنگەنلىكىنى زور پەخىرلىنىش بىلەن قەيت قىلىپ ئۆتكەن. ئىبراھىم مەشھۇرىنىڭ «دىۋان مەشھۇرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1985 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 32 پورمات، 244 بەت بولۇپ نەشىردىن چىقتى.

## 10 - موللا نىياز ئاشىقى

موللا نىياز (ئاشىقى) دېگەن ئۇيغۇر شائىرىنىڭ 1841 - يىلى (ھىجرىيىنىڭ 1257 - يىلى) موللا فەتىھ قۇمۇلى ناملىق خەتتات تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن «دىۋان نىيازى» ناملىق توپلىمى 1980 - يىلى قەشقەر كونا شەھەر ئوپال يېزىسىدىن تېپىلغان بولسىمۇ، شائىرنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقىتلىرى ھەققىدە ھازىرغىچە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. دەلىلچىلەرنىڭ تەكشۈرۈشلىرىگە قارىغاندا، مانجۇ ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى لۈكچۈن ۋاڭى مۇھەممەد ئەپرىدۇننى قەشقەرگە ۋاكالىتەن يۆتكىگەندە، ئۇ لۈكچۈندە ئۆز ئوردىسىدا خىزمەت قىلىپ تۇرغان موللا بوساق نىيازى دېگەن كىشىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە قەشقەرگە ئېلىپ كەتكەن. كېيىن قەشقەردە ئەمگەكچى خەلق سىدىقبەگنىڭ باشچىلىقىدا مانجۇ فېئودال ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتۈرۈلۈپ، قەشقەر خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەندە مۇھەممەد ئەپرىدۇن ۋاڭ سەۋدايى بولۇپ قېلىپ ئۆلگەن. موللا بوساق نىيازى بولسا ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، موللا بوساق نىيازى زامانىسىغا نىسبەتەن يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشى بولغان ئىكەن. ئۇ شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئوبدان ئىگىلىۋالغان. مانا مۇشۇلارغا قارىغاندا، «دىۋان نىيازى» دېگەن توپلام مۇشۇ كىشىنىڭ ئەسىرى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇ تېخى داۋاملىق تەكشۈرۈلمەكتە.

«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 10 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «دىۋان نىيازى» دېگەن توپلامدىكى شېئىرلارغا قارايدىغان بولساق، بۇلار ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئوبدان نەمۇنىلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ، دەپ ئېيتىشقا ئىشەنچىمىز بار. «ئاشىقى» تەخەللۇسلۇق مەزكۇر شائىرنىڭ دىۋانى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى دىۋان تۈزۈش ئۇسۇلى بويىچە توپلانغان. ئۇنىڭدا 136 پارچىغا يېقىن لىرىك غەزەل، تاماق ۋە مېۋىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرىنى مەزمۇن قىلغان داستان شەكلىدىكى ئىككى پارچە ئىپىك نەزمىدىن جەملەنگەن بۇ دىۋاندا ئىشق - مۇھەببەتنى ئاساسىي تېما قىلغان ھالدا ھىجران ئازابىدا ئۆرتىنىپ، ۋىسال تەشنالىقىدا يانغان كۆڭۈل ھەسرەتلىرىنى ئىزھار قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋاپا، ساداقەت، پىداكارلىق، چىدام ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھايات گۈزەللىكىنى قەدىرلەشتەك ئىدىيىلەرنى ئالغا سۈرىدۇ.

موللا نىياز خەلق ئەدەبىياتىدىن ئوبدان ئوزۇق ئالغان شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇ خەلق ئەدەبىياتىدىن پايدىلىنىپ، بىرقانچە مەسەل خاراكتېرلىك داستان يازغان. بۇلار ئۇيغۇر مەسەلچىلىكىدىكى ياخشى ئۈلگە.

موللا نىيازنىڭ ھاياتى ۋە شېئىرلىرى داۋاملىق ئۆگىنىلمەكتە.

## 11 - مۇھەممەد سادىق قەشقىرى

## (1849 — 1740/1721)

### 1 . مۇھەممەد سادىق قەشقىرىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

مۇھەممەد سادىق قەشقىرى ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن چوڭ ئالىم، ئەدىب، تارىخچى ۋە مەرىپەتپەرۋەر دىنىي ئۆلىما.

م. س. قەشقىرى 1740؟ - يىلى (1721؟ - يىل) قەشقەردە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، لېكىن ئۇنىڭ دادىسى موللا شاھ ئەلا ئاخۇن دىنىي مۆتىۋەر ئادەم ئىدى. ئۇ باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئائىلىسىدە ئاتىسىدىن ئالغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى «مەدرىسە ھامىدىيە» ناملىق ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، تۈرلۈك ئىلىملەر بويىچە يۇقىرى مەلۇمات ئالىدۇ، ئوقۇشنى تاماملاپ، قەشقەر خانلىق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىكىگە تەيىنلىنىپ، بىر مەزگىل ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش بىلەن مەشغۇل بولدى. كۆپ يىللار ئۆتمەي، قەشقەر شەرئى مەھكىمىسىنىڭ باش قازىلىقىغا تەيىنلىنىپ، شەرىئەت ئىشلىرىنى باشقۇردى. مانا بۇ مەزگىل ئالىمنىڭ شان - شۆھرىتى يالغۇز قەشقەرگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا دېگۈدەك يېيىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرىئەت ئەقىدىسى بويىچە چىقارغان ھۆكۈملىرىنى رەت قىلىشقا كىشىلەر جۈرئەت قىلالمىغان، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە دېگۈدەك مۇرەككەپ، چىگىش، ھەل قىلىش تەس دەپ قارالغان مەسىلىلەر موللا مۇھەممەد سادىق قەشقىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا سۇنۇلغان. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ «موللا مۇھەممەد سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم» دېگەن مۆھرى يەتتە شەھەر بويىچە ئاساسەن ئېتىراپ قىلىنغان.

ئالىمنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىر تۆھپىسى شۇكى، ئۇ ئەجدادلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، چەكسىز پەخىرلىنىپ تۇرغان. ئۇ قىممەت باھالىق «مەسنەۋى شىرىنى» ناملىق كىتابىغا ئالتۇندەك «ھەدىيەنامە» يېزىپ، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرىنىڭ قەشقەر ئوپال يېزىسىدىكى قەۋرىسىگە مۇتلەق ۋەخپە قىلغانلىقى بۇنىڭ جانلىق پاكىتى.

«مەسنەۋى شىرىنى» كىتابىنىڭ مۇقاۋىسىغا ھىجرىيە 1252 - يىلى (مىلادى 1836 — 1837 - يىللىرى) «قەلەم ئىگىسى بولغان مەھمۇد قەشقىرىنىڭ مۇبارەك قەبرىسى»گە تەقدىم، دېگەن ھۆججەتنى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىشتە سۇ بۆلگۈچ ھۆججەت بولۇپ قالدى.

«مەسنەۋى شەرىف»كە يېزىلغان «ھەدىيەنامە»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئالىم مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ئۆز ئەتراپىغا ئابدۇرېھىم نىزارى، تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى، نورۇزئاخۇن زىيائى، زەيدىن قۇرۇلبېگى قاتارلىق ئۆلىمالار، بىلىم ئەھلىلىرىنى توپلىغان. بۇ ئارقىلىق خەلقىنىڭ ئاڭ - سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە بىرلىكتە كۈچ چىقارغان.

1849 - يىلى قەشقەردە بولغان بىر قېتىملىق سىياسىي توپىلاڭدا ئالىمنىڭ جېنى قەتلى قىلىنغان، ئۇنىڭ جەسىدى ئاق مازار (يۈسۈپ خاس ھاجىب مازىرى ئالدىدىكى قەۋرىستانلىقتا)غا دەپنە قىلىنغان.

مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ئىجتىمائىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلق ئاممىسى، جۈملىدىن جەمئىيەتكە بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى، قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئىجادىيەت بىلەن ھەم شۇغۇللىنىپ، تارىختا ئەبەدىي ئۇنتۇلمايدىغان يادىكارلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

ئەل - يۇرتىنىڭ تەقدىرىگە ئالاھىدە نەزەر سالىدىغان ئىجتىمائىي ئەرباب مۇھەممەد سادىق قەشقىرى ئەڭ ئالدى بىلەن خەلقىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئەۋلادلارغا ئىبرەت قوللانمىسى يارىتىپ بېرىشنى نىيەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» دېگەن ئەسىرىدىن كېيىن شىنجاڭ تارىخىنى بىر قەدەر تېپىكرەك گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان يېرىك تەزكىرە «تەزكىرەئى ئەزىزان» نامىلىق كىتابىنى يازدى.

مۇھەممەد سادىق قەشقىرىنىڭ 1840 - يىللاردا يازغان «زۇبەدتۇل مەسائىل ۋەل ئەقائىد» («مەسىلىلەر جەۋھىرى») ئەسىرى جەمئىيەتنى تۈزەشكە بېغىشلانغان. بۇ ئەسەردە شەرىئەت قائىدىلىرىنى مىللىي ئادەت ۋە تەلەپلەر بىلەن جىپسىلاشتۇرۇش تەشەببۇس قىلىنىپ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىرقانچە ئەمەلىي پاكىتلار سۆزلەنگەن. ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇمكى، ئاپتور ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسىيغا قارىتا پەرۋاسىز مۇناسىۋەتتە تۇرماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشقان ۋە ھۆكۈمرانلار ئۈچۈن قوللانما سۈپىتىدە مۇشۇ ئەسەرنى يېزىپ، ئۇلارغا مۇۋاپىق قائىدە - تۈزۈملەرنى بەلگىلەش ۋە ئىجرا قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەن. تارىخىي دەۋر نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا بۇ يازغۇچىنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئىلغار تەرەپتۇر. بۇ كىتاب ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

ئالىمنىڭ «تەزكىرەئى ئەسھابۇل كەھف» دېگەن ئەسىرى تۇرپاندىكى مەشھۇر ئەسھابۇل كەھف ھەققىدە قىزىقارلىق ھېكايە سۆزلىنىدۇ.

مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «ئادابۇسسالىھىن» («ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەب - ئەخلاقلىرى»)، «قىياپەتۇلبەشەر» («ھەر خىل قىياپەتلەر بەشەرىسى»)، «رىسالەئى كەسپدار» («كاسىپلار رىسالىسى») قاتارلىق ئەسەرلىرى كىشىلەرنى دىيانەت،

ئەدەب - ئەخلاق، ئىلىم - ھۈنەرگە ئۈندەيدىغان تەربىيەۋى ئەھمىيىتى زور ئەسەرلەردۇر.

ئالىم باشقا خەلقلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە مەشھۇر ئەرەب تارىخچىسى ئەبۇ جافار مۇھەممەد ئىبن جەرىر ئەل تابارى (838 — 923) نىڭ «تارىخ تابارى» دېگەن ئەسىرىنى ئىجادىي تەرجىمە قىلىپ ئىشلەپ (1846? - يىل) چىققان. بۇنىڭدا دۇنيا بىنا بولغاندىن تارتىپ مىلادى 915 - يىلىغىچە بولغان ۋەقەلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ VIII — IX ئەسىرلەردىكى تارىخىي ئەھۋالىمۇ سۆزلىنىدۇ.

تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى «تارىخ تابارى»نى تەرجىمە قىلغاندا بەزى تولۇقلاشلارنى ئېلىپ بارغان. بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشىغا ئەينى چاغدىكى قەشقەر ھاكىم بېگى يۈنۈس تاجى بەگ ئىنىنى ئىسكەندەر بەگ تەشەببۇسكار بولغانلىقى ئۈچۈن، تەرجىمان ئەسەردىكى بەزى تولۇقلاشلارنىمۇ نەزەردە تۇتقان ھالدا تەرجىمە ئەسەرنى «تارىخى ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامە شاھى» («ئىسكەندەر خانلىقى تارىخى ۋە شاھلار تاجنامىسى») دەپ ئاتىغان.

مۇھەممەد سادىق قەشقەرى يەنە مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» ناملىق كىتابىنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان.

## 2 . مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق ئەسىرى ھەققىدە

«تەزكىرەئى ئەزىزان» مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئۇتۇقلۇق چىققان ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەت تارىخىدىمۇ ئەھمىيەتلىك ئورۇندا تۇرىدىغان ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر.

م. س. قەشقەرىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى مەدرىستە ئوقۇپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا باشلانغان. ئۇ دەسلەپ لىرىكىلىق غەزەللىرى بىلەن كۆپچىلىك ئىچىدە تونۇلدى. ئۆتكۈر ۋە زېرەك شائىرنىڭ يىگىتلىك چاغلىرى ئەل - يۇرتى ئېغىر ئەھۋالدا تۇرغان مەزگىللەرگە توغرا كەلدى. ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ مەزلۇم خەلققە كەلتۈرۈۋاتقان بالايى - قازالىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ياش ئەدىب فېئودال مۇستەبىتلەرگە نەپرەت كۆزى بىلەن قارىدى. ھەم بۇنداق خورلۇق ۋە تەڭسىزلىككە قارشى ئەسەرلەرنى يېزىشقا كىرىشتى. شۇ مەقسەت بىلەن تارىخشۇناس مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ئۆز يۇرتىنىڭ تارىخىنى يېزىشقا بەل باغلىدى.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئەدىب شىنجاڭدا يەرلىك ھاكىمىيەت تەشكىل تاپقاندىن تارتىپ تا مەركىزىي فېئودال ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى باشلانغانغا قەدەر بولغان ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ، ۋەھشى ئىستىبداتلارنىڭ خەلققە سالغان زۇلۇملىرىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلىدۇ.

تارىخشۇناس ئۆز كىتابىغا «تەزكىرەئى ئەزىزان» («ئەزىزلەر تەزكىرىسى») دەپ نام بەردى. بۇ «تەزكىرە خوجىكان — خوجىلار تەزكىرىسى» ۋە «تەزكىرەئى جاھان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراش يوق. بەزىلەر 1769 - يىلى، يېزىپ تۈگىتىلگەن دېسە، يەنە بەزىلەر، 1771 - يىلى، 1817 - يىلى دەپ قارايدۇ.

«تەزكىرەئى ئەزىزان»دا ئاساسەن مەخدۇم ئەزەم قاتارلىق خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىدىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى، ئاپپاق خوجا ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشى ھەمدە جۇڭغار خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ يۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانلىق جەريانى، ئاپپاق خوجا ئەۋلادلىرى دەۋرى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن جەڭگى - جېدەللەر، ئاخىرىدا شىنجاڭغا مانجۇ فېئوداللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا كىرىشكىچە بولغان ۋەقەلەر سۆزلىنىدۇ.

تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، ئەسەر يېزىلىش ئۇسلۇبى ۋە ئىدىيىۋى يۆنىلىشى بويىچە يېڭى تىپتىكى تەزكىرە بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزىدە پۈتۈن مىللەتنىڭ تەقدىرى، مىللىي ئەركىنلىك ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەر تەسۋىرلەنگەن، ئەل - يۇرتنىڭ بېشىغا بالايى - ئاپەت كەلتۈرگەن بىر ئوچۇم مەلئۇنلار قارىلانغان، بولۇپمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ تىپىك شەخسلەر بەزى خوجىلار، نەپرەت قەلىمىنىڭ ئاستىغا ئېلىنغان. ئەل - يۇرتنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەشكەن خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ ئىشلىرى، ئەل - يۇرتنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ، ئەدەبىياتىنىڭ، سىياسىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشقان شەخسلەر ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن ئاتاپ ئۆتىلىدۇ. مەسىلەن، ئەمگەكچى خەلقنى يېتەكلەپ، يۇقۇرى فېئودال ئىستىبداتلىرىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۆرەشنى باشقۇرغان (يۈسۈپ زىياغا ئوخشاش) ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ قەھرىمانلىقى، ئانا ماكانىغا بولغان ساداقىتىنى ئالاھىدە تەسۋىرلىگەن.

مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ مەزكۇر ئەسىرى تارىخىي ئەدەبىي تەزكىرە ژانىرىغا تەئەللۇق. ئۇ بۇ جەھەتتىن، ئەلشىر ناۋائىينىڭ «مەجالىسۇننە فائىس»، دۆلەتشاھ سەمەرقەندىنىڭ «تەزكىرە تۇششۇئارا» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە ئوخشايدۇ. تارىخشۇناس تەزكىرىسىدە XVIII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلانغان، ئۇيغۇر مېھنەتكەشلىرىنىڭ مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى ھەققانىي كۈرەشلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا ئۇلارنىڭ ئەدەبىي مىراسىدىنمۇ نەمۇنىلەر ئورۇن ئالغان، ئومۇمەن، تەزكىرىدە يۈسۈپ خوجا، ئابدۇللا خوجا، يەھيا خوجا، شائىرلاردىن ئەرشى، فۇتۇھى، نىزامىدىن خامۇشى، ئۇلۇغ ئەزىزەم ۋە باشقىلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. دېمەك، ئەسەردە، بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېزىلىشىگە قارشى ئازادلىق ھەرىكەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلسە، ئىككىنچىدىن، XVIII ئەسىرلەردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولغان ئەدەبىي ھايات ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ. مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ كىتا-

بىدا ئەدەبىي ھايات توغرىسىدا مەلۇماتلار ناۋايى ۋە سەمەرقەندىنىڭكىدەك كەڭ يو-
رۇتۇلغان ئەمەس. ئەگەر بىز شەرق ئەدەبىياتىدىكى تارىخىي ئەدەبىي ژانىر توغرىـ
لىق سۆز قىلساق، بۇ ژانىرنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە بىسىپ ئۆتكەن تەرەققىيات يو-
لىنى بايقايمىز. ئەلىشىر ناۋايى، دۆۋلەتشاھ سەمەرقەندىلەرنىڭ تەزكىرىلىرى ئەدەبىـ
ياتشۇناسلىق ئەسىرى ۋە ئەدەبىي مەنبە ھېسابلانسا، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى دەۋ-
رىگە كېلىپ، تەزكىرە ژانىرىنىڭ تەرەققىياتىدا زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى.
دېمەك، ئالىمنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» ئەسىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈرەش تا-
رىخىنى، شۇنداقلا كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىنى ئۆگىنىشتە ئاساسىي مەنبەلەرنىڭ
بىرى سۈپىتىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.
«تەزكىرەئى ئەزىزان»نىڭ 352 بەتلىك قول يازما نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

3 . مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى

مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى لىرىكىلىق شېئىرلارنى يېزىش
بىلەن باشلانغان. كېيىن ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا XVIII ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا يۈز
بەرگەن ئىجتىمائىي ۋەقەلەرمۇ ئۆز ئەكسىنى تاپقان.
«تەزكىرەئى ئەزىزان»غا كىرگۈزۈلگەن مەسنەۋىيلەر، غەزەللەر، مۇسەممەن ۋە
مۇخەممەسلەر، رۇبائىيلار ۋە ساقىنامىلار مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ ئىجادىيىتىدە
مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.
ئەل - ئۆچۈن ئىغىر مۇسىبەت تۇغۇلغاندا ئۆزئارا زىددىيەتلەرنى تاشلاپ بارلىق
ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەرنىڭ بىرلىشىپ زۇلۇمغا قارشى ئۇرۇش يۈرگۈزۈش لازىملىقى ھەق-
قىدە ئۇتلۇق مىسرالارنى خىتاپ قىلغان يالقۇنلۇق شائىر مۇھەممەد سادىق قەشقەرى
ئەل - يۇرتىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى چوڭقۇر تۇيغۇلار، ئۆتكۈر سىزىملار بىلەن
ئىپادىلىگەن. ئۇ ئۆز ئىجادىيىتى بىلەن ۋەتەننى ھىمايە قىلىشقا، خەلقنى بەختكە
ئېرىشتۈرۈشكە چاقىردى. ئەل - يۇرتىنىڭ تەقدىرى شائىرنى كۆپ تەشۋىشكە سالدى.

قايسى بىر دەردىم بايان ئەيلەيكى، قايسى كۈلفەتى،
بىلمەن ياكەلمىگەن مۇنداق بىرەۋگە مىھنەتى.
ماتەمىنى ئېيتايمۇ يامۇسىبەت غۇسسەسى،
يادېيىمۇ خانە - ۋەيرانلىق بالا بۇ — شىددەتى.

شائىر چاپارمەنلەرنى ئەيىپلەش بىلەن بىللە ئۇيغۇر خەلقىگە كەلگەن پاجىئە - مۇسى-
بەتنىڭ ھەددى - ھېسابسىز ئىغىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزئارا قىرغىنچىلىقلارنىڭ، قان تۆكۈ-
لۈشلەرنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ ئۆتىدۇ.

خەلق ئازادلىقى، بەخت - سائادىتى ئۈچۈن جېنىنى ئايىماي كۈرەشكەنلەر شائىردا چوڭ خۇشاللىق، مىننەتدارلىق پەيدا قىلدى. ئەدىب مۇنداق خىسلەتلەرنى كۈچلۈك سىزىم، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن كۈيلىدى.

مۇھەممەد سادىق قەشقىرى شېئىرىيەتنىڭ ساقىنامە ژانىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. ساقىنامىلىرىدا XVIII ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي ۋەقەلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. مۇنداق ئەسەردە ئاپتور ساقىغا مۇراجەت قىلىپ، ئۆز پىكىرلىرىنى، ئىجتىمائىي ۋەقەلەرگە بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈردى. شائىر «كەتتۇر ساقى ماڭا بىر نەشئى مەي» دېگەن ساقىنامىسىدا بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ساتقۇنلۇق قىلمىشىنى پاش قىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ ساقىنامە ئارقىلىق مۇھەممەد سادىق قەشقىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن مۇسىبەتنى تەسۋىرلىدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بەختلىك مىنۇتلىرى مەسىلىسى، ئەدىب تەزكىرىسىنىڭ ئاساسىي ماۋزۇسى ئىدى. شۇڭا، شائىر ئەل - يۇرتنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەدىن تەشۋىشلەنگەن ھالدا بۇرھانىدىننىڭ خائىنلىق قىياپىتىنى تەسۋىرلەپ، ئۇنى قانخور، مەككار، كاززاپ دەپ ئاتىدى. يامانىنىڭ يامىنى دەپ باھالىدى.

خەلقنىڭ تەقدىرىنى ئۆزىنىڭ تەقدىرى دەپ بىلگەن شائىر ئەينى شۇ زۇلۇمغا قارشى مېھنەتكەشلەرنى - يەنى خەلق ئارىسىدىن چىققان باھادىرلارنىڭ قەھرىمانلىقىنى ئىپتىخارلىنىش بىلەن مەدھىيىلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا قورقۇنچاق، ۋىجدانسىزلارنى قاتتىق قامچىلىدى.

مۇھەممەد سادىق قەشقىرى ئۆزى ياشاپ تۇرغان دەۋر بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، ئىنسانىي خىسلەتلەرنى ئۇلۇغلىدى. ئۇنىڭ پىكرىچە، ھەرقانداق ئىنساندا، ساداقەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، ساپ ۋىجدانلىقتا ئوخشاش خىسلەتلەر بولۇشى كېرەك، ئادەملەر بىر - بىرىگە دوستانە مۇناسىۋەتتە ياشىشى لازىملىقىنى، خىيانەت، مەككارلىقتا ئوخشاش پەسكەشلىكلەردىن نېرى بولۇش ئىنسانلار ھاياتىدا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئۇقتۇرۇپ ئۆتىدۇ.

شائىر «ئىي كى بارسەن زىننار ھېچ كىمگە ئازار ئەيلىمە» دېگەن شېئىرىدا خوجا جاھان ئەرشى ۋە باشقىلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشتىكى كەمچىلىكلىرىگە ئىشارە قىلغان. چۈنكى، خوجا جاھان ئەرشى شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە ئېغىر كۆلپەتلەر كېلىۋاتقان ۋاقىتتا شەخسىي مەنپەئىتىنى كۆزلىگەن بەزى خەلق ساتقۇنلىرىغا — يەنى غازىبەگ، نىيازبەگ ۋە باشقىلارغا ئۆز ۋاقتىدا قاتتىق جازا قوللىنىش ئورنىغا، قۇرئان، شەرىئەت يولى بىلەن ئۇلارنىڭ خائىنلىق پائالىيىتىنى چەكلەشكە تىرىشىدۇ. غازىبەگنى يەركەن ئەسكەرلىرىگە لەشكەر بېشى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. نەتىجىدە خائىن غازىبەگ 40 مىڭدىن ئوشۇق يەركەنلىكلەرنى شەھەرنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ، يەركەن لەشكىرىنىڭ سەپلىرىنى بۇزۇپ بۇرھانىدىن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يەركەن ئەسكەرلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ.

مۇھەممەد سادىق ئادەملەرنىڭ ياخشى، خاتىرجەم ياشىشىنى، بىر-بىرىنى ئازابلىماسلىقىنى، ئەل-يۇرتنى باشقۇرۇۋاتقان شەخسلەرنىڭ ئادىل بولۇشىنى ئىستەيدۇ. شەرقتە «ئادىل پادىشاھ» نامى بىلەن شۆھرەت قازىنىپ، ناملىرى رىۋايەتكە ئايلانغان جەمشىد، پەرىدۇن، دارا، ئىسكەندەرگە ئوخشاش پادىشاھلاردىن ئۆلگە ئېلىشقا ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنى چاقىرىدۇ.

مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر فولكلورىنى ياخشى بىلگەن ئەدىب ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا ئەدىب ئۆزى ئىجاد قىلغان ھېكمەتلەر، قايتىدىن ئىشلىگەن ماقال-تەمسىللەر «تەزكىرەئى ئەزىزان»دا كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «بۆكۈن ئال دېسە، كېسەر باش»، «غەفلەت بىرلە ياتمىغايسەن، كاردىن قالۇرسەن»، «كېيىنكى پۇشايمان سۈت بەرمەس»، «ئۆزەڭنى شىر بىلسەڭ، ئۆزگىنى شىر غۇران بىل»، «بىرەرنى كۆيدەرسەڭ، ئۆزەڭ كۆيەرسەن»، «باتۇر جەڭگە تۇغۇلىدۇ»... قاتارلىق ماقال-تەمسىللەر ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا سىڭىپ كەتكەن.

ئەدىب شېئىرىيىتى نەمۇنىلىرىنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكى ئىجتىمائىي تېمىدىكى غەزەللەر مەسنەۋىي، مۇسەممەن، ساقىنامە ۋە شېئىرىيەتنىڭ باشقا كىچىك تۈرلىرىدىن ئىبارەت، لېكىن بۇنىڭدىن «تەزكىرەئى ئەزىزان»دا شەرق ئۇسلۇبىدىكى «ئىشق-مۇھەببەت» ماۋزۇسىدىكى شېئىرلار يوق دېگەن خۇلاسە چىقمايدۇ. «ئەزىزان»دا XVIII ئەسىردىكى مەشھۇر لىرىك شائىر ئەرشى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى فۇتۇھى ۋە باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرىي نەمۇنىلىرى مۇھەممەد سادىق تەرىپىدىن قايتا ئىشلەنگەن بولۇپ، ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە بولغان.

شائىر ئىجادىيىتىدە ئىلغار، تەرەققىپەرۋەر قاراشلار بىلەن بىر قاتاردا بەزى چۈشكۈنلۈكلەر، ئاجىز تەرەپلەرمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ ئاجىز تەرەپلەر ئەنە شۇ ئەدىب ياشىغان دەۋرنىڭ تامغىسىدۇر. ئەدىب بەزىدە ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئەنە شۇ زامانىنىڭ، جەمئىيەتنىڭ مەلۇم نورمىلىرىغا باغلىغان ھالدا ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئەھۋال خۇسۇسەن ئۇنىڭ ئەخلاقىي — دىداكتىك ئەسەرلىرىدە، شۇنداقلا «تەزكىرەئى ئەزىزان» دىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. چۈنكى دىنىي پانتېئىزم ناھايىتى يۇقىرى يىلتىز تارتقان، فېئودال ئىدېئولوگىيە ھۆكۈمران بولغان دەۋردە ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ باي ئىجادىي مىراسى مەدەنىيىتىمىز تارىخىدا سۆزسىز چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى XVIII ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، ئازادلىق ئىدىيىلىرىنى تەرغىپ قىلىش بىلەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىدە ئەكس ئەتكەن ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش تېمىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىدىيىۋىلىكىنى بېيىتىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ خىل تېما

كېيىنكى ئەسەرلەرگە كۈچلۈك تەسىر قىلىپ، ئەدەبىيات ساھەسىدە ھەقىقىي شېئىرىيەتكە ئايلانغانلىقى شائىر ئىجادىيىتىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ.

## 12 - مۇھەممەد ئىۋەز قارىقاشى

مەزكۇر كىشىنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئىۋەز ئىبنى مەۋلانا سەدرىددىن قارىقاشى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قارىقاش ناھىيىسى موغاللا مەھەللىسىدىكى بىر ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ دەۋرىگە نىسبەتەن خېلىلا يۇقىرى بىلىم ئىگىلىگەن ئادەم.

مۇھەممەد ئىۋەزنىڭ «مەخدۇمى ئەزەم»، «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» ئەسەرلىرى بار.

«مەخدۇم ئەزەم» ئاساسەن تەزكىرە بولۇپ، ئۇنىڭدا XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تەكرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا يۈز بەرگەن زور ئىجتىمائىي، سىياسىي ئەھۋاللار، تارىخىي ۋەقە، تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن. خوجىلار ھەرىكىتى، «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق»لار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ئەسەر مۇھەممەد سادىق قەشقىرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» دېگەن ئەسىرى بىلەن، ئۆزئارا ماسلىشىپ، كەم يەرلىرىنى تولۇقلىشىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ XVIII — XIX ئەسىرلەردىكى ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ خوجىلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئۆگىنىشتە پايدىلىنىش قىممىتى بار ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

«مەجمۇئەتۇل ئەھكام» (ھۆكۈملەر يىغىندىسى) 14 بابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، خرونولوگىيە (تارىخ) ۋە پسىخولوگىيە قاتارلىق پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كىتابىنىڭ ئاخىرىدا مۇئەللىپ ئۆزى بىلەن زامانداش بولغان ۋە ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن بەزى ئالىملارنىڭ ئىلمىي پائالىيىتى توغرىسىدىمۇ مەلۇمات بېرىدۇ.

«مەجمۇئەتۇل ئەھكام» XVIII ئەسىر شارائىتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تەبىئىي پەن ھەققىدە دادىل پىكىر يۈرگۈزگەن ئىلغار كىتابدۇر. مۇھەممەد ئىۋەز ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرى ئارقىلىق تەبىئەتنى بىلىش جەھەتتە ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن.

ئىلىم-پەن تارىخىدىن خېلىلا ياخشى خەۋىرى بار، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئەرەب ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرىنىڭ تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى ئەسەرلىرىنى پىششىق تەتقىق قىلغان مۇھەممەد ئىۋەز ئەسەرلىرىگە مۇنداق مۇقەددىمە يازغان: «بۇ پەقىر خاكسار، پەرىشان روزغار مۇھەممەد ئىۋەز ئىبنى مەۋلانا سەدرىددىن قارىقاشى... بىرنەچچە كەلىمە ھۆكۈما ئەھۋالىدىن ۋە تارىخ... ھېساب جەمەل... تۇققۇز ئەخلاق... يەتتە ئىقلىم، ئەجايىبات ۋە غارايىباتى ئالەم، شەھەرلەر... قەلئەلەر... ئىلمىي ھەندەسە ۋە نۇجۇم، ئىلمىي ھەيئەت... مۇقەددىماتى ئىلمىي ھېساب ۋە پاراسەت ۋە ھۆكمەتنى جەمئىي قىلىندى. ‹مەجمۇئەتۇل ئەھكام› دەپ ئات قويۇلدى»

بۇ كىتابنىڭ ھىجرىيە 1241 - يىلى (مىلادى 1819 — 1820 - يىللىرى) كۆچۈرۈلگەن قول يازما نۇسخىلىرى ساقلانماقتا.

مۇھەممەد ئىۋەزنىڭ كىتابلىرى ئۆز نۆۋىتىدە «تەزكىرە» لەرنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 13 - موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزى ۋە ئۇنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» ناملىق ئەسىرى

موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزى خوتەندە ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر ئاپتورلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئۆز ئەسىرى «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» دا ئاز - تولا مەلۇمات بار.

موللا نىمەتۇللا ئۆز دەۋرىنىڭ خېلىلا بىلىملىك ئادەملىرىدىن ئىدى. ئۆز ئانا تىلىنى، ئەدەبىياتىنى، خەلقىنىڭ تارىخىنى، بولۇپمۇ مۇزىكا تارىخىنى ئۆگەنگەن، ئەرەب، پارس تىللىرى، جۈملىدىن بۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتى، تارىخى مەدەنىيەت ئەھۋالىدىنمۇ ئوبدان خەۋەردار بولغان. «تارىخى رەشىدى»، «تەۋارىخى رەۋزەتۇسسەفا»، «تەۋارىخى ئەجەم» قاتارلىق پارس تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى، ۋە «تەۋارىخى تابارى»، «تەۋارىخى ھۆكۈما»، «تەۋارىخى ئەرەب» قاتارلىق ئەرەبچە يېزىلغان ئەسەرلەرنى قېتىرقىنىپ ئوقۇپ چىققان. ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان «رىسالەئى مۇغەننىيۇن» ناملىق كىتابىنى ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىپ چىقىشقا نىيەت باغلىغان.

موللا نىمەتۇللا ئەلىشىر ناۋائىيدىن ئوبدان ئۆگەنگەن، يەنى ئۇنى «پىرىم»، «ئۇستازىم» دەپ ئىپتىخارلانغان. ناۋائىينىڭ «كۇللىيات»، «چاھار دىۋان»، «خەمسە» لىرى ھەم بۇلاردىن باشقا ئىلگىرى - كېيىن يازغان 36 پارچە كىتابىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇنىڭ خىسلەت ۋە ئىشق - مۇھەببىتىدىن خەۋەردار بولغان. لۇتفى، ئابدۇراخمان جامى، مۇھەممەد كۆشتىنگىر، فىساغۇرۇس (پىپاگور)، فارابى قاتارلىقلارنىڭ ئىسىل پەزىلەتلىرى ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولغان. ئەينى چاغدىكى خوتەن ھاكىم بېگى ئۇنى: كەسىپىي مۇسىقىدۇر (مۇزىكىچى ئىدى)، شېئىرىيەت بېغىنىڭ بۇلبۇلى، ئەدەبىيات گۈلشىنىنىڭ تۇتىدەك شېرىن سۆزلىكى، ھەم خۇش پۈتكۈچى ھەم دىلكەش ئېيتقۇچىسى ئىدى، دەپ ئۇنىڭغا باھا بەرگەنىدى.

موللا نىمەتۇللا ھىجرىيە 1271 - يىلى (مىلادى 1854 — 1855 - يىلى) «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» («مۇزىكىچىلار تارىخى») دېگەن بىر كىتاب يېزىپ چىققانىدى.

بۇ ئەسەر ئەلىشىر ناۋائىينىڭ «مەجالىسۇننەفائىس»، مۇھەممەد سادىق قەشقىرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» قاتارلىق كىتابلىرىغا ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

موللا نىمەتۇللا ئەسىرىدە مۇزىكا تەرەققىياتى، مۇقامنىڭ شەكىللىنىشى، ئۇنىڭ تەرەققىياتى، ھەرقايسى مۇقاملارنىڭ ئىسىملىرى، ئۇلارنىڭ ئىجادچىلىرى ھەققىدە توختىلىدۇ. جۈملىدىن 17 مۇزىكا پىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. بىر قىسىم چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

نىمەتۇللا تونۇشتۇرغان مۇزىكانتلار ئىچىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تارىخىدىكى كىشىلەر بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تارىخى مۇزىكىسى، ئەدەبىياتى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىكلىرىنىڭ بىر قەدەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكى، «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» ئەسىرىنىڭ قىممىتىنى بەلگىلىشىمىزگە ئىمكانىيەت بەردى.

ئاپتور ئەسىرىدە قىدىرخان يەركەندى بىلەن ئامانىساخان نەفىسى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن.

موللا نىمەتۇللا مۇزىكا رىسالىسىنى ئەدەبىي ئۇسلۇبتا يېزىپ چىققان، ئۇ ھەربىر ئۆبيېكتىنى تەسىرلىك ھېكايە تەرىزىدە بايان قىلىدۇ. بۇنى ئوقۇغاندا كىشىلەر لەززەتلىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇرالمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» نى ئۆز دەۋرىنىڭ ھېكايەتچىلىكىنىڭ يادىكارلىقى دېيىشمۇ بولىدۇ.

موللا نىمەتۇللا ئەسىرىدە شېئىرىيەتنىڭ جانلىق نەمۇنىلىرىدىن مىسال ئالغان.

موللا نىمەتۇللا دىنىي ئەقىدىنىڭ كۈچلۈكلىكى ۋە قەدىمى كىتابلاردا ئەپسانىۋى مەزمۇنلارنىڭ ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلەيدىغانلىقى تۈپەيلىدىن «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» دا بەزى غەيرى، ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىلەرنى ئىلغۇۋەتمەي ئىشلىتىپ قويغان، بۇ پەقەت ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە يات تۇيۇلىدىغان، قەدىمكىلەرنىڭ كارامەتلىرى ئىدى. دەۋرنىڭ تەرەققىياتى ئەلۋەتتە شاكال نەرسىلەرنى چۈرۈپ، مېغىزدىن ئوزۇقلىنىپ ماڭىدۇ.

## 14 - ئابدۇرېھىم نىزارى

### 1. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

ئابدۇرېھىم نىزارى (1770/1776 — 1850?) يېقىنقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى داستانچىلىق ساھەسىگە رېئال تارىخىي ۋەقەلەرنى تۇنجى بولۇپ ئېلىپ كىرگەن يىرىك يازغۇچىلارنىڭ بىرى.

ئابدۇرېھىم نىزارى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ھەم تۇرپاندا ھايات پائالىيەتلىرىنى داۋام ئەتكۈزگەن. ئۇ بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىللىرىدە قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئۇ يەردە ئۆز ئانا تىلىنى، ئەدەبىياتىنى، ئەرەب، پارس تىل-ئەدەبىياتىنى پىششىق ئۆگەنگەن. ئۇ ئەبۇلقاسىم پىردەۋسى، شەيخ سەئدى (1184 — 1292)، خىسراۋ دېھلەۋى ۋە ئابدۇراخمان جامى قاتارلىق تاجىك-پارس

كلاسسكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پۇختا تونۇشقان، خۇسۇسەن، ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر ناۋايى ئىجادىيىتىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن ھەمدە ئۇنىڭغا ئىجادىي ھالدا يانداشىپ ئەدەبىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىي پائالىيىتى ئەينى چاغدىكى قەشقەر ھاكىم بېگى زوھۇرىددىن ھاكىم بەگنىڭ ئالاھىدە قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئەدەبىيات-سەنئەتكە زوقمەن زوھۇرىددىن بەگ ئۇنى ئوردا خادىمى (كاتىپ) قىلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈچۈن ئوڭۇشلۇق شارائىت يارىتىپ بەرگەن. نىزارى ئۆزى تۆۋەندىكى ئەسەرلەرنى — يەنى ھەمدۇسانا بىلەن باشلىنىدىغان مۇقەددىمىسىدىكى تۇرپان ۋاڭى ئەفرىدۇن، ئۇنىڭ جەمەتى، قەشقەر ھاكىمى زوھۇرىددىن بەگ (تاجى ھېكىم)، ئەسھا-بۇلكەھىكە دائىر بايانلار، شەيخ سەئىدى ۋە ئەسمەئى ھەققىدىكى ھېكايىلار، شۇنىڭدەك «لەيلى-مەجنۇن»، «ۋامۇق-ئۇزرا»، «پەرھاد-شېرىن» داستانلىرى ۋە «چاھار دەرۋىش» قاتارلىق ئەسەرلەرنى زوھۇرىددىن ھېكىمنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە شائىر زىيائى بىلەن بىللە يازغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا «مۇھەببەت داستانلىرى» دېگەن نامدا بىر كۆللىيات ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، نىزارىنىڭ يۇقىرىقى ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن. 1983 - يىلى ئالمۇتىدا نەشىر قىلىنغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابتىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان ئەسەرلەر توپلىمى بولغان «غېرىبلەر ھېكايىسى» سوۋېت ئىتتىپاقىدا ساقلىنىۋېتىپتۇ.

ئابدۇرېھىم نىزارى 1841 - يىلىدىن 1844 - يىلىغىچە بولغان ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇر شائىرلىرى غېرىبى ھەم زىيائىلار بىلەن ھەمكارلىقتا تۇرپان شەھىرىدە 18 قىسسە، 24 ھېكايىدىن ئىبارەت «غېرىبلەر ھېكايىتى» توپلىمىنى تۈزگەن. ئۇنىڭغا كىرگەن 18 قىسسىنىڭ توققۇزى چوڭ ھەجىمدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «پەرھاد-شېرىن»، «لەيلى-مەجنۇن»، «ۋامۇق-ئۇزرا»، «مەھزۇن-گۈلنىسا»، «رابىيە-سەئىدىن» نىزارى قەلىمىگە تەئەللۇقتۇر. «چاھار دەرۋىش» نىزارى بىلەن زىيائى ھەمكارلىقىدا يېزىلغان. «شاھ بەھرام» غېرىبىگە تەئەللۇق، «مەسئۇد-دىلئارام» زىيائى قەلىمىدە پۈتتۈلگەندۇر. ھېكايىلارنىڭ كۆپچىلىكى نىزارى ئىجادىغا خاس، شۇنىڭ ئۈچۈن «غېرىبلەر ھېكايىتى» نىزارى نامى بىلەن باغلىقتۇر. شائىرنىڭ س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا «غېرىبلەر ھېكايىتى» دىن تاشقىرى نىزارىنىڭ دىداكتىكىلىق ئەسىرى «زادۇل نەجاد» بىلەن غېرىبىنىڭ «كىتابى غېرىب» ئەسىرىمۇ ئورۇن ئالغان. كۆللىياتنىڭ خرونولوگىك تەرتىپى تۆۋەندىكىچە: 1. دىداكتىك ئەسەر — «زادۇل نەجاد»، 2. ئىشقى داستانلار — «غېرىبلەر ھېكايىتى»، 3. «كىتابى غېرىب». بۇنىڭدىن تاشقىرى نىزارىنىڭ ناۋايى غەزەللىرىگە باغلىغان مۇخەممەسلىرى، ناۋايى

غەزەللىرىدىن نەمۇنىلەر ھەم غېرىبىنىڭ غەزەللىرى كىتابىنىڭ چەتلىرىگە كۆچۈرۈلگەن. بۇ ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ جاھان كىتابخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازما مىراسلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۆتىۋەرلىرىدۇر.

ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تۆھپىسى شائىر ئۆز ئۇستازى ناۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشىدا ئەڭ كۆپ ئەمگەك قىلغان، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ناۋائىي دۇردانىلىرىنى كۆچۈرۈشكە سەرپلىگەن. ئۇ ناۋائىينىڭ «خەمسە»، «خەزائىنۇل مەئانى» ۋە باشقا ئەسەرلىرىنى قايتا-قايتا كۆچۈرۈشتىن زېرىكمىگەن. نىزارى قەلىمىگە مەنسۇپ، قەشقەردە كۆچۈرۈلگەن ناۋائىي كۇللىياتىنىڭ بىر ئىسىل نۇسخىسى ئۆزبېكىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئە. ناۋائىي نامىدىكى دۆلەت ئەدەبىيات مۇزېيىنىڭ قول يازمىلار فوندىدا ساقلانماقتا. XIX ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاجايىپ يادىكارلىقلىرىدىن بولغان ناۋائىي كۇللىياتىنىڭ نىزارى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن قەشقەر نۇسخىسى ۋە باشقا قول يازمىلارنىڭ نىزارى رەھبەرلىكىدە توپلىنىشى ھەم نۇسخىلارنىڭ كۆپەيتىلىشى نىزارىنىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىنى بېيىتىشتا قانچىلىك چوڭ خىزمەت قىلغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ.

نىزارى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XVIII — XIX ئەسىرلەردىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي ھاياتىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىكى ھاياتىي تىندىنسىيەلەرگە ئۈن قاتتى. دەۋرنىڭ ئىلغار غايىلىرىنى كۈيلىدى. ئۆزىنىڭ باي پوئېتىك مىراسى — رەڭمۇ-رەڭ لىرىكىسى، چوڭ غايىۋى — بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولغان داستانلىرى بىلەن شائىر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئارزۇ ۋە ئىنتىلىشلىرىنى، يۈكسەك مەقسەتلىرى يولىدىكى كۈرەشلىرىنى كۈيلىدى.

ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ يىرىك شائىر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشىدە خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرلىرى، شۇنداقلا باشقا شەرق خەلقلەر كلاسسىكلىرى ناۋائىي، نىزامى، جامى، فۇزۇلى ۋە باشقىلارنىڭمۇ ئىجابىي تەسىرى تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

نىزارى ئەدەبىيات ئارقىلىق خەلق ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە بولۇپمۇ ناۋائىينى ئۇستاز تۇتتى، ناۋائىي تىرادىتسىيىسىگە ئەمەل قىلغان نىزارى ئۆز ئىجادى بىلەن خەلقنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن كۈرەشتى. ناۋائىيدىن نەمۇنە قىلىپ ئالغان سۇژېتلارنى («پەرھاد-شېرىن»، «لەيلى-مەجنۇن») يېڭىچە غايىلەر ئىپادىسى ئۈچۈن پايدىلاندى. ئۇنىڭغا يېڭى روھ ۋە مەزمۇن بەردى.

نىزارىنىڭ ئورگىنال شائىر ئىكەنلىكىنى بەلگىلەشتە «پەرھاد-شېرىن»، «لەيلى-مەجنۇن» داستانلىرىنى ناۋائىينىڭ شۇ نامدىكى داستانلىرىغا قىياسىي تەھلىل قىلىش ئەقەللىي خىزمەت. چۈنكى بىر شائىرنىڭ ماھارىتى، شائىرلىق سەنئىتى ۋە تالانتى ئىككىنچى بىر شائىرغا قىياسلانغاندا ئېنىق كۆرۈنىدۇ.

ناۋايى بىلەن نىزارىنىڭ داستانلىرى مەزمۇنەن ئۇيغۇن بولۇپ، كومپوزىتسىيە تۈزىلىشىمۇ ئانچە پەرق قىلمايدۇ. ھەر ئىككى داستاننىڭ ئاساسىي تېمىسى پاك مۇھەببەت، دوستلۇق، ئىنسانىي بۇرچ، ئىلىم-مەرىپەت، ئەدەب-ئەخلاق مەسىلىسىدىن ئىبارەت. نىزارى «پەرھاد-شىرىن» داستانىنى يارىتىشتا ئاساسەن ناۋايىنىڭ داستانىغا تايانغان. لېكىن نىزارىدا ناۋايى داستانىدىكى مۇرەككەپ ۋە پىلانلىق سۈژېتلار بىر قەدەر ئىخچاملاشتۇرۇلغان. شۇ ئىخچاملاشتۇرۇش جەريانىدا نىزارى مەقسىتىگە مۇۋاپىق ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ روھىنى ئېچىپ بېرىش مەقسىتىدە بەزى مەسىلىلەرگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىدۇ. مەسىلەن: خىسراۋنىڭ ئەرمەن ئېلىگە باستۇرۇپ كېلىشىنى تەسۋىرلەشتە شائىر ئۆز يۇرتى قەشقەرگە كەلگەن فېئودال ئىستىبداتلىرىنىڭ ياۋۇزلارچە مۇداخىلىسىنى خىيالەن تەسەۋۋۇر قىلغان. شۇڭا نىزارى بۇ ۋەقەنى كەڭ تەسۋىرلەيدۇ. خىسراۋنىڭ ئەرمەنىستان گۈزىلى شىرىنغا ئەلچى ئەۋەتىش ئېپىزوتىنى نىزارى ناۋايىدىن سەل باشقىچىراق بېرىدۇ. ناۋايىنىڭ ئەسىرىدە خىسراۋ شىرىننى سوراپ ئۈچ قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن بولسا، نىزارىدا بىرىنچى قېتىم ئەۋەتىلگەن ئەلچى رەت قىلىش جاۋابىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىنلا، خىسراۋ غەزەپكە تولۇپ تاشىدۇ، بۇ يەردە نىزارى خىسراۋنى ئۆز دەۋرىدىكى يۇقۇرى ئىستىبداتلارغا تەتبىقلىغان. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ بۇ داستانىدا يەنە بەزى يېڭى دېتاللارنىڭ كىرگۈزۈلگەنلىكى، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەرنىڭ باشقىچە ئىپادە قىلىنغانلىقى بىلەنمۇ ئەلشىر ناۋايىنىڭ شۇ ناملىق داستانىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئەسەر تىلىنىڭ ساددىلىقى، راۋانلىقى، ئاھاڭدارلىقى، نەپىسلىكى ۋە مەنادارلىقى جەھەتتىمۇ نىزارى ناۋايىغا كۆپ جەھەتتىن يېقىنلاشقان. نىزارى، ناۋايىنىڭ داستانىغا ئوخشاشلا بۇ داستانىدىمۇ بەدىئىي ۋاسىتىلاردىن ئورۇنلۇق پايدىلانغان. ئاجايىپ ئوخشىتىش، كۈچلۈك مۇبالىغە، ھەر تۈرلۈك سۆز ئويۇنلىرى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتقا خاس بولغان ئەنئەنىۋى تەسۋىرىي ۋاسىتىلار كەڭ ئورۇن ئالغان. خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى مۇكەممەل ئىگىلىگەن شائىر نىزارى ماقال-تەمسىللەرنى ناھايىتى ئورۇنلۇق قوللىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، نىزارى ئەنئەنىۋى تېما ئاساسىدا ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر ھەسرەتلىرىنى كۈيلىدى. ئۇيغۇر خەلقىگە «پەرھاد-شىرىن»، «لەيلى-مەجنۇن» داستانلىرىنى تەقدىم قىلدى. شائىر ئۇيغۇر داستانچىلىقىنى يەنە بىر باسقۇچ ئېگىز كۆتۈردى. ئۇ ناۋايى ئەسەرلىرىگە مېخانىكىلىق رەۋىشتە ئەگەشمىدى، تەقلىد قىلمىدى. نىزارى شاگىرت سۈپىتىدە ئۇستازىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىجادىي ئۆگەندى. ئۇنىڭغا ئىجادىي يانداشتى. بۇ ئىجادىي ئۆگىنىش، ئىجادىي تەسۋىرلىنىش نىزارى مىراسىنى ئەسلا كەمسىتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاسلىقىغا ھېچقانداق نۇقسان يەتكۈزمەيدۇ. بەلكى ئىجادىنىڭ كامالەتكە يېتىشىگە، ماھارىتىنىڭ ئېشىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

نىزارى ئۆز داستانلىرىدا رېئالىستىك ئېلېمېنتلارنى جانلاندۇرغان. ئەگەر ناۋايى پەرھاد بىلەن شېرىن، لەيلى بىلەن مەجنۇننىڭ ئارىسىدىكى مۇھەببەتلىرىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋەتلىرىنى ئۆزى ياشىغان مۇھىت، يەنى XV ئەسىر شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇپ تەسۋىرلىسە، نىزارى بۇ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى، سۆيگۈ ۋەقەسىنى XIX ئەسىر فېئودال مۇھىتى بىلەن باغلىق ھالدا تەسۋىرلىگەن. ئەسەرنى ئۆز دەۋرىگە ماسلاشتۇرغان. نىزارىنىڭ بۇ داستانلىرى سىرتتىن قارىغاندا ئىشقى داستانلار بولۇپ كۆرۈنسىمۇ، لېكىن شائىر ئىشق بابىدا، ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدە ئۆز دەۋرىنىڭ تەڭسىزلىكىنى، فېئوداليزم زامانىنىڭ ئىللەتلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ، ئۇلارنى تەنقىد قىلىدۇ. شائىرنىڭ قەھرىمانلىرى ھەقىقىي مۇھەببەت يولىدا قىيىنچىلىقلار بىلەن كۆرەشىدۇ. بۇ يولدا ئۇلار ئىلمپەرۋەرلىك، ئەمگەكسۆيەرلىك، قەھرىمانلىق، دوستلۇق (ئەينى ۋاقىتتا خەلقلەر دوستلۇقى) ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سېخىلىقتا ئوخشاش ئاجايىپ جاسارەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. شائىر ئۆز قەلبىدىكى ئالىيجاناب ھېس - تۇيغۇلىرىنى، غايىلىرىنى مانا شۇ جەرياندا تەسۋىرلەيدۇ. پەرھاد، مەجنۇن، شېرىن، لەيلىگە ئوخشاش مىڭلىغان ياشلارنىڭ XIX ئەسىر فېئوداليزم تۈزۈمىنىڭ ئاسارىتى، زۇلمى تۈپەيلى ئۆز ئارزۇلىرىغا يېتەلمەي، خازان بولۇۋاتقانلىقىنى تەسۋىرلەپ ئۆز مۇھىتىدىكى دەھشەتلىك قانۇن - قائىدىلەرنى، فېئوداللىق ئۆرپ - ئادەتلەرنى، قارىلايدۇ. پاك دۇنياۋى سۆيگۈنى ئۇلۇغلايدۇ. بۇنى بىز نىزارىنىڭ رېئالىستىك خاراكتېردا يېزىلغان «رابىيە - سەئىدىن» ئەسىرىدە ئوچۇق كۆرەلەيمىز. نىزارى ئەدەبىيات بىلەن خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنى يېقىنلاشتۇرۇپ، رېئالىستىك تېندېنسىيىلەر كۈچىيىۋاتقان بىر دەۋردە ياشىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ شائىرنىڭ داستانلىرىدا رومانتىك تەسۋىر بىلەن بىر قاتاردا، رېئالىستىك تېندېنسىيە كۈچلۈك. بىز «پەرھاد - شېرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «ۋامۇق - ئۇزرا»، «مەھزۇن - گۈلنىسا» داستانلىرىدا رېئالىستىك تېندېنسىيىلەرنى، رېئالىستىك ۋەقەلەرنى خېلىلا ئاشكارا كۆرەلەيمىز. شائىر ئۆزى ياراتقان رومانتىك ئوبرازلار قاتارىغا ئۆز زامانىنىڭ قەھرىمانلىرى — رېئال ۋەقەنىڭ سەۋەبچىلىرى رابىيە ۋە سەئىدىننى قوشتى. شۇنىڭ بىلەن شائىر ئۆز دەۋرى ئەدەبىياتىغا يېڭى ئوبراز، يېڭى مەزمۇن ئېلىپ كەلدى.

## 2. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانى

ئابدۇرېھىم نىزارى ئۆز زامانىسىدا قەشقەرنىڭ كۆكچى يېزىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئەمەلىي ۋەقەگە ئاساسەن، چوڭقۇر رېئالىزم روھىدىكى «رابىيە - سەئىدىن» داستانىنى يازدى ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەنقىدىي رېئالىزمغا يېڭى بىر يول ئاچتى.

رابىيە ياقۇپ ئىسىملىك بىر باينىڭ قىزى. سەئىدىن بولسا كەمبەغەلنىڭ ئوغلى ئىدى. رابىيە بىلەن سەئىدىن كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ

قالغان «ئاشىق - مەشۇق» لاردىن ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي رابىيەنىڭ دادىسى ياقۇپ قىزىنىڭ كەمبەغەل يىگىت سەئىدىنگە بېرىشكە رازى بولماي، رابىيەنى جابىر ئىسىملىك بىر سودىگەر بايغا مەجبۇرىي نىكاھ قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ئەلەمگە چىدالمىغان سەئىدىن دەرد-غەزەپ ئازابىدىن قازا بولىدۇ. جابىر بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇشقا رازى بولمىغان قىز ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بىرنەچچە قېتىم قايتىپ كېلىدۇ. زالىم ئاتا رابىيەنىڭ كۆز ياشلىرىغا پەرۋا قىلمايدۇ. ئەرزى-ھالىنى تىڭشىمايدۇ. قىزىنى ئىنسانچىلىقتىن يىراق، مۇھەببەت دېگەن ئالىي-جاناب ھېس-تۇيغۇلىرىدىن مەھرۇم بولغان مەخلۇق بىلەن ياشاشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

ئىرور ئىشق ئانداغ ئۇلۇغ جەۋھەرى،
ە جەۋھەر ئىرور ئول غەرب گەۋھەرى.
كى ھەر ئادەمى كى مۇئەسسەر ئەمەس،
ئاتا قىلماسا ھەق مۇئەسسىر ئەمەس.

دەپ، شائىر ئالىيجاناب ئىنسانىي تۇيغۇنى پۇل بىلەن سېتىۋېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتىدۇ. مۇنداق گۇھەرگە ئىگە بولمىغان جابىرنىڭ رابىيەگە مۇناسىپ ئەمەسلىكى داستاننىڭ ئاخىرىدا سادىر بولغان پاجىئەدە تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلەنگەن. رابىيە سەئىدىنسىز ھايات كەچۈرۈشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرۈپ ئۆزىنى دەرياغا تاشلايدۇ.

نىزارىنىڭ داستانىدىكى رابىيە بىلەن سەئىدىن ئوبرازى خېلىلا تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

رابىيە — داستاندىكى باش قەھرىمان. ئۇ ئۆز خاراكتېرى ۋە پەزىلەتلىرى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. رابىيە فېئودالىزمنىڭ روھنى ئىسكەنجىسىگە قارشى ئورنىدىن دەس تۇرغان، ئۆز سۆيگۈسىگە سادىق، ئىرادىلىك قىز. ئۇ گەرچە باي ئائىلىسىدىن بولسىمۇ، لېكىن مېھنەتكەش، جاپاكەشلەرگە ھېسداشلىق قىلىدۇ، ئۇلارغا ئېچىنىدۇ. شۇڭا بايۋەچچىلەرگە نەزەر-كۆزىنى سالماي، سەئىدىننىڭ ئەمگەكچىلەرگە خاس پەزىلەتلىرىدىن دەسلەپ قىلىپ بەھىر ئالغۇچى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنى يۈكسەك دەرد-جەمدە ھۆرمەتلەيدۇ. شۇڭا، ۋۇجۇدىغا مېھنەتكەشلەرگە خاس ئىشچانلىق، كەمتەرلىك، ئاق كۆڭۈللۈك، بىر سۆزلۈك بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەر مۇجەسسەملەنگەن. نىزارى سەئىدىن ئوبرازىنى يارىتقاندا ئۇنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى، تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ئارقىلىق دەۋر خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. كۈچلۈك دەۋر چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان سەئىدىننىڭ قاتمۇ قاباھەتلىك فېئودالىزم جەمئىيىتىدىن ئىبارەت، خالاس.

سۆيگۈنىدىن ئايرىلغان، ئەلەم ۋە زۇلۇملاردىن باغرى قان بولغان رابىيەنىڭ پاجىئەسى شائىر ياشىغان زاماندىكى ئومۇمىي ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى خوتۇن - قىزلارنىڭ پاجىئەسى ئىدى. شائىر داستانىدا ئەقىللىق، قورقماس ئاياللار ئوبرازلىرىنى يارىتىپ،

ئايالlarنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقلىرىنى ياقلىدى، ئۇلارغا خاس ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنى — ۋاپادارلىق، تەدبىرلىك، ئەمگەك سۆيەرلىك، ئىرادىلىك، ئىلىمپەرۋەرلىك قاتارلىق خىسلەتلەرنى زوق بىلەن كۈيلىدى. ئاياللارنىڭ جەمئىيەت ئىشىنى باشقۇرۇشقا قادىر ئەقىل ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئەنە شۇنداق رومانتىك پىلاندا يارىتىلغان ئوبرازلاردىن رابىيە ئۆزىنىڭ جۇشقۇنلۇقى، ئىسيانكارلىقى بىلەن ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. ئۇنىڭدا ئاياللارغا خاس نازاكەتلىك بىلەن قەھرىمانلارغا خاس ئىسيانكارلىق خۇسۇسىيەتلەر جەملەنگەن. نىزارىنىڭ پىكرىچە، سۆيگۈ ۋاپادارلىقى بىلەن گۈزەلدۇر، ئۆز يارىغا ۋاپادار رابىيە ئەھدى-پەيمانىغا سادىق بولىدۇ. سىر تۇتقان تۇيغۇلىرىنى سىڭلىسىغا ئايان قىلىپ، ياش تېنىنى مۇز قاتقان دەريا سۈيىگە تاشلايدۇ. شائىر رابىيە ئوبرازى ئارقىلىق ئىرادىسى مۇستەھكەم، سۆيگۈسى پاك، ئەھدىگە ۋاپادار ئايال خاراكتېرىنى تەسۋىرلەش بىلەن، ئىنسان ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى يارىتىشى كېرەك، دېگەن ئىدىيىسىنى ئالغا سۈردى.

## 3. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «زادۇل نەجاد» ناملىق ئەسىرى

شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ سۆيگۈ-مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئەسەرلىرىدە كۆپرەك ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ پېشكەللىك ۋە كۈشەندىلىككە قارشى چىدام بىلەن كۈرەش قىلىپ ئىرىشكەن نىجاتلىقلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ۋاستىلىق كۆز قارشى ئىپادىلەنگەن بولسا، «زادۇل نەجاد» («قۇتۇلۇش ئوزۇقلىرى») دېگەن ئەسىرىدە زامانىغا بولغان كۆز قارىشى، جۈملىدىن دۇنيا قارىشى بىۋاسىتە تۈس ئالىدۇ.

ئومۇمەن شائىر نىزارى ئېكسپىلاتاتور سىنىپ ۋەكىللىرىنىڭ ئاچكۆزلۈكى، زالىملىقى، مۇناپىقلىقى، دىندار قازى كالانلارنىڭ ھىيلىگەرلىكى ۋە ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ھەرقانداق قەبىھ ئىشلاردىن قايتمايدىغانلىقىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە پاش قىلىدۇ. شائىرنىڭ قايسى بىر ئەسىرىنى ئالمايلى، ئۇنىڭدا قەھرىمان تىلىدا مۇئەللىپنىڭ دەۋرگە بولغان مۇناسىۋىتى، تەنقىدىي قاراشلىرى ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىشق-مۇھەببەت تېمىسىدا يارىتىلغان ئەسەرلىرى، تاشقىرىدىن قارىغاندا ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ كۆرۈنسىمۇ، ئەسلى-ماھىيىتىدە ئۆز دەۋرىنىڭ نارازىلىقلىرى، فېئودالىزم زامانىنىڭ ئىللەتلىرى ئېچىپ تاشلىنىدۇ. نىزارى كۆپ ئەسەرلىرىدە، بولۇپمۇ «زادۇل نەجاد» تا مۇھىم ئىدىيىۋى خاھىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى ۋە ئۇلارنى خەلقپەرۋەرلىك ھەم گۇمانىستلىق پوزىتسىيىدە تۇرۇپ، يورۇتۇپ بەردى.

ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «زادۇل نەجاد» ئەسىرى ھەر خىل نام بىلەن ئاتىلىپ كېلىنمەكتە. مەسىلەن، «زادۇل نەجاد» («قۇتۇلۇش ئوزۇقلىرى»)، «دەھر-ئۇل-نەجاد» («قۇتۇلۇش دۇنياسى»)، «دۇرر-ئۇل-نەجاد» («قۇتۇلۇش دۇرلىرى»)، دېگەندەك.

بىز تەتقىقاتچىلارنىڭ تەكشۈرۈشلىرىگە قارىغاندا، شائىر ئەسەرنى بىرقانچە قېتىم

قايتا ئىشلەش جەريانىدا ناملىرىنى ئۆزگەرتكەن بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. شائىر كۆللىياتىنىڭ س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ لېنىنگراد بۆلۈمى قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان نادىر نۇسخىدا «زادۇل نەجاد» دەپ ئاتالغان. دەلىلچىلەر بۇ شائىرنىڭ ئۆز قولىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخا، شۇنداقلا، شائىر بۇنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا كۆچۈرگەن، مۇشۇنى ھېسابقا ئالغاندا «زادۇل نەجاد» نى ئاخىرقى نۇسخا دەپ ھېسابلاشقا ئاساس باردەك تۇرىدۇ، دەپ قاراشماقتا.

نىزارى «زادۇل نەجاد» ئەسىرىنى يېزىشتا ئاۋال نىزامى گەنجىۋى (1141 — 1203) ئابدۇراخمان جامى (1444 — 1492) ۋە ئەلىشىر ناۋايىغا ئوخشاش چوڭ سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيىتىدىن ئىلھاملانغان. سەئدىنىڭ «گۈلىستان»، «بوستان» غا ئوخشاش دىداكتىك ئەسەرلىرى، ناۋايىنىڭ يۈكسەك پەلسەپىۋى دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن «ھەيرەتۇل-ئەبرار» داستانى قاتارلىقلاردىن بىۋاستە ئوزۇق ئالدى.

نىزارى بۇ ئەسىرىدە مۇدبىر خۇدبىن بىلەن مۇقبىل روشەندىل دېگەن ئىككى شەخس ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە (سوئال-جاۋاب) ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاساسىي غايىسىنى — ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، مەردلىك بىلەن نامەردلىك، جاھىللىق بىلەن مۇرۇۋۋەتلىك، ساپ دىللىق بىلەن پاسىقلىق، تىرىشقاقلىق بىلەن يالقاۋلىق، ھاياتقا ئىنتىلىش بىلەن ئۈمىدسىزلىك، دانالىق بىلەن نادانلىق، پاكلىق بىلەن ناپاكلىق ھەققىدىكى قاراشلارنى نەزم ۋە نەسرى ئۇسۇلدا پەندى-نەسىھەتلەر ئارقىلىق بايان قىلىدۇ.

شائىر ئىلىم ۋە ئەمگەك ئەھلىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدىمۇ پىكىر يۈرگۈزىدۇ. كاززاپ، پارىخورلار ۋە روشەندىلنىڭ سوئال-جاۋابى ئارقىلىق ئەشۇ مەقسەتكە ئېرىشىدۇ. كاززاپ، پارىخور، يالغانچىلىقلارنى ھەمدە كۆرەلمەسلەرنى ساتىرا ئاستىغا ئالىدۇ ۋە شەيخلەرنىڭ پەسكەشلىكلىرىنى، ئالدامچىلىقىنى، مەنىۋى تۆۋەنلىكىنى جانلىق دېتاللار ئارقىلىق ئېچىپ بېرىدۇ.

نىزارىنىڭ «زادۇل-نەجاد» ئەسىرىدە ئىلغار پىكىرلەر بىلەن بىر قاتاردا فېئودال تۈزۈمىگە خاس پاسسىپلىققا، سەۋر-تاقەت، ئىتائەت-ئىبادەتكە چاقىرغۇچى خاھىشمۇ يوق ئەمەس. ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرىدە ھەم ئۈمىدسىزلىنىش، پەسسىمىستلىك كەيپىياتلارغا بېرىلىش ھاللىرى قىسمەن ئۇچرايدۇ.

نىزارى ئىجادىيىتىدە ئەمگەكچى خەلق ھاياتى بەكمۇ تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلىنىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ مۇڭ-زارىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان خەلقپەرۋەر شائىر ئاممىنىڭ دەردىگە ھەمدەم بولۇپ، داستانلار توپلىمىنى «غېرىبلەر ھېكايىتى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ ئىشقى ماۋزۇسىدىكى ئەسەرلىرىدىن توپلاپ «غېرىبلەر ھېكايىتى» دەپ نام قويۇشى بىكار ئەمەس، ئەلۋەتتە. شائىر بۇ ئەسىرىدە ئارزۇ-ئارمانلىرى بەربات ئېتىلگەن ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ تەقدىرى ئارقىلىق مىڭلىغان ئۇيغۇر ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ

دەرد - ئەلەملىرىنى تەسۋىرلەيدۇ.

نىزارى سارايى خىزمىتىگە كەلگەندىن كېيىن بۇ دەرگاھ بىلەن يەنىمۇ يېقىندىن تونۇشتى. فېئودالىزم پىتنە - پاساتىنىڭ ماكانى بولغان بۇ جاي شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا تەڭسىزلىكنىڭ ئاساسىي كېلىپ چىقىشى نېمىدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە چوڭ ياردەم بەردى. شائىر ئۆز خەلقىنىڭ ئىككى تەرەپلىمە ئېزىلىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبىنى ئىستىبدات مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن يەرلىك فېئوداللارنىڭ تىلى بىرلىككىنى، سارايى ھاكىملىرىنىڭ ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن مانجۇ فېئودال ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئەمگەكچى خەلق ئۈستىدە زۇلۇم قامچىسىنى ئوينىتىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشەنگەن ئىدى. خەلق ھاياتىدىكى پاجىئەنىڭ ئاساسىي مەنبەسى تەڭسىزلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان شائىر يۇقىرى تەبىقىلەر مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يالاقچىلارنىڭ قازى كالان، بايلارنىڭ پاسكىنىچىلىقلىرىنى پاش قىلدى.

نىزارى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي ئىدىيىلىرى — ئادالەتلىك پادىشاھ، مۇكەممەل ئەخلاق، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىنسان ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى XVIII — XIX ئەسىرلەردىكى كونكرېت تارىخىي شارائىتلار ئاساسىدا ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى ئۆزى ياراتقان بەدىئىي ئەسەرلەردە ئۆز ئەكسىنى تاپتى.

نىزارى خەلقنىڭ ئارزۇ - ھالىغا دەردمەن بولدى. ئۇ خەلققە چۈشىنىشلىك ئاددىي تىلدا يېزىلغان بەدىئىي ئەسەرلىرى بىلەن شۆھرەت قازاندى ۋە ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇردى.

## 15 - نورۇز ئاخۇن زىيائى

نورۇز ئاخۇن زىيائى قەشقەردە ياشىغان شائىر.

نورۇز ئاخۇن ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن بىرلىكتە «چاھار دەرۋىش» ناملىق يىرىك ئەسەرنى يېزىپ چىققان. «مەسئۇد - دىلئارا» دېگەن داستاننى ئۆزى يازغان. «ۋامۇق - ئۇزرا» داستانىنى زادى كىم يازغانلىقى مەنبەلەردە خىلمۇ - خىل چۈشەندۈرۈلمەكتە. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان «مۇھەببەت داستانلىرى» ناملىق توپلامدا بۇ داستان زىيائى نامىدا ئىكەنلىكى مەلۇم، شۇڭا يېقىنقى نەشر قىلىنغان (1985 - يىل) «نىزارى داستانلىرى»غا بۇ ئەسەر كىرگۈزۈلمىگەن. ئالمۇتادا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ «ئابدۇرېھىم نىزارى» دېگەن بابىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ساقلىنىۋاتقان «غېرىبلەر ھېكايىتى» دېگەن كۇللىياتتىكى ئەسەرلەرنىڭ شەخسلەرگە خاسلىقى ھەققىدە توختىلىپ «ۋامۇق - ئۇزرا»نى «نىزارى قەلىمىگە تەئەللۇق» دەپ يازسا، يەنە شۇ كىتابنىڭ «نورۇز ئاخۇن زىيائى» دېگەن بابىدا: «‹غېرىبلەر ھېكايىتى› ناملىق توپلامدا شائىر زىيائى تەرىپىدىن يېزىلغان ‹ۋامۇق - ئۇزرا›، ‹مەسئۇد - دىلئارا› ھەم ‹چاھار دەرۋىش›

نىڭ ئايرىم قىسىملىرى ۋە بىرقانچە ھېكايىلار بار» دېيىلگەن.

مەيلى قانداق بولمىسۇن، زىيائىي يۇقىرىقى ئەسەرلىرىنى 1841 — 1842 - يىللىرى ئارىلىقىدا يازغان.

شائىر زىيائىينىڭ «مەھزۇنۇل ۋاھىزىن» («مۇڭلۇق ۋەزلەر») دېگەن ئەسىرى شائىر ئىجادىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئەسەر 1843 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، ئۆز ئىچىگە ئالتە ماۋۇ، يەتتە ماقالا، بەش تەمسىلنى ئالغان بولۇپ، 4800 قۇرلۇق شېئىردىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭدا شائىرنىڭ دىنى ئەخلاقى، دىداكتىكىلىق كۆز قارىشى ئىپادىلەنگەن.

بۇ داستاندىكى قەشقەر ۋە بىلىم توغرىسىدىكى بابلىرى تارىخنى ئۆگىنىش ئۈچۈن مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شائىر «قەشقەرنى نېمە دېسەم بولار، چىمەن ۋە بىر گۈلزارلىق، ئىچىدىكى بوستان دېسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ پۇرىقى دىمىقىڭىزغا يەتسە، سۇ كىرگەن چىمەن يېشىللىنىپ، جانلىنىپ كەتكەندەك، ئۆز - ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويىسىز» دەپ يازسا «بىلىم ئىنسان بالىسىغا خۇددى گۆھەردەك كېرەك بىر نەرسىكى، ئۇنى بىلىش ئەر - ئايال، باي - گاداي ۋە سۇلتانلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاشتۇر» دەيدۇ.

زىيائىي مەھەللىۋى ۋاڭ - بەگلەرنىڭ ئوردىسىدا 14 يىل خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇزاق ۋاقىت ئاغرىپ قالىدۇ. ساق ۋاقتىدا ھەر كۈنى ئوردا ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن دائىم ماختىنىپ تۇرغان شائىر، ئاغرىپ قېلىشى بىلەنلا بىر تىيىنغا ئەرزىمەس كىشىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن پاك قەلبى ھاقارەتلەنگەن شائىر ئەشۇ زامانغا بولغان كۆز قارىشىنى، ئىنقىراق ئېتىقاتىدا نارازىلىقىنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە «مۇڭلۇق ۋەزلەر — مەھزۇنۇل ۋاھىزىن» ئەسىرىنى يېزىپ چىققانلىقى، زىيائىينىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنىنى بەلگىلىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

## 16 - تۇردۇش ئاخۇن غېرىبىي

مېھنەت سۆيەر شائىر غېرىبىينىڭ ئىككى داستانى ۋە 40 غەزىلى بىزنىڭ زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئۇ «شاھ بەھرام»، (بەھرام - دىلارام)، «كىتابى غېرىب» داستانلىرىنى 1841 — 1842 - يىللىرى يازغان، لېكىن غەزەللىرىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى مەلۇم ئەمەس.

شائىرنىڭ بارلىق ئەسەرلىرى «غېرىبىلەر ھېكايىتى» ناملىق قول يازمىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ قول يازمىنىڭ نىزارى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى لېنىنگرادتىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ فوندىدا ساقلانماقتا.

شائىرنىڭ «كىتابى غېرىب» ئەسىرى ئۆزگىچە تېمىدا يېزىلغان ئەسەر. غېرىبىي بۇ

كىتابىنى زوھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە 1841 - يىلى قەشقەردە يازغان.
ئەسەردە قۇۋلۇق - شۇملۇق، ئالدامچىلىق، خىيانەتچىلىكنى تەنقىدلەپ، ئادەمگەرچىلىك،
ئىنساپلىق بولۇشقا دەۋەت قىلىنغان، ھەقىقەت ئۇلۇغلانغان. ئەسەر، غېرىبىنىڭ «يەھ-
رام - دىلئارام» داستانىدىن ھەجىم جەھەتتە كىچىك بولۇشقا قارىماي، ئۇنىڭدا ئەدىب-
نىڭ ئىپىل پىكىرلىرى ئىپادىلەنگەن.

غېرىبى ئۆز پىكرىنى 30 دىن ئوشۇق كەسىپ ۋە ھۈنەر ئىگىلىرىنىڭ بەس
مۇنازىرىسى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. شائىر ئەينى چاغدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەۋجۇت
بولغان ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بويىچە، 32 خىل كاسىپنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى،
ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى، ئارتۇقچىلىق، كەم-
چىلىكلىرىنى، ھەربىر كاسىپنىڭ ئۆز كەسپىگە تۇتقان مۇئامىلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان.

غېرىبى ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىدە ئادالەتلىك، ئىنساپلىق بولۇشنى تەۋسىيە
قىلىپ ھەقىقەت ۋە دوستلۇق ئىدىيىسىنى ئىپادىلىدى. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا
ئەمگەك، ئادىمىگەرچىلىكنىڭ قىياپىتىنى مەدھىيىلىگۈچى شائىر سۈپىتىدە شەرەپلىك ئورۇن-
نى ئىگىلىدى.

شائىرنىڭ 36 ماۋزۇ ۋە 58 سوئال - جاۋابىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 2000 مىس-
راغا يېقىن «كىتابى غېرىب» ئەسىرىدە ئۇ ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى، كەسپلەرنىڭ
كېلىپ چىقىشىنى، ھەر خىل تەبىقىلەرنىڭ بەرپا بولۇشىنى ئىلاھىي كۈچكە باغلاشتۇرسىمۇ
لېكىن ئىنسان ئەمگىكىنىڭ ئالىيجاناب خىسلەتلىرىنى، كىشىلەرنىڭ كۈچ - غەيرىتىنى ئالا-
ھىدە كۆپلىگەنلىكى، دىنىي خۇراپاتلىق ئىدىيىسىدىن ھالقىشقا ئىنتىلىۋاتقان شائىر ئى-
كەنلىكىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

بۇ ئەسەر ئۇيغۇرلارنىڭ XVIII — XIX ئەسىرلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى،
ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تارىخىي
مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

غېرىبىنىڭ كىتابى ھەققىدە يەنە شۇنداق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بول-
دۇكى، بۇ ئەسەر تىپىك، خىيالىي سوتسىيالىزم ئىدىيىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى
بىلەن خاراكتېرلىكتۇر. شائىر ئۆز ئەسىرىدە كىشىنى - كىشى ئەزمەيدىغان، زۇلۇم ۋە ئا-
دالەتسىزلىك بولمىغان، بارلىق ئەمگەكچىلەر تەڭ باراۋەر بولغان، ئەمگەك ۋە ئەمگەك-
چى قەدىرلىنىدىغان ئەقىلگە مۇۋاپىق بىر جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇلار،
«كىتابى غېرىب» نىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيە تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىش-
تىمۇ مۇھىم ماتېرىيال ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

### 17 - ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىقلار بىلەن بىر گۇرۇپپا ئىجادىيەت تەشكىللەپ، مېھ-
نەت سىڭدۈرگەنلەر ئىچىدە ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرى ياكى مىر ھەسەن سەبۇرى

ھەم بار ئىدى.

سەبۇرى قەشقەردە تۇغۇلغان، ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە «سەدائى» تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن.

سەبۇرى خېلى كۆپ ئەدەبىي مىراسلار قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ شائىر 1840 - يىلى ئەلشىر ناۋائىينىڭ «سەددى ئىسكەندەر» داستانى توغرىلىق مەخسۇس ئەسەر يازغان. (بەزى مەنبەلەردە «ناۋائىينىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى توغرىسىدا» دېگەن بىر ئەسەرنى يېزىپ چىققان، دېيىلگەن).

بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا سەبۇرى قوقان زېمىنىدا بىر دىۋان پۈتۈپ، ئۇنىڭدا «سەدائى» تەخەللۇسىنى قوللانغان. ئەدىبنىڭ تاجىكىستاندىكى دۇشەنبە شەھىرىدە ساقلىنىۋاتقان شېئىرلار توپلىمى ئەنە شۇ دەۋردە يېزىلغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ «نەدەي ئەزمى سەفەر قىلدىم بۇ ئىشلاردىن پۇشايمانمەن»، «كۆرۈڭلار، ئەي بۇرادەرلەر، مېنى يالغۇز تاپىپ مۇندە»، «غېرىبلىق شەھرىدە ھېچكىم مېنىڭ ھالىمنى سورىمايدۇ» دېگەندەك، شائىرنىڭ ئېغىر ئەھۋالدىن دېرەك بېرىدىغان مىسرالىرى بۇ تەخمىنگە ئاساس بولالايدۇ.

سەبۇرى ئۆز غەزەللىرىدە مۇھەببەتنى، ساداقەتلىكنى، ئەركىنلىكنى كۈيلىگەن. ئۇنىڭ يۇقىرى ماھارەت بىلەن يېزىلغان شېئىرلىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا مەلۇم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى زوھۇرىددىن بەگ سەبۇرىغا «‹ئۇلۇغ شائىر ئەلشىر ناۋائىي، نىزامى گەنجىۋىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «‹پەنج گەنج› ۋە شەيخ فەرىدىددىن ئەتتارى (1119 — 1230) نىڭ ئەسىرى ‹مەنتىقۇتتەير› مەزمۇنى ئاساسىدا، ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزىنىڭ ‹لىسانىتتەير› ۋە ‹ھەيرەتۇلئەبرار› ناملىق ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقىپتۇ. سىز، خەلق ئاممىسىنى ئاسان بەھرىمەن بولسۇن ئۈچۈن، ئەلشىر ناۋائىينىڭ ‹لىسانىتتەير› ناملىق ئەسىرىنى نەسرىي ئىبارەت يولى بىلەن شەرھلەپ، ئىجادىراق رەۋىشتە بىر ئەسەر يېزىپ چىقسىڭىز»، دېگەن ئارزۇسىنى بىلدۈرگەن. سەبۇرى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، «ماقالات»، («ماقالىلار») ناملىق بىر ئەسەر يېزىپ چىققان.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىغا نەزەر تاشلىنىدىغان بولسا، ئۇلاردا ئورتاق بولغان بىر خاراكتېرلىك خۇسۇسىيەتنى — بىر تېمىنا ئۈستىدە كۆپلىگەن شائىرلارنىڭ ئىز بېسىپ ئەسەر يارىتىشتەك ئەنئەنىنى بايقىۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن بۇ ئەسەرلەر بىر-بىرىنىڭ تەكرارى ئەمەس، ئوخشاش بىر تېمىدا ھەركىم ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ۋە ئىجادىيلىقىنى نامايان قىلغان، ئۆز مۇھىتىنىڭ ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخى ئىجتىمائىي تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

سەبۇرى «ماقالات» نىڭ كىرىش قىسمىدا: گەرچە بۇ ئۇلۇغ ئىنشائى قول سې-

لىشقا ھەددىم يوق ئىدى، ئەمىرگە بوي سۇنۇش زۆرۈرىيىتى تەقەززاسىدىن چارىسىز قەلەم سۇردۇم. يىراقنى كۆرگۈچى ئىلىم ئەھلى ئالدىدا ھەممىدىن تۆۋەن تۇرغۇچى ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى ئەرز قىلۇركى، مەشھۇر ھۆكۈمدارنىڭ ھۆكمى بىلەن بۇ ئۇلۇغ خىزمەتكە قول تەككۈزدى. ھەر بۇلبۇل ئۆزى بىلگىنىچە سايرايدۇ ۋە ھەر تۇتى ئۆزى بىلگىنىچە ناۋا تۈزىدۇ. مەن پېقىرغا مەئنى گۈلچىھرىسىدىن ئازغىنە كۆرۈنۈپ ئېردى. ئاشۇ ئىقتىدارىمچە مەئنى كېلىنىگە زىنۇزىننەت بەرگەيمەن» دەپ يازىدۇ.

سەبۇرى 20 بابلىق بۇ ئەسىرىنى ئەسىرى تۈرىنىڭ «مۇقەققا» (قاپىيىداش) ۋە «مۇۋززۇن» (ۋەزىنداش) سۆز جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلىنىدىغان «سەجئە» (قۇشلارنىڭ سايرىشىدا ئاخىرقى چۇشۇرگۈ — ئاھاڭدار ئۇسلۇب) ئۇسۇلىدا يېزىپ چىققان. ئۇندىن بۇرۇن پەقەت ئەلىشىر ناۋايىلا ئۆزىنىڭ «مەھبۇبۇلقۇلۇب» ناملىق ئەسىرىنى شۇ ئۇسۇلدا يازغان ئىدى. بۇنىڭدىن سەبۇرىنىڭ نەقەدەر ئىقتىدارلىق ئەدىب بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەدىب ئۆز ئەسىرىدە كىشىلەرنى ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى ساقلاشقا، ئەدەپ - قائىدىگە، ئىنتىزامغا، ۋاپادارلىققا، قانائەتچانلىققا، راستچىللىققا، ئىلىم - مەرىپەت ئىزلەشكە، ئادالەتكە، مەردلىككە، ياشلىق- يىگىتلىك دەۋرىنى قەدىرلەشكە، ئۆزئارا خالىس نىيەتلىك بولۇپ، بىر - بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە دەۋەت قىلىدۇ ۋە بۇ خىل پەزىلەتلەر مەدھىيىلىنىدۇ، جاھالەت - ئىلىمسىزلىك، راھەتپەرەستلىك، ھورۇنلۇق، ئاچكۆزلۈك، ھەسەتخورلۇق، ياسانچۇقلۇق، نامەردلىك قاتارلىق ئىللەتلەرنى بولسا ئەدەب قاتتىق تەنقىد ئاستىغا ئالىدۇ. بۇ خىل ئىللەتلەر بىلەن بۇزۇلغان ئادەملەرنىڭ خەلققە قىلچىلىك پايدىسى يوق، يارىماس مەخلۇقلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قاباھەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە ئۇلارنى ھەجۋىي قىلىدۇ.

«ماقالات» تا خەلقنى جاھالەتكە، تەپرىقىچىلىككە ۋە زاۋاللىق يولىغا ئىتتىرىدىغان فېئوداللار ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋە يەرلىك ئەكسىيەتچىلەرنىڭ سادىق قولچوماقلىرى بولغان ساتقىن، ساختىپەز، مەككار روھانىيلارنىڭ قاتتىق قامچا ئاستىغا ئېلىنىدىغانلىقى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئەدىب ئۇلارنى نومۇس ۋە ۋىجدانىنى يوقاتقان، ئەمگەكچى خەلققە زىيانكەشلىك قىلغۇچىلار، ئاسىيلىقنى، جاھالەتنى، نادانلىقنى كەسىپ قىلىۋالغانلار، دەپ ئەيىپلەيدۇ.

سەبۇرى «ماقالات» تا، ئۆزىنىڭ زامانىسىغا نىسبەتەن ئىلغار بولغان دۇنيا قارىشىنى ئوبرازلاشتۇرىدۇ. ئۇ، خەلقنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلىشى لازىملىقىنى، ئادالەتلىك، مەرىپەتلىك، مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنتىزاملىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشى لازىملىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن دانا، چېۋەر، ئادالەتلىك ۋە خەلقپەرۋەر يولباشلىغۇچىلارنىڭ بولۇشى شەرتلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەدىبنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل يولباشلىغۇچىلارنى خەلق ئۆزى تاللىۋېلىشى كېرەك. سەبۇرىنىڭ بۇ پىكىرلىرىنى ئەينى دەۋر-

دىكى ناموۋاپىق ۋە چىرىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىگە قارىمۇ - قارشى ھالدا ئوتتۇرىغا قويغانلىقى چۈشىنىشلىك ئەلۋەتتە. ئۇ، شۇڭا ئۆزىنى، ئەينى چاغ فېئودال مۇستەبىتلىرىنىڭ سىياسىي تەقىبىدىن چەتلىتىش ئۈچۈن، ئەسىردە ئۆز ئوبرازلىرىنى قۇشلار دۇنياسىدىن تاللىۋالىدۇ. قۇشلار ھۆپۈپنىڭ يولباشچىلىقىدا، ئۆزلىرىگە رەھبەر قىلىش ئۈچۈن سۇمرۇغنى ئىزلەپ سەپەرگە چىقىدۇ، ئۇلار تۈرلۈك جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، ئاھايىتى تەسلىكتە سۇمرۇغنى ئىزلەپ تاپىدۇ ۋە ئۆزلىرى ئىزلىگەن غايىۋى جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىدۇ.

ئەدىب «ماقالات» نىڭ ئاخىرقى قىسمىدا شاھ بەھرام بىلەن مەلىكە دىلئارامنىڭ ئىشقى ھېكايىسى ۋە يەتتە ئىقلىم يولىدىن كەلگەن يەتتە جاھانكەشتىنىڭ شاھ بەھرامغا سۆزلەپ بەرگەن قىسسىلىرىنى قوشۇمچە قىلغان.

## 18 - ئەھمەد شاھ قارىقاش

ئەھمەد شاھ قارىقاش تەخمىنەن 1750 - يىللىرىدا خوتەن قارىقاش ناھىيىسىگە قاراشلىق قاپاقلا يېزىسىنىڭ ھالايلى (ھويلا ئالدى) مەھەللىسىدە بىر ئوقۇمۇشلۇق دىنىي مۆتىۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى ئۆز يۇرتىدا ئۆتكۈزۈپ، ھەم ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلەش ئاساسىنى تۇرغۇزۇۋېلىپ، 17 ياشلارغا كىرگەندە قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتى «خانلىق مەدرىسە» گە كېلىپ بىر قانچە يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان. بۇ يەردىكى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، قارىقاشتىكى چوڭ مەدرىسە — «گۆزەر» مەدرىسىگە مۇدەررىس ئاخۇن بولۇپ تەيىنلەنگەن. تەخمىنەن 1828 - يىللىرى 78 يېشىدا ۋاپات بولغان.

شائىرنىڭ ھازىر بىزگە «ئات ھەققىدە قىسسە» ۋە «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» ناملىق ئىككى پارچە شېئىرىي ئەسىرى مەلۇم.

«ئات ھەققىدە قىسسە» خەلق ئارىسىدا «سالامنامە» ياكى «نەزەر مۆپتىغا خەت» دېگەن ناملار بىلەنمۇ تارقىلىپ يۈرمەكتە.

«ئات ھەققىدە قىسسە» خەلق ئارىسىدا ھەجىم جەھەتتە پەرقلىق بولغان ھالدا تارقالغان، 1960 - يىلى قاھىرەدە ئۇيغۇر تىلىدا بېسىلغان «تۈركىستان ئەدەبىياتىدىن پارچىلار» دېگەن كىتابتا 14 كۇپلېت، قەشقەر «كونا شەھەر ئەدەبىياتى» (1979 - يىل، 2 - سان) دا 15 كۇپلېت، «قەشقەر ئەدەبىياتى» (1979 - يىل، 4 - سان) دا 29 كۇپلېت، «بۇلاق» ژۇرنىلى (1980 - يىل، 1 - سان) دا 25 كۇپلېت ھەجىمدە ئېلان قىلىنغان. ئەمما، بۇلارنىڭ مەزمۇنى كۆپ پەرقلەنمەيدۇ.

ئەسەرنىڭ يېزىلىش سەۋەبى مۇنداق: ئەھمەد شاھ قارىقاش قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئاقسۇلۇق نەزەر ئاخۇن دېگەن تالىپ بىلەن ساۋاقداش، ھەم ھۇجرىداش بولۇپ بىللە ئوقۇغان. ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن،

ئەھمەد شاھ خوتەن قارىقاشقا مۇدەررىس، نەزەر ئاخۇن ئاقسۇغا مۇپتى بولۇپ بەلگىلىنىپ، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشقان. ئەھمەد شاھ ئاتخۇمار بولغاچقا، ئاقسۇ ئېتىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، قەدىناس ساۋاقدىشى نەزەر مۇپتىغا 60 تەڭگە ئەۋەتىدۇ، ھەمدە ئاقسۇ ئېتىدىن بىرنى ئەۋەتىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلىدۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتىدۇ. ئەمما ئاتتىن ھېچقانداق دېرەك بولمايدۇ. ئەھمەد شاھ قايتا - قايتا سۈرۈشتۈرۈپ، نەزەر مۇپتىغا خەت يازىدۇ. دەل بىر يىل بولدى دېگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەھمەد شاھ كارۋانلار ئارقىلىق ساۋاقدىشى نەزەر ئەۋەتكەن ئاتنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ ئات كۆرۈمسىز، بويى پاكار، ماڭقا، قىڭا، قۇيرۇق، سىڭا سۆڭگەش، پۇتى مايماق، تەيكەك ھەم ھۈرككەك، شاتراق، قاشاڭ، خۇي-پەيلى يامان ئېيىپ نۇقسانلىرى كۆپ بولغاچقا ئەھمەد شاھ يۇرت ئىچىدە قاتتىق ئىزا - ئاھانەتكە قالىدۇ. ساۋاقدىشىنىڭ بۇ خىل ۋاپاسىزلىقى، دىيانەتسىزلىكىدىن قاتتىق غەزەبلەنگەن ئەھمەد شاھ بۇ ئات توغرىسىدا بىر مۇخەممەس يېزىپ، ماھىر ئىككى شاگىرتى ئارقىلىق نەزەر مۇپتىغا ئەۋەتىدۇ. نەزەر مۇپتى دوستى ئەۋەتكەن بۇ ئىككى شاگىرتىنى قىزغىن كۈتىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ شەرىپىگە باغ ئولتۇرۇشى ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. نەزەر مۇپتىنىڭ يىراق - يېقىنلىرى توپلانغان بۇ سورۇندا ئەھمەد شاھنىڭ شاگىرتلىرى مۇخەممەسنى ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ. باشتا ئۈنلۈك ئوقۇشقا قوشۇلغان نەزەر مۇپتى شېئىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە سۆيۈنچە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، توختاپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن، كۆپچىلىكنىڭ تەلىپى بويىچە شېئىر ئۈنلۈك، تولۇق ئوقۇلىدۇ. جامائەت قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ، بارىكاللا ئېيتىدۇ. بۇ ئىشتىن سەپراسى ئۆرلەپ، نېرۋىسى جىددىيلەشكەن نەزەر مۇپتى جان ئاچچىقىدا ئۆزىنى كاچاتلاپ، ساقىلىنى يۇلۇپ، قاتتىق ۋاقىراپ، ئوڭدىسىغا يىقىلىدۇ-يۇ، شۇ پېتىچە، ئورنىدىن تۇرالماي، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىدۇ.

شائىر مۇخەممەستە ئاتنى مەسخىرە قىلىپ، چاۋىسىنى چىتقا يايىدۇ، جۈملىدىن بۇ ئاتنى قاتتىق ساتىرا ئاستىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا نەپرەت ئوقۇيدۇ، شۇنداقلا ئات ۋاستىسى ئارقىلىق ۋاپاسىز، نامەرد دوستىنى مازاق قىلىدۇ، ئۇنىڭغا لەنەت ياغدۇرىدۇ.

ئەھمەد شاھ قارىقاشى ئەدىبلەرگە خاس ئىقتىدارغا تايىنىپ، لەقۋا ئاتنى ۋە نەزەر مۇپتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە تېپىكلەشتۈرىدۇ.

شائىرنىڭ «ئات ھەققىدە مۇخەممەس» نىڭ قاراتمىلىقى شەخسلەر ئارا دوستلۇق مۇناسىۋەت ساھەسىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەن. نەزەر مۇپتىنىڭ كاززاپلىقى، خۇمسىلىقى ئەينى ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئىنكاسى. نەزەر مۇپتى جەمئىيەتتىكى پاسىقلىقنىڭ، ئالا كۆڭۈل، قارا نىيەتچىلىكنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغان. شائىر نەزەر مۇپتىدەك بىر شەخسنى ئەمەس، بەلكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئوچۇم كاززاپلارنى، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، چىرىك قاراڭغۇ فېئودالىزم جەمئىيىتىنى

پاش قىلىپ، ئەسىرنى كۈچلۈك ئىجتىمائىي تۈس ئالدۇرغان.

دېمەك، ئەھمەد شاھ قارىقاشىنىڭ بۇ «مۇخەممەسى» روشەن خاھىشقا ئىگە بولغانلىقى، تىلىنىڭ جانلىق ۋە ئۆتكۈرلۈكى، بەدىئىي زوقلاندۇرۇش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆزىگە خاس ئورۇن ئىگىلەيدۇ. بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ساتىرا ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىسى بولۇشقا مۇناسىپ.

## 19 - دىلبەر دورغە

ھايات پائالىيەتلىرى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە بولالمايۋاتقان خوتەن قارىقاشلىق شائىر «دىلبەر دورغە» نىڭ ئەينى چاغدىكى خوتەن ھاكىم بەگلىكىگە سۇنغان شېئىرىي ئەرزى «مەزلۇملار ئاھى» مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرەدە 1960 - يىلى ئۇيغۇر تىلىدا بېسىلغان «تۈركىستان ئەدەبىياتىدىن پارچىلار» دېگەن كىتابتا ئېلان قىلىنىشى بىلەن، بۇ ئاپتورنىڭ ئىجادىيىتى توغرىلىق پىكىر بايان قىلىشىمىزنىڭ لازىملىقى زۆرۈر بولۇپ قالدى.

بۇ شېئىر 21 كۇپلېتلىق مۇخەممەس بولۇپ، ھىجرىيە 1260 - يىلى، (مىلادى 1844 - يىلى يېزىلغان.

«مەزلۇملار ئاھى» جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىك، بىچارىلىك تۆپەيلىدىن كۆزى ياش، باغرى قان، قەلبى زەرداب، قەددى قامىتى ئىگىلگەن، دىلى سۇنۇق، مەنىۋى دۇنياسى سولغان بىر دەردمەننىڭ ئەرزى بولۇپ ئەرزىكار ئەسلى قابىل، زىبا، قۇتلۇق بىر ئەر ئىدى. ھوسۇل دۆلەتلىرى مول ئىدى، جەمئىيەتتە ئىززەتلىنەتتى. ئەپسۇسكى ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ياشاۋاتقان بۇ ئىنسان قېرىيدۇ، بەللىرى ئىگىلىدۇ، ئۇزۇن يىل پۇتى ئاياغ كۆرمەيدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن مېيىتتا لازىم قىلىدىغان ياماق چاپاننى كىيىپ يۈرىدۇ. كۈندىلىك ئوزۇقلۇقنى ئاران ھەل قىلىۋاتقان بۇ دەردمەن، تېخى ئالۋاڭنىمۇ تۆلەپ تۇرۇشنى «مۇقەددەس» ۋەزىپە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن «دوغىلار بەزى كېلىپ قامچا بىلەن ئوڭلايدۇ، يالۋۇرۇپ ئەپۇ دېسەم قوللىرىمنى باغلايدۇ، مەن تۇغۇلغانغا پۇشايمان ھەم نادامەتتە بىگىم» دەپ ئەرز يازسا، «باقمىدى بىزگە پەلەك، رەھىم-شەپقەت ئېيتمىشىڭدۇر ساڭا بىزدىن بۇ تىلەك، كەتكۈدەكمىز بۇ جاھاندىن بۇ پالاكەتتە بىگىم» دەپ، ئىنسانلارغا خاس ھاياتقا بولغان ئۈمىدۋارلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

«مەزلۇملار ئاھى» يالغۇز دىلبەر دورغىنىڭ ئەمەس، ئەينى چاغدىكى مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان مەزلۇم خەلقنىڭ ئەرزى، ئۇ ھۆكۈمران فېئودال ئىستىبدات ھاكىمىيەت بىلەن يەرلىك فېئودال قارا كۈچلەرنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى XIX ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن قىلىنغان ھەققانىي شىكايەتنامە ئىدى.

دېمەك، بۇ ئەسەر XIX ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى تەڭسىزلىك، خەلقنىڭ

ئاھۇ-زارىنى مەلۇم تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى بىلەن قىممەتلىك.

## 20 - قۇسۇرى

مولла ئەھمەد باقى غوجامنىياز ئوغلى قۇسۇرى (1717 — 1827) پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن رايونى بازار مەدرىسە ئالدى مەھەللىسىدە مەرىپەتپەرۋەر تېۋىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى مولла كىشى بولۇپ، قۇسۇرى ئاتىسىنىڭ قولىدا ئوقۇپ باشلانغۇچ ساۋادىنى چىقارغان. ئىلىم - پەنگە، جۈملىدىن ئەدەبىياتقا قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان قۇسۇرىنى ئاتىسى دەسلەپ لۈكچۈن ۋاڭلىق مەدرىسىتە، كېيىن قەشقەردىكى خانلىق مەدرىستە ئوقۇتۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلدۇرغان. زېرەك قۇسۇرى ياشلىقىدا قەشقەر خانلىق مەدرىستە ئەرەب، پارس تىللىرىنى، دىنىي بىلىملەرنى، ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى پۇختا ئىگىلەش بىلەن بىللە ناۋايى قاتارلىق كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئەتراپلىق تونۇشقان ۋە ئۇلارنى زور ئىشتىياق بىلەن ئۆگەنگەن. مەدرىستە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. قوشۇمچە ئاتا كەسپى بولغان تىبابەت ئىلمىنى ئۆگىنىپ، يۇقىرى ئىختىساسقا ئېرىشكەن.

قۇسۇرى قەشقەر خانلىق مەدرىسىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، لۈكچۈن ۋاڭلىق مەدرىسكە باش مۇدەررىس ۋە ئەئلەم ئاخۇنلۇق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىدۇ. خەلقپەرۋەر شائىر ئاخۇنلۇقتىن كىرگەن كىرىمنى كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىپ بېرىدۇ. ئۇ ئۆزى بىر مائارىپچى بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنە ئوقۇتۇش ئىشلىرىغىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىپ، بىرمۇنچە ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىدۇ. ئۇ شۇ دەۋردىكى مەدرىسلەرنىڭ ئاساسلىق ئوقۇشلۇقى بولغان ئەرەب، پارس تىلىدىكى كىتاب - رىسالىلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىدۇ. شۇنىڭدەك دىنىي مەكتەپلەر ئۈچۈن شېئىر بىلەن يېزىلغان دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ ئومۇملاشتۇرىدۇ. ئۇ يەنە بىرقانچە ئىلمىي دىداكتىك ئەسەرلەرنى يېزىشتىن تاشقىرى، تالىپلارنىڭ پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، شېئىرىي تېپىشماقلارنى يېزىپ، مۇددەت بويىچە ئىلمىي يىغىلىشلارنى ئۇيۇشتۇرىدۇ. ئىلىم - مەرىپەتنى قەدىرلەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ھەققىدە «ۋاڭلارغا نەسىھەت» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، ئادالەتپەرۋەرلىك ۋە ھەققانىيەت توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شائىر جاھالەت ۋە تەڭسىزلىك ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىدۇ.

شائىر ئۆز ئۆمرىدە كۆپلىگەن لىرىك شېئىرلارنى ۋە 1782 - يىللىرى ئۈچ پارچە ئەسەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ ھەجىملىك (ئۈچ مىڭ مىسرالىق) «زەۋزەتىل زىھرا) ناملىق داستاننى يېزىپ قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭدا پەندى - نەسىھەت خاراكتېرىدىكى ئەخلاقىي - تەلىمى شېئىرلار، ئىبرەتلىك مەسەل ۋە ھېكايەتلەر، شائىرنىڭ دۇنيا قا-

رىشنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى مەزمۇنى چوڭقۇر پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلەر بار. داستاننىڭ تىلى ئوبرازلىق، بەدىئىي ئىپادىلەش كۈچى يۇقىرى، بەدىئىي ۋاسىتىلارغا باي بولۇپ، شائىر ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

## 21 - موللا توختى

موللا توختى ئاقسۇلۇق شائىر بولۇپ، ئۇ «ئەرزىيەت» ماۋزۇلۇق غەزەللەر تىزمىسىنى XIX ئەسىرلەردە يېزىپ چىققان.

مۇئەللىپ بۇ ئەسەردە، ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىقتىن ئەسلا خەۋىرى يوق نامرات ۋە كەسپى موللا ئادەم ئىكەنلىكىنى، تېرىغىدەك بىر ماڭدام يېرى بولمىسىمۇ، ئاقسۇنىڭ ئارال دېگەن يۇرتىنىڭ ئالۋاڭ - ياساق دەپتىرىدە ئۇنىڭ نامىغا ئۈچ خۇ يەرنىڭ ئالۋىڭى خەتلەپ قويۇلغانلىقىنى، ئالۋاڭ - ياساقنىڭ كۆپلىكى، ھەتتا ئەمەلدارلارنىڭ خېنىملىرى تىرناقلىرىغا ياقىدىغان خېنە ئۈچۈنمۇ ئەلگە ئالۋاڭ چېچىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەسەردىن ئۇنىڭ بۇ ئالۋاڭ - ياساقلارنى تۆلىيەلمەي، قاتمۇ - قات قەرزگە بوغۇلۇپ، ئائىلە بويىچە ۋەيران بولغانلىقىنى، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالىسىنىڭ ئوقۇشتىن قالغانلىقىنى، بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، بۇ ناھەق ئالۋاڭنى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ تاشلاشنى ئىلتىماس قىلماقچى بولۇپ، ئاقسۇ ھاكىمى چۈن ۋاڭ (سولانبەگ)غا بۇ ئەرزىيەت بىلەن كەلگەنلىكىنى، ئەرزىنى چۈن ۋاڭغا تاپشۇرۇشتىن بۇرۇن ئاقسۇ شەھىرىدىكى مازارلاردا دۇئا تەلەپ بىلەن يۈرگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ئەسەردىكى چۈن ۋاڭ ئادەم ئىسمى ئەمەس. ئۇ خەنزۇ تىلىدىكى چىڭۋاڭ (شاھزادە) سۆزىنىڭ ئاھاڭ جەھەتتىن ئۆزگىرىپ قالغىنى. سولانبەگمۇ بىر ئەمەلدارنىڭ خاس ئىسمى ئەمەس، بۇ ئاقسۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھاكىمى سولانلاردىن قويۇلغان بەگ ئىكەنلىكىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

ئەسەردە بىر تەرەپتىن، ئالۋاڭ - ياساقلار دەستىدىن باش كۆتۈرەلمەي قالغان خەلقنىڭ ئېچىنارلىق ئەھۋالى ئەكس ئەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن دىنىي جاھالەت بىلەن كىشەنلىنىپ قالغان خەلقنىڭ قالاقلىقى ۋە نادانلىقىمۇ ئەكس ئەتكەن. موللا توختى بۇ ئەرزنى چۈن ۋاڭنىڭ قولىغا يەتكۈزسە، ئۇ چوقۇم ئۇنىڭ ئۈستىدىكى نامۇۋاپىق ئالۋاڭنى يارلىق چۈشۈرۈپ كۆتۈرۈۋېتىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلىدۇ ۋە چۈن ۋاڭنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ماختايدۇ. ئېھتىمال چۈن ۋاڭنىڭ شەنىگە ئوقۇلغان مەدھىيىلەر ئېھتىيات يۈزىسىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئومۇمەن، شېئىر موللا توختىنىڭ بۇ ئەسىرىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە XIX ئەسىردىكى ئىجتىمائىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلاردا تارىخىي ھۆججەت تەرىقىسىدە خىزمەت قىلالايدۇ.

## 22 - موللا نىياز خوتەنى

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا «موللا نىياز» ئىسمى بىلەن ئاتىلىپ كېلىنىۋاتقان ئىرقانچە ئەدىب بار.

بىرى «دىۋان نىيازى» دېگەن توپلامنىڭ ئاپتورى موللا نىياز بولۇپ، ئۇ «ئاشىقى» دېگەن تەخەللۇسنى ئىشلەتكەن، ئۇنىڭ دىۋانى 1841 - يىلى كۆچۈرۈلگەن.

يەنە بىرى، موللا نىياز بولۇپ، «ئەرز» دېگەن بىر شېئىرىي ئەرزنامىنىڭ ئاپتورى. شائىرنىڭ بۇ ئەسىرى «تۈركىستان ئەدەبىياتىدىن پارچىلار» (1960 - يىل، قاھىرەدە بېسىلغان) دېگەن ئەدەبىي توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ۋە «شائىر شىنجاڭدا سەئىدىيە دۆلىتى دەۋرىدە 1500 - يىللاردا ئۆتكەنلىكىنى چامالايمىز» دەپ مەلۇمات بېرىلگەن.

«تۇت ئىمام تەزكىرىسى» ياكى «تۆت ئىمام زەبىھۇللا تەزكىرىسى» ۋە ياكى «تەزكىرەئى ئىمام زەبىھۇللا» دېگەن داستاننىڭ ئاپتورى ھەم موللا نىياز ئىسمىنى ئىشلەتكەن. بەزىلەر «ئەرز»نىڭ ئاپتورى بىلەن «تۆت ئىمام تەزكىرىسى»نىڭ ئاپتورىنى بىر ئادەم دەپ قارايدۇ ۋە ئۇنى «موللا نىياز بىننى قادىر سابىر» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ كىشى داستاندا «خوتەنى» تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن. ئۇنداق بولسا، بىزمۇ كېيىنكى پىكىر بويىچە ئىش كۆرۈپ تۇرايلى.

موللا نىياز خوتەنىنىڭ ئۆز ئەسىرىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ئۇ خوتەن چىرىنىڭ چاقار دېگەن يېرىدىن بولۇپ، «تۆت ئىمام تەزكىرىسى»نى مىلادى 1791 - يىلى 20 ياش ۋاقتىدا يېزىپ چىققان.

«تۆت ئىمام تەزكىرىسى» بىر تارىخىي داستان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيە تارىخىنىڭ دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مۇھىم بىر دەۋرى بەدىئىي يول بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىپ بېرىلگەن.

ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەسنەۋىي شەكلىدە يېزىلغان 2080 مىسرالىق بۇ داستان مەزمۇنەن ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى قىسمى — ھەمدۇ سانا، ئىككىنچى قىسمى — داستاننىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى — ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەت بىلەن بۇددىزم ئوتتۇرىسىدىكى بولغان كۆرەشلەر، ئۈچىنچى قىسمى — شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ يۇرتى، ھاياتى ۋە ئەدەبىي پائالىيىتى توغرىسىدىكى بايانلار.

تارىخقا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ھىجرىيە 46 - يىلى (مىلادى 666 - يىلى) ئەرەبلەر ئەرەب ئارىلىدىن چىقىپ شەرققە يۈرۈش قىلىدۇ. ئەرەب ئەمىرلىرىدىن رابىئە بىننى ھارىس ئىراننى بېسىۋېلىپ، كېيىن قاچقان ئىران شاھىنى قوغلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىدۇ. ئۇ بۇ يۈرۈشىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، سەمەرقەند، بۇخارا، تاشكەنت، پەرغانىلارنى بېسىۋېلىپ، بۇ جايلاردا ئىسلام دىنىنى كەڭ تارقىتىدۇ. مىلا-

دى 733 - يىللىرىغا كەلگەندە غەربىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنى ئاساسەن ئۆزلىشىپ بولىدۇ. ئەرەبلەرنىڭ كۆزى قەشقەرىيىگە چۈشىشكە باشلايدۇ.

ئۇيغۇرلار زېمىنىغا تۇنجى قېتىم كۆز تىككەن ئەرەب مەدىنەلىك ئوبۇلناسىر دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ، ئىسلام دىنىنى بۇ يەردە ئۇرۇش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى باشقا ئەپلىك بىر يول بىلەن تارقىتىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. ئۇ بىر تۈركۇم سودا كارۋانلىرىنى ئېلىپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ ۋە ئالدى بىلەن ئاتۇشقا كېلىپ چۈشىدۇ.

بۇ ۋاقىت ھىجرىيە 332 - يىلى (مىلادى 942 - يىلى) بولۇپ، قەشقەرىيىدە قاراخانىلاردىن بارۇن بۇغراخان خاقان ئىدى. بارۇن بۇغراخان ھىجرىيە 338 - يىلى (مىلادى 948 - يىلى) ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تاغىسى ھارۇن بۇغراخاننىڭ قولىدا قالىدۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان 12 ياشقا كىرگەن يىلى (مىلادى 952 - يىلى) ئوبۇلناسىر سامانى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنى ئۆز تەسىرىگە ئېلىپ، ئىمان ئېيتقۇزۇپ، مۇسۇلمان قىلىدۇ. ئوبۇلناسىر سامانى سۇتۇق بۇغراخاننى ھارۇن بۇغراخانغا قارشى قويىدۇ. سۇتۇق بۇغراخان ئوردا ئىچىدە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى بارا - بارا كېڭەيتىپ، ئىسلام ئېتىقادىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغان تاغىسى ھارۇن بۇغراخاننى قەتلە قىلىدۇ ۋە ئۆزى خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، قەشقەرىيىدە ئىسلام دىنىنى خاقانلىق پەرمان يولى بىلەن جارى قىلدۇرىدۇ.

مىلادى 999 - يىلىغا كەلگەندە غەربىي تۈركىستاندا، تاشكەنت، پەرغانە تەرەپلەردە ئىسلام دىنىغا قارشى كۆتۈرۈلۈشلەر بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغۇللىرى — ھەسەن بۇغراخان، ئارسلانخان، يۇسۇپ قىدىرخانلار غەربىي تۈركىستاندىكى قارشىلىقلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرى لەشكەر باشلاپ ئۇ ياققا ئاتلىنىپ، قەشقەرىيىگە خوجا بىغەم ئوبۇلقاسىم قەشقىرى دېگەن كىشىنى سەردار قىلىپ تەيىنلەپ قالدۇرىدۇ.

بۇ چاغلاردا يەركەن، خوتەن تەرەپتىكى ئۇيغۇرلار تېخى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇلارنىڭ خانلىرى ئاكا - ئۇكا چوقتا رەشىد، نۇكتا رەشىد دېگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار بۇددا ئېتىقادىدا ناھايىتى قاتتىق تۇرغان ئىدى. ئۇلار سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ غەربىي تۈركىستانغا يۈرۈش قىلغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، يەركەن، خوتەنلەردىن قەشقەرگە ئەسكەر تارتىپ كېلىپ، قەشقەرىيە خەلقىنى ئىسلام ئېتىقادىدىن بۇددا ئېتىقادىغا قايتۇرىدۇ.

چوقتا رەشىد ۋە نۇكتا رەشىدلەرنىڭ قەشقەرىيىدە بۇددىزمنى قايتا يولغا قويغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ھەسەن بۇغراخان، ئارسلانخان، يۇسۇپ قىدىرخانلارنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ. ھەسەن بۇغراخان ئىنىسى يۇسۇپ قىدىرخاننى 40 مىڭ ئەس-

كەر بىلەن قەشقەرىيەگە يولغا سالىدۇ. يۈسۈپ قىدىرخان قوشۇننى باشلاپ مەدايىن دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئۇ يەردە دىنىي پائالىيەتتە بولىۋاتقان تۆت ئەرەب ئىمامىنى ئۆزى بىلەن بىللە قەشقەرىيەگە ئېلىپ كېتىدۇ.

بۇ تۆت ئىمام ئەرەب ئۆلىمالىرىدىن نەسىرىدىن، مەئىيىددىن، زوھۇرىددىن، قەۋىمىددىن دېگەن زاتلار بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە مەركىزىي ئاسىيادا ئىسلام ئېتىقادىنى يېيىشتا دىنىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن زور كۈچ كۆرسەتكەن ئەمىرلەر ئىدى. يۈسۈپ قىدىرخان ئۇلارنى ئۆز قوشۇنىغا يانداشتا، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى نوپۇزى ۋە تەسىرىدىن پايدىلىنىشنى ئويلىغان.

يۈسۈپ قىدىرخان قەشقەرىيەگە يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ئۈستۈن ھەربىي كۈچى ۋە دەبدەبىسىدىن قورققان چوقتا رەشىد، نۇكتا رەشىدلەر قەشقەرنى ئۇرۇشسىزلا تاشلاپ بېرىپ، خوتەنگە قاراپ قاچىدۇ، يۈسۈپ قىدىرخان قەشقەرنى يەنە يېڭىۋاشتىن ئىسلامغا كىرگۈزىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، يۈسۈپ قىدىرخان يەركەن، خوتەنلەرگە قاراپ، غازات قىلىدۇ. ئۇ يەركەننى ئېلىپ، بۇ يەردىكى كىشىلەرنى ئىسلامغا كىرگۈزىدۇ. ئاندىن خوتەنگە قاراپ يولغا چىقىدۇ.

خوتەن ئۇيغۇرلىرى چوقتا رەشىد ۋە نۇكتا رەشىدلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بۇددا ئېتىقادىدا قاتتىق تۇرۇپ، يۈسۈپ قىدىرخانغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. قانلىق ئۇرۇشلار بولىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن چىقىملار بولىدۇ. بۇ ئۇرۇش خوتەن زېمىنىدا 40 يىل؟غا قەدەر سوزۇلغان ئىمىش. ئاخىرى ئىسلام ئېتىقادىدىكى ئۇيغۇرلار غالىب كېلىپ، خوتەندە ئىسلام دىنى ئومۇمىيۈزلۈك جارى قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ ۋاقىت ھىجرىيە 430 - يىلىغا (مىلادى 1050 - يىلى) توغرا كېلىدۇ.

شۇندىن باشلاپ، ئۇيغۇرلاردا ئەرەب مەدەنىيىتىنى ھەر تەرەپلىمە ئۆگىنىش باشلانغان ئىسلامىيەت دەۋرى ئېچىلىدۇ.

شائىر موللا نىياز ئۆز داستانىدا مانا مۇشۇ تارىخىي ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىدۇ. ئۇ يۈسۈپ قىدىرخاننىڭ ھەربىي ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقان ئەرەب ئۆلىمالىرىنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن داستانىغا «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» دەپ نام بەرگەن. شائىر ئەلۋەتتە، بۇ ۋەقەلەرنى يورۇتۇشتا ئۆزى ئىسلامىيەت مۇھىتىدا ئۆسۈپ چىققان شائىر بولغاچقا ئىسلامىيەتنى ئۇلۇغلاش مەيدانىدا تۇرغان.

بىز شائىرنىڭ ياشىغان دەۋرى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقساق، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن يۇقىرىقى ۋەقەلەرنى داستان قىلىپ يېزىپ چىقماقچى بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى روشەن بولۇپ قالىدۇ.

شائىرنىڭ ياشىغان ۋە ئىجاد قىلغان دەۋرى ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. ئاپپاق خوجىنىڭ سەئىدىيە دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشى، ئاق

تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلارنىڭ زىددىيىتىنىڭ ئۆتكۈرلىشى، 1700 - يىللىرى جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ ئاتارمەنى سىۋانا رابدانىنىڭ يەتتە شەھەرنى يەنە بىر قېتىم دەپسەندە قىلىشى، ئەشۇ دەۋرلەردە بولۇپ ئۆتكەن.

شائىر ياشىغان ۋە ئىجاد قىلغان دەۋرنىڭ ئالدى - كەينىدە بولۇپ ئۆتكەن بۇ تارىخىي قالايمىقانچىلىقلار، 160 يىلدىن كۆپرەك ھۆكۈم سۈرگەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى، بىر قىسىم خوجىلارنىڭ ئۆتكۈر مەزھەپلەر كۈرىشىنى قوزغاپ، خەلقنىڭ تەقدىرىنى جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈرۈپ قويۇشى ھەمدە بۇلارنىڭ ھەممىسىگە سەۋەبچى بولغان ئەسلى ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن ھېچ ئىدېئولوگىيىلىك باغلىنىشى بولمىغان ئۇنىڭ نەپرەتلىك تەپرىقىچى مەزھىپى شائىر موللا نىيازدا ئۆتكۈر نارازىلىق قوزغىغان. شائىر 80 نەچچە يىل داۋام قىلغان پاراكەندىچىلىكلەر ۋە ئۇرۇشلارنىڭ دەردىنى تارتقان خەلققە ئىچىنغان، ئۇ، ئىسلامىيەت يېڭى باشلانغان دەۋرنى ئەسلەش، سېغىنىش ۋە ئۇلۇغلاش ئارقىلىق، ۋاستىلىق يوسۇندا ئۆزىنىڭ ئىشانچىلىققا ۋە سوپىزم مەزھىپىگە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن، خەلق كۆپچىلىكىگە ھېسداشلىق قىلغان.

بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شائىرنىڭ داستانى ئەينى دەۋردە خەلقنىڭ ئومۇمىي روھىي كەيپىياتىغا ۋەكىللىك قىلىپ، مۇئەييەن ئىلغارلىق ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان. ئىسلامىيەت مۇھىتىنىڭ شائىرى بولغان موللا نىيازدىن ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇقراقىنى تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ داستانى ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيە تارىخى ۋە ئەدەبىيات تارىخىدىن ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك.

«ئەرز» ياكى «ئەرزنامە»، «موللا نىياز ئاخۇنۇم» نامى بىلەن باغلىق بولغان، 48 مىسرالىق شېئىرىي ئەسەر. «تۈركىستان ئەدەبىياتىدىن پارچىلار» دېگەن كىتابتا بۇ «بىر خوتۇننىڭ خوتەن ھاكىمىغا تۇتقان شېئىرىي ئەرزى، يازغۇچىسى مەشھۇر شائىر موللا نىياز ئاخۇنۇم» دەپ ئىلاۋە قىلىنغان.

شېئىردا ئاپتور بىر خوتۇن نامىدىن ھاكىمبەگكە ئەرزىنى بايان قىلىدۇ.

شېئىردىكى ئەرزكار خوتۇن ياش چېغىدا چىرايلىق، قەلەمقاش، لەۋلىرى لەئلىدەك بولۇپ، بۇ ساھىبجامال تۇرمۇشقا چىقىدۇ، يىگىرمە ئىككى يىل ئۆي تۇتىدۇ، بەش بالىسى بولىدۇ، چۈشەنمەي تېگىپ قالغان بۇ ئەسكى گاداي، ئايالغا قاتتىق زۇلۇم قىلىدۇ، قىش - ياز، كېچە - كۈندۈز ئىشلىتىپ مازغا ئوخشاش قىلىۋېتىدۇ، پىيازنى سويغاندەك ئازابلايدۇ، نىھايەت خوتۇننىڭ بېشى ئاقىرىپ، چىشى چۈشۈپ، قېرىيدۇ، ئۇنىڭ ئېرى قەدىرناس ئايالىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ، يېيىشكە يېمەكلىك، قالىشىغا ئوتۇن، بارارىغا يېرى يوق، ئېغىر ئاياق، يېتىم ئايال كۆز يېشىنى دەريا سۈيىدەك ئېقىتىپ، پالاكەتكە چۈشكەن ئەھۋالىنى ئۇلۇغ ھاكىم ۋە پادىشاھىغا ئېيتىپ، ئادالەت بىلەن كۆڭلىنى شاد قىلىشنى، ھەققىي ئەرز ھالىنى سوراشنى، زۇلۇمنىڭ ئاجىزلارغا مۇنداق

زورلۇق قىلىۋەرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

قەلىمى دەردمەن ئايالنىڭ يۈرەك زارىنى ئىپادىلەشنى ئىنسانىي بۇرچ دەپ بىلگەن شائىر موللا نىياز ئاخۇنۇم ھېچقانداق ئىككىلەنمەي، ھاكىمبەگكە شېئىرىي ئەرزىنى يېزىپ چىقىدۇ. سان - ساناقسىز بىچارە، دىلخەستە ئاياللارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان، دەۋرنىڭ جارچىسى بولغان شائىر. ئەشۇ بىرلا ئەرزىكار ئايالنىڭ غەزەپ - ساداسىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق، ئەينى دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان مەزلۇم ئاياللىرىنىڭ ئاھۇ - زارىنى بەدىئىي ھالدا ئومۇملاشتۇرۇپ بەرگەن.

# باب XV

# موللا بىلال دەۋرى ئەدەبىياتى

(1864—1912)

## § 1. ئومۇمىي بايان

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى «موللا بىلال دەۋرى ئەدەبىياتى» دېگىنىمىز، 1864 - يىلى سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشى كۇچادا كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن باشلاپ، 1912 - يىلى قۇمۇلدا تۆمۈر خەلىپە باشچىلىق قىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىدا كىشىنىڭ ئەقلىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتتى. 1678 - يىللاردىن باشلاپ، ئامىتى قاچقان كاج تەلەيلىك ئۇيغۇر مېھنەتكەشلىرى زامانىدىن زادىلا خوۋلۇق كۆرمىدى، يۈرەكلىرى پارە - پارە بولۇپ، قەددى - قامىتى زەئىپلەشتى. يەردىكى خەستىن قەدىرسىز، ھايۋاندىن بەتەر ھالەتكە چۈشتى. بۇنداق ۋەزىيەت XIX ئەسىردىن كېيىن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يېرىمىدىن كېيىن ئەۋجىگە چىقىپ، مۇستەبىت زۇلۇمنىڭ چېكىنى مۆلچەرلەش ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش بولۇپ قالدى.

1860 - يىللارغا كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەيپىڭ تىيەنگو ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ۋە چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا ئۇرۇش چىقىمىنى تۆلەش ئۈچۈن ئىنتايىن زور ئىقتىسادىي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ زور ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنى تالان - تاراج قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا تاياندى. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تېخىمۇ ئېغىرلاشتى.

شىنجاڭ ئەزەلدىن بايلىقى مول، يېرى كەڭ، تەبىئىي شەرت - شارائىتى ياخشى بىر جاي بولسىمۇ، لېكىن، ناھايىتى ئاز ساندىكى مۇستەبىت فېئودال ھۆكۈمران گۇ-

رۇھلارنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيەسى ئۇيغۇر مېھنەتكەشلىرىنى ئۇنىڭدىن نەپ ئې-
لىشقا ئىمكانىيەت بەرمەي كەلگەن ئىدى. ئەندى بۇ دەۋرلەرگە كەلگەندە چەت ئەل
ئەكسىيەتچى جاھانگىر كۆچلىرىنىڭمۇ نەزىرى تىكىلىپ، تويىماس ئاغزىدىن زەھەرلىك
شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، ئەمگەكچى خەلققە زادىلا ئارامچىلىق
بەرمىدى. يەرلىك ئەكسىيەتچىلەرنىڭ، فېئودال ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ۋە چەت ئەل
جاھانگىر كۆچلىرىنىڭ كەلتۈرۈۋاتقان ئازاب - كۈلپەتلىرى سەۋەبىدىن ئۇيغۇرلار خار-
لاندى، بوزەك قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ بايلىقلىرى ۋە بۇ يۇرتنىڭ گۈ-
زەللىكى خەلققە بەخت - سائادەت، شاتلىق بەخش ئېتىشنىڭ ئورنىغا ملىلىي ۋە
سىنىپىي زۇلۇم كەلتۈرۈشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئامىلىغا ئايلىنىپ قالدى. تۈن قاراڭغۇ-
لاشقانچە يۇلتۇزلار شۇنچە يورۇيدۇ، نەتىجىدە زۇلۇم، خورلۇق، تەڭسىزلىك، ئەركىن-
سىزلىك قەلب دۇنياسىنى ئۆرتەپ، چىدىغۇچىلىكى قالمىغان مەزلۇم خەلق يا ئۆلۈم،
ياكۆرۈم دەپ، ئادالەت، بەخت - سائادەت، ھاياتلىق كېرەك دەپ، قولىغا ھەققانىيەت
شەمشىرىنى ئالماي بولمايدىغانلىقىنى تەكرار ھېس قىلىشتى. خۇددى يولداش ماۋزې-
دۇڭ ئېيتقاندەك: «پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ دېھقانلار ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك
ئىقتىسادى ئېكسپىلاتاتسىيەسى ۋە سىياسىي زۇلمى دېھقانلارنى پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى نۇرغۇن قېتىملاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى.» شىن-
جاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ زەپەر مارشى ياڭرىدى. 1857 - يى-
لى كۇچا خەلقى مەمتىلى، ئىبراھىم شاھلارنىڭ باشچىلىقىدا ئېغىر باج - سېلىق ۋە
زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. 1860 - يىلى يەركەندە توغراق ئۆستەڭ خەلقى
ئاشلىق - ئالۋىڭغا قارشى چىقىپ، خان ياموٗلى بىلەن كۆرەش قىلدى. 1862 - يىلى
كۇچالىق مۇھەممەد دېگەن كىشىنىڭ باشچىلىقىدا كۇچا خەلقى ھۆكۈمرانلارنىڭ زورا-
ۋانلىقى ۋە باج تاپشۇرۇشقا قارشى غەليان كۆتۈردى. بايدىكى رەيسا گۈمبەز دېگەن
كىشىنىڭ باشچىلىقىدا باي خەلقى باج - سېلىقنى ئازايتىشنى ئاشكارا تەلەپ قىلىپ،
غەليان كۆتۈردى. يەنە شۇ يىلى خوتەن ئالتۇن كانىدا زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈلدى. 1863 - يىلى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي مەركىزى ئىلى جاڭجۇنى
تۇرۇشلۇق ئالمىلىق يېنىدىكى مۇسۇلمانلار قوزغىلاڭ كۆتۈردى. سادىر پالۋان باشچى-
لىقىدا ئىلى دېھقانلىرى ھۆكۈمران ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆرىشىپ، 1866 - يى-
لى، ئۆز دائىرىسىدە غەلىبە قىلدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىستىبدىلىك كۆرەشلىرى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن ھامان قان-
لىق باستۇرۇلۇپ كېلىندى. ئاددىي پۇقرالاردىن زۇلۇم ۋە خورلۇق ئۈستىدە ھۆكۈمەتكە
ئەرز شىكايەت قىلغانلارنىڭ ھالى تېخىمۇ بەتتەر ئىدى. مەسىلەن، بايدا ھۆكۈمەت

① «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 - توم، 546 - بەت.

ئالدىغا بېرىپ سېپىلنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلغان ئەيسا گۇمبەز قاتارلىق 17 كى-
شىنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپ، ئەل جامائەتنى ئىبرەت ئالسۇن دەپ سازايى قىلدى.
يەنە بەزىلەرنى تىرىك تامغا مىخلاپ ئۆلتۈردى ۋە بەزىلەرنىڭ پەيلىرىنى كېسىپ
تاشلاپ ئىشتىن چىقاردى. يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنى زىنداندا قاتتىق قىيناپ ئۇسسۇز،
ئاچ قويۇپ، ھاكنى دوغاپ قىلىپ ئىچكۈزۈپ ئۆلتۈردى. يۇقىرىغا ئۇلارنى كېسەل بو-
لۇپ ئۆلدى، دەپ مەلۇم قىلىپ كۆمىۋەتتى. ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ نۇرغۇن قېتىملىق
كۆرەشلىرى قانلىق باستۇرۇلغان بولسىمۇ، خەلقنىڭ كۆرەش ئىرادىسىنى بوشىتىپ قوي-
مىدى، بەلكى خەلق ئۆز كۆرەشلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى تەجرىبە ساۋاقلارنى
يەكۈنلەپ، ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلىدى. ھەمدە ھۆكۈمران ئەزگۈچى سىنىپلارنى تېخىمۇ
ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنىپ يەتتى. شۇڭا 1864 - يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭدا كۆلىمى
ئىنتايىن زور بولغان دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ خېلى زور غەلىبىلەرنى قولغا كەل-
تۈردى. بۇنداق زور قوزغىلاڭ دولقۇنىنىڭ شەكىللىنىشى، شىنجاڭ رايونىدىكى ئەينى
ۋاقىتتىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن قارىغاندا ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ۋەقە ئەمەس. بۇ خىل
قوزغىلاڭلارنىڭ ئىچىدە «كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى» كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى
تارتتى. 1857 - يىلىغا كەلگەندە كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن يۇقىرى
فېئودال ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلار كۇرۋەي كۇچادىكى ھۆكۈمرانلىقنى نۇقتىلىق ھالدا
كۈچەيتىپ، كۇچا خەلقىگە ۋەھشىيلەرچە ئۆچ ئېلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. سىياسىي،
ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بۇنداق چېكىدىن ئاشقان ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇم كۇچا
خەلقىگە مىللىي زۇلۇم ۋە خورلۇققا قارشى قانلىق كۆرەش قىلىپ، ياشاش ئەركىنلى-
كىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت پارلاق يولنى كۆرسىتىپ بەردى. نەتىجىدە فېئودال
يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى كۆرەش قىلىش ئەنئەنىسىگە ئىگە كۇچا خەلقى ئالدى بى-
لەن قوزغىلىپ، 1864 - يىلىدىكى شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ فېئودال
مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زۇلمى ۋە يەرلىك فېئودال ھاكىم - بەگلەرنىڭ ئېزىشىگە
قارشى زور دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئوت پىلتىسىنى تۇتاشتۇرۇۋەتتى.

كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى فېئوداللىزمنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە
يەرلىك فېئودال بەگلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چەت ئەل ئىستې-
لاچىلىرىغا قارشى كۆرەش قىلىشتىمۇ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلدى.
«جاھانگىرلار بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت فېئوداللىزم بىلەن
خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت يېقىنقى زامان جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەت-
تۇر» ①.كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىدا مانا بۇ ئىككى ئاساسىي زىددىيەتنىڭ كەسكىن
تۈس ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ۋەتەننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى

① «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2 - توم، 557 - بەت.

ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش يولىدا يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن «ئەنجانلىقلارنى قوغلاپ چىقىرايلى، يۇرتىمىزنى ئازاد قىلايلى» دېگەن جاراڭلىق شوئار ئاستىدا چەت ئەل كۈچلىرى بىلەن باتۇرلارچە ئۇرۇش قىلىپ، شانلىق ئىش - ئىزلىرى بىلەن ئۆچمەس سەھىپە قالدۇردى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۆرەش تارىخىنى بېيىتتى.

ئېنگېلس خەلق ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىكى سەۋەبلەر ھەققىدە توختىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «ئىنقىلابنىڭ يۈز بېرىشىنى ئاز ساندىكى قۇتراتقۇچىلارنىڭ يامان غەرەزىدىن كۆرىدىغان خۇراپاتلىق دەۋرى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى. ھەرقانداق جايدا يۈز بەرگەن ئىنقىلابىي داۋالغۇشنىڭ ھامان بىر خىل ئىجتىمائىي تەلەپنى قاندۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى، چىرىگەن تۈزۈمنىڭ بۇ تەلەپنىڭ قاندۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى ھازىر ھەممە ئادەم بىلىپ قالدى. بۇ تەلەپنىڭ دەرھال ئەمەلگە ئاشمايۋاتقانلىقى كىشىلەرنىڭ تېخى ئۇنىڭ كۈچلۈك، ئومۇمييۈزلۈك ھېس قىلىپ يەتمىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك؛ لېكىن بۇ تەلەپنى زورلۇق بىلەن بېسىشقا ئۇرۇنۇش ئۇنى تاكى ئاسارەتنى تارمار قىلغانغا قەدەر بارغانسېرى كۈچەيتىدۇ. شۇڭا، ئەگەر، بىز مەغلۇپ بولۇپ قالساق، ئىشنى يېڭىۋاشتىن باشلىشىمىزغىلا توغرا كېلىدۇ. بەختكە يارىشا، ھەرىكەتنىڭ بىرىنچى پەردىسى يېپىلىپ ئىككىنچى پەردىسى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى ئالاھەزەل قىسقىغىنە بىر دەم ئېلىش پۇرسىتى تۇغۇلىدۇكى، ئۇ بىزنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشنى قىلىشىمىزغا يەنى بۇ قېتىمقى ئىنقىلابنىڭ مۇقەررەر پارتلىشى ۋە مۇقەررەر مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنى تەتقىق قىلىشىمىزغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. بۇ سەۋەبلەرنى بىرنەچچە يولباشچىنىڭ تاسادىپىي مۇددىئاسى، ئارتۇقچىلىقى، كەمچىلىكى، خاتالىقى ياكى ئاسىيلىقىدىن ئەمەس، بەلكى داۋالغۇشنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئەھۋالى ۋە تۇرمۇش شارائىتلىرىدىن ئىزلەش كېرەك ... تۇيۇقسىزلا پارتلىغان ھەرىكەتلەر ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ تەلىپى ۋە ئېھتىياجىنىڭ مۇقەررەر ئىستىخىيىلىك ئىپادىسى ئىدى، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى سىنىپلارنىڭ بۇ تەلەپ ۋە ئېھتىياجنى تونۇش دەرىجىسى گەرچە ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ھەممىسى بۇنى ئېنىق ھېس قىلدى، — بۇ ھەممە ئېتىراپ قىلغان پاكىت بولۇپ قالدى. بىراق ئەكسىلئىنقىلابنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى سورايدىغان بولسىڭىز ھەممە يەردە: پالانچى ياكى پوستانچىنىڭ خەلققە ‹خائىنلىق› قىلغانلىقىدىن بولدى، دېگەن نەق جاۋابنى ئالىسىز. كونكرېت ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ جاۋاب توغرا بولۇشىمۇ، ناتوغرا بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن ھەرقانداق شارائىتتا ‹خەلق› نىڭ قانداق قىلىپ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە خائىنلىق قىلىشىغا يول قويغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەگەر بىر پارتىيىنىڭ ھەممە دەسمايىسى مەلۇم كىشىلەرنىڭ ئىشەنچسىزلىكىنى بىلىش بىلەنلا چەكلىنىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىستىقبالى تولىمۇ

ئېچىنىشلىق بولغان بولاتتى» ①.

لېنىنمۇ خەلق قوزغىلاڭلىرىنى باھالاپ «زۇلۇمغا ئۇچرىغان مىللەتنىڭ بارلىق قارشىلىق كۆرسىتىشىنىڭ ھەممىسى مىللەتلەر قوزغىلىڭىدۇر» دېدى.

كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى 1864 - يىلى پارتلىشى بىلەن، يۇقىرى فېئودال ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى زۇلمىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىلدى. شۇندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ خالىغانچە ئېكىسپلاتاتسىيە قىلىشىغا، مەلۇم مەزگىل، چەك قويۇلدى.

مەلۇمكى، ھەر خىل ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ. بۇ ئەسەرلەردىكى ئوبراز ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى ئەينى شارائىتتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ھايات كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئەكس ئېتىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆزئارا تەپرىقىچىلىككە، جاھىل دىنىي روھانى كۈچلەرنىڭ خۇراپاتلىق ھەرىكىتىگە، نادانلىق ۋە نادامەتكە، زۇلۇم ۋە زالالەتكە، ھەر خىل ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ مۇداخىلىسىگە، ئىناقسىزلىققا قارشى تۇرۇپ، بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىققا دالالەت قىلىدىغان، ئاسايىشلىق ۋە خاتىرجەملىكنى ئۈمىد قىلىدىغان، ئەركىنلىك ۋە ئازادلىقنى تەلەپ قىلىدىغان، زوراۋانلىقنى ... ئەيىبلىگەن.

شەن ئىدىيىۋى مەزمۇن بىلەن خاراكتېرلەنگەن نىزارى دەۋرى ئەدەبىياتى بۇ دەۋرگە كەلگەندە دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فېئوداللىزم ۋە جاھانگىرلىككە قارشى ئېلىپ بارغان قەھرىمانانە كۈرەشلىرىنى ۋە ئۆز ئىستىقبالىنى قايتىدىن ئويلىنىپ كۆرۈۋاتقان كەسكىن تەلىپىنى ئەكس ئەتتۇردى. مولla بىلال دەۋرى (1864 — 1912) ئەدەبىياتىنىڭ توپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، رېئال ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ تەلىپى ۋە دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋرگە قارىغاندا رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە يۈزلەندى. بۇ دەۋردە ئۇرۇش - قوزغىلاڭ تېمىسىنىڭ مۇستەقىل بىر تېما سۈپىتىدە ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات ساھەسىگە كىرىپ كېلىشى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى سۈ بۆلگۈچ ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. قەدىمى ئۇيغۇر داستانلىرى، ئېپوسلىرى ئاساسەن ئۇرۇش - جەڭلەرنى تېما قىلغان. «مەڭگۈ تاشلار ئەدەبىياتى» دا ھەم بۇ ئەنئەنە قىسمەن داۋاملاشتۇرۇلغان. لېكىن، كېيىنچە، سۆيگۈ - مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، ئادالەت، ئىلىم - مەرىپەت قاتارلىقلار ئىدىيىۋى مەزمۇن قىلىنغان ئەدەبىيات تەرەققىي قىلىپ، ئۇرۇش تېمىلىرى قوشۇمچە مەزمۇن بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇرۇش ئەھۋاللىرىنىڭ مۇستەقىل تېما سۈپىتىدە ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات ساھەسىگە كىرىپ كېلىشى ئۇنىڭ

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1980 - يىلى، ئۇيغۇرچە كونا يېزىق نەشرى، I - توم، II كىتاب، 855 - 856 - بەتلەر.

دۇنياۋى ئەدەبىيات سەۋىيىسى بىلەن بىردەكلىكىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن شەپە بېرەتتى. دۇنيا خەلقلىرى ئەدەبىياتىدا، ئىلگىرى، ئۇرۇش تېمىسىدىكى ئەسەرنىڭ تەسىرى چوڭقۇر، كىتابخانلىرى مول، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى يۇقىرى، ساقلىنىشچانلىقى ئۇزۇن بولغان. موللا بىلال دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۇرۇش — خەلق قوزغىلاڭلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە مۆتىۋەر ئورۇننى ئىگىلەيدىغان ئەدىب موللا شاكىر ئىبنى موللا تاھىر «زەپەر نامە» داستانىنى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىدىكى ۋەقەلەرنى ئاساس قىلىپ يازغان بولسا، خوتەنلىك شائىر ئاشۇراخۇن غېرىبى ياقۇپبەگنىڭ تۇڭگانلارغا قارىتا يۈرۈشلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان «ئەمىر ئەلى» داستانى، موللا بىلال نازىمى «غازات دەرمۈلك چىن» داستانىنى يازدى. بۇلاردا بىر توپ كوللېكتىپ كىشىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن بولسا، «نۇزۇگۇم» ناملىق داستاندا بىر ئەركسۆيەر ئۇيغۇر قىزىنىڭ شانلىق ئوبرازى يارىتىلدى، بۇنى موللا بىلال نازىمى يېزىپ چىققان. XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە بېغىشلانغان ئەسەرلەر قاتارىدا مۇھەممەد سادىق يەركەندىنىڭ «رىسالەئى مەكتۇپ» ناملىق ئەسىرىنى ئاتاش لازىم. مەزكۇر ئەسەر ئاساسەن شېئىرىي خەت - مۇراجىئەتلەردىن ئىبارەت بولۇپ، كۇچا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى راشىدىدىن خوجىغا قارىتىلغان. ئۆز ئەسىرىدە شائىر راشىدىدىننى ماختاپ، ئۇنىڭ خىسلەت - كارامەتلىرىنى مەدھىيىلەيدۇ. لېكىن ئاددىي قوزغىلاڭچىلارغا، كەمبەغەل خەلققە داستاندا يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلۈنمىگەن. شۇنىڭغا قارىماي، «رىسالەئى مەكتۇپ» ئەسىرى بەزى ۋەقەلەرنى، پاكىتلارنى ئېنىقلاشتا مەنبە بولۇشى مۇمكىن.

سېيىت مۇھەممەد قاشى 1882 - يىلى «شەرھى شىكەستە» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ، ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈش ئالدىدىكى بىر ۋەزىيەتنى تەسۋىرلەش بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈلپەتلەر، قىيىنچىلىقلارنى بايان قىلدى. شائىر مۇغەننىنىڭ 1877 - يىلى يازغان «زۇپەرنامە» داستانى خەلقنىڭ ھەققانىي قوزغىلاڭلىرىنى تەسۋىرلەش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

1864 - يىللاردىن كېيىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەزكىرىچىلىك داۋاملىق تەرەققىي قىلىش بىلەن بىرگە تەزكىرە رەسمىي تارىخچىلىققا راۋاجلىنىپ باردى. قەشقەرلىق تارىخچى موللا ھاجى «تەزكىرەتۇل بۇغراخان» نى ئۆزى يېزىپ چىققان بولسا، تارىخچى، ئالىم شەيخ ھەزرىتى بىلەن بىرلىكتە «جەڭنامە ھەزرىتى روسۇل ئەلەيھىسسالام» ناملىق چوڭ ھەجىمدىكى تارىخىي ئەسەرنى يازدى. خوتەنلىك تارىخچى مەھمۇد ئەلەم «خوتەن تەزكىرىسى» (1897 - يىل) نى، ھاجى يۈسۈپ (1836 — 1914) «جەمئىل تارىخ» (1907 - يىل) نى، موللا مۇھەممەد تۇختى ئىمام يەركەندى «تەزكىرەئى بەدۆلەت ئىسلامنامە» (1922 - يىل) نى، موللا مۇھەممەد كېرىم «بەدۆلەتنامە» (1915 - يىل) نى، شائىر ئارزۇ مۇھەممەد «ئىسلامنامە» نى، ئۆمىدى «جەڭنامە»

نى، مۇھەممەد ئەلەم «تارىخى كاشغەر» نى، قاسىم بەگ «غۇلجا ۋاقىئاتلىرى بايانى» نى، مۇھەممەد سادىق يەركەندى «غازات ئەل مۇسلىمىن» نى، مەھمۇد شەيخ غېرىبى «تارىخنامە يەئقۇبخان» نى، قۇربان سوپى سەفەر باي «تارىخى بەدۆلەت» نى يازدى.

ئاپپاق خوجىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تولۇقلاش مەقسىتىدە «سىيەرولمۇخلىسىن» دېگەن ئەسەر يېزىلغان. بۇنى شەمشىدىن ئىبنى ئابدۇللا يېگىنسارى 1863 - يىلى يېزىپ چىققان بولسا مولla ئەبت «ئارسلانخان تەزكىرىسى» نى يازدى. بۇ ئەسەردە قاراخانىلار ئەۋلادىدىن سېيىت ئارسلانخاننىڭ تۇغۇلۇپ تاكى ۋاپاتىغىچە بولغان ۋەقەلىكلەر مەسنەۋىي ئۇسلۇبىدا داستانلاشتۇرۇلغان. ئابدۇراخمان ھاجى «نەپھاتىل ئۇنىس» دېگەن ئەسىرىدە ئەدىب، ئالىم، ئاتاقلىق ئىشانلارنى تونۇشتۇرغان، بۇ كىتاب 1915 - يىلى پارس تىلى بىلەن تاشكەنتتە بېسىلدى. ئىبنى خۇاجە ياد بىننى مۇھەممەد دۆلەت «ئىشتىياقنامە» نى ئىشلەپ چىقتى. بۇ دەۋردىن سەل بۇرۇنراق يېزىلغان «زەپەرنامە شاھ باھادىرخان» دېگەن ئەسەرنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتمەي بولمايدۇ. بۇ ئەسەرنى يەركەن شائىرى موللا ئابدۇغاپپار 1853 - يىلى يازغان بولۇپ، مەزمۇنى: تۇرپان ۋاڭ ئەۋلادىدىن يەركەنگە ھۆكۈمدار بولغان شاھ باھادىرخاننىڭ نەسەبى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى 1847 — 1848 - يىللىرى ئاتۇش خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى ۋە بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشتىكى باھادىرخان ھەرىكىتى بايان قىلىنىدۇ. ئەسەر ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان، كىرىش سۆزىدىن تاشقىرى تۆت مەقسەت، بىر مۇقەددىمە، 15 داستان، بىر خاتىمىسى بار، شائىرنىڭ ئۇسلۇبىدا ئالاھىدە مۇستەقىللىق بار، ئەسەر تولۇق بولۇپ، 2376 مىسرا بېيىت بار. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

مۇھەممەد ئابدۇئەلى قەشقىرى «تەزكىرەئى مەۋلانە فاجىئە ئىمام زەينەل ئابدىن قاغىراقى» ناملىق تارىخى ئەسەرنى يازغان.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كېلىشى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە ئەھمىيەتلىك ھادىسىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇ «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» (1885 - يىل)، «دەربايات ئەسھابۇل كەھەب» (1898 - يىل) «تارىخى ئەمىنىيە» (1903 - يىل) قاتارلىقلارنى يېزىپ، قەلەم ئىقتىدارىنى زور دەرىجە پىششىقلاندىن كېيىن، 1908 - يىلى «تارىخى ھەمىدى» دېگەن يىرىك ئەسىرىنى تاماملاپ، ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق ئىلمىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. يەنە «تەزكىرەئى خوجا ئاپپاق» دېگەن ئەسەرنىمۇ يازدى.

بۇ دەۋردە موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتتى. ئۇ «غەزەلىيات» ناملىق يىرىك، لىرىك غەزەللەر توپلىمى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك غەزەلچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، بېيىتتى.

«چاڭمۇزا يۈسۈپخان» دېگەن ساتىرىك ئەسىرىدە ئالدامچى بىر سوپىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، خەلقنى بۇنداق كىشىلەردىن ھوشيار بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ «غازات دەر مۈلك چىن»، «نوزۇگۇم» قاتارلىق ئەسەرلىرى، تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلماقتا.

ئۇزۇن داۋاملىشىۋاتقان خاتىرجەمسىزلىك، كۆڭۈلسىزلىكلەر ئورگىنال شائىرلارنىڭ ئىجادىنى توختاتقان ئەمەس. بىر قىسىم ئەدىبلەر قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي قىياپەتلىرى بىلەن باغلاپ، يېڭى روھىي كارتىنىلارنى سىزدى. موللا ئەلى ئىمىن ئوغلى «دىۋان ئەلى»نى، خەستە «كۇللىياتى خەستە»نى، مەھمۇد قارى «دىۋان قارى»نى، موللا سەئىدۇللا شېئىرىي دىۋاننى يېزىپ چىقتى. شاھيارلىق خوجامىيار ئىبنى مۇھەممەد (غېرىبى) ھىجرىيە 1292 - يىلى «خاتىرەئى غېرىبى»نى ئىشلىگەن. شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ كىتاب تەرتىپسىز، تېمىسىز يېزىلغان شېئىر ۋە نەسرى خاتىرىلەردىن تەركىب تاپقان. XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياشىغان شائىرلارنىڭ ئىچىدە نىزامىددىن ئاخۇنۇمنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئالاھىدە ئورۇننى تۇتىدۇ. 1864 — 1867 - يىللاردىكى ئىلى قوزغىلىشىدىن كېيىن بىر تۈركۈم ئۇيغۇر مېھنەتكەشلىرى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران دائىرىلەرنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ئۆزىنى يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن روسىيەنىڭ يەتتە سۇ تەرەپلىرىگە كۆچكەن، شۇلارنىڭ ئىچىدە شائىر نىزامىددىن (1848 — 1902) بولۇپ، 1864 — 1867 - يىللاردىكى قوزغىلاڭغا پائال قاتناشقان نەسىرىددىننىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. نىزامىددىن بىلەن ئۇنىڭ ئاكىسى پەخرىددىن توغرىلىق بىلال نازىم «غازات دەر مۈلك چىن» داستانىدا «كامىل ئىدى ئىلىم ئارا» دەيدۇ.

نىزامىددىننىڭ ئىلىجىدىن كۆچۈپ كەتمەستىن بۇرۇنقى ئىجادىي پائالىيىتى توغرىلىق مەلۇمات يوق. پەقەت ئۇنىڭ XIX ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن تارتىپ، ئۇزۇن يىللار داۋامىدا مۇدەررىس بولغانلىقى، كۆپلىگەن ياشلارغا تەلىم - تەربىيە بەرگەنلىكى مەلۇم.

نىزامىددىن شەرق پوئېزىيىسىنى ياخشى بىلگەن. سوپىلار ئەدەبىياتىغا قىزىققان شائىردۇر. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىنى غەزەل، مۇرەببە، مۇخەممەس، مۇسەددەس شەكىللىرىدە يازغان. ئۇنىڭ لىرىكىسىدا مۇھەببەت ماۋزۇسىمۇ يېتەرلىك ئورۇنغا ئىگە. ئۇنىڭ ئىجادىدا شۇنداقلا پەندى - نەسىھەت، ھايات ۋە ماماتە مەسىلىلىرى ئۆز ئەكسىنى تاپقان. شائىرنىڭ خىلى شېئىرلىرى دىنىي ماۋزۇدا يېزىلغانلىقىنى تەكىتلەش كېرەك. ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئاخۇن بولغانلىقتىن نىزامىددىننىڭ بۇ دەۋردىكى ئىجادىدا سوپىلىق بىرىنچى ئورۇنغا چىقتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئىجادىغا ئەھمەد يەسەۋى، مەشرەپ، ھۇۋەيدا ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان.

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا نامەلۇم بىر ئۇيغۇر شائىرى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان بىر داستانىدا 1864 - يىلقى قوزغىلاڭ ھارپىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھايات ـ ماماتى، دەردى كۈلپەتلىرى بايان قىلىنىدۇ.

مەزكۇر ئەسەرنىڭ ھەجمى چوڭ ئەمەس. نامەلۇم ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە مىڭلىغان ئادەمنىڭ دەريانى توسۇش ئىشىغا ھەيدەلگەنلىكىنى، ئايلاپ ئىشلىگەن خەلقنىڭ تارتقان جاپاسىنى تەسۋىرلەپ زۇلۇم ۋە ئالۋاڭنىڭ دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. كېچە كۈندۈز ئۆستەڭدە ئىشلەپ، ئۆيگە كېلەلمەي يۈرگەن ئادەملەر ئۆز ئۆي-ئوقەتتىنى قىلالمىدى. مۇنداق ۋەزىيەتتە ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئورنىنى باستى. ئاپتور ئىشلەمچان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ جەسۇرانە ئەمگىكىنى ھۆرمەت بىلەن تەكىتلىدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشىنى مەدھىيىلىدى.

ئەنە شۇنداق مىسلىسىز سىتەم، ھېسابسىز كۆپ ئالۋاڭ، زورلۇق، ئادالەتسىزلىك ئەۋجىگە چىققاندا خەلق ئۇلارغا قارشى بىر چارە-تەدبىر تېپىشقا، ئۇلاردىن قۇتۇلۇشقا تىرىشتى. خەلق ئىلاجىسىز زۇلۇم ئوچىقىنى تاشلاپ بېشىنى بىر يانغا ئالدى. (لېكىن ئۇلار بەختلىك بىر يەرنى تېپىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى). داستاندا ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنى ئەزگەن زالىملارنىڭ نامى ئاتىلىدۇ. شى سەنمازا، مۇدالويى، ئودارىن، سەندالويى ۋە باشقا ئەمەلدارلار. ئاپتور زالىملارنىڭ باشچىسى سۈپىتىدە چاڭ جەنجۈڭنى قارىلايدۇ ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى تەرىقىسىدە گەۋدىلەندۈرىدۇ.

شائىر ئۆز داستانىدا يۇقىرى فېئودال ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلارنىڭ مۇستەبىت سىياسىتىنى، مىسلىسىز ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى پاش قىلىپ، خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى روشەن تەسۋىرلەيدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن مۇنداق ئەسەرلەر بىزگە مەلۇم. ھىجرىيە 1296 - يىلى (مىلادى 1878 - يىلى) موللا مۇھەممەد توختىنىياز ئىبنى موللا مۇھەممەد تۆمۈر تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن «داستان ھۆرلىقا»، 1873 - يىلى كۆچۈرۈلگەن «داستان مالىك ئەژدەر» (رەجەپ ھەرس شەھىرىنىڭ پادىشاھىسىنىڭ ئوغلى مالىك ئەژدەر توغرىسىدا قىسسە)؛ 1890 - يىلى كۆچۈرۈلگەن «قەسسە دەرنەئت سۇلتان ئارسلانخان» (سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى سېيىت ئارسلانخان ھەققىدە داستان)؛ 1893 - يىلى كۆچۈرۈلگەن «قىرىق تۇتى» (پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان نەخشەبىنىڭ 52 ھېكايىسى ۋە باشقا ئورگىنال 40 ھېكايىدىن ئىبارەت توپلام)، ئاقسۇلۇق مۇھەممەد ھەسەن ئەلەم تەرىپىدىن يېزىلىپ، 1893 - يىلى مىرزا ئابدۇقادىر ئاخۇن كۆچۈرگەن «ھاتەمنامە» (سېخىيلىقنىڭ سىمۋولى بولغان ھاتەم تاي ھەققىدە قىسسە) ۋە باشقىلار.

بۇ دەۋردە خەلق ئامىسىنىڭ رېئال كۈرەش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان جەڭگىۋار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى

مەزگىللىرىدە ياشىغان تۇرپان ۋادىسىدىكى پىچاننىڭ لۈكچۈن دېگەن يېرىدە ئۆتكەن خەلق لەتىپىچىسى موللا زەيدىن ئەينى چاغدىكى لۈكچۈن ۋاڭى بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنى لەتىپە ژانىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەدەبىياتنىڭ سىنىپىيلىكىنى تېخىمۇ روشەن تۈس ئالدۇردى.

شىنجاڭنىڭ يەرلىك فېئوداللىق ئىمتىيازىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان ياقۇپ بەگ بەدۆلەت (1838 — 1877) ھەققىدە خەلق ئارىسىدا قوشاقلار كەڭ تارقالغان. بۇ قوشاقلاردا فېئودال ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلارغا ئوخشاشلا ياقۇپ بەگمۇ قارىلانغان. ياقۇپ بەگ 1864 - يىلىدىن 1877 - يىلىغىچە، شىنجاڭدىكى خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ غالىبىيەت مېۋىسىگە ئىگە بولىۋېلىپ، «يەتتە شەھەر دۆلىتى» دېگەن ئاتالمىش يەرلىك فېئودال ئېكسپىلاتاتور خانلىقىنى قۇرغان، ئۇ بارلىق ئەكسىيەتچى فېئودال خانلىقلاردىن پەرقلەنمەيتتى. بۇ دەۋردە سادىر پالۋاننىڭ (1798 — 1881) جەڭگىۋار قوشاقلىرى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى دەردمەنلەرنىڭ يۈرەك قەلبىنى ئىزھار قىلدى. سادىر — ئىلى سەھرالىرىدىكى ئاددىي دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. ئۇ پەم - پاراسەتلىك، قەتئىي ئىرادىلىك ۋە باتۇر كىشى بولۇپ، مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى، بەخت - سائادەت ئۈچۈن بولغان كۈرەشنىڭ ئاۋانگارتى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئارىسىدىن چىققان، ئادالەتسىزلىككە، تەڭسىزلىك ۋە خورلۇققا قارشى كۆكرەك كەرگەن سان - ساناقسىز ئاددىي قەھرىمانلارنىڭ بىرى ئىدى. سادىر ئۆز قوشاقلىرى بىلەن خەلق پوئېزىيىسىنىڭ ئىدىيىۋى دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى. قەيسەرلىك خىسلەتلىرى بىلەن كۆپچىلىككە تونۇلغان سادىرنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ۋەقەلىرى پەقەت ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بولماي، بەلكى سادىرغا ئوخشاش يېزىلگەن جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ كۈرەش ھاياتى ۋە يولى ئىدى.

خەلق پوئېزىيىسىدىكى بەزى قوشاقلار خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ قۇدرەتلىك زەربىسى تۈپەيلىدىن چاك - چېكىدىن بوشىلۇپ، ھالى قالمىغان يۇقىرى فېئودال ئاقسۆڭەك دائىرىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيىتى 1877 - يىلى يېڭىۋاشتىن ئاساس تاپقاندىن كېيىن ئەمگەكچى خەلققە سالغان ئېغىر زۇلمىنى ئەكس ئەتتۈردى. بۇ جەھەتتىن «زۇڭتۇڭ قوشىقى» ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ قوشاقلار 1879 - يىلى قەشقەردە ئىجاد قىلىنىپ، ئۇلاردا جەبرى - جاپا ۋە دەھشەتلىك زۇلۇم ئىلكىگە چۈشكەن خەلقنىڭ قان يىغىسى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مەركىزىي مۇستەبىت ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ لەشكەرلىرى 1878 - يىلى قەشقەردە تۇرغاندىن كېيىن مىڭلىغان ئادەملەرنى رەھىمسىز جازالىدى. مال - مۈلكىنى بۇلىدى، ئاقسۆڭەكلەر 500 نەچچە چىرايلىق قىزنى بېيجىڭغا ئولجا سۈپىتىدە ھەيدىدى. مىڭلىغان ئەرلەرنى، ئايال - قىزلارنى ئەسكەرلەرگە بۆلۈپ بەردى. ئەنە شۇ يوسۇندا ئاتا - ئانىنى بالىدىن، پەرزەنت-

لىرىنى ئاتا - ئانىدىن ئاجرىتىپ، مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئۆي - تۇرمۇشىنى، ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. قوشاقتا يۇقىرى فېئودالارنىڭ مەنسەپدارى زۇڭتۇڭنىڭ زۇلۇمخۇمار ئەپتى - بەشىرىسى، قانخور جاللات قىياپىتى ئوچۇق گەۋدىلەنەن.

خەخلەردە ئېشەك قالماس،
بېغىدا خەشەك قالماس.
بۇ زۇڭتۇڭ تىرىك بولسا،
خەخلەردە تۆشەك قالماس.

× ×

بىرىنى ئالۇر جىڭلاپ،
قويلارنى ئالۇر ئىلغاپ.
ئاتلارنى ئالۇر خىللاپ،
قەشقەرلىق قالۇر يىغلاپ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۇشى ۋە بۇ يەرگە جايلىشىشى مۇشەققەتلىرىمۇ خەلق ئەدەبىياتىدا ئۆز ئەكسىنى تاپتى. 1882 — 1883 - يىللاردىن كېيىنكى قوشاقلاردا ئەسىرلەر بويى كىلىۋاتقان مول ھوسۇللۇق تېرىلغۇ يەرلىرى، ئۆي - جايلىرى، گۈزەل يايلاق ۋە باغلىرى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جايىنى تاشلاپ كېتىشنىڭ قانچىلىك مۇشكۈل ئىكەنلىكى بايانلىنىدۇ.

كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان، ئىلى خەلقىنىڭ «كۆچ - كۆچ» قوشاقلىرى زور تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە قەدىرلەنمەكتە. ئىلى ۋادىسىنى بېسىۋالغان (1871 - يىل) چارروسىيە جاھانگىرلىكى «ئىلى شەرتنامىسى» دىن كېيىن (1881 - يىلى تۈزۈلگەن) بۇ يەردىن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىش بىلەن بىرگە، 1881 - يىلدىن 1884 - يىلغىچە بولغان ئۈچ يىل ئىچىدە قورال كۈچىگە تايىنىپ ۋە تەھدىت سېلىپ، ئىلى رايونىدىن ئۇيغۇر قاتارلىق بىر تۈركۈم ھەرقايسى مىللەت كىشىلىرىنى (بىرقانچە ئون مىڭ) ئۆز يېرىگە ئېلىپ كەتكەن. «كۆچ - كۆچ قوشاقلىرى» ئەنە شۇ دەرد - ھىجرانلىق كۈنلەرنىڭ ئەلەملىك خاتىرىسى.

خوتەن خەلقىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى «ئابدۇراخمان خان خوجا» داستانىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ داستان كۈچلۈك غەزەپ - نەپرەت ھېسسىياتى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك.

1912 - يىلى قۇمۇلدا تۆمۈر خەلىپە باشچىلىق قىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى، ياڭ زېڭشىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىلدى. ئەمما ئۇنىڭغا مۇستەھكەم تەشكىللەنگەن بىر سىياسىي گۇرۇھ يېتەكچىلىك قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن

ئىنقىلاب مەغلۇپ بولدى. چۈنكى «ئۇ چاغدا جۇڭگو پرولېتارىياتى تېخى ئاڭلىق، مۇستەقىل سىنىپى كۈچ سۈپىتىدە سىياسىي سەھنىگە چىقمىغان ئىدى. ئىنقىلابقا تېخى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەگەشكۈچىسى سۈپىتىدە قاتناشقان ئىدى.»① تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولۇپ، تۆمۈر خەلپە ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، خەلق ئارىسىدا ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار تارىخى يادلىنىپ تۇرۇلدى، تۆمۈر خەلپىنىڭ قەھرىمانلىقى توغرىسىدا قوشاقلار تارقالدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئىجتىمائىي پاجىئە، دېھقانلار ھەرىكىتى ۋە ئۇلارنىڭ يېتەكچىلىرىنىڭ ئوبرازىنىڭ كىرىپ كېلىشى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىش بىلەن، ئۇنىڭ ئالدىغا زور ئىجتىمائىي ھادىسە ۋە مۇرەككەپ سىياسىي ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش زۆرۈرىيىتىنى قويدى. بۇ تەلەپ ۋە زۆرۈرىيەت تەبىئىي ھالدا قوشاق ۋە داستان قاتارلىق خەلق ئىچىدە بىر قەدەر ئومۇملاشقان ژانىرلارنىڭ رېئالىزملىق مېتود سۈپىتىدە بارلىققا كېلىشى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي شەكلى، مىللىي ژانىرى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگىمۇ زور تۈرتكە بولدى. نەتىجىدە قوشاقچىلىق ۋە داستانچىلىق رومانتىك ۋەقەلەر، ئەنئەنىۋى سۇژېتلار تېمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ رېئال ۋەقەلەر زېمىنىدا خېلى زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى.

XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەن دەۋر بولدى. بۇ دەۋردە ئەدەبىيات ئىدىيە جەھەتتىن كۈچەيدى. ماھارەت جەھەتتىن يۈكسەلدى، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن بېيىدى، ئەدەبىيات خەلق ھاياتىنى، كۈرىشىنى كەڭ رەۋىشتە ئەكس ئەتتۈردى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى — موللا بىلال دەۋرى ئەدەبىياتى (بۇ ئادەتتە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ) تارىخىنىڭ تەرەققىياتى بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ ئەينى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ۋە ھاياتنىڭ تۈپ نېگىزىنى ئىنقىلابىي رېئالىزملىق ۋە تەنقىدىي رېئالىزملىق ئۇسۇل بىلەن بىر قەدەر چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق سۈرەتلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات يەنە كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساسقا، جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولغانلىقى بىلەن ئالدىنقى باسقۇچلاردىكى ھەرقانداق دەۋر ئەدەبىياتىدىن پەرقلەندى. ئۇ ئاۋامنىڭ ئارىسىدا كۈرەش ئەمەلىيىتى جەريانىدا بارلىققا كېلىپ، مېھنەتكەشلەرنى تەربىيىلەيدىغان ئۈنۈملۈك قورالغا ئايلاندى. بۇ مەزگىلدە ئەدەبىياتنىڭ تېخى ئومۇملاشمىغان باسقۇچى بولغاچقا، ئەدەبىيات بىلەن خەلقنى بىر يار، بىر چوڭ پاسىل ئايرىپ تۇراتتى. لېكىن، جانلىق ئاۋام لەھجىلىرى بىلەن يېزىلىپ، قۇرۇلمىسى خېلىلا ئىخچام بولغان خەلق قوشاقلىرى ۋە داستانلاردا بولسا ئازاب چەككەن پېقىرلەرنىڭ دەرد - قايغۇسى، ئاھۇ - زارى، قەلب - ئىزھارى، قەي-

① ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى، 2 - توم، 624 - بەت.

سىرانە تىركەشلىرى، شىجائىتى ۋە كېلەچەككە بولغان ئۈمىد - غايىلىرى دەۋر روھى بىلەن قويۇق جىپسىلاشتۇرۇلۇپ، سۈرەتلەنگەن. ئەدەبىيات ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەدەبىياتىغا ئايلىنالىغان، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىلىق ۋە شائىرلىق ماھىيىتى ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن.

ئەگەر، موللا بىلال دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئەدەبىياتى دەپ ئاتىساق، بۇ ئەدەبىيات، XX ئەسىردىن باشلانغان ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ ھارپىسى، شۇنداقلا مەنىۋى ئاساسى بولغان ئىدى.

## §2 . موللا بىلال دەۋرى ئەدەبىياتىدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى

### 1 - ئاشۇراخۇن غېرىبى

ئاشۇراخۇن غېرىبى XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خوتەندە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن بىرى. شائىر «ئەمىر ئېلى» ناملىق داستاننى يېزىپ چىققان. ئەسەردە يەرلىك فېئودال مۇستەبىت ھۆكۈمران ياقۇپبەگنىڭ 1870 - يىلى «يەتتە شەھەر» لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ئۈرۈمچىدىكى تۇڭگانلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان بىھۇدە ئۇرۇشلىرى تەسۋىرلەنگەن.

شائىر ئۆز ئەسىرىدە 1864 — 1867 - يىللاردا كۆتۈرۈلگەن خەلقنىڭ ئادالەتلىك، ھۆرلۈك ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلىرى ھارپىسىدىكى خەلق تۇرمۇشىنى ئېنىق ۋە قېنىق بوياقلار بىلەن تەسۋىرلەيدۇ.

ئاشۇراخۇن غېرىبى خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ سەۋەبىنى مىللىي ئېزىلىشنىڭ، ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ كۈچلىنىشىدە، ئالۋاڭ - سېلىقنىڭ ئېغىرلىشىشىدا، دەپ توغرا چۈشەندى. شۇڭا ئەدىب كەمبەغەللەرنىڭ تۇرمۇشىنى كەڭ مىقياسىدا كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، بەزى قىستۇرۇلغان مىسرالار بىلەن ئىشەنچلىك تەسۋىرلىگەن.

ئاشۇراخۇن غېرىبىمۇ باشقا ئىلغار شائىرلارغا ئوخشاش ئەل - يۇرتىنىڭ بەختىيار جەمئىيەتكە ئۇلىنىشىنى خالىغان شائىر سۈپىتىدە بۇ مەقسەتكە خىيانەت قىلغانلارنى قارىلىدى. ئۇنىڭ ساتقۇنلارغا قارىتا يازغان مىسرالىرى ئافورىزمىغا ئايلانغان.

قارا يۈكنى ھەرقانچە يۇيغان بىلەن،
ئاقارغايمۇ سۇ ئىچرە تۇرغان بىلەن.

ئاشۇراخۇن غېرىبىنىڭ بۇ شېئىرىي ئەسەرلىرى XIX ئەسىر ۋەقەلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئەھمىيىتى بار.

## 2 - مۇللا شاكىر ۋە «زەپەرنامە»

مۇللا شاكىر (1805 — 1870) ياكى مۇللا شاكىر ئىبنى مۇللا تاھىر ئاقسۇ ئايكۆلنىڭ بازىرى ئەتراپىدا تۇغۇلغان.

ئۆز خەلقىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى بىلىپ ئېڭىۋاتقان، ئۇيغۇر تىلى - ئەدەبىياتىدىن، پارس ۋە ئەرەب تىل - ئەدەبىياتىدىن ئوبدان خەۋىرى بار مۇللا شاكىر كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غالىبىيەت مېۋىلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان «زەپەرنامە» (غالىبىيەت قىسسىسى)نى 61 يېشىدا تاماملىغان. 40 يىل سۆز ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغان شائىر 4380 مىسرانى ئۆز ئىچىگە ئالغان يىرىك داستانىنى بەش ئاي ئىچىدە تاماملايدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ پارس تىلى ئىقتىدارىغا تايىنىپ، ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي قارا كۇچلەرنىڭ زىتىغا تېگىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئەسىرىنى دەسلەپ پارسچە يازغان. بۇنىڭغا ئۈچ يىل مېھنەت سىڭدۈرگەنلىكى مەلۇم، 1866 - يىلىغا كەلگەندە ئۇچتۇرپاندا ئۇيغۇرچە قايتا ئىشلەپ چىققان، ھازىر ھەر ئىككى خىل تىلدىكى نۇسخىسى بار.

مۇللا شاكىرنىڭ داستانىدا كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ ھەققانىي كەڭ مەنزىرىسى نامايان قىلىنغان. شۇنى تەكىتلەش مۇھىمكى، بۇ ئەسەردە خەلق ئاممىسىنى زور ئىجتىھات بىلەن تەسۋىرلەشكە ئىنتىلىدۇ. ئۇ، شىددەتلىك جەڭلەر ئېپىزوتىنى تەسۋىرلىگەندە خوجىلارنىڭ قەھرىمانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش مەيدانلىرىدىكى ھەرىكەتلىرىنى كۆرسەتمىدى. خوجىلار كۆپىنچە دۇئا قىلىپ، چەتتە تۇردى. ئەسەردە تەسۋىرلەنگىنىدەك ھەرقانداق جەڭگە دېھقانلار، خەلق ئاممىسى قاتناشتى. شۇنداق بولسىمۇ، شائىر بەزى ۋاقىتلاردا خوجىلارنىڭ نامىنى مەدھىيىلەپ قويىدى، ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى توغرىدىن - توغرا ئېچىپ تاشلىمىدى. ئۇ داستانىدىكى لىرىكىلىق چېكىنىشلەردە قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى — خوجىلارغا مەسلىھەت بېرىپ، ئۇلارنى ئادىل ھاكىم بولۇشقا چاقىرىشقا ئۇرۇنىدۇ.

داستاندىكى سەلبىي ئوبرازلار توغرىلىق سۆز بولغاندا، دەسلەپ، ئاقسۇ ئامبىلىنىڭ قىياپىتى ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئامبالنىڭ ئوبرازى خەلق ئەركىنلىكىنى، ئازادلىقىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى دەپسەندە قىلىدىغان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارنىڭ ئوبرازىدۇر.

شائىر ئامبالنى ھەر خىل مۇھىتتا، يەنى ئۇ، قوزغىلاڭچىلارنى قارشى ئېلىشقا قانداق تەييارلانغانلىقىنى، ئاقسۇ خەلقىنى قانداق ئەزگەنلىكىنى كۆرسەتتى. شۇنداقلا ئۇنىڭ پارىخورلۇقى، مەنسەپنى ئاقچا بىلەن سېتىۋالغانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر داستاندا ئۆز ئەكسىنى تاپقان.

«زەپەرنامە» دە سايىد بەگنىڭ ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەنگەن ئوب-

رازلارنىڭ بىرىدۇر. سايىدنىڭ ئوبرازى يۇقىرى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئوبرازىغا ئۇلىشىپ كېلىدۇ. ئۇمۇ ئامبالغا ئوخشاش ئېكسپىلاتاتۇر بولۇپ، مەركىزى فېئودال هۆكۈمرانلار تەرىپىدىن قويۇلغان هاكىمبەگدۇر. لېكىن، ئۇ، خەلقنى قۇللۇقتا ساقلاشتا، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتا يۇقىرى ئىستىبداتلارغا ياردەم بېرىدىغان مەهەللىۋى فېئودالنىڭ تىپىك ئوبرازى.

سايىد بەگ فېئودال ئەزگۈچى هۆكۈمرانلارغا جان-دىلى بىلەن خىزمەت قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىنى دەرهال ئورۇنلايدىغان، ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى ساتقان خائىنىنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

«زەپەرنامە» داستانىنىڭ دىققەتكە سازاۋەر ئوبرازلىرىدىن بىرى قوزىباينىڭ ئوبرازىدۇر. ئومۇمەن شائىر بۇ قىياپەت ئارقىلىق فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئېكسپىلاتاتۇر سىنىپ ۋەكىللىرىنىڭ بۇزۇلۇشىنى كۆرسەتكەن، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن هەرقانداق ئىشتىن قايتمايدىغان بۇ شەخس هەققىدە «قوزى ئەردى سايىد هېكىمگە ئىناغ» دەپ تەكىتلەيدۇ.

قوزغىلاڭلارغا قارشى كۆرەشتە قوزىباي پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن سايىد بەگكە ياردەم قىلدى. ئۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى، قورال جابدۇقى ۋە كەيپىياتى توغرىلىق مەلۇماتلارنى سايىد بەگكە ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن سايىد بەگنىڭ قوزغىلاڭچىلار ئۈستىدىن غالىپ چىقىشىغا ياردەم قىلدى.

«زەپەرنامە» داستانىدىكى سەلبىي قەهرىمانلار ئامبال، سايىد بەگلەر تارىخى شەخس بولسا، قوزىباي شائىرنىڭ ياراتقان بەدىئىي ئوبرازىدۇر. بۇ ئوبراز ئامبال، سايىد بەگلەرنىڭ ئوبرازلىرىنى تولۇقلىغان.

داستاندا خەلق كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە راشىددىن خوجا تەسۋىرلىنىپ، ئۇ «بۇرهانىددىن غازى خوجام پادىشاه»، «پادىشاهىم» دەپ ئۇلۇغلانغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ خەلققە قىلغان بىرەر ياخشىلىقى داستاننىڭ هېچبىر يېرىدە كونكرېت كۆرسىتىلمەيدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق بولۇشى راشىددىننىڭ ياقۇپبەگكە نىسبەتەن دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدە تۇرغانلىقىنى هېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمەن راشىددىن دەۋرىدە هېچقانداق تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەش بولمىغانلىقىنى نەزەرگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن، راشىددىن خوجا ئۆز هاكىمىيىتىنى مۇستەهكەملەش ئۈچۈن خەلققە ۋاقىتىنچە ئەركىنلىك بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىدارە ئىشلىرى ئىلگىرىكىدەك فېئوداللار ۋە روهانىلار قولىدا ساقلىنىپ قالدى. يەرلىك فېئوداللارنىڭ قارشى چىقىشىدىن قورققان راشىددىن ئۇلارغا چەكسىز هوقۇق بەردى. نەتىجىدە خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى يەنىلا ئېغىرلاشتى. خەلق ئىچىدە راشىددىنغا نىسبەتەن نارازىلىق كەيپىياتى كۈچەيدى. شۇنداق بولغاچقا، راشىددىن ئۆز هاكىمىيىتىنى پەقەت بىر يېرىم يىل ساقلاپ قالالىدى. 1865 - يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە ياقۇپبەگ يەتتە شەهەر هاكىمىيىتىنى تىكلەش قارا

نىيىتى بىلەن قەشقەر تەرەپتىن قانلىق ئۇرۇش باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن راشىددىن ھاكىمىيىتى ئوڭايلا ھالاك بولدى.

شائىر موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە»دە سەلبىي پېرسوناژنى باش قەھرىمان قىلىپ ئېلىشى، ئىجابىي قەھرىمانىنى بەك گەۋدىلەندۈرمەسلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

شائىر ئەمگەكچى خەلققە مۇۋاپىق باھا بېرىدۇ. بۇ ھەقتىكى مەيدانى روشەن ۋە ئېنىق. ئۇ ئۆز داستانىدا باشتىن - ئاخىر ئەمگەكچى خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، خەلق كۈچلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەندىن باشقا، دۈشمەن كۈچلىرى ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان خەلق ئاممىسى بىلەن ھاكىمىيەت بېشىدىكى بىر ئوچۇم ھۆكۈمرانلارنى ئايرىپ قارايدۇ. شۇڭا ئەدىب ئۆز ئەسىرىدە ئامبال ۋە سايىد ھېكىم بەگ باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمرانلارنى سۆكۈپ، ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى راسا پاش قىلغاندىن باشقا، ئاساسىي قوشۇن ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان لەشكەرلەرنىڭ زۇلۇم، ئادالەتسىزلىككە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەش، خەلق قوزغىلىڭىغا بولغان ھېسداشلىقىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن باقى شاكىيودىن ئىبارەت بىر گۇندىپاينىڭ ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان 20 نەپەر خەلق قوزغىلاڭچىسىنى يوشۇرۇن قاچۇرۇۋەتكەنلىك ۋەقەسىنى قىستۇرۇپ بايان قىلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە شائىرنىڭ تەرەققىپەرۋەر روھ بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

## 3 - موللا بىلال نازىمى

### 1 . موللا بىلالنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ (1824 — 1899) ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى ماكانلىرىدىن بىرى غۇلجا دىيارىدا تۇغۇلۇپ، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى شۇ يەردە تىرىكچىلىك، ئىجادىي پائالىيەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى، ئەسلىدە ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ماكانى بولغان، كېيىن چاروسىيە تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن بۆلۈپ ئېلىنغان ياركەنت شەھىرىدە نامراتلىق ھەم ۋەيرانچىلىقتا ئۆتكۈزگەن، 70 يېشىدا ئەما بولۇپ، 1899 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

نامرات موزدۇز ئائىلىسىدە تۇغۇلغان «نازىمى» تەخەللۇسلۇق بولغۇسى شائىر موللا بىلال ئائىلە تەربىيىسىدىكى ۋاقتىدىلا ساۋادىنى چىقىرىپ، خېلى يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولدى. كېيىن غۇلجا شەھىرىدىكى «بەيتۇللا» مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە شۇ يەردە ئىجادىيەتكە ئىنتىلگەن. ياش شائىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرى ھەم شەرق ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى

بىلەن يېقىندىن تونۇشقان. شائىرنىڭ پۈتۈن ھاياتى نامراتلىقتا ئۆتكەن. ئۆزىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى يازغان ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ. شائىرنىڭ شۇنداق ئىجتىمائىي ئورنى ئۇنىڭ خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇشقا، خەلقنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئاساس ۋە تۈرتكە بولغان. شۇڭا موللا بىلال مەدرىستە ئوقۇۋاتقان ۋە ئۇنى پۈتتۈرۈپ مەلۇم مەسچىتتە مۇلازىمەت قىلىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا بولسۇن، ياكى 1867 - يىلىدىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان مەزگىلىدە بولسۇن، ھامان خەلق بىلەن دىلكەش بولغان، ئېزىلگەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئارزۇلىرى، ئىنقىلابىي پائالىيىتىدىن ئۆز ئەسەرلىرى ئۈچۈن تېما ۋە ماتېرىيال ئىزدىگەن. ئۆزى بىلەن زاماندش خەلق قوشاقچىلىرى بىلەن دوست بولۇپ، خەلق ئەدەبىياتىنى توپلىغان ھەمدە ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ بەدىئىي كامالىتى ئۈچۈن بەھىر ئالغان. موللا بىلال لىرىكىلىرىنىڭ ئەينى چاغلاردىلا خەلق ئارىسىغا تارقاپ، خەلق قوشاقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ تۈپ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە.

شائىرنىڭ پۈتۈن ئىجادىيەت جەريانى بىزگە ئۇنىڭ مەركىزىي فېئودال ئاقسۆڭەك ھۆكۈمران دائىرىلىرىنىڭ ئىلى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقنى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى ھېسسىياتتا بولغانلىقىنى، ئېزىلىشكە قارشى كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى تەرىپىدە تۇرغانلىقىنى، چارروسىيىنىڭ زېمىنىمىزغا تاجاۋۇز قىلىپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىنى دەھشەتلىك باستۇرغانلىقىغا ئىنتايىن نارازى كەيپىياتتا بولۇپ، قارشى تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

موللا بىلال ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مول نەتىجە ياراتقان شائىر، ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ ئۈلۈش قوشقان. ئۆز ۋاقتىدىلا ئىلى ۋادىلىرى ۋە روسىيىدىكى شەرقشۇناس كىشىلەر ئارىسىدا تونۇلۇشقا باشلىغان.

## 2 . موللا بىلال نازىمىنىڭ «غەزەلىيات» ناملىق شېئىرلار توپلىمى

شائىر مەدرىستە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا خېلى كۆپ غەزەللەرنى يازدى ۋە بۇ غەزەللەرنى «غەزەلىيات» («غەزەللەر») دېگەن نام بىلەن بىر دىۋانغا توپلىدى. مەزكۇر دىۋاندىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شائىر ئۇنى 1852 - يىلىرى يېزىپ چىققان. بۇ شائىرنىڭ 27 ياشلار ئەتراپىدىكى چاغلىرى ئىدى. «غەزەلىيات» قا 2016 مىسرادىن تەركىب تاپقان لىرىك شېئىرلار جەملەنگەن.

نازىمى «غەزەلىيات» دىۋانى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خېلىلا قابىلىيەتلىك ۋە زامانداشلىرى ئارىسىدا ئىستېداتلىق شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. بۇ دىۋاننى تۈزۈپ چىقىش ئالدىدا يېزىلغان ۋە دىۋانغا كىرگەن بەزى شېئىرلاردا ۋە دىۋانغا كىرمەي قالغان، يەنى كېيىنرەك يېزىلغان شېئىرلاردا خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئۇسلۇبى ئېنىق سېزىلىپ تۇ-

رىدۇ. شائىرنىڭ بۇ شېئىرلىرى كىلاسسىك شەكىلدە ۋە خەلق قوشاقلىرى مەزمۇنىدا بولۇپ، فولكلور ۋە كىلاسسىك پوئېزىيە ئەنئەنىسىنىڭ سىنتېزىدىن ئىبارەتتۇر.

نازىمى لىرىكىسىدا سۇژېتسىز پارچىلارمۇ، مەلۇم ۋەقەلەرنى ئىپادە قىلىدىغان سيۇژېتلىق شېئىرلارمۇ ئۇچرايدۇ. سيۇژېتسىز ئىشقى پارچىلىرىدىمۇ، باشقا مەزمۇندىكى شېئىرلاردىمۇ ئۆزىگە خاس ئورگىنال ئۇسلۇبى سېزىلىپ تۇرىدۇ. شائىر غەزەلنىڭ تار رامكىسىدىن چىقمىشقا، ئۇنىڭغا يېڭى شەكىل بېرىشكە، يېڭى، كەڭ مەزمۇن بىلەن بېيىتىشقا ئىنتىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىجادىي دىققەتكە مۇناسىپ.

بىلال نازىم غەزەللىرىدە لىرىك قەھرىمان سۈپىتىدە شائىرنىڭ ئۆزى، سۆيۈملۈك يار — مەھبۇبى بولۇپ، ئىشقى مەسىلە تۇرمۇشنىڭ ئىجتىمائىي تەرەپلىرى بىلەن باغلىنىپ كېتىدۇ. شائىرنىڭ بەزى غەزەللىرى دىداكتىكىلىق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، شائىر ئۆزى ياشىغان شارائىتتا تۇتقان مەۋقەسى، ئىلىملىك كىشىلەر بىلەن نادانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئېچىپ بېرىدۇ. شۇڭا شائىرنىڭ دىداكتىكىلىق خاراكتېرىدىكى غەزەللىرىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ قالىدۇ. دېمەك، بىلال نازىمنىڭ ئىشقى غەزەللىرىدىمۇ مەلۇم دەرىجىدە غايە ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. شۇ سەۋەپلىك شىنجاڭدا XIX ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدا ئىلغار پىكىرلەر راۋاجلىنىشىدا ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئورنىنى بەلگىلەشتە بىلال نازىمى لىرىكىسى غايىۋى جەھەتتىن ئۆگىنىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىلال نازىمى لىرىكىسىدا يار ۋە مۇھەببەت چۈشەنچىسى ئىجابىي مەناغا ئىگە. ئاشىقلار تىلىدىن سۆزلىگۈچى شائىر مەشۇقىنى ئەقىللىق، گۈزەل ۋە مېھرىبان قىز ئوبرازىدا تەسۋىر قىلىدۇ. ئاشىقنىڭ قىزغا بولغان مۇھەببىتى ساپ، چىن مۇھەببەت بولۇپ، سۆيگۈچىنىڭ قەلبىدە ئۆمۈرۋايەت ئورۇن ئالغان.

بىلال نازىم شېئىرلىرىدىكى ئىشقى خاھىشلار زامانىنىڭ ئىجتىمائىي ئېقىمى بىلەن چىڭ باغلانغان ھالدا ھاياتتىكى رېئال ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىدىكى ئېلېمېنتلارنى ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئۆزىدە تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ شېئىرلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى شۇ دەۋردىكى غەمكىن ۋە ئېغىر ھاياتى، كەمبەغەل ئۇيغۇر يىگىتىنىڭ بەختسىز مۇھەببىتى، ئۇنىڭ ئارزۇلىرى، ئۈمىدلىرى، يىراقتىكى يارىنى سېغىنىش، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىش، ئىشتىياقىدا ئېيتقان قوشاقلىرى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا ھەقىقىي ھايات مەنزىرىسىنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ. شائىر ئەنە شۇ ئاشىق يىگىت بىلەن بىللە ھىجران ئازابىدا كۆيگەندەك، ئۇنىڭغا ئاھاڭداش بولۇپ قوشاق ئېيتىدۇ.. قىسقىسى، شائىر ئىشق مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ كىشىلەرنىڭ بېشىغا كەلتۈرگەن بالايى - ئاپەتلىرى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى خۇراپات - ئاسارىتى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. شائىر غەزەللىرىدە يارنى ئۇلۇغلاش، يەنى فېئودال كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى ئىنسانىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغان ئايال-

لارنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئۇلارغا ئوقۇلغان مەدھىيىلەر تىمىسالىدا كىشىلىك ئەركىنلىكى، تەڭلىكى، ساداقەت ۋە ۋاپادارلىقىنى ئۇلۇغلايدۇ. شائىر نەزەرىدە ئاياللارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش ئەينى ۋاقىتتا ئىنسانىي ئەركىنلىك، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىككە قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشتىن ئىبارەت ئۆتكۈر ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلانغانىدى.

بىلال نازىمى ئىجادىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ياراتقان «غەزەلىيات» دىۋانىغا كىرگەن غەزەللەرنىڭ كۆپچىلىكىدە شەرق كلاسسىك پوئېزىيىسىدىكى ئەنئەنىۋى ۋاستىلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش بىلەن بىللە، ئىجادىيىتىنىڭ پەيدىن - پەي راۋاجى جەريانىدا ئۆزىگە خاس پوئېتىكىلىق ئىجاد يولىنى ئىزلىدى. ئەلىشىر ناۋائىيغا ئوخشاش، ئۆز ئىجادىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى پوئېتىكىلىق ئۇسلۇبلارنى كەڭ پايدىلانىدى ۋە كلاسسىك پوئېزىيىنىڭ غەزەل ژانىرىنى يېڭى پوئېتىكىلىق ئېلېمېنتلار بىلەن بېيىتتى. بۇ پوئېتىكىلىق ئېلېمېنتلار شېئىرىنى شەكلەن ساددىلاشتۇرسىمۇ، مەزمۇنەن چوڭقۇرلاشتۇردى. شائىرنىڭ تەپەككۇرىنى روشەن ئىپادە ئېتىش ئۈچۈن ئاسانلىق تۇغدۇردى. ئەلىشىر ناۋائىي ئېيتقانىدەك، شائىرنىڭ ئىشقى پەيزى ئۈچۈن ۋەزىن سىلكىگە نەزم بەرمەك كېرەك («مەھبۇبۇلقۇلۇپ») بولغانلىقى سەۋەبلىك، بىلال نازىم ئەنە شۇ بەدىئىي ۋاستىلار ياردىمىدە شېئىرىدىكى مەنا كۈچىنى ئاشۇرۇشنى بۇ مەنانى مۇنتىزىم بەدىئىي فورمىدا بېرىشنى ۋە ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭدىن خەلقنىڭ مەنىۋى ئوزۇق ئېلىشىنى كۆرسەتتى.

بىلال نازىمنىڭ شېئىرلىرى سۆيگۈ - مۇھەببەت تېمىسى بىلەنلا چەكلەنگەن، دېيىلسە، تەنتەكلىك ئالامەتلىرى كۆز ئاچقان بولۇپ قالىدۇ. شائىر تۇرمۇشتىكى قارىمۇ قارشىلىقلار — بايلىق ۋە كەمبەغەللىك، دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك، ئىنساپ ۋە ئاچكۆزلۈك، ياخشى نىيەت ۋە ھەسەت — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى كۆردى. شۇڭا شائىر تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرىنى يوقىتىش، ئادەملەرنىڭ ئىنساپلىق ۋە پاك ۋىجدانلىق بولۇشى، بايلىقلارنىڭ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا تەڭ تەقسىملىنىشى، پادىشاھلارنىڭ ئادالەتلىك بولۇشىغا باغلىق، دەپ ئويلىدى. ھەتتا بىر - بىرىنى ياخشى كۆرگەن ئىككى كىشىنىڭ يەنى يىگىت ۋە قىزنىڭ بىر - بىرىگە يېتىشەلىشى ئۈچۈنمۇ ئادالەتلىك تۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى شائىر «ئادىل پادىشاھ بولسا، ھەركىم سۆيگىنىنى ئالسا» دېگەن قۇرلاردا ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.

شائىر ئادالەتلىك پادىشاھنى ماختاش بىلەن زالىم ھۆكۈمرانغا شۇنچە لەنەت ياغدۇرۇپ، ئۇلار تىرىكلىكىدىمۇ، ئۆلگىنىدىمۇ خەلقنىڭ يادىدىن يىراق تۇرىدۇ، ئۇلار يەر بىلەن يەكسەن بولىدۇ، دېگەن يەكۈننى چىقىرىدۇ.

شائىر، خەلقپەرۋەر ئىنسان سۈپىتىدە ئىجتىمائىي خاھىشتىكى شېئىرلىرىدا يەرلىك روھانىي، فېئودال قارا كۈچلەرنى — ھۆكۈمران گۇرۇھلارنى ئادالەت، ئىنساپقا چاقىردى، ئۇلارغا ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى ئەسلەتمەكچى بولدى. بىراق ئەينى چاغدا،

شىنجاڭدىكى سىياسىي ۋە دىنىي دائىرىلەر ئەمگەكچى خەلقنى ئۆزلىرى بىلگەنلىكلىرىچە، قوللىرىدا بار ئىمكانىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ، تالىدى ۋە خەلققە رەھىم قىلماي زۇلۇم يەتكۈزدى. دېمەك، شائىر ئەندى، بىر قىسىم غەزەللىرىدە ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە پارىخور ئەمەلدارلارنى، ھارامخور قازىلارنى ئايىماستىن پاش قىلدى.

يۇقىرىقى بىر قاتار مەسىلىلەر، موللا بىلال نازىمى ئىجادىنى قېتىرقىنىپ تەكشۈرگەندە نەزەرگە ئېلىنىدىغان ئاكتۇئال تېمىلاردۇر.

موللا بىلال لىرىكىلىرى ھەقىقەتەن شەكىل ۋە بەدىئىيلىك يېقىندىن ئۆگىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

شەرق ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئېستېتىك پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلغان، خەلق ئىجادىنىڭ ئەنئەنىلىرىدىن ئىجادىي پايدىلانغان بىلال نازىمى ئۆز ئىجادىي پائالىيىتىدە قىسقا شېئىرلاردا كەڭ مەزمۇننى ئىپادە قىلىشقا ئىنتىلدى. ئاتاقلىق رۇس تەنقىدچىسى بېلىنسكى ئېيتقاندەك: «لىرىكىلىق ئەسەرلەر غايەۋى مەزمۇنى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ھېچقاچان ئۇزۇن بولۇشى كېرەك ئەمەس ۋە كۆپىنچە ناھايىتى قىسقا بولىدۇ». ئەكس ھالدا لىرىكىلىق ئەسەردە ئىپادە قىلىنماقچى بولغان پىكىر سۇيۇقلىشىدۇ، شېئىرنىڭ شىرنىسى يوقىلىدۇ. كىشىنىڭ لىرىك ھېسسىياتى جەزبىدار قىياپەتتە ئۇزۇنغا داۋاملىشالمايدۇ. ھەرقانداق لىرىكىلىك پىكىرنى كىچىك ياكى چوڭ ھەجىمدىكى شېئىرىي ئەسەرگە جايلاشتۇرۇش شائىرنىڭ سەنئىتىگە باغلىق. ئەدىب بىلال نازىمى ئۆز دەۋرىنىڭ پېشقەدەم سەنئەتكارى سۈپىتىدە كىچىك ھەجىمدىكى لىرىكىلىق پارچىلاردا ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ۋە مەزمۇنلۇق پوئېتىكىلىق تەپەككۇرىنى ئىپادە قىلىشقا ئىنتىلىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، ئەگەر شائىرنىڭ دىنىي شېئىرلىرىنى نەزەرگە ئالمىغاندا، ئۇنىڭ لىرىكىلىق شېئىرلىرى 8 - 18 مىسرادىن ئاشمايدۇ. دىنىي شېئىرلىرى بولسا، مەزمۇنەن خۇدا، پەيغەمبەرلەر، ھەر خىل ئەۋلىيالارغا مۇراجىئەت، ئۇلارنىڭ شەنىگە ئوقۇلغان نەئىت ھەمدۇسانالاردىن ئىبارەت بولۇپ، ھەجىم جەھەتتىن 30 — 40 مىسرانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دىنىي مەزمۇندىكى شېئىرلار شەرقتە كەڭ تارقالغان، دىنىي مىستىك ئەدەبىياتتا چاپىنالغان، كۆپ قېتىم تەكرارلانغان پىكىرلەر ۋە بەدىئىي ۋاسىتىلار يىغىندىسىدۇر. دىنىي مىستىك ئەدەبىياتنىڭ دوگماتىك پىكىرلەر ھەرخىل شەكىلدە، لېكىن بىر خىل مەزمۇندا تەكرارلانغان بۇ دىنىي سەپسەتىلەرگە شائىر ھېچقانداق يېڭى مۇندەرىجە كىرگۈزمىگەن. ۋە دىنىي بولمىغان شېئىرلاردىن سەۋىيە جەھەتتىن خېلىلا سۇس چىققان. دىنىي مەزمۇندىكى شېئىرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «غەزەلىيات» دىۋانىدا ئۇچرايدۇ. لېكىن، بۇلار، بىلال نازىمى شېئىرلىرىنىڭ ئومۇمىي ئىدىيىۋى خاھىشىدىكى ئىلغار ئامىللارغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

## 3. موللا بىلال نازىمنىڭ «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانى

«غازات دەرمۇلكى چىن» ياكى «كىتابى غازات دەرمۇلكى چىن» («چىن مەملىكىتىدە ‹ئۆز ئارا يۈز بەرگەن› مۇقەددەس ئۇرۇشلار ھەققىدە كىتاب») مىلادى 1876? - يىلى يېزىلغان.

بۇ كىتابنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان ۋەزىپىسى، 1864 - يىلى، ئىلى رايونىدا يۈز بەرگەن زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ كۈرەش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ ئەسەر بەدىئىي ئەسەرلا ئەمەس، بەلكى تارىخىي ئەسەر دەپمۇ ھېسابلاشقا بولىدۇ. بۇ داستان ئىلى ۋىلايىتىدىكى خەلق قوزغىلاڭلىرى تارىخىنى ئۆگىنىش مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر قاتاردا XIX ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن چوڭ ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

ئەمگەكچى خەلق بىلەن تەقدىرداش بولغان خەلق شائىرى بىلال نازىمى ھەققانىي يوسۇندا خەلق ئىنقىلابىغا قاتناشقان ئىدى ۋە ئۇنى چوڭقۇر كۆزىتىپ بارغانىدى. ئىلغار پىكىرلىك، سەزگۈر ئەدىب خەلق ئىنقىلابىنى مېھنەتكەشلەرنىڭ ئادالەتسىزلىككە قارشى ھەرىكىتى ۋە ئۆز غايىسىدىكى ئادالەتكە ئىنتىلىشىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى دەپ قاراپ، ئۇنى ئۆز داستانىنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى قىلىپ ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى، ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى رېئال تېمىلار ئارقىلىق ئەسەر يېزىشنى ئابدۇرېھىم نىزارىدىن كېيىنكى، موللا شاكىر بىلەن بىرگە زور بىر ئۈلگە ھېسابلاشقا بولىدۇ. مەزكۇر داستانىنىڭ قەدىرلەشكە تېگىشلىك تەرەپلىرىدىن بىرى، گەرچە دىنىي پەردە ئاستىدا بولسىمۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتەلىگەنلىكىتە كۆرۈلىدۇ. ئاپتور جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولغان خەلق ئاممىسىنىڭ تارىختىكى رولى ۋە كۈچ قۇدرىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغاچقا، ئۇنىڭدا بىرەر تارىخىي شەخس ئەمەس، بەلكى قەھرىمانلىق، باتۇرلۇقنىڭ مەنبەسى، بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان خەلق ئاممىسىنى ئاساسىي قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. ئەسەرنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى، رېئال ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى نىسبەتەن ئەينەن تەسۋىرلىگەنلىكىدە، شۇنداقلا قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالغان يۇقىرى تەبىقە ۋە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا زىددىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. تارىخىي شەرت - شارائىت ۋە يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بىلال نازىمى قوزغىلاڭغا سەۋەب بولغان سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەچكە، قوزغىلاڭ جەريانىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرەلمەيدۇ، بۇ ھال ئەينى دەۋر تارىخىي چەكلىمە بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە.

## 4. موللا بىلال نازىمنىڭ «چاكموزا يۈسۈپخان» داستانى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەت تارىخىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىدا سوپىلىق ۋە خوجىلار ھەرىكىتى كۈچىيىپ، قىلمىغان شۇملۇقلىرى قالمىدى، جاھالەتلىك مۇھىتنى قاباھەت كىشەنلىرىنى جۈپلەپ سېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ كۆتۈرۈلمەيدىغان جىنايى شۇملۇقلارنى ئىشلىدى. ئەمما زېرەك، تەرەققىيپەرۋەر، بىلىملىك كىشىلەر ئاللىبۇرۇن سوپى، خوجىلارنىڭ شۇملۇق، قۇۋلۇقلىرىنىڭ تېگىگە يېتىپ، ئۇلار بىلەن باشمۇ-باش تىركىشىپ كەلگەن، مانا مۇشۇنىڭ نەتىجىسىدە سوپى، خوجىلار قانچە ھىيلىگەر، قانچە «دانىشمەن»، قانچە سېھىرگەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە ئالالىغان ئەمەس، ھەر ۋاقىت نادان ئاممىنى ئالداپ، ئىلغار كۈچلەرنىڭ قاتتىق دەككىسىگە ئۇچرىغان. ئەدىب موللا بىلال ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى ئەنە شۇنداق ئىلغار كۈچلەرنىڭ ئىز باسارى سۈپىتىدە ئىدېئولوگلارغا خاس خىسلەت بىلەن قولغا مەنىۋى قورال ئېلىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە خوجىلارنىڭ پېشكەللىكلىرىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئېغىراق كەلتۈرگەن، تەسىرى چوڭقۇرراق بولغان بىر ئالدامچى سوپى، خوجىنىڭ ئوبرازىنى ھەجۋىيلەشتۈرۈپ، قاتتىق ساتىرا ئاستىغا ئېلىپ، خەلققە بىر ئىبرەتنامە قالدۇرۇش مەقسىتىدە «چاكموزا يۈسۈپخان» دېگەن داستانىنى يازىدۇ.

يۈسۈپخان ئەسلى قوقانلىق بىر ناكەسپ كىشى بولۇپ، بىراۋنىڭ 10·000 سەر تەڭگىسىنى قەرز باھانىسى بىلەن ئالداپ ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئاقچىنى قايتۇرالماي، ئىلىغا قېچىپ كېلىپ، قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، يالغان خوجا بولۇۋېلىپ، خەلقنى ئالدايدۇ، قۇۋ، ھىيلىگەرلىكتە ئۇچىغا چىقىدۇ. ئىلىدىكى يەرلىك فېئودال بەگ، قازى، ئىمام، مەزىن دېگەنلەر، يۈسۈپ خوجىنىڭ دەرگاھىغا كېلىپ تاۋاپ قىلىپ، كىيىملىرىنى سۆيۈپ، ئاياقلىرىغا يىقىلىپ، باسقان ئىزىدىن تۇپراقنى كۆزلىرىگە سۈرتىدۇ. بىر كۈنلەردە ئىلىدىكى قىزىقچى شېرىپ ئاخۇن يۈسۈپخاننىڭ شاگىرتلىرى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ھەمسۆھبەتتە گەپ باشلاپ «خوجىنىڭ باردۇر مەن بىلەن ئىشى، بېرىپ مەن خوجاڭنى تۇتارمەن ۋە ئەجدىھار سۈپەتلىك يۇتارمەن» دەيدۇ. قەرز ئىگىسى بىلەن ئىسمى ئوخشاپ قالغان قىزىقچىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان يۈسۈپ خوجا، سىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قايغۇغا چۈشۈپ، مۇرىتلىرى ئارقىلىق شېرىپ باينى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىدۇ. كىشىلەر چوقۇنۇپ يۈرگەن پەرىشتە بىردىنلا قاتىلغا ئايلىنىپ، تەرەپدارلىرىدىن 80 كىشى بىلەن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

بۇ ۋەقە ئەسلى ئىلىنىڭ كەتمەن كەنتىدە ھىجرىيە 1258-يىلى (مىلادى 1842-يىل) سەپەر ئېيىدا بولغان ئىكەن. شائىر نازىمى خەنزۇچە «چاكموزا — 长帽子» (ئۇزۇن تەلپەك) دېگەن سۆزنى تاللاپ، يۈسۈپخاننى تېخىمۇ كىنايىلاشتۇرۇپ، دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان ئالدامچى، ئاچكۆز، ئىغۋاگەر شەخسنىڭ ساختا قىلمىشلى-

رىنى ئۆتكۈر ھەجۋىي ئارقىلىق ئېچىپ بېرىدۇ ۋە خەلقنى بۇنداق قىلمىشلاردىن ھەزەر ئەيلەشكە چاقىرىدۇ.

دېمەك، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن يۇسۇپخاننىڭ ھېكايىسى شائىرغا تەسىر قىلغاندىن كېيىن، شائىرنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان دىنىي تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن، ئەڭ چىرىك قىياپىتى ئاشكارە بولۇپ قالدى. يۇقىرى دەرىجىدىكى روھانىيلارغا نىسبەتەن شائىردا نەپرەت قوزغىدى. رېئال تۇرمۇشتىكى ۋەقەلەرنىڭ شائىر ئىجادىدا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى بىلال نازىمى ئىجادىنىڭ ئىجابىي خاھىشىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

## 5. موللا بىلال نازىمىنىڭ «نۇزۇگۇم» داستانى

بىلال نازىم «نۇزۇگۇم» داستانىنى 1882-يىلى يېزىپ چىققان.

نۇزۇگۇم رېئال تارىخىي شەخس ئىدى. 1826-يىلى قەشقەر خەلقىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمران مۇستەبىتلىرىنىڭ خورلىقىغا قارشى قوزغىلىڭى قانلىق باستۇرۇلغاندىن كېيىن ئەزگۈچى مەمۇرى دائىرىلەر قوزغىلاڭغا قاتناشقان ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنى ۋە شەھەر كەمبەغەللىرىنى جازالاشقا كىرىشتى. مىڭلاپ ئەركەكلەر چېپىپ تاشلاندى، ياش قىز - خوتۇنلار بولسا يۇقىرى فېئودال ئاقسۆڭەكلىرىگە قۇل قىلىپ سېتىلدى. مۇشۇ ئاياللار ئارىسىدا ئوقۇمۇشلۇق ۋە ئەخلاقلىق، گۈزەل بىر نۇزۇك ئىسىملىك ئايال بار ئىدى. ئۇ قوزغىلاڭ ۋاقتىدا چوڭ قەھرىمانلىق كۆرسەتكىنى ئۈچۈن پۈتۈن قەشقەر خەلقى ئارىسىدا نام چىقارغان ئىدى.

ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار نۇزۇكنىڭ ئېرىنى ۋە ئۈچ ياشلىق ئوغلىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چېپىپ تاشلىدى، ئۇنى بولسا ئاكىسى ئابدۇللا بىلەن ئىلى ۋىلايىتىگە سۈرگۈن قىلىشتى.

ئەكسىيەتچىلەر نۇزۇكنى قالماق بايلىرىغا ساتىسىمۇ ئۇ بىرنەچچە قېتىم قېچىشقا ۋە تاغدىكى ئورمانلار ۋە قومۇشلۇقلارغا يوشۇرۇنۇشقا ئۈلگۈردى. نۇزۇك يەنە شۇ قېچىپ يۈرگەن ۋاقتىدا قەشقەرگە قايتىشنىڭ ئىلاجىنى ئىزلىدى. بىراق يول بىلمەي ۋە چۆل - دەشتلەر، ئورمانلار ئارىسىدا يالغۇز ئۆزى قالغانلىقى ئۈچۈن كۆپ قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى. ئۇنى كەمبەغەل پادىچىلار قانخور چېرىكلەرنىڭ كۆزىدىن كۆپ قېتىم يوشۇرغان ئىدى. بىراق شۇنداق بولسىمۇ، قانخور چېرىكلەر ئۇنى تۇتۇپ، يەنە باشقا بىر ئەسكەرگە بەردى. بۇ قېتىم ئارتۇق زۇلۇمغا چىدىمىغان نۇزۇك ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، قېچىشقا مەجبۇر بولدى. كۆپ ۋاقىت يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن بۇ قەھرىمان ئايال ئاخىرى يەنە قولغا ئېلىنىدى ۋە مۇستەبىت ھۆكۈمدارلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن غۇلجا شەھىرىدە ئۆلتۈرۈلدى.

شائىر نازىمىنىڭ قەلىمى ئاستىدا پۈتۈپ چىققان «نۇزۇگۇم» داستانى مەيلى

تېما، مەيلى مەزمۇن، مەيلى رېئالىزمىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى جەھەتتىن بولسۇن، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا يېڭىلىق ئېلىپ كىرگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ بىرى. ئەدىب بۇ ئەسەردە ئاياللار ئوبرازىنى يارىتىش جەھەتتە تەنقىدىي رېئالىزمدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۇنىڭدا شائىر ئاياللار ئوبرازىنى ئاسارەتكە قارشى روھىي ئىسيانكارلىق بىلەن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق فېئودال رېئاللىقنى ئىنكار قىلغۇچى ۋاپادار ئاشىق سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى زۇلۇمغا قارشى تىغمۇ-تىغ كۆرەش قىلغۇچى ئۈمىدۋار قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر ئۇلگە تىكلىدى، يەنى بىلال نازىمى ئاياللار ئوبرازىنى نوقۇل سۆيگۈ-ئىشق سەھنىسىدىن جەڭ-كۆرەش سەھنىسىگە يۆتكىدى. ئەسلىدە دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئىشتىراكچىسى نۇزۇگۇم ئۆز غايىسىگە ئاخىرغىچە سادىق بولۇپ، زۇلۇمغا قارشى تۇردى ھەم ھاياتى ئۈچۈن كۆرەش قىلدى، كۆرەش بىلەن قۇربان بولدى. شۇڭا شائىر نۇزۇگۇمغا بېغىشلانغان مىسرالىرىدا ئۇنىڭغا:

«بۇنىڭدەك بولسا خاتۇنلار پائالى،
تاپار جەننەت بۇ زەنلەردىن كامالى»

دەپ مەدھىيە ئوقىدى.

بىلال نازىمى بۇ داستانىدا خەلق قەھرىمانى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ساپ دىل ۋە ۋەتەنپەرۋەر ئايالنىڭ شانلىق ئوبرازىنى ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن شائىر بۇ قىسسە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك غايىلىرىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى.

## 4 - سېيىت مۇھەممەد ھېيت مۇھەممەد ئوغلى ۋە «شەرھى شىكەستە»

سېيىت مۇھەممەد تەخمىنەن مىلادى 1820 — 1822 - يىللاردا ئىلى دىيارىنىڭ قاش يېزىسىغا قاراشلىق ئالتۇن ئۆستەڭ كەنتىدە تۇغۇلغان.

سېيىت مۇھەممەد تارىخقا بېقىندىن ياندىشقان ھالدا «شەرھى شىكەستە» («روھى سۇنغانلىقنىڭ شەرھنامىسى») نامىلىق بۇ ئەسەرنى 1882 - يىلى يېزىپ تاماملايدۇ.

بۇ ئەسەر داستان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەسىرلەر بويى تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى، قىلغان مۇڭ-زارىنى، قان-ياشلىق تارىخىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئۆز ئازادلىقى-ئەركىنلىكى ئۈچۈن باتۇرلارچە كۆرەش قىلىپ، بۇ كۆرەشنى توختاۋسىز رەۋىشتە قەتئىي ئېلىپ بارغانلىقىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بۇ ئەسەردە ئاساسەن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇش دەۋرى ھەققىدىمۇ توختىلىدۇ.

سېيىت مۇھەممەد قاشى كەمبەغەل خەلقنىڭ غەم-قايغۇسىغا چوڭقۇر چۆككەن

هالدا ئەمگەكچىلەر تۇرمۇشىنىڭ رېئال كارتىنىسىنى ناھايىتى روشەن تەسۋىرلەيدۇ.

قىزغىن ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇ بىلەن يېزىلغان بۇ داستان شەكىل ھەم مەزمۇن جەھەتتىن ناۋاتۇلۇق ئەسەردۇر. سېيىت مۇھەممەد ئۆز ئەسىرىدە باش قەھرىمان سۈپىتىدە خەلقنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈردى.

1878 - يىلدىكى قەشقەر قىرغىنچىلىقى ئىلىدىمۇ تەكرارلىنامدىكى دېگەن ئوي، شائىرنى قاتتىق تەشۋىشلەندۈردى. شۇڭا، ئۇ روسىيىگە كۆچۈش توغرىلىق پىكىرنى كۆپچىلىك ئالدىغا قويدى. يىراق ۋەتەننى تاشلاپ كېتىش ئوڭاي ئەمەسلىكىنى ياخشى بىلەتتى. ئۆز خەلقىنىڭ، ۋەتىنىنىڭ كەلگۈسى توغرىلىق چوڭقۇر ئويلىغان، خەلقنىڭ ئازاد، ئەركىن ياشىشىنى ئارزۇ قىلغان ۋە مەزكۇر مۇقەددەس مەقسەتلەر ئۈچۈن كۆرەشكەن شائىر سۈپىتىدە سېيىت مۇھەممەدنىڭ قىياپىتى خەلق تارىخىدا ھۆرمەتلىك ئورۇنغا ئىگىدۇر.

سېيىت مۇھەممەدنىڭ داستانى ئاساسەن مۇخەممەس شەكلىدە، ئارۇز ۋەزنىنىڭ رەمەل بەھرىدە يېزىلغان، بۇلارغا بەزى غەزەل ۋە مەسنەۋىيلەرمۇ قىستۇرۇلىدۇ. ئەسەردىكى باش تېما لىرىك ھېسسىيات ئاساسىدا شائىرنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى ۋە كۆرگەن - بىلگەن، ھېس قىلغانلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن. ئەدىب ئاساسەن، ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى خەلق بېشىغا چۈشكەن ئېغىر پاجىئەلەر، بولۇپمۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلىدىن يەتتە سۇغا كۆچۈش جەريانىدىكى غەم - غۇسسە، كۆڭۈل ئەندىشىلىرىنى يارقىن سۈرەتلەپ بەرگەن.

دېمەك، شائىر موللا بىلال «غازات دەرمۇلكى چىن» ناملىق كىتابىدا ئومۇمەن ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىنكى جەريانىنى يازغان بولسا، سېيىت مۇھەممەد «شەرھى شىكەستە» دە يۇقىرىقى كىتابتا يېزىلماي قالغان مەسىلىلەر بايان قىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ئەسەر بەلگىلىك تارىخىي قىممەتكە ئىگە.

## §3. موللا بىلال دەۋرى ئەدەبىياتىدىكى تەزكىرە تارىخچىلىق

### 1 - موللا مۇسا سايرامى ۋە «تارىخى ھەمىدى»

#### 1. موللا مۇسا سايرامى

موللا مۇسا سايرامى يەنى موللا مۇسا بىننى موللا ئەيسا خوجا سايرامى (1836 — 1917) يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخ ئالىمى ۋە شائىر.

موللا مۇسا 1836 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى باي ناھىيىسىگە قاراشلىق سايرام رايونىنىڭ ئاناقىز يېزىسىدا (ھازىرقى باي ناھىيە توقسۇن يېزىسى ئاناقىز كەنتى، توغايلا مەھەللىسىدە) دۇنياغا كەلگەن، كېيىن كۇچادىكى داڭلىق «ساق - ساق»

مەدرىسىدە ئوقۇپ، قۇرئان، ھەدىس، تارىخ، ئەدەبىيات، تەقۋىم (كالېندار شۇناسلىق)، ئىلمىي نۇجۇم، ناباتات (ئاگرو بىئولوگىيە)، جۇغراپىيە، ئەرەب ۋە پارس تىلى قاتارلىقلاردىن ناھايىتى يۇقىرى نەتىجە يارىتىپ، ناھايىتى تېزلا «موللا مۇسا»، «بالا موللا»، «موللا ئەبجادخان» (كالېندارشۇناس) دېگەن ناملار بىلەن شۆھرەت قازانغان، ھەم ئوقۇش جەريانىدا كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىمۇ تىكلەپ بارغان.

موللا مۇسا سايرامى قان-قېرىنداشلىرىنىڭ مىسكىنلىكىنى، كۈلپەتلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئازاب دېڭىزىدىن قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە 1864-يىلى قوزغالغان كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ناھايىتى قىزغىن قوللاش بىلەن تەڭ، ئۆزىنىڭ بارلىق تالىلىرىنى، جۈملىدىن بىرقانچە يۈز نەپەر سايراملىق يىگىتلەرنى باشلاپ، سايرامغا كېلىپ، يەرلىك ئەمگەكچىلەر بىلەن بىللە قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنى قارشى ئالىدۇ ھەم قوشۇننىڭ تەركىبىگە قوشۇلۇپ، قىزىل، سايرام، باي، ياقىرىق، ئارا شور قاتارلىق جايلاردىكى ھۆكۈمران فېئودال مۇستەبىتلەرنىڭ ئەمەلدارلىرىنى، يەرلىك فېئوداللارنى باستۇرۇش كۆرىشىگە پائال قاتنىشىدۇ. 1867-يىلى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن باستۇرۇلغاندىن كېيىن، موللا مۇسا، بەدۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق باش زاكاتچىسى مىرزابابا بەگ ھىسرانىڭ مەخسۇس مىرزىسى سۈپىتىدە 1877-يىلغىچە خىزمەت قىلىدۇ. مانجۇ فېئوداللىرى ياقۇپبەگ دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، موللا مۇسا ئاقسۇغا كېلىپ، 40 يىلغا يېقىن يېزىقچىلىق ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ بۇ يەردە بىرمۇنچە تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ياراتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر مەشھۇر بولغانلىرى «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» («تەزكىرە تۇل ئەۋلىيافى مۇفتا ھۇل ئىمان» 1885، «دەربايات ئەسھابۇل كەھەب»، «تەركىرەئى ئەسھابۇل كەھەب» (1898). «تارىخى ئەمنىيە» (1903)، «دىۋان مەسنەۋى» (1907)، «تارىخى ھەممىدى» (1908)، «سالامنامە» (1916)، «تەزكىرەئى خوجا ئاپپاق»، «پەرھاد-شىرىن» قاتارلىقلار بار.

## 2. «تارىخى ھەممىدى»

«تارىخى ھەممىدى» موللا مۇسا سايرامىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە مۇھىم تارىخىي ئەسىرى. بۇ ئەسەرنى ئۆزىنىڭ ئىلگىرى يازغان «تارىخى ئەمنىيە» دېگەن ئەسىرى ئاساسىدا 1908-يىلى 7-ئاينىڭ 10-كۈنى يېزىپ تاماملىغان. 1911-يىلى 7-ئاينىڭ 7-كۈنى ئۆز قەلىمى بىلەن بىر قېتىم كۆچۈرۈپ چىققان، بۇ نۇسخا ھازىر بار.

«تارىخى ھەممىدى» نىڭ «مەقەددىمە» قىسمى ئاساسەن، ئادەم ۋە ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى دىنىي رىۋايەتلەر، قەدىمى تۈركىي قەۋملەر، مۇڭغۇللار ۋە XIII باشلىرىدىكى چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى چىڭگىزخان ئەۋ

لادلىرىنىڭ ئەھۋالى، موغۇل دوغلات قەبىلىسىنىڭ مىلادى XIII ئەسىردىن XVI ئەسىر-
گىچە بولغان ئارىلىقتا «ماڭلاي سۈيە» (جەنۇبىي شىنجاڭ) رايونىدىكى پائالىيەت-
لىرى، چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى تەرىپىدىن
قۇرۇلغان موغۇلىستان خانلىقىنىڭ مىلادى XIV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن XVI
ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ھۆكۈمرانلىقى، XVI ئەسىردىن XVII ئەسىرنىڭ كې-
يىنكى يېرىمىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەھۋالى، تەرىقەتچىلەرنىڭ سە-
ئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى پائالىيەتلىرى، XVII ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن كېيىن
تەختكە چىققان ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تاكى XIX ئەسىرنىڭ 60 -
يىللىرىغىچە بولغان تارىخىي ۋەقەلىرى بايان قىلىنغان.

«تارىخى ھەمىدى» نىڭ «ئاۋالقى داستان» قىسمى جەمئىي 16 بابقا بۆلۈن-
گەن بولۇپ، بۇنىڭدا ئاساسەن 1864 - يىلى كۆتۈرۈلگەن كۇچادېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غەربتە
يەركەن، قەشقەرغىچە، شىمالدا تەڭرى تاغلىرىغىچە، شەرقتە قۇمۇلغىچە، جەنۇبتا لوپ-
نۇر ۋە قارا قۇرۇم تاغلىرىغىچە بولغان جايلارنى قولغا كىرگۈزۈش جەريانى، قوزغى-
لاڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئەھۋالى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ شوئارى، مۇھىم ئۇرۇش - جەڭلەر،
ئاقىۋىتى قاتارلىق ئەھۋاللار بايان قىلىنغان؛ شۇنداقلا شۇ يىللىرى قوزغالغان خوتەن
دېھقانلار قوزغىلىڭى (ھەبىبۇللاخان قوزغىلىڭى) يەركەندىكى ئابدۇراخمان باشچىلىقى-
دىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى، قەشقەردىكى سىدىقبەگ باشچىلىقىدىكى دېھقان، چارۋىچى-
لار قوزغىلىڭى، ئۈرۈمچىدىكى داۋۇت خەلىپە (تۇرەلىك) باشچىلىقىدىكى خۇيزۇلار قوز-
غىلىڭى قاتارلىق قوزغىلاڭلارنىڭ ئەھۋالىمۇ قىسقىچە بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ كۇچا،
يەركەن، خوتەن، قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ بەدۆلەتكە قارشى كۆرەشلىرى ئالاھىدە ۋە تەپ-
سىلىي بايان قىلىنغان.

«تارىخى ھەمىدى» نىڭ «ئىككىنچى داستان» قىسمى جەمئىي 20 بابقا بۆلۈن-
گەن بولۇپ، بۇنىڭدا ئاساسەن، بەدۆلەت (ياقۇپبەگ) ھەم ئاپپاق خوجا ئەۋلادى
بۇزرۇك خان خوجىنىڭ قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، كورلا، تۇرپان قاتارلىق
جايلارغا مۇداخىلە قىلىشى، ئۇنىڭ قەشقەر، يەركەن، خوتەن، كۇچا، ئۈرۈمچى دېھ-
قانلار قوزغىلىڭىنى رەھىمسىز باستۇرۇشى، قوقان خانلىقى، تۈركىيە سۇلتانلىقى ۋە
ئەنگلىيە، چاررۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى، ئۇنىڭ تەدبىر
ۋە سىياسەتلىرى بايان قىلىنغان. بۇ قىسىمدا يەنە ئاپتورنىڭ ئۆز نەسەبنامىسى، بەدۆلەت
دەۋرىدە ياشىغان ئالىم ۋە ئۆلىمالار، شۇنداقلا شەنشى، گەنسۇ خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرى-
نىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرىمۇ بايان قىلىنغان.

«تارىخى ھەمىدى» نىڭ «خاتىمە» قىسمىدا، ئاساسەن، قەشقەر، يەركەن، خو-
تەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، كورلا قاتارلىق يەتتە شەھەر ۋە تۇرپان، لوپنۇر
رايونىنىڭ تارىخى، ئاھالىسى، جۇغراپىيىسى، تىل ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىق

مەسىلىلەر بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ تۇرپاندىكى ئەسھابۇل كەھەب ھەققىدىكى بىرقانچە رىۋايەت ھەم ئاپتورنىڭ بۇ غار ھەققىدىكى بەزى قاراشلىرى بايان قىلىنغان.

ئومۇمەن، ئاپتور بۇ ئەسەرنى يازغاندا 1864-يىلدىكى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە بەدۆلەتنىڭ ئارتۇقچە ئۇرۇشلىرىنى بايان قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، بۇ ھەقتە تەپسىلىي ۋە كەڭ توختالغان.

موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» ئەسىرى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئوبدان ئەدەبىيات قوللانمىسى بولىدۇ. ئاپتور بىر قاتار ئەپسانە، رىۋايەت، قىسسەلەرنى توپلاپ ئەسىرىگە كىرگۈزگەن. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇيغۇرلار يادلاپ يۈرگەن قىسسەلەردىن ئىبارەت، بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى ئىزاھلاشتا پايدىلىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئەدەبىي قىممىتىنىڭ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارغا تەسىر قىلىشتىن بۇرۇنقى ھۆججەتلەرگە كىرگۈزۈلگەن، ياكى شۇ چاغلاردا خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان قىسسىلەر ئىسلام تۈسىدىكى قىسسە-ھېكايىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ بايان قىلىنغان. بىز بۇلاردىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۈر ۋە ژانىرلارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى، جۈملىدىن داۋاملىشىش ھالىتىنى ئۆگىنىشتە پايدىلىنىمىز. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى چۈشىنىشتىلا ئەمەس، بەلكى، ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىنى ئۆگىنىشتە ھەم دىققەتكە سازاۋەر ماتېرىيال.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


△ «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» II توملۇق.

△ ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى».

△ ماركس - ئېنگېلس: «دىن توغرىسىدا»

△ ئېنگېلس: «تەبىئەت، دىئالېكتىكىسى».

△ ئېنگېلس: «فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى».

△ «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» (پەلسەپە قىسمى).

△ گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، II توملۇق.

× × ×

△ مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى». I II III

△ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك».

△ ئەھمەد يۈكنەكى: «ئەتەبەتۇلھەقايىق».

△ «ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك تارىخىي داستانى — ئوغۇزنامە».

△ «قەدىمى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما».
△ ئەلىشىر ناۋايى: «غەزەللەر»
△ ئاياز شىكەستە: «جاھاننامە».
△ قىدىرخان يەركەندى «دىۋانى قىدىرى» (مۇقەددىمە).
△ خىرقىتى: «مۇھەببەتنامە - مېھنەتكامە».
△ ئىبراھىم مەشھۇرى: «دىۋان مەشھۇرى».
△ موللا مىرسالىھ كاشغەرى «چىڭگىزنامە».
△ مەھمۇد جۇراس: «تارىخى رەشىدى — زەئىلى».
△ «زەلىلى دىۋانى»..
△ «نىزارى داستانلىرى».
△ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتلىرىدىن نەمۇنىلەر».
△ موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا: «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن».
△ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1 - ساندىن 18 - سانغىچە.
△ «بىزنىڭ كلاسسىكلىرىمىز»، «تارىم» ژۇرنىلى 1986 - يىلى 1 - ساندىن 1987 - يىلى 5 - سانغىچە.
△ جۇۋەينى: «تارىخى جاھان گۇشاي».
△ راشىدىدىن «جامىئۇتتەۋارىخ».
△ «كەلىلە ۋە دىمنە».
△ ئابدۇكېرىم راخمان: «يىپەك يولىدىكى ئەپسانە رىۋايەتلەر».
△ موللا مۇسا: «تارىخى ھەمىدى».
△ شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار» I، II قىسىم
△ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى». 1983 - يىلى ئالمۇتا.
△ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىن: «قاراخانىلار دەۋرىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر ئەدىبلىرى» («ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»).
△ ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» I II III IV توملار.
△ ھاجى ئەھمەد: «دېڭىز ئۈنچىلىرى».
△ ھىمىت مەخسۇت، غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» («ئالىي مەكتەپ تىل ئەدەبىيات ئاساسلىرى»).
△ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» («تىل ئەدەبىيات ئاساسلىرىدىن تېزىس»).
△ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئەدەبىياتقا دائىر مۇلاھىزىلەر».
△ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز».
△ قۇربان ۋەلى: «قىزىل مىڭ ئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى».

△ «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (دەرسلىك)، (شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات پاكۇلتېتى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كوللېكتىيسى)

△ نۇرمەمەت زامان: «ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىن لېكسىيىلەر».

△ «تۈركىستان ئەدەبىياتىدىن پارچىلار».

△ ق. هاسانوۋ، س. موللايدوۋ: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»

△ تۇرغۇن ئالماس: «هونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى».

△ ئا. مۇهەممەد ئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى».

△ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا».

△ «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» (قەشقەر).

△ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى».

△ ليۇجۇشاۋ: «ئۇيغۇرلار تارىخى».

△ «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغاندىن بۇيانقى ماقالىلار.

△ «تارىم»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «ئىلى دەرياسى»، «يېڭى قاشتېشى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «تۇرپان»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا دائىر ماقالىلار.

△ خەنزۇچە كىتاب، گېزىت - ژۇرناللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا دائىر مەزمۇنلار.

△ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژارنىلى»، هەر قايسى سانلىرى.

△ «شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» هەرقايسى سانلىرى.

△ «مىراس ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» (ئاقسۇ)، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، «كوممۇنىزم تۇغى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردىكى مۇناسىۋەتلىك ماقالىلار.

## خاتىمە

بۇ كىتاب بەش يىلدىن بېرى شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى ئاساسىي پەن ئوقۇغۇچىلىرى ۋە بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار، شىنجاڭ داشۆ قارمىقىدىكى ئىشتىن سىرتقى داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىغا سۆزلەنگەن لېكسىيىلەر ئاساسىدا تۈزۈلدى. بۇ لېكسىيىلەردە، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇستازلار ۋە مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىدىن، مۇشۇ ساھەدە بىر قەدەم ئىلگىرى ماڭغانلار، دەپ ھېسابلىنىپ ئىمكانىيەتنىڭ يار بېرىشىچە پايدىلىنىلغان. ئەمما بەزى مەسىلىلەردە ئۆزگىچە ئەمگەكمۇ تېگىشلىك ئورۇنغا ئېرىشەلىگەن ئىدى. بۇ قېتىم، بۇ دەرسلىكنى تۈزۈشتە، ئوبيېكتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىخچام، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، قىسقا بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنىپ، ئاپتور ۋە ئەسەرلەرنى ئومۇمەن تونۇشتۇرۇش ئاساس قىلىندى. ئەسەرلەردىن ئۈرنەكلەر ئاساسەن ئېلىنمىدى. دەرسلىكنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مۇھىم كلاسسىك يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدىكى تەھلىللەر بەك قىسقارتىۋېتىلمىدى. ئومۇمەن، بۇ دەرسلىك ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدە دەسلەپكى مەلۇمات بېرەلەيدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى چوڭ تېما. بۇ ھەقتىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات چوڭقۇرلىشىپ كېتەلمەيۋاتقان ئەھۋالدا، بىر قەدەر مۇكەممەل ۋە ئىلمىي دەرسلىكنىڭ ئىشلىنىشى ئالدىراڭغۇلۇقتىن دېرەك بېرىدۇ. دەۋرلەر، ئاپتورلار، ئەسەرلەر، يىلنامىلار، ئىسىم-ئاتالغۇلار، تونۇشتۇرۇش ۋە تەھلىللەر ھەممە ئادەمنى رازى قىلالماسلىقى مۇمكىن. بۇ، ئەلۋەتتە يولداشلارنىڭ ئېرىنمەي، سەمىمىي ياردەمدە بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ ھەم مۇنداق «ياردەم» كەڭ قوساقلىق بىلەن قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى نەتىجىلىك ئەمگەكلەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا شەرت ھازىرلىنىدۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇنىڭدىنمۇ تولۇقراق ساۋاتىنى يېقىن ئارىدا نەشىردىن چىقىدىغان، شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كوللېكتىپى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» كىتابى بېرەلەيدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنىڭغىمۇ مۇراجىئەت قىلىنسا بولىدۇ.

تۈزگۈچىدىن

ئۈرۈمچى · 17 · 12 · 1987

维吾尔古代文学史纲要
（维吾尔文）
海热提江·乌思曼　著
阿不都克力木·热合曼　编

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路14号）
新疆大学出版社印刷厂印刷
787×1092　1/16　17.5印张
1987年12月第一版　1987年12月第一次印刷
印数：1—5000

ISBN7—5631—0014—8/·I0002　定价1.85元